


1 ـ رەسىم: 1924 ـ يىلى جاڭ جۇجۇڭنىڭ خۋاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە مەسئۇل ۋەزىپىدە تۇرۇۋاتقان ۋاقتى.

www.uyghurweb.net



2 ـ رەسىم: جاڭ جۇجۇڭنىڭ 1932 ـ يىلى 28 ـ يانۋار ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە چۈشكەن رەسىمى.



3 - رەسىم: جاڭ جۈجۇڭنىڭ
40 - يىللاردىكى رەسىمى.

4 - رەسىم: 1945 - يىلى 10 -
ئاينىڭ 11 - كۈنى جاڭ جۈجۇڭ
ماۋزېدۇڭ بىلەن يەنئەن
ئايرودۇرۇمىدا.





5 - رەسىم: 1946 - يىلى جاڭ جىجۇڭ قاتارلىقلار ئۈچ ۋىلايەت
بىرلىكسەپ رەھبەرلىرى بىلەن ئىلىدا چۈشكەن سۈرەت، ئالدىنقى
رەت ئوڭدىن: ليۇ مېڭچۈەن، رەھىمجان سابىرھاجى. ئوتتۇردىكى
رەت ئوڭدىن بىرىنچى كىشى چۇ ۋۇ، ئۈچىنچى كىشى ھاكىمبەگ
خوجا، تۆتىنچى كىشى جاڭ جىجۇڭ، بەشىنچى كىشى ئەخمەتجان
قاسىمى، يەتتىنچى كىشى ليۇ زېرۇڭ.



6 - رەسىم: 1949 -
يىلى جاڭ جىجۇڭ، باش
قوماندان پېڭ دېخۇەي،
ۋاڭ جېن قاتارلىق يولداشلار
ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي كۆرەك
مۇنبىرىدە.



7 – رەسىم: 1962 – يىلى باھار بايرىمىدىن ئىلگىرى جوۋئېنلەي زۇڭلى، جاڭ جىجۇڭ (سولدىن بىرىنچى)، فۇ زويى (سولدىن ئىككىنچى)، چۇ ۋۇ (ئوڭدىن بىرىنچى) قاتارلىقلار بىللە.

ABDUL CELİL TURAN
Yeni Doğan Mah, Sok. 41
No. 7/4 Tel : 558 40 92
Zeytinburnu - İstanbul
ist 12-1-1989

جاڭ جژ جۇڭ

# ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر

(21)

تەرجىمە قىلغۇچى: رازاق مالىك

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش
تارىخىي ماتېرىياللار ئىشخانىسى تۈزگەن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

باش مۇھەررىر: خالىق ساقى.
تەرجىمە مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئۇشۇر ئەلى

# جاڭ جۇ جۇڭ

## ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر (21)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار ئىشخانىسى
تەرجىمە قىلغۇچى: رازاق مالىك

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №45 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850 × 1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 14.875 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1987 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1987 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7 — 228 — 00265 — 2/K.22
تىراژى: 10,000 —— 1
باھاسى: 1.50 يۈەن
(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

# تەھرىرنىڭ سۆزى

بۇ سانغا تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى تەرىپىدىن تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىنغان «جاڭ جىجۇڭ ئەسلىمىسى» دېگەن كىتابنىڭ بەشىنچى بابى — يەنى شىنجاڭ مەسىلىسى قىسمى كىرگۈزۈلدى.

گېنېرال جاڭ جىجۇڭ، جۇڭگو گومىنداڭى ئىچىدىكى مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر ھەربىي قوماندان. ئۇ 1945 - يىلى بۇيرۇققا بىنائەن شىنجاڭغا كېلىپ بىر مەزگىل مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئەينى چاغدا شىنجاڭدا قولغا ئېلىنىپ قامالغان كوممۇنىست ۋە ۋەتەنپەرۋەرلەرنى قۇتۇلدۇرۇشتا، شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەقەسىنى تىنچ يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىشتا، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا، شۇنداقلا 1949 - يىلى 9 - ئايدا بېيجىڭدىن گېنېرال تاۋسيۈغا ۋە رەئىس، بۇرھان شەھىدىلەرگە تېلېگراما ئەۋەتىپ شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى.

بىز گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ بۇ جەريان ھەققىدە قىلغان بايانىنى كىتابىمىزنىڭ مەخسۇس 2 - سانى قىلىپ ئىشلەپ چىقتۇق. بۇ بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى تارىخىي جەريانى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمىز ئۈچۈن ھەمدە گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، ھەقىقەت يولىدا ئىزدىنىشتەك ئالىيجاناپ پەزىلىتىنى ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن چوقۇم زور ياردىمى بولىدۇ.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئۈرۈمچى سۆھبىتى ...... 1
تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا ئۇچۇش ...... 3
شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە مۇھاكىمە ۋە
قارار ...... 7
سۆھبەتنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ...... 11
بىر دوكلاد ...... 47
سۆھبەتنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى ...... 56
ئىككىنچى باب بىر قانچە مۇھىم تەدبىر ...... 75
ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن «5-ماي» خاتىرە يىغىنىدا
سۆزلەنگەن نۇتۇق ...... 75
شىڭشىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان جۇڭگو كوممۇ-
نىستلىرىنى تۈرمىدىن بوشىتىش ...... 78
پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكىسى بويىچە سىياسىي مەھبۇسلارنى
قويۇپ بېرىش ...... 80
خەلقتىن مۇسادىرە قىلىنغان مال-مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇش 81
باج-سېلىقنى بىكار قىلىش ...... 82
پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت ...... 83
پۈتۈن ئۆلكىدىكى كوماندىر-جەڭچىلەرگە مۇراجىئەت... 85
خەنزۇلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ نىكاھلىنىشىنى مەنئىي
قىلىش ...... 88
بىر قېتىملىق نۇتۇق ...... 89
ئۈچىنچى باب ھەمكارلىشىش ...... 91
يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى ...... 91

غۇلجا ۋەقەسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل بولغانلىقى
مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلارغا
مۇراجىئەت.................................... 95
سىياسىي پروگرامما.............................. 100
سايلام قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىشى.................. 120
غۇلجىغا زىيارەت................................ 129
دۆلەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ...................... 136
جەنۇبىي شىنجاڭغا زىيارەت........................ 143
بىر قانچە ھۆججەتلەر............................ 156
**تۆتىنچى باب قۇرۇلۇش پىلانى**........................ 175
كۆپ قېتىملىق تەكلىپ............................ 175
ئىككى ئورگاننى تەسىس قىلىش ........................ 177
شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك
قىلىش ئۆمىكى.................................. 180
بىر قانچە كىچىك قۇرۇلۇشلار........................ 199
**بەشىنچى باب سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق بولۇش**
**سىياسىتىنى ئەمەلگە قويۇش**............................ 203
سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ شىڭشىڭشىيا جىلغىسى ۋە قۇمۇلدا
توختاپ قالغان ماددىي ئەشيالىرىنى ئېلىپ كېتىشكە
ياردەم بېرىش.................................. 108
جۇڭگو — سوۋېت ھاۋا قاتناش كېلىشىمىنى ئىمزالاش
مەسىلىسى...................................... 109
ئۈرۈمچىدىكى جۇڭگو — سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ
ئەسلىگە كېلىشى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي پائالىيىتى.......... 211
«گۆيخۇا مىللىتى مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» نىڭ
ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى............................ 212
جۇڭگو — سوۋېت ئىككى مەملىكەتنىڭ شىنجاڭدىكى سودىسى
ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مەسىلىسى توغرىسىدا....... 213

ئامېرىكا ھەربىي ئايروپىلانىنىڭ «ساياھەت قىلىش» ئۇچۇن
شىنجاڭغا كېلىش مەسىلىسى.................... 214
بەيتىك ۋەقەسى.................... 216
ئالتىنچى باب بۆلىنىش.................... 222
غۇلجا تەرەپىنىڭ قايتىپ كېتىشىدىكى يىراق سەۋەپلەر
( 1 ) ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ
يەۋقۇلئاددە بولۇش مەسىلىسى.................... 222
( 2 ) مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى.......... 224
( 3 ) شىنجاڭدىكى ھەربىي - ساقچىلارنىڭ يەرلىكنىڭ
ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى.................... 224
( 4 ) ئوسمان مەسىلىسى.................... 225
( 5 ) چۆچەك، دۆربىلجىن ئەنزىسى .................... 229
غۇلجا تەرەپىنىڭ قايتىپ كېتىشىدىكى يېقىن سەۋەپلەر... 233
( 1 ) مەسئۇدنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە رەئىس بولۇش
مەسىلىسى توغرىسىدا.................... 233
( 2 ) ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقمىغانلىقى 245
( 3 ) تۇرپان، توقسۇن، پىچان رايونىدىكى قوزغىلاڭ... 250
بىر قېتىملىق سۆھبەت.................... 253
خەت - چەكلەر.................... 257
يەتتىنچى باب لەنجۇدا قونۇش.................... 368
كېتىش نىيىتىمنىڭ پەيدا بولۇشى.................... 270
ھەر خىل سۆھبەت يىغىنلىرىنى تەشكىللەش.......... 275
خىشى كاردورىنى كۆزدىن كەچۈرۈش.................... 278
مەسئۇدنى ئالماشتۇرۇۋېتىش.................... 292
بۇرھاننىڭ دوكلاتى.................... 310
سەككىزىنچى باب تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش.......... 314
بارغان - كەلگەن تېلېگراممىلار.................... 314
ھەقىقەتكە قايتىش جەريانى.................... 329

ماۋجۇشى بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە سۆزلىشىش
قانداق ئۆزگەرتىش كېرەك........................ 339
تەبرىكلەش يىغىنىدا................................ 430
گېنېرال ۋاڭ جېنغا يېزىلغان رەھمەت خېتى............ 441
گېنېرال تاۋسىيۇغا يوللانغان تەبرىك خېتى............ 450
**توققۇزىنچى باب ئۆز- ئۆزۈمنى تەكشۈرۈشۈم............ 455**

# بىرىنچى باب ئۈرۈمچى سۆھبىتى

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كەڭ بىر پارچە
زېمىنى بولۇپ، جەنۇبتىن - شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 2200
كىلومېتىر، شەرقتىن - غەربكىچە سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 2500 كىلو-
مېتىردىن ئاشىدۇ. يەر كۆلىمى بىر مىليون 600 مىڭ كۋادرات
كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، تەخمىنەن مەملىكىتىمىز ئومۇمىي
يەر كۆلىمىنىڭ ئازغىنە كەم 6 دىن بىر قىسمىنى تەشكىل
قىلىدۇ. تەڭرى تاغلىرى ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ،
جەنۇبتا كوئېنلون تاغلىرى ھەيۋەتلىك قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ،
چۆل - جەزىرىلەرنىڭ ئىگەللىگەن كۆلىمى ئىنتايىن كەڭ. موڭغۇلىيە،
سوۋېتلەر ئىتتىپاقى، ئافغانىستان، ھىندىستان بىلەن تۇتىشىدۇ.
كان بايلىقى ئىنتايىن مول، مەسىلەن: ئالتاينىڭ ئالتۇنى، شى-
خونىڭ نېفتى، خوتەننىڭ قاش تېشى ناھايىتى مەشھۇر؛ بۇنىڭ-
دىن باشقا يەنە كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، كۈمۈش، قوغۇشۇن،
ۋولفىرام قاتارلىقلارمۇ ناھايىتى كۆپ. يەنە ناھايىتى نۇرغۇن
ئېپتىدائىي ئورمانلىقلار بار، چارۋىچىلىقى تەرەققىي قىلغان، مېۋە-
چېۋىسى لەززەتلىك.

پۈتۈن ئۆلكىنىڭ نوپۇس سانى 5 مىليوندىن ئارتۇق بو-
لۇپ، 13 مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار: ئۇيغۇر، قازاق،
خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، قىرغىز، تاتار، ئۆزبېك، روس، شىۋە،
سولون قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. جۈملىدىن ئۇيغۇر، قازاق، قىر-
غىز، تاتار، ئۆزبېك، تاجىكلار تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى
مىللەتلەر بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، خۇيزۇلارمۇ
ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. شىۋە، سولونلار بولسا، مانجۇلار-

نىڭ بىر تارمىقى. ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس سانى ئەڭ كۆپ، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ تەخمىنەن 75% نى تەشكىل قىلىدۇ.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، جاڭ چيەن، بەنچاۋلار غەربىي رايون بىلەن بولغان بېرىش-كېلىشنى باشلاشنىڭ ئالدى-كەينىدە، شىنجاڭدا مىللىي زىددىيەت كەسكىن بولۇپ، بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىپ بىر كۈنمۇ تىنچ ئۆتمىگەن. خەن، تاڭ دەۋرلىرىدىن كېيىن، موڭغۇللار كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن. باشقا مىللەتلەرمۇ بار بولسىمۇ، لېكىن زور كۆپچىلىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ھازىرقى تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر كېيىنكى چاغلاردا كۆچۈپ كەلگەن. شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى گەرچە گاھ ئۈزۈلۈپ، گاھ داۋام قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغا قەدەر ئۇ ئىككى مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى.

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي 10- يىلى، يەنى زوزۇڭتاڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، چىڭ ئوردىسىغا ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلدى. چىڭ سۇلالىسىدىن تارتىپ تاجۇڭخۇامىنگو دەۋرىدە ئۆتكەن شىڭ شىسەينىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقانغا قەدەر، بۇ زېمىندە مۇستەملىكچىلىك سىياسىتى ھۆكۈمرانلىق قىلدى. شىنجاڭ خەلقى زۇلۇم - ئېكسپىلاتاتسىيىگە چىدىماي، قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەندە، ھۆكۈمرانلار ھامان قورال كۈچى بىلەن بېسىقتۇرۇپ كەلدى، بېسىقتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، داۋاملىق دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزدى. دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەندە، خەلق يەنە قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئىش مۇشۇ يوسۇندا توختىماي تەكرارلىنىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ تارىخى — مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي

زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش تارىخىي بولۇپ شەكىللەندى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئەزەلدىن ھېچ-قانداق ئورنى بولماي كەلگەن بولۇپ، قانداقتۇر دېموكراتىيە — ئەركىنلىكتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى، مانا بۇلار مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

## تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا ئۇچۇش

ئىلىس شېڭ شىسەي ئامالسىز شىنجاڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ۋۇ جۇڭشىن ئۇنىڭ ئورنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئەمدىلا بىر ئاي بولغاندا يەنى 1944 - يىلى 11 - ئايدا غۇلجىدا ئىنقىلابىي قوزغىلاڭ پارتلاپ، گومىنداڭنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنى يوقىتىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، «شەرقىي تۈر-كىستان جۇمھۇرىيىتى» تەشكىل قىلىندى. 1945 - يىلى 8 - ئايدا، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى، ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بول-دى. غۇلجا تەرەپنىڭ مىللىي ئارمىيىسى يەنە ھۇجۇم قوزغاپ، جىڭ دەرياسى بىلەن شىخونى بېسىۋېلىپ ئۆتۈپ تاكى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغىچە ئىلگىرىلەپ كەردى. ئۆلكىنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىگە 140 كىلومېتىردىن ئارتۇق-راقلا ئارىلىق قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە بىرقانچە يولغا بۆلۈنۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۇجۇم قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئۆلكە داۋالغۇش، قالايمىقانچىلىق ئەھۋال ئىچىدە قالدى.

بۇ چاغدا، گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇشاۋلياڭ چۆچەككە قايتا - قايتا تېلېگ-راما يوللاپ: ۋەزىيەت ئېغىر، كەلگۈسى قانداق بولىدۇ، مۆلچەر-

لەش قىلىمەن. ۋەتەن يولىدا قۇربان بولۇشقا رازىمەن — دەپ جىددىي مۇراجىئەت قىلدى. جياڭ جىيىشى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن بەكمۇ تەشۋىشلىنىپ، مېنى دەرھال ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىسى: «جەڭچىلەرنىڭ روھىنى ئۆستۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى تىنچلاندۇرۇش، بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن دوكلات ئوتتۇرىغا قويۇش» تىن ئىبارەت بولدى. مەن 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدىم. شۇ كۈنى جۇ شياۋلياڭ ماڭا تۆۋەندىكى ئەھۋالدىن دوكلات بەردى:

1 - ئىلى ئارمىيىسى ماناس ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى. ئۈرۈمچىگە ئارىلا ئىككى كۈنلۈك مۇساپە قالدى. ئۇلارنىڭ دىخۋاغا قاچانلا بولمىسۇن ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى بار.

2 - ھازىر ئۈرۈمچىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ھەربىي قوشۇن ئارانلا 6 يىڭ (مەركىزىي ھەربىي مەكتەپ 9 - شۆبە مەكتەپتىكى بىر يىڭ ئوقۇغۇچىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە). ھازىر ئاتالمىق 5 - كورپۇس بىلەن 46 - دىۋىزىيىنىڭ بىر بۆلۈم ياردەمچى قوشۇنلىرى يۆتكەپ كېلىنىۋاتىدۇ، ئۇلار ئەڭ تېز بولغاندىمۇ سەككىز، ئون كۈنلەردىن كېيىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يېتىپ كېلەلەيدۇ.

3 . ئاشلىق، ئوق - دورا زاپىسىغا كەلسەك، ئەگەر قاتناش جەھەتتە كۈتۈلمىگەن ئەھۋال كۆرۈلمەي، ھەر كۈنى ئۈزۈلدۈرمەي توشۇغاندا، تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولىدۇ.

مەن بىرياقتىن جۇ شياۋلياڭ بىلەن جىڭتۇەنجۇن قوماندانى لى تېجۇنگە قول ئاستىدىكىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈپ، جەڭچىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىنى ئۆستۈرۈشنى، ئۈرۈمچىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى تاپىلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى لىيوزېرۇڭ ئەپەندى ئارقىلىق، سوۋېت-

لەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت باش كونسۇ-
لى — يېۋسېيېۋغا تەكلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى
ئىكەنلىكىمنى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ياراشتۇرۇپ
قويۇشى ھەققىدە پىكىر ئېلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.
ئۇ چاغدا مەن بۇ ۋەقەنى ھەربىي جەھەتتە ھەل قىلىشقا ھېچقانداق
نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى، پەقەت سىياسىي يول بىلەنلا ھەل
قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى؛ سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈ-
چۈن ئوتتۇرىدا ۋاسىتىچى بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئەڭ ياخشى
ۋاسىتىچى — سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتكەن
ئىدىم.

9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەن يېۋسېيېۋ بىلەن كۆرۈشۈپ
پىكىرلەشتىم. ئۇ، بۇ بولسا جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، سوۋېتلەر
ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشسا مۇۋاپىق بولمايدۇ،
دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنى ئامال بار ئەڭ ياخشىسى تىنچ
يول بىلەن ھەل قىلىش كېرەك، دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈر-
دى. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈر-
دۈم ھەمدە ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىل ئەۋەتىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش-
كە ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن تىنچلىق بىلەن ھەل
قىلىش يولىدىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىشكە، ئالدى بىلەن ئىلى
تەرەپنىڭ ھەربىي ھەرىكەتلەرنى توختىتىشقا كۈچ چىقىرىشىنى
خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سورىدۇم، ئۇ مېنىڭ پىكرىمنى
موسكۋاغا يەتكۈزۈشكە ماقۇل بولدى ھەمدە ئۆزىنىڭ يېقىندىن
ياردەم كۆرسىتىشنى خالايدىغانلىقىنى، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ يول-
يورۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ھەرىكەت قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
ئۇ يەنە: ئەڭ ياخشىسى جۇڭگو ھۆكۈمىتى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈ-
مىتىنىڭ ئالدىغا قويسا، ئۇ چاغدا ھەم ئۈنۈملۈك بولاتتى — دېدى.

ئەينى ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدە سەممىيەت بار دەپ
ھېس قىلدىم، شۇڭلاشقا شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا جياڭ جېشىگە تېلېگ-

راما يوللاپ: بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن جىددىي، غۇلجا قو-
شۇنلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توختىتىشتىن باشقا ئامال قالمىدى،
ئۈرۈمچىنى قوغداپ قېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىغان ئا-
ساس يوق، ھازىر پەقەت دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق تىنچ ھەل
قىلىش ئىمكانىيىتىلا بار، ئۇنداق بولمايدىكەن ئۈرۈمچى قول-
دىن كەتسە ۋەزىيەت پۈتۈنلەي يامانلىشىپ كېتىدۇ، كەلگۈسىدە
قايتۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ، لېكىن ئىنتايىن زور كۈچ ۋە
ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تۈن ئۇزۇن بولسا،
چۈش كۆپ بولىدۇ، ئۆزگىرىشلەرنى ئالدىن مۆلچەرلەش قىيىن،
مەركەزنىڭ ئىناۋىتىگىمۇ قاتتىق تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن،
دەرھال قەتئىي قارارغا كېلىپ كونا دىپلوماتىيە قائىدە - يوسۇن-
لىرىغا ئېسىلىۋالماسلىق كېرەك، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق
باش ئەلچىمىز فۇ بىڭچاڭنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا شىنجاڭ ۋە-
زىيىتىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش ھەمدە مۇندىن كېيىن
شىنجاڭدا جۇڭگو - سوۋېت ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى يولغا قو-
يۇش توغرىسىدا تەكلىپ قويۇشى ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ
ئوتتۇرىغا چىقىپ ياراشتۇرۇشنى سوراش ھەققىدە دەرھال تېلېگ-
راما يوللاشقا بولامدۇ - قانداق؟ دېگەن تەكلىپلەرنى بەردىم.
تېلېگراما بېرىۋېتىلگەندىن كېيىن، مەن، جۇشاۋلياڭ، ۋۇ
جۇڭشىن ئۈچەيلەن: ۋەزىيەت ناھايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ، مۇشۇ
ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشتىن باشقا يول قالمىدى، دەپ ھېسابلى-
دۇق. مېنىڭ يەنە ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋېرىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى بول-
مىغاچقا، 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جياڭ جيېشىغا دوكلاد قىلىش
ئۈچۈن ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا قايتتىم.
ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىمدا، ۋۇ جۇڭشىن ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا كې-
لىپ بىر يىلدىن بۇيانقى ئەھۋالىنى كۆپ قېتىم ئاغزاكى ئېيت-
قانىدى، مېنى تەپسىلىي خاتىرىسىدە قالدۇرالامسىكىن، دەپ
يەنە يازما ماتېرىيالدۇ تەييارلاپ بەرگەنىدى. ئۇ شىنجاڭغا كې-

لىپ بىر ئايدىن كېيىنلا غۇلجا ۋەقەسى يۈز بەرگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ۋە بىزنىڭ كېيىن ئىگىلىشىمىزچە، ئۇ يامان ئىش قىلماي ھەر كۈنى ياخشى ئىش قىلىشنىڭ كويىدىلا بولغان. مە-سىلەن: شىڭ شىسەي تۈرمىگە قاماپ قويغان نۇرغۇن ئادەملەرنى جۈملىدىن بۇرھان شەھىدى ئەپەندىنى قويۇپ بەرگەن. گومىن-داڭ گۇرۇھى ئىچىدە ئۇ ياخشىچاق ئادەم ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئاستىدىكىلەر بولۇپمۇ ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا تەۋە بولمىغان ئىش-پىيونلار زادى ئىسمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ، ئەينەن ۋاقىتتا ئۇ بۇلارنى باشقۇرالمايتتى، ھەتتا بۇنىڭدىن خەۋىرىمۇ يوق ئىدى.

## شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە مۇھاكىمە ۋە قارار

مەن چۇڭچىڭغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، سوۋېتلەر ئىتتىپا-قىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى پىتروۋ گومىنداڭ ھۆكۈمە-تىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا بىر پارچە ئەسلەتمە تاپشۇر-دى، ئۇنىڭ تولۇق تېكستى تۆۋەندىكىچە:

سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە يوللىغان مەلۇماتىدا ئېيتى-لىشىچە: مۇسۇلمانلاردىن بىرمۇنچە كىشى، ئۆزلىرىنى شىن-جاڭ قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ۋەكىلى دەپ مەزكۇر كونسۇلخانىغا نە-مىزغا بايانات ئېلان قىلىپ روسىيىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋاستىچى بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگو دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشنى ياراشتۇرۇپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئاستىرتىن بىلدۈردى؛ ھەمدە: قوز-غىلاڭچى خەلقنىڭ ئەسلىدىنلا جۇڭگودىن ئايرىلىپ كېتىش نىيىتى يوق، ئۇلارنىڭ مەقسىتى مۇسۇلمانلار كۆپ سىنى

ئىگىلىگەن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلاردا، مەسىلەن:
غۇلجا، تارباغاتاي، ئالتاي، قەشقەر قاتارلىق رايونلاردا
ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت، دەپ
ئىزھار قىلدى، مەزكۇر ۋەكىللەر يەنە شىنجاڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرى ئۇستىدىن يۈرگۈزگەن خىلمۇ
خىل زۇلۇملىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. سوۋېتلەر
ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ شىنجاڭ بىلەن چېگرىداش
بولغان رايونلىرىنىڭ تېنچلىقى ۋە تەرتىپىگە ئېتىبار قى-
لىپ، ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى ماقۇل بولسا شىنجاڭدا يۈز
بەرگەن ۋەزىيەتنى توختىتىش، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە مۇم-
كىن بولغان ياردەملەردە بولۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ غۇلجى-
دا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنى تەيىنلىمەكچى.

تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى جياڭ جېيشىدىن يولىيورۇق ئال-
غاندىن كېيىن، تۆۋەندىكىچە جاۋاب بەردى:

(1) شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا، سوۋېت-
لەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ھەمكارلىشىشنى خالىسا، ھۆكۈمى-
تىمىز بۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ.
(2) چېگرا خەلقلىرىگە بولغان مۇئامىلىنى ياخشىلاش
توغرىسىدا پرېزىدېنت جياڭ جېيشى ئاللىقاچان ھۆكۈمىتىمىز
شىنجاڭ خەلقىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، دەپ جاكالىغان-
دى. بۇ قېتىمقى ۋاقە يۈز بەرگەندىن كېيىن ھۆكۈمىتى-
مىز مىنىستىر جاڭ جىجۇڭنى بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ ھەقىقىي
ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتتى،
مانا بۇ مۇئامىلىنى ياخشىلاشنىڭ ئۈلگىسى.
(3) ھۆكۈمىتىمىز مۇشۇ ۋەقەنى قوزغىغانلارنىڭ ئۆز ۋە-
كىللىرىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، مىنىستىر جاڭ جىجۇڭغا

پىكىرلىرىنى بايان قىلىشنى، مەسىلىنى كېڭىشىپ ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىشنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىدۇ. ھۆكۈمىتىمىز بەلگىلىگەن سىياسەت بويىچە، بارلىق شىنجاڭ خەلقىنى سىياسىي ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىچكى جايلاردىكى خەلقلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە بىلەن بەھرىمەن قىلىدۇ.

(4) سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىزگە ھەمكارلىشىشنى خالىسا، مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن، سىلەرنىڭ قارشى تەرەپنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، مىنىستىر جاڭ جىجۇڭنىڭ ھوزۇرىدا بولۇشىنى خەۋەر قىلىپ قويۇشلىرىنى ۋە ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ۋەكىللەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن كاپالەتلىك قىلىمىز.

شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مېنى مەركەزنىڭ ۋەكىلى قىلىپ غۇلجا ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ ۋەزىيىتى مەسىلىسىنى قانداق تونۇش ۋە ھەل قىلىش ئۈستىدە مېنىڭ بىر قەدەر تەپسىلىي چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشۈمگە توغرا كەلدى. مۇھاكىمە قىلىش نەتىجىسىدە، تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈردۈم:

(1) شىنجاڭ مەسىلىسى مىللىي مەسىلىدىن ئىبارەت. شىنجاڭ خەلقى تارىختا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمىغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراپ كەلگەن. بۇ خىل زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە نەتىجىسىدە، خەلق قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن. شۇڭلاشقا شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بۇرۇنقى پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇللىرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز ھەمدە مىللەتلەر باب - باراۋەر دېگەن پىرىنسىپ بويىچە ئۇلارغا سى-

ياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە باراۋەرلىك ھوقۇقى، ئالدى بىلەن سىياسىي جەھەتتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىنى بېرىشىمىز كېرەك.

(2) شىنجاڭ مەسىلىسى يەنە دىپلوماتىيە مەسىلىسىدۇر. شىنجاڭنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئەزەلدىن تارتىپلا تارىخىي، جۇغراپىيە، مىللىي ئىقتىسادىي جەھەتلەردە خىلمۇ — خىل قويۇق مۇناسىۋىتى بار. شۇنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا نىسبەتەن ھەرگىز زېمىن غەرىزى يوق، لېكىن ئۇ شىنجاڭدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە چىداپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا شىنجاڭنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى قويۇشقا مۇتلەق بولمايدۇ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن چوقۇم دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش لازىم.

(3) يۇقىرقى تونۇشۇمغا ئاساسەن، مەن شىنجاڭ خەلقىغە قارىتا كەڭ سىياسەت ۋە تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارغا ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك ھوقۇقى بېرىش كېرەك، دەيدىغان نۇقتىنى ئويلاپ يەتتىم. بۇ پىكرىم گومىنداڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇشى ناھايىتى تەس؛ بولۇپمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش دېگەن ئابزاسقا قارىتا توسالغۇ كۈچى تېخىمۇ زور بولىدۇ. مەن ئەزەلدىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلاتتىم، جىياڭ جيېشى مېنى شىنجاڭغا ئەۋەتكەندىمۇ، مۇشۇ جەھەتنى ئويلاشقانلىقى تۇرغان گەپ. ئۇ چاغدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ئىدى، ھالبۇكى مەن بولسام شىنجاڭدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلاشماقچىمەن، بۇ ئىنتايىن زور زىددىيەت. بۇ زىددىيەتنى قاندا قىلغاندا يەڭگىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مېنىڭ تەشەب-

بۇسۇمغا قارشى تۇرماي، بەلكى تەشەببۇسۇمنى قوللايدۇ؟
بۇ شۇ چاغدا مەن ئۈچۈن ئەڭ قىيىن ۋە ئەڭ باش قاتـ
تۇرىدىغان ئىش بولغانىدى.

## سۆھبەتنىڭ بىرىنچى باسقۇچى

مەن شىنجاڭغا ئۈچۈشتىن ئىلگىرى جياڭ جيېشىگە شىنـ
جاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى كۆز قاراش ۋە پىكىرلىرىمنى باـ
يان قىلىپ، ئىنتايىن زور قىيىنچىلىق بارلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ چاغـ
دا مەن ئېيتقان قىيىنچىلىقلار گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارىتىلغان
بولۇپ، ئۇلجا تەرەپ بىلەن بولىدىغان سۆھبەتتىكى قىيىنچىلىقـ
لارنى تېخى ئويلاپ يەتمىگەنىدىم. جياڭ جيېشى سۆزۈمنى ئاڭـ
لىغاندىن كېيىن ناھايىتى قەتئىي تەلەپپۇزدا: «شىنجاڭ مەسـ
لىسىنى تولۇق ھوقۇق بىلەن ھەل قىلىشىڭىز بولىدۇ. مەسىلە بولـ
سا، قاچانلا تېلېگراما بەرسىڭىز بولىدۇ» دېدى. مەن بۇ گەپـ
نى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئازىراق كاپالەتكە ئىگە بولغانلىقىمنى
ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى،
ئايروپىلان بىلەن چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدىم.
مەن بىلەن بىرگە كەلگەنلەردىن: لياڭ خەنساۋ، پېڭ جاۋشيەن،
چۈي ۋۇ، جاڭ جىڭيۈي، دېڭ ۋېنيى، ليۇمىڭچۈن، ۋاڭ زېڭشەن
قاتارلىقلار بار.

ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى: رەھىمجان، ئوبۇلخەيرى تۆرە،
ئەخمەتجان قاتارلىق ئۈچ كىشى بولۇپ، ئۇلار ئىككى كۈن ئاۋۋال
ئۈرۈمچىگە كەلگەنىكەن. ئۇلار كەلگەندە مەيدىسىگە «شەرقىي
تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ئىزناكلىرىنى تاقىغان بولۇپ،
كۈتكۈچى خادىملارغا ئۆزلىرىنىڭ « شەرقىي تۈركىستان » ھۆـ
كۈمىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىـ
لەن سۆھبەتلەشكىلى كەلگەنلىكىنى، ۋاقتى كەلگەندە گۇۋاھنامە

ھۆججەتلىرىنى چىقىرىپ كۆرسىتىدىغانلىقىنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى
ۋەكىللىرىنىڭمۇ گۇۋاھنامىلىرىنى كۆرسىتىشى لازىملىقىنى ئېيتقان.

مەن بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 15 - چېسلا سوۋېت-
لەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى يېۋسې-
يېۋنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلدىم، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم: باش
ئەلچى پىدوروۋنىڭ ھۆكۈمىتىمىزگە بەرگەن ئەسلەتمىسىدە، شىنجاڭدا
قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلقنىڭ ۋەكىللىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ
ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ياراشتۇرۇپ قويۇشىنى ئىلتىماس قىلدى ھەم-
دە جۇڭگودىن ئايرىلىپ كېتىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئىزھار
قىلدى، دېيىلگەن. ھۆكۈمىتىمىزنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرەپ-
كە بەرگەن جاۋابىدىمۇ مەسىلىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشنىڭ
چارىسىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن، ئۆزگىرىش قىلغان تەرەپنىڭ
ئۈرۈمچىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ پىكىرلىرىنى ئىزھار قىلىشىغا يول
قويۇلىدۇ، دەپ ئېيتىلغان. شۇڭا مەن پەقەت مەركىزىي ھۆكۈ-
مەتنىڭ ۋەكىلى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەنلا ئۆزگىرىش قىلغان
تەرەپنىڭ ۋەكىلىنى قوبۇل قىلىمەن. ئاتالمىش شەرقىي تۈركىس-
تان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلالمايمەن. سوۋېتلەر
ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ ئىلى تەرەپكە مېنىڭ بۇ پىكرىمنى ئۇخ-
تۇرۇپ قويۇشىنى ئۆتۈنىمەن. سوۋېت كونسۇلى دەسلەپتە ئەڭ
ياخشىسى بىرىنچى قېتىملىق قوبۇل قىلغىنىڭىزدا يۈزمۇ — يۈز
تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئېيتىسىڭىز، دېدى. مەن ئۇنىڭغا: سوۋېت-
لەر ھۆكۈمىتى بۇ قېتىمقى ۋەقەنى ھەل قىلىشتا ھۆكۈمىتىمىزگە
ياردەمدە بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. سىزنىڭ
ئۇلارغا يەتكۈزۈپ قويۇش مەسئۇلىيىتىڭىز بار، دېدىم. شۇنىڭ
بىلەن كونسۇل يېۋسېيېۋ يەتكۈزۈپ قويۇشقا ماقۇل بولدى.

غۇلجا تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى سوۋېت كونسۇلىنىڭ نەسىھىتى-
دىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ
كەتمىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن 17 - چېسلا كۈنى ئۇلارنى قو-

بۇل قىلدىم.

مەن ئاۋۋال بىر ئاز سۆزلىدىم، بۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

## قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىقنى ۋە ئائىلىسىۋى ئىتتىپاقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرەيلى.

(45 - يىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى)

جۇڭخۇا مىنگو — خەنزۇ، مانجۇ، مۇڭغۇل، خۇيزۇ، زاڭزۇدىن ئىبارەت بەش چوڭ مىللەت ۋە بىر قانچە ئۇششاق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان بىر دۆلەت. بۇ مىللەتلەر ناھايىتى سۆيۈملۈك، خۇددى ئاكا - ئۇكا قېرىنداشلارغا ئوخشاش يېقىن ۋە باب - باراۋەر تۇرۇپ كەلمەكتە، مەن بۈگۈن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھەر قايسىڭىزلارنى قوبۇل قىلىپ كۆڭلۈمدە ناھايىتى خۇشاللىق ھېس قىلىۋاتىمەن؛ بۇ خۇددى ئاكا - ئۇكا قېرىنداشلارنىڭ ئۇچراشقىنىغا ئوخشاش ئىش. بىز ھەر مىللەت ئەڭ يېقىن قىرىنداشلاردىنمىز، جۇڭخۇا مىنگودىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلە مۇشۇ قىرىنداشلاردىن تەركىب تاپقان، بۈگۈنكى بۇ ئۇچرىشىشىمىز، بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى بىر يەردە جەم بولۇپ ئولتۇرغانغا ئوخشاش ئىش، مېنىڭ قەلبىم ئەلۋەتتە چەكسىز شاتلىققا چۆممەكتە.

بىراق بىز شۇنىمۇ ئىنكار قىلالمايمىزكى، بىر ئائىلىدە ئۆتۈۋاتقان قېرىنداشلارنىڭمۇ، بەزى مەسىلىلەرگە نىسبەتەن پىكىر - كۆز قارىشى بىردەك بولمايدۇ، ھەتتاكى شۇ تۈپەيلىدىن جېدەل - ماجىرالاردىن خالى بولۇشمۇ تەس. لېكىن مۇنداق جېدەل - ماجىرالار قېرىنداشلارنىڭ ئىناقلىقى-

نى زەخمىلەندۈرەلمەيدۇ ۋە ئائىلىنىڭ ئىتتىپاقىنى بۇز-
غۇنچىلىققا ئۇچرىتالمايدۇ. شۇڭا بىز ئىشىنىمىزكى، ئۆتكەن-
دە قېرىنداشلار ئارا پىكىرلەر تۇغۇلغان بولسىمۇ، لېكىن
بۇنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق، تاساددىپى ئىشلا بولۇپ، قېرىنداشلار
ئارىسىدىكى ئىناقلىققا ۋە ئائىلە ئىتتىپاقىغا تەسىر كۆرسە-
تەلمەيدۇ. مېنىڭ بۇ قېتىم مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋەكىل بولۇپ بۇ
يەرگە كېلىشىم، قېرىنداشلار ئارا ئىناقلىقنى ۋە ئائىلە ئىتتى-
پاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

بۈرۈنمۇ شىنجاڭدا مىللەتلەر ئارىسىدا مەسىلىلەر يۈز بەرگەن.
بىز ئىشىنىمىزكى، ئۇمۇ ۋاقىتلىق، تاساددىپى ھادىسە — ئەل-
ۋەتتە. مەن بۈگۈن مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە رەئىس جىياڭ جېي-
شىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈ-
شۈپ، ھەر بىرىڭىزلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، مەسىلىنى ھەل
قىلىشنىڭ چارىسى ھەققىدە مەسلىھەتلەشمەكچىمەن. شەخسەن
ئۆزۈم، قېرىنداشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىقنىڭ ۋە
ئائىلە ئىتتىپاقلىقىنىڭ ناھايىتى مۇۋاپىق ۋە ئوڭۇشلۇق ھال-
دا ئەسلىگە كېلىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن. بىز شۇنى
ئىنكار قىلمايمىزكى، بۈرۈنقى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
دائىرىلىرىنىڭ بەزەن تەدبىرلىرىنىڭ پۈتۈن ئۆلكىدىكى
قېرىنداشلار ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغان جايلىرى بار.
بىراق ھەر قايسىڭىزلار مەركەزنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىسىزلەر،
مەركەزنىڭ ھەقىقەتەن غەمخورلۇق قىلىپ كېتەلمىگەن تە-
رەپلىرىمۇ بار. ئۆتكەن يىل كۈز پەسلىدىن بۇيان، مەركەز
شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋەزىيىتىنى تەرتىپكە سېلىپ ياخشىلاش-
نى ئويلاشقان بولسىمۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇ-
رۇش جىددىي داۋام قىلغانلىقتىن، ئەمەلىيەتتە مەركەز شىن-
جاڭ ئۆلكىسىگە زور كۈچ ۋە زېھىن قويۇپ قارىيالمىدى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت

ئەمدىلا ئۈزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىشى بىلەن، غۇلجا ۋەقەسى
يۈز بەردى. شۇڭا بۇگۈنكى كۈنگە قەدەر مەركەز ئۈزىنىڭ
شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ياخشىلاش ۋە شىنجاڭ خەلقىنى ئاسراش
مەقسىتىنى بىرەر ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەشكە تېخى ئۈلگۈرەل-
گەنىدى. بۇنىڭدىن مەركەز ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىدۇ.
بىراق، بۇندىن كېيىنكى ئەھۋال بۇنداق بولمايدۇ. ھازىر
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازاندى،
مەركەز خېلى زور كۈچ ۋە زېھنىنى ئاجرىتىپ شىنجاڭ
ئۈلكىسىگە قارىيالايدىغان بولدى؛ مەركەز بۇندىن كېيىن
مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىشتا قېرىنداشلارنى
سۆيۈش روھىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، پۈتۈن ئۈلكە خەل-
قىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆس-
تۈرىدۇ؛ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە تى-
رىشچانلىق كۆرسىتىپ، پۈتۈن ئۈلكە خەلقىنىڭ تەلىپىگە
لايىقلىشىپ، پۈتۈن ئۈلكە خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئىشقا ئا-
شۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدا ھەر قايسىڭىزلارغا شۇنى ئۇقتۇرۇپ
قويالايمەنكى، مەركەزنىڭ بۇ جەھەتتە تولۇق سەممىيىتى
بار.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ قېتىم مەركەزگە ۋەكالىتەن بۇ
يەرگە كەلدىم، مەن قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھرى -
مۇھەببەتنىڭ تېزدىن ئەسلىگە كېلىشىنى، شىنجاڭ ئۈلكىسى-
دىكى مەسىلىلەرنىڭ تېزلىكتە ھەل بولۇشىنى، ھەممە جە-
ھەتتە نورمال ھالەتنىڭ ئەسلىگە كېلىپ، ھەر خىل قورۇ-
لۇش خىزمەتلىرىمىزنىڭ پائال رەۋىشتە باشلىنىپ كېتىشىنى
بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن. مەن ھەر قايسىڭىزلارغا شۇنى تەك-
رار ۋە تەنتەنىلىك ھالدا جاكالايمەنكى، شىنجاڭ مەسىلە-
سى تېزلىك بىلەن تولۇق ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئاكا-
ئۇكا قېرىنداشلار ئارا مېھرى - مۇھەببەت تېز ئەسلىگە

كەلگەندىن كېيىن ۋە ئائىلە ئىتتىپاقلىقى تېز ۋاقىت ئىچىدە مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، مەركەز چوقۇم كۈچىنىڭ بارىچە شىنجاڭنى پىلانلىق ھالدا ئىسلاھ قىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى پەيدىن - پەي ياخشىلايدۇ.

ھەر قايسىڭىزلار نىڭ بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە كېلىشتە ئېغىر ۋەزىپىلەر بىلەن كەلگەنلىكىڭىزلارنى، ھەر قايسىڭىزلارنىڭ ئۈمىدىنىڭ مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش، مەركەزنىڭ ئۈمىد قىلغىنى بىلەن ئوخشاش، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ئۈمىد قىلغىنى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. پىكرىڭىزلار بولسا، ئىمكانقەدەر ئوتتۇرىغا قويىسىڭىزلار، بىز تەپسىلىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئورتاق ۋە بىرلىككە كەلگەن ھالدا ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى خالايمىز.

مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ سۆزلىرىمنىڭ سەمىمىيەتلىك بىلەن ئېيتىلغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۇلار ئاڭلىغاندىن كېيىن، پوزىتسىيىدە خېلىلا مۇلايىم بولۇشتى. مېنىڭ بۇ قىسقىغىنە كىرىش سۆزۈم، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن تۇنجى ئاساس سالدى.

سۆزۈمنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇلاردىن مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا پىكىر سورىدىم، ئۇلار ئالدى بىلەن مېنىڭ پىكرىمنى ئاڭلاپ باققىسى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇلارغا: ئالدى بىلەن مېنىڭ پىكرىمنى ئاڭلاپ باققىڭلار كەلگەن بولسا ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل، مەن مۇھاكىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويىمەن، دېدىم.

سۆھبەتتىن كېيىن، مەن بىرگە بارغان ئادەملىرىم بىلەن نېمە ئۈچۈن ئىلى تەرەپ ئالدى بىلەن تەلەپ قويمايدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزدۇق. بىز ئەسلىدە ئۇلارنى بۇ يەرگە كېلىشتە چوقۇم شەرت ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە چوقۇم «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نى ئېتىراپ قىلىش ئا-

ساسىغا قويۇلغان بىر قانچە ماددىلىق تەلەپلىرى بار دەپ، تە-
سەۋۋۇر قىلغان ئىدۇق. پەقەت مىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان جۇم-
ھۇرىيىتى» ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىشنى قاتتىق رەت قىلغانلى-
قىم سەۋەبىدىن، ئۇلار ئاز - تولا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشنى
ھېس قىلغان بولسا كېرەك، لېكىن ۋاقىت قىستاپ تۇرغاچقا ئىلى
تەرەپتىن يولىيورۇق ئېلىشقا ئۈلگىرەلمەي، ئاۋۋال مېنىڭ پىكىر
تاشلىشىمنى ئۈمىد قىلغان بولسا كېرەك.

بىز تەپسىلى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، «مەركەزنىڭ
شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ئۆزگىرىشنى ھەل قىلىش توغ-
رىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھەسى» نى يېزىپ چىقتۇق. بۇ كۆرسەت-
مە، لايىھە مىللىي باراۋەرلىك، سىياسىي دېموكراتىيە، يەرلىك ئاپ-
تونومىيەدىن ئىبارەت ئاساسىي پرىنسىپ بويىچە تۈزۈلگەن بو-
لۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئارزۇ تەلەپلىرىگە
ئۇيغۇن كېلەتتى. بۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

## مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ئۆزگىرىشنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھەسى

«جۇڭگودىكى مىللەتلەر بىردەك باراۋەر»، بۇ — دۆلەت
ئاتىمىز تۈزگەن سەنمىنجۇيىنىڭ بىرسى بولغان مىللىي مەس-
لەك قىسمىدا ئوچۇق كۆرسىتىلگەن پرىنسىپ. مەركەز
دۆلەت ئاتىمىزنىڭ تەلىماتىغا ۋارىسلىق قىلىپ، چېگرا را-
يونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مە-
دەنىيەت جەھەتتە تەكشى تەرەققىياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ھا-
مان يار يۆلەكتە بولۇپ كەلدى. مىللىي باراۋەرلىكتىن ئىبا-
رەت ئىزچىل سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، رەئىس
جياڭ جېيشىمۇ ئوچۇق ۋە سەممىي كۆرسەتمىلەرنى بەر-
گەنىدى. پەقەت ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەز-

گىلىدىلا زوراۋان دۈشمەننى تار - مار قىلىپ، دۆلەت ۋە
مىللەتنىڭ ئەركىنلىكىنى، مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش-
نى ئالدىنقى شەرت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق؛ شۇ سەۋەبلىك
گەرچە چېگرا رايون خەلقىگە نىسبەتەن ئەھمىيەت بەرگەن
بولساقمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئايرىم ۋاقىت ئاجرىتالماسلىق-
تەك ئەھۋاللار كۆرۈلدى. ھازىر دۈشمىنىمىز يايپون جاھان-
گىرلىكى شەرتسىز تەسلىم بولدى، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتەك
ئۇلۇغ قۇرۇلۇش باشلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ، پۈتۈن مەملىكەت
خەلقى ئەركىنلىك باراۋەرلىكنىڭ پاراۋانلىقىدىن مەڭگۈ بەھرىمەن
بولىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ۋەتەن بىرلىكىنى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش
مەجبۇرىيىتى بار. بۇ نۆۋەت شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىس-
مەن ئۆزگىرىشكە نىسبەتەن مەركەز چوڭقۇر ئەپسۇس بىلدۈ-
رىدۇ. بىراق بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
مېھرى - مۇھەببەتكە ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە تەسىر يەت-
كۈزمەسلىك لازىم. ھازىر بىزگە قىلىنغان دانا غەمخورلۇق-
قا ئاساسەن، دۆلەت ئاتىمىزنىڭ ۋەسىيىتى ۋە رەئىس جياڭ-
جيېشىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە بىنائەن، چېگرا رايون خەلقى-
نىڭ ئۆزىنى - ئۆزى باشقۇرۇشىغا يار - يۆلەك بولۇپ،
ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشنى، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈرۈشنى، ئۆزگىرىشنى ھەل قىلىشنىڭ فاكتې-
نى قىلىپ، تۆۋەندىكىچە كۆرسەتمە لايىھەنى ئوتتۇرىغا
قويىمىز:

(1) شىنجاڭ خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت
جەھەتتە تەكشى تەرەققىياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈن يار - يۆلەك-
تە بولۇپ، ئۇلارنى ئىچكى جايلاردىكى خەلقلەر بىلەن ئوخ-
شاش مۇئامىلىگە ئېرىشتۈرۈش.

(2) ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت
قىلىش، ھەرقايسى دىنلارنىڭ چېركاۋ، مەسچىت، بۇتخانىلە-

رىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداش.

(3) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەزەلدىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتى، تىل، يېزىقىغا ھۆرمەت قىلىش.

(4) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جىسمانىي، مال - مۈلكى، سۆز - ھەرىكىتى، ئۆي - جايى، مەتبۇئات، يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكىنى قانۇنىي جەھەتتىن قوغداش.

(5) يەرلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش. ئۇنىڭ چارىسى مۇنداق:

ئا. ھازىر قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ناھىيىلەردە تەرتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە، يېزا - جەڭلارنىڭ باشلىقلىرىنى سايلاشنى تاماملاش. ئالتە ئاي ئىچىدە ناھىيىلىك سەنىيخۇيىنىڭ سايلىمىنى تۈگىتىش، خەلقچىللىق سىياسىتىنى يولغا قويۇش.

ب. ناھىيىلىك سەنىيخۇيلار قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك سەنىيخۇيلارنىڭ تەشكىلىي قانۇنىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ يەرلىك خەلقنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرى بويىچە، ھەرقايسى ماددىلارغا قارىتا تەكلىپ سۇنۇش ھوقۇقى بولىدۇ؛ يەرلىك مەمۇرىي خادىملارنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن پاش قىلىش ۋە تەپتىش قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

س. ناھىيىلىك سەنىيخۇي قۇرۇلۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن، يەرلىك خەلقتىن ئىناۋىتى يۇقىرى، بىلىم - قابىلىيىتى كۆرۈنەرلىك بولغان ئىككى ئادەمنى سايلاش، ھۆكۈمەت ئۇلاردىن بىرىنى ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا قويۇش.

د. ھاكىمنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت مۇئاۋىن ھاكىم تەيىنلەيدۇ.

ئې. ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ مەمۇرىي ۋالىيلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كۆرسىتىدۇ، مەركەز ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ؛ ھەمدە يەرلىك زاتلارنى تاللاپ ئىشلىتىشى لازىم. باشقا مەمۇرىي يەرلىك خادىملارنى ئىشقا قويغاندا، كۆپىنچىسىنى يەرلىك زاتلاردىن تاللاپ ئىشلىتىشنى پىرىنسىپ قىلىش كېرەك.

(6) بۇندىن كېيىن ھۆكۈمەت باج - سېلىقنى يېنىكلىتىش ھەققىدە ھەقىقىي تۈردە ئويلىشىشى كېرەك. ئالۋاڭ چېچىشنى قەتئىي چەكلەش لازىم ھەمدە ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك، سودا - سانائەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا پائال يار - يۆلەكتە بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

(7) ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇپ، ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيىنى كېڭەيتىپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە، ھەر مىللەتنىڭ تىل - يېزىقى قوللىنىلىدۇ.

(8) قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەن رايونلاردىكى بارلىق ھەربىي ھەرىكەتلەر دەرھال توختىتىلىدۇ. بىر ئايغىچە، ۋەقە يۈز بېرىشنىڭ ئالدىدىكى ھالەت ۋە تەرتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ۋەقە يۈز بەرگەن مەزگىل ئىچىدىكى بارلىق قانۇنسىز تەشكىلاتلار بىكار قىلىنىدۇ.

(9) ئۆزگىرىشكە قاتناشقان قوراللىق تەشكىلاتلار مۇۋاپىق راسخوت بىلەن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇلۇپ، خاتىرجەم ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ.

(10) ئۆزگىرىشكە قاتناشقان شەخسلەر بىردەك سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ھاياتى، ئولتۇراق جايىنىڭ

بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

(11) ئۆزگىرىشكە قاتنىشىش تۈپەيلىدىن تۇتۇپ تۇرۇلغان، قاماقتا ئېلىنغانلار ئىككىلا تەرەپتىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىۋېلىنغان بولسا، ئۆزىگە قايتۇرۇلىدۇ.

(12) قانۇنسىز تەشكىلاتلارغا قاتناشقان خادىملاردىن ئۆز يۇرتىغا قايتىشنى خالىغۇچىلار بىردەك راسخوت بىلەن قايتۇرۇلىدۇ. شۇندىن كېيىن ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ، ئايرىم - ئايرىم ئىشقا قويۇپ، ئۇلار دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىنىدۇ.

شۇ ئاينىڭ 20 - كۈنى مەن ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرىنى ئىككىنچى قېتىم قوبۇل قىلغىنىمدا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كۆرسەتمە لايىھەنى ئۇلارغا بەردىم. ئۇلار شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا غۇلجىغا بېرىپ تەپسىلىي مۇھاكىمىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن جاۋاب بېرىمىز، دېدى. شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋە قەشقەردىن ئىبارەت تۆت رايوننىڭ مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۇلاردىن «مۇستەقىللىق» دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەسلەتمىسىدە ئېيتىلغىنىدەك سىلەرنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىش نىيىتىڭلارنىڭ يوقلۇقى توغرىسىدىكى ئىپادىڭلەر بىلەن روشەن ھالدا ئۇيغۇن ئەمەستۇ، دەپ سورىدىم. ئۇلار شۇ زامات نۇرغۇن چۈشەنچىلەرنى بېرىپ: «مۇستەقىللىق» دېگەنلىك، يەرلىك ئورۇننىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي قاتارلىق ئىشلىرىنى خەلق ئۆزى باشقۇرسۇن؛ دىپلوماتىيە، قاتناش، پۇل مۇئامىلە تۈزۈمىنى مەركەز باشقۇرسۇن دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. ئۇلارنىڭ ئەسلى مەقسىتى، ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار «مىللەتلەر-

نىڭ ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش»، «مىللىي ئاپتونومىيە» ۋە «مىللىي مۇستەقىللىق» دېگەنلەر ئۈستىدە ئېنىق بىر ئۇقۇمغا ئىگە بولمىغاچقا، بەزى مۇجمەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن خالىي بولالمايتتى. مەن ئۇلارغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ۋە جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدا سەممى چۈشەنچە بەردىم. ئەڭ ئاخىرىدا مەركەزنىڭ چېگرا رايون خەلقىگە قىلغان غەمخورلۇقى ۋە چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يار - يۆلەكتە بولۇش سىياسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، مەركەز سىلەردىن پەقەت ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىشنى، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىشنىلا تەلەپ قىلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا تەلىپى يوق، دېدىم. ھەممە يۇقىرىدىكى كۆرسەتمە لايىھەدىكى ھەرقايسى نۇقتىلارنى مىسال قىلىپ تۇرۇپ، مەركەزنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى چۈشەندۈردۈم.

ئۇلار ئاڭلىغاندىن كېيىن، سەل تەسىرلەنگەندەك بولۇپ، پوزىتسىيىسى تېخىمۇ ياخشىلاندى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇن مەركەزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى، مۇنداق سىياسەتنىڭ بارلىقىدىنمۇ خەۋىرى يوق ئىكەنلىكىنى، پەقەتلا ئۇزۇندىن بۇيان ئېغىر زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلىشكە ئۇچراۋەرگەنلىكتىن تاقىتى - تاق بولۇپ، قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشتەك ئىنقىلابىي ھەرىكەت قوللىنىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ۋە غۇلجىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ ھەقتە چوقۇم ئۆز ھۆكۈمىتىگە ۋە ئاممىغا تەپسىلىي چۈشەندۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.

شۇ كۈنى كەچتە مەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى كونسۇلى بىلەن كۆرۈشتۈم. بېرىش - كېلىشىمىزنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بىز ئۆز - ئارا خېلى يېقىنلىشىپ قالغاندۇق، پوزىتسىيىمىز سەممى ۋە ئوچۇق كۆڭۈل بولۇپ، بارغانسېرى چىقىشىپ كەتتۇق. مەن كونسۇل يېۋسېيېۋدىن بۇ ئىشقا قارىتا پىكىر سورىغىنىمدا، ئۇ

ئىلى تەرەپنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىشىغا ئەلۋەتتە بولمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئاساسىي پرىنسىپ ئىكەنلىكىنى لېكىن، ئۆزىنىڭ كۆزىتىشىچە، مەركەزنىڭ كۆرسەتمە لايىھىسى ئېھتىمال ئىلى تەرەپ خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى قانائەتلەندۈرەلمەسلىكى مۇمكىنلىكىنى، شۇڭا ۋەكىللەرنىڭ ئاۋۋال غۇلجىغا بېرىپ 8 ـ 10 كۈندىن كېيىن قايتا كېلىپ سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىشتىن ئىلگىرى، يەنى شۇ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مەن ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم قوبۇل قىلىپ، سۆز قىلدىم. بىر تەرەپتىن شىنجاڭ تارىخىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەھلىل قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تارىختىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلدىم. تارىختىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئۆتمۈشتىكى ئاچچىق ساۋاقلارنىڭ مەنبەيىنى كۆرسىتىپ، بۇندىن كېيىن ئاشۇ تارىخنىڭ قايتا تەكرارلىنىپ شىنجاڭ خەلقىگە ئىنتايىن زور ئازاب ـ ئوقۇبەت كەلتۈرۈشكە مۇتلەق يول قويۇلمايدىغانلىقىنى؛ شۇنداقلا ھەر خىل مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئەركىنلىك، تېنچلىق، بەختلىك تۇرمۇش ئاساسى سېلىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەڭگۈ ئەركىن، بەختىيار تۇرمۇشتىن بەھرىمان بولۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەكلىكىنى كۆرسەتتىم. بۇ مەسئۇلىيەتنى كىم ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؟ مەن ئۇلارغا: — بۇ ۋەزىپە سىلەرنىڭ يەلكەڭلەردە، ھازىردىن باشلاپ بۇ يۈكنى ئۈستۈڭلارگە ئېلىشىڭلار كېرەك، دېدىم. تارىختىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان خاتا سىياسىتىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، مەركەزنىڭ بۇندىن كېيىن شىنجاڭغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىنى چۈشەندۈرۈپ، مەركەزنىڭ بۇندىن كېيىن ئۆتمۈشتىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا ئوخشاش خاتا سىياسەت يۈرگۈزمەيدىغانلىقى، ھەرگىزمۇ يەنە ئاللىقانداق بويسۇندۇرۇش، ئېغىر زۇلۇم قىلىش ۋە كەمسىتىشلەرنىڭ بولماي-

ندىغانلىقى، سەنمىنجۇيىغا چوقۇم ئەمەل قىلىپ، شىنجاڭ خەلقىگە بەخت - سائادەت يارىتىپ بېرەلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردىم.

مەن بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلاردىمۇ خېلى سەممىي ئىنكاسلار كۆرۈلدى. ئۇلار: بىز دېخۋاغا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئوتتۇرىدىكى يەرلىك دائىرىلەر (شېڭ شىسەينى دېمەكچى) نىڭ ياۋۇز پوزىتسىيىسىنى كۆزدە تۇتۇپ خېلى دەككە - دۈككىدە بولغانىدۇق. ھازىر مەركەزنىڭ مەقسىدىنى ئېنىق چۈشەندۇق، مەركەزنىڭ سىياسىتى ئوتتۇرىدىكىگە ئوخشىمايلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭغا قارىتىلىدىغان سىياسەت خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە «جۇڭخۇا مىنگو» ۋە «مەركىزىي ھۆكۈمەت» دېگەن ئىبارىلەرنى تەكرار قوللاندى، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى ئالدىنقى ئىككى قېتىمغا قارىغاندا روشەن ھالدا پەرقلىنەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇلارنىڭ چاپسانراق قايتىپ كېلىپ، مەركەزنىڭ كۆرسەتمە لايىھىسىنى قوبۇل قىلىپ، ۋەقەنى تولۇق ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردۈم. ئۇلارمۇ ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، غۇلجا ھۆكۈمىتىنى ۋە ئاممىنى قايىل قىلىپ، مەسىلىنى تېنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ھەمدە ئاز بولسا 10 كۈن، كۆپ بولسا، ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىمىز، - دېدى.

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى سەھەردە، مەن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى ماناس ئالدىنقى سېپىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ ئۆتكۈزۈپ قويدۇم.

ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. مەن 14 - كۈنى ئۇلارنى قوبۇل قىلدىم. ئۇلار ئىلى تەرەپنىڭ يازما جاۋابىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

## ئىلى تەرەپىنىڭ مەركەز ئۆتتۈرىغا قويغان
## كۆرسەتمە لايىھەسىگە قارىتا قويغان
## پىكىرلىرى ۋە تەلەپلىرى

— شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان قوراللىق تو-
قۇنۇش ۋەقەسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدا
جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان لايىھەسى-
گە قارىتا شىنجاڭ مۇسۇلمان خەلق ۋەكىللىرىنىڭ پىكرى:

(1) مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ۋەقەنى
ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھەسىنى مۇھاكىمە
قىلىپ چىققاندىن كېيىن شۇنداق ھېسابلىدۇقكى، بۇنىڭدا
مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا قىلچىلىك ئېتىبار بېرىلمە-
گەن، ھەمدە بىزلەرنىڭ تەلەپلىرىمىزنىمۇ قانائەتلەندۈرەل-
مەيدۇ. كۆرسەتمە لايىھەسىدىكى ئاتالمىش: «جۇڭگودىكى
مىللەتلەر پۈتۈنلەي باراۋەر، بۇ دۆلەت ئاتىمىز سەنمىنجۇ-
يىدا ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆتكەن پرىنسىپ، شۇنداقلا مەر-
كەز دۆلەت ئاتىمىزنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، چېگرا
رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي،
مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا ئېرىشىشى
ئۈچۈن يار - يۆلەكتە بولۇش، مىللىي باراۋەرلىكنى ئەمەل-
گە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان ئىزچىل
سىياسىتى»، — دېگەن سۆز ئىبارىلار شىنجاڭدىكى مۇسۇل-
مان خەلققە ئۆزۈندىن بۇيان تونۇشلۇق. لېكىن ھازىرغىچە
ئەمەلگە ئاشمىدى. بەلكى تېخىمۇ راۋاجلىنىپ بىر خىل
تەشۋىقات شەكلىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ خىل كۆرسەتمە
ۋە تەشۋىقاتلار خەنزۇلارنىڭ ئىسلام دىنى' مۇرىتلىرىنىڭ
دىنىي، ئۆرپ - ئادىتى ۋە مىللىي مەدەنىيىتى ئۈستىدىن
يۈرگۈزگەن زۇلمى، كەمسىتىشى ھەم ھاقارەتلىرىنى قىلچە

توساپ قالالىغىنى يوق.

بۇرۇن يۈرگۈزۈلگەن ۋەھشىيانە سىياسەتلەرنى ھەر-
گىزمۇ خەلقچىل سىياسەت دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. مەسى-
لەن: جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى (ساقچى باشقارمى-
سى ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گەۋدىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ—تەر-
جىمانىڭ ئىزاھاتى) ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق ۋەزىپىسىنى قانۇن
بويىچە يۈرگۈزمىگەن. ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا مۇسۇلمانلار
ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلمىدى. مۇسۇلمانلار بىرەر ئىش ئۈستى-
دە مۇناسىۋەتلىشىش ئۈچۈن كەلسە، خەنزۇ ھۆكۈمەت خا-
دىملىرى بوزەك قىلىدۇ: بارلىق ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى خەلق
تونۇمايدىغان خەنزۇچە يېزىق بىلەن بېجىرىلىدۇ. خەلق
بىرەر ئىش ئۈستىدە ئۇچراشقىلى كەلسە، ھۆكۈمەت خا-
دىملىرى ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، غوجىلارچە زوراۋانلىق قىلغا-
نىدىن تاشقىرى، ئالدىغا كەلگەن ئىشلارنى كۆپۈنچە ھەل
قىلمايدۇ؛ بىگۇنا خەلقنى بولۇپمۇ مۇسۇلمان خەلق ئارىسى-
دىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنى قانۇنىي رەسمىيەت بې-
جىرمەيلا ئۆزلىرىنىڭ ۋەھشىيانە شەخسىي خاھىشىنى چى-
قىش قىلىپ ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىنىڭ تەك-
شۈرۈشىگە ئاساسەن قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ.

بىز مۇسۇلمان خەلق ۋەكىللىرى شۇنى قاتتىق تەكىتلەي-
مىزكى؛ بىز شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمان خەلقى، خەنزۇ
ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتكەندىن بۇيان، مۇشۇندا زوراۋان
سىياسىي مۇئامىلىگە ئۇچراپ كەلمەكتىمىز.

بىز قوماندان جياڭ ۋېيوەنجاڭ 1945 - يىلى 8 - ئاي-
نىڭ 24 - كۈنى ئالىي دۆلەت مۇداپىئە ھەيئىتى بىلەن
گومىنداڭ مەركىزىي دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ۋاقىتلىق بىرلەش-
مە يىغىنىدا بەرگەن: «نۆۋەتتە خەلقارا بويىچە مىللىي
مەسىلە ھەل قىلىنىپ بولدى. ئەمدى بىز مەملىكەت ئىچىدىكى

مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ سىياسى-
تىمىز شۇنداق بولۇشى كېرەككى، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر
قايسى مىللەتلەردە ئاپتونومىيە ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەسلەر-
گە ياردەملىشىپ، ئۇلارنى ئاپتونومىيە ئىقتىدارىغا ئىگە قى-
لىشىمىز؛ چېگرا رايونلاردا ياشايدىغان مىللەتلەر ئاپتونو-
مىيە ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ھامان ئۇلارغا ئاپتونومىيە
بېرىشىمىز لازىم»، - دېگەن يوليورۇقنى ئوقۇپ چىقتۇق.
بىز بۇ يوليورۇقتىن چوڭقۇر مەمنۇنىيەت ھېس قىلدۇق.

(2) شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار يۇقىرىدىكى يوليورۇققا ئا-
ساسەن ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ خېلى دەرىجىدە
ئاپتونومىيە تەجرىبىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىمىزگە ئىش-
نىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار
زور كۆپچىلىكنى ئىگىلىگەن بارلىق رايونلاردا، ھەقىقىي
يۈكسەك دەرىجىدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقى تەلەپ قىلىشنى
قانۇنىي ھەرىكەت دەپ قارايمىز.

يۇقىرىدىكى پرىنسىپقا ئاساسەن، بىز تۆۋەندىكى بىرقانى-
چە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

(1) يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يۈكسەك ئاپتونومىيە (بى-
ۋاستە تەرجىمە قىلغاندا تولۇق ئاپتونومىيە بولىدۇ) دائىرى-
سى ئىچىدە، مۇسۇلمانلارغا ھەر ئىككى تەرەپ ئىشىنىدىغان
يەرلىك زاتلارنى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىقىغا سايلاشقا سايلام
ھوقۇقى بېرىلسۇن؛

قوراللىق توقۇنۇش ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئىككى
ئاي ۋاقىت ئىچىدە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى سايلاپ بولۇش
كېرەك

(2) دىنغا قىلىنغان كەمسىتىشلەر بىكار قىلىنسۇن ھەمدە
تولۇق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بېرىلسۇن؛

(3) دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى بىلەن ئەدلىيە ئورگانلىرى-

نىڭ ھۆججەت - ماتېرىيالىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزەل-
دىن بار بولغان يېزىقى بىلەن يېزىلسۇن؛

(4) باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەك-
تەپلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان
يېزىقى بويىچە دەرس ئۆتۈلسۇن، خەلق مائارىپى كەڭ كۆ-
لەمدە راۋاجلاندۇرۇلسۇن؛

(5) مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي سەنئەتنىڭ ئەركىن
راۋاج تېپىشى كاپالەتلەندۈرۈلسۇن؛

(6) مەتبۇئات، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، سۆز ئەركىنلىكى
بېرىلسۇن؛

(7) ھەربىر كىشىنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدا-
رى بويىچە ھەم ئۆزىنىڭ كۈچىگە قاراپ باج نىسبىتى بەل-
گىلەنسۇن، بىز خەلقنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھۆكۈمەتكە
ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى بار، ھەركىم ئۆزىنىڭ ما-
دارىغا يارىشا، مەجبۇرىيەت ئۆتىسە بولىدۇ، دەپ ئوچۇق
كۆرسەتكەنىدۇق. لېكىن بۇ خىل يولنىڭ سالىقى شىن-
جاڭدىكى مۇسۇلمان خەلقنىڭ ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ
تۇرمۇش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئۆلچەم قىلىشى
كېرەك؛

(8) سودىگەرلەرگە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا سودا
قىلىش ئەركىنلىكى بېرىلسۇن؛

(9) ھەرقايسى رايونلاردا مىللىي ئارمىيە تەشكىل قىلىش-
قا رۇخسەت قىلىنسۇن؛

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئارمىيە گومىنداڭ ئار-
مىيىسىنىڭ شتاتى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدۇ،
لېكىن ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش شەرت،
ئارمىيىدىكى كەم سان مۇسۇلمان خەلق ئارىسىدىن تولۇق-
لىنىشى، ئارمىيىدىكى تەلىم - تەربىيە مەشقى ۋە بۇيرۇق

ئۇيغۇرچە، قازاقچە ئىككى خىل تىل-يېزىقتا ئېلىپ بېرىلىشى شەرت؛

(10) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللىگەندە مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇس سانىغا ئاساسەن، مۇسۇلمان ۋەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشى رۇخسەت قىلىنسۇن؛

(11) ئەركىنلىك ئىزدەپ قوزغىلاڭغا قاتناشقان مۇسۇلمان زاتلار، بىردەك سۈرۈشتە قىلىنمىسۇن ھەمدە مۇندىن كېيىن ئۇلارغا ھەرقانداق بانا-سەۋەبلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلماسلىققا ھەققىي كاپالەت بېرىلسۇن؛

قورالىق توقۇنۇش ۋەقەسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن ئۈچ كۈن ئىچىدە، ئەركىنلىك ئىزدەپ قوزغىلاڭغا قاتناشقان سەۋەبلىك قولغا ئېلىنغان كىشىلەر تامامەن قويۇپ بېرىلسۇن؛

بۇنىڭ تولۇق تېكستى جەمئىي 11 ماددىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ② ⑤ ⑥ ⑦ ⑪ ماددىلاردىكى دىنىي ئېتىقاد، مەدەنىيەت، سۆز ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، باج نىسبىتىنى يېنىكلىتىش، قوزغىلاڭغا قاتناشقان زاتلارنى سۈرۈشتە قىلماسلىق قاتارلىقلار مەركەزنىڭ كۆرسەتمە لايىھىسىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئوخشىمايدىغان نۇقتىلىرى: (A) ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى سايلاپ چىقىش، خەلققە دېموكراتىيە سىياسىي ھوقۇقى بېرىش توغرىسىدىكى تەلەپ؛ (B) دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىدا ئالاقە يۈرگۈزۈشتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان يېزىقىنى قوللىنىش توغرىسىدىكى تەلەپ؛ (C) باشلانغۇچ، ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەردە، ئەزەلدىن بار بولغان تىل-يېزىقتا دەرس ئۆتۈش توغرىسىدىكى تەلەپ؛ (E) سودىگەرلەرگە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا سودا قىلىش ئەركىنلىكى بېرىش توغرىسىدىكى تەلەپ؛ (F) ھەر قايسى رايونلاردا «مىللىي

ئارمىيە» تەشكىل قىلىش، قوزغىلاڭغا قاتناشقان قىسىملارنى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شتاتى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىپ، پەقەتلا ئۇلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش، كېيىنكى كەم قالغان ساننى مۇسۇلمانلار ئىچىدىن تولۇقلاش، ھەربىي تەلىم - تەربىيە مەشقى ۋە بۇيرۇقلاردا ئۇيغۇر - قازاق تىللىرىنى ئۆلچەم قىلىش توغرىسىدىكى تەلەپ. (G) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىللىگە ھەربىر مىللەتنىڭ سان نىسبىتى بويىچە مۇسۇلمانلارنى قاتناشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەلەپلەردىن ئىبارەتتۇر.

بىز مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ 2 - كۈنى تۆۋەندىكى جاۋابنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

(1) ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىغە ھەر ئىككىلا تەرەپ ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى ئەمەلدارلىققا سايلاپ چىقىش ئۈچۈن سايلام ھوقۇقى بېرىدۇ. بۇنى يۈرگۈزۈشنىڭ تەرتىپى مۇنداق: ۋەقە ھەل قىلىنىپ ئۈچ ئاي ئىچىدە، ھەر قايسى ناھىيە خەلق كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك كېڭەشنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ئاندىن ناھىيىلىك كېڭەش، ناھىيىنىڭ ھاكىمىنى سايلاپ چىقىدۇ. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك خادىملىرىنى، مۇئاۋىن ھاكىمنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەيىنلىگەندىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھاكىم ئۆزى كۆرسىتىپ ئىشقا قويىدۇ. ھاكىم خەلق سايلىمى يۈرگۈزۈشتىن بۇرۇن، ھازىرقى ۋەقە يۈز بەرگەن جايلاردا خەلق ۋەكىللىرى شۇ جايدا ئىناۋىتى يۇقىرى سالاھىيەتلىك ۋە بىلىم - قابىلىيىتى بار زاتلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە كۆرسىتىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ چىقىپ خىزمەتكە تەيىنلەيدۇ.

ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ مەمۇرىي تەپتىش ۋالىيلىرى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. بۇلارنى ئۆل-

كىلىك ھۆكۈمەت مەركەزگە كېپىل بولۇپ ئىشلىتىدۇ.
ھەر قايسى ناھىيىلەردە كېڭەش تەشكىللىنىگەندىن كېيىن قانۇن بويىچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىپ، ئۆلكىلىك سەنىيغۇيىغا قاتناشتۇرىدۇ. ئۇلار خەلقنىڭ ھەققانىي ئارزۇسىغا ۋاكالىتەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت - پەرمانلىرىنى يۈرگۈزۈشىگە نازارەت قىلىدۇ ۋە ھەمكارلىشىدۇ.
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسىنى خەلق سايلاپ چىقىش - چىقماسلىق مەسىلىسى، مەركەز گومىنداڭ قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ چىققاندىن كېيىن، ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.
(2) ھۆكۈمەت دىنىي كەمسىتىشلەرنى بىكار قىلىدۇ ھەمدە تولۇق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بېرىدۇ.
(3) دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى بىلەن ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئالاقە - ھۆججەتلىرىدە دۆلەت يېزىقى بىلەن مۇسۇلمان يېزىقى ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ. شۇنداقلا پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا يوللايدىغان ئەرز - خەتلىرىنى شۇ مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىدا ئايرىم يېزىشقا يول قويۇلىدۇ.
(4) باشلانغۇچ مەكتەپلەردە شۇ مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ؛ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دۆلەت تىلى چوقۇم ئۆگىنىشكە تېگىشلىك دەرس قىلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە بولسا، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئېھتىياجىغا قاراپ، دۆلەت تىلى بىلەن مۇسۇلمان تىلى بىردەك قوللىنىلىدۇ.
(5) ھۆكۈمەت مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي سەنئەتنى ئەركىن راۋاجلاندۇرۇشنى ئېنىق بەلگىلىدى.
(6) ھۆكۈمەت مەتبۇئات، يىغىلىش ئۇيۇشۇش ئەركىنلىكىنى ئېنىق بەلگىلىدى.

(7) ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىگە قاراپ باج نىسبىتىنى بەلگىلەيدۇ. خەلقنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆز كۈچىگە قاراپ ئۆتىسە بولىدۇ. لېكىن بۇنداق نىسبەتنىڭ سانى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىكنى ئۆلچەم قىلىشى كېرەك.

(8) ھۆكۈمەت سودىگەرلەرگە ئىچكى سودا ئەركىنلىكى بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ چەت بىلەن ئەركىن سودا قىلىشىغا يول قويىدۇ، دۆلەتنىڭ چەت بىلەن تۈزۈشكەن سودا كېلىشىمىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىنىشى شەرت.

(9) ھۆكۈمەت بۇ قېتىمقى ۋەقەگە قاتناشقان قىسىملاردىكى يېشى، سالامەتلىكى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ھەمدە داۋاملىق ھەربىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالىمايدىغانلارنى قايتۇرۇۋەتكەندىن باشقا، قالغانلىرىنى ھازىر بار بولغان ئادەم، قورال - جابدۇقلارنىڭ ئەمەلىي سانى بويىچە ھەر قايسى ناھىيەلەرگە بېرىلگەن سان مىقدارىغا قاراپ، ئالدى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئامانلىقنى ساقلاش پولكىغا ئۆزگەرتىدۇ، ئەگەر بۇنىڭدىمۇ ئېشىپ قالسا، گومىنداڭ ئارمىيىسى شتاتىغا كىرگۈزۈپ، دۆلەت ئارمىيىسى قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى قۇرۇلما بىرلىكى پولك بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مالىيە خۇسۇسىيىتى ساقلاپ قېلىنىدۇ. كېيىنچە سان كېمىيىپ قالسا، يەنە شۇ مىللەتتىن تولۇقلىنىدۇ. ئۇلارغا بېرىلىدىغان تەلىم - تەربىيە مەشىقى ۋە بۇيرۇقلار، شۇ مىللەتنىڭ تىلى بويىچە بولۇشى پرىنسىپ قىلىنىدۇ.

ئۇلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئوفىتسېرلىرىدىن بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنى

ۋەزىپىسى بىلەن قارارغا بۆلۈپ، ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە ئەۋەتىپ، تېگىشلىك تەلىم - تەربىيە بېرىلىدۇ. ئوقۇش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئاۋۋالقى ۋەزىپىسىگە قايتىدۇ. مەزكۇر قىسىمغا ھۆكۈمەت تەربىيىچى خادىملارنى ئەۋەتىپ تەلىم - تەربىيە، مەشىق ئىشلىرىدا ياردەملىشىدۇ.

گومىنداڭ ئارمىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ھەر قاچان يۆتكەشكە بوي سۇنۇشى كېرەك.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قىسىملارنىڭ يىغىلىش ئورنى، سىناق ۋاقتى، ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنىڭ ئەمەلىي چارىسى ئايرىم بەلگىلىنىدۇ.

(10) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىگە مۇسۇلمان ۋەكىللىرى قاتناشتۇرۇلىدۇ.

ھۆكۈمەت ئۆزگىرىش ۋەقەسىگە قاتناشقان زاتلارنى بىر-دەك سۈرۈشتە قىلمايدۇ. ئومۇمەن مۇشۇ ۋەقە تۈپەيلىدىن ھەر ئىككىلا تەرەپتە تۇتۇپ قېلىنغان، قولغا ئېلىنغانلارنى ئۆز - ئارا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ قويۇپ بېرىش، مۇسا-دىرە قىلىنغان مال - مۈلكىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىش، بۇندىن كېيىن ئۇلارغا ھەر قانداق بانا - سەۋەبلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلماسلىقتا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

جاۋابنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: A. ناھىيىنىڭ ھاكىمىنى خەلق سايلاپ چىقىشقا بولىدۇ، لېكىن مۇئاۋىن ھاكىملارنى مەر-كەز تەيىنلەپ ئەۋەتىدۇ؛ B. ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقە - ھۆججەتلىرىدە خەنزۇچە، مۇسۇلمانچە يېزىق تەڭ قوللىنىلىدۇ. خە-لقنىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا سۇنغان ئەرز ئىلتىماسلىرىنى ئۆز يېزىقىدا يازسا بولىدۇ. C. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە شۇ مىللە-تنىڭ ئەسلىدىكى يېزىقى قوللىنىلىدۇ؛ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە

خەنزۇ تىلى چوقۇم ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرس سۈپىتىدە كىرگۈزۈلىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە بولسا خەنزۇچە، مۇسۇلمانچە تىل - يېزىق تەڭ قوللىنىلىدۇ. D. مەملىكەت ئىچىدە ئەركىن سودا ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇلىدۇ. تاشقى سودىغا كەلسەك، چەت ئەللەر بىلەن بولىدىغان سودا توختامىنامىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق چارىلىرى بېكىتىلگەندىن كېيىن ئاندىن بېكىتىلىدۇ. E. ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈشتە، ئالدى بىلەن ھازىر بار بولغان ئادەم، قورال - ياراقلارنى ئەمەلىي سانى بويىچە ئېنىق مەلۇم قىلىپ، زەئىپلەرنى بوشىتىپ، قابىللىرىنى قالدۇرۇش ۋە ھەربىيدىن چېكىنىشنى خالىغۇچىلارنى قايتۇرۇش پىرىنسىپى ئاستىدا، مەركەز مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، كۆزدىن كۆچۈرۈپ، ئەمەلىي ئادەم، قورال ياراقلار بويىچە، يەرلىك پولكلارغا ئۆزگەرتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن قالغانلىرى گومىنداڭ ئارمىيىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ. پولك ئەڭ چوڭ بىرلىك قىلىنىدۇ.

17 ـ، 18 ـ كۈنلىرى داۋاملىق سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى، ھەر قېتىمقى سۆھبەت تۆت سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت داۋام قىلدى، 17 ـ چېسلا مەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان جاۋابىنىڭ 1 ـ نوقتىسى ئۈستىدە تەكىتلىگەن، مەركەز تەشەببۇس قىلغان جۇڭگودىكى ھەممە مىللەتلەر پۈتۈنلەي باراۋەر دېگەن ئوچۇق يولىيورۇق خەنزۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلىۋاتقان دىنىي، ئۆرپ ـ ئادەت، مىللىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى زۇلۇم، كەمسىتىش ۋە ھاقارەتلىرىنى قىلچە توسيالمىدى، بۇ خەنزۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئەزگەنلىكىنىڭ بىر تەرىپى دېگەنلىرى ئۈستىدە ئۆزۈن توختىلىپ چۈشەندۈرۈش قىلدىم.

بۇ ئىككى كۈنلۈك سۆھبەت داۋامىدا، كۆپىنچە ماددىلار ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. بىراق ئىلى تەرەپ ۋەكىللى-

رى تەۋەندىكى بىر قانچە نوقتىلاردا چىڭ تۇرىۋالدى: (1) تولۇق ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىش، ئۆلكە رەئىسىدىن تارتىپ، ناھىيىنىڭ ھاكىملىرىغىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى خەلق ئۆزى سايلاپ چىقىش؛ (2) ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىنىڭ ھۆججەت - ئالاقىلىرىدا مۇسۇلمان يېزىقى قوللىنىش، ئالىي، تولۇقسىز، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بىردەك مۇسۇلمانچە تىل - يېزىقتا دەرس ئۆتۈش؛ (3) سودىگەرلەرنى سىرتقا قارىتا ئەركىن سودا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش؛ (4) مىللىي ئارمىيە تەشكىللەش ھەم ئۇنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىش. ئۇلار يەنە ئىلگىرىكى ئەمەلدارلارنىڭ مۇسۇلمان خەلقىغە قىلغان خىلمۇ خىل زۇلمىنى بانا قىلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ، بىزگە يول قويغىلى ئۇنىمىدى ھەمدە بىزنىڭ بۇ قېتىمقى پوزىتسىيىمىز ئالدىنقى نۆۋەتتىكى پوزىتسىيىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدۇ، دېدى. بۇنىڭ مەنىسى بىز ھازىر مۇستەقىللىق تەلىپىدىن ۋاز كەچتۇق، «شەرقى تۈركىستان» جۇمھۇرىيىتى دېگەننى تىلغا ئالمايمىز، پەقەت يۈكسەك دەرىجىدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشسەكلا بولىدۇ، دېگەنلىكتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئەڭ زور دەرىجىدىكى يول قويۇش ئىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ قارىشى بىلەن مەركەزنىڭ ئەسلەتمە لايىھەسى ئوتتۇرىسىدا خېلىلا ئارىلىق مەۋجۇت ئىدى. شۇ چاغدا بىز بىر تەرەپتىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى كونسۇلى بىلەن داۋاملىق ئۇچرىشىپ، ياندىن قايىل قىلىش شەكلى ئارقىلىق ئۇلارغا بىر ئويلىنىش پۇرسىتى بېرىشنى ئۈمىد قىلساق، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر كۈنى سەمىمىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى يۇمشىتىپ، قانۇنىي مىزانىنى چۈشەندۈردۇق. پايدا - زىياننى ئوچۇق كۆرسەتتۇق، مانا مۇشۇنداق ئۈستى - ئۈستىگە سۆزلەپ، ئاغزىمىز قۇرۇپ كېتەي دېدى.

لېكىن ئۇلاردا تېخىچىلا يول قويۇش ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى.

بىز تەپسىلى ئويلانغاندىن كېيىن، يەنە بىر نۆۋەت يول
قويۇپ، ئۇلارغا ماددىمۇ ــ ماددا جاۋاب بەردۇق:
(1) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلىش مەسىلىسى توغ-
رىسىدا: A ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسىنى خەلقنىڭ سايلاشقا
بولۇش - بولماسلىقى ھەققىدە، دۆلەت خەلق قۇرۇلتىيى ئاساسىي قا-
نۇن تۈزۈپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلى-
مىگە بىنائەن ھەل قىلىنىدۇ. B ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە داۋاملىق
مەركەز تەيىنلىگەن رەئىس بۇيرۇق يۈرگۈزىدۇ. C مەركەز تە-
يىنلىگەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى، ھەرقايسى مىللەتلەر-
دىكى مۆتىۋەرلەرگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا تولۇق ئارى-
لىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پىر-
ىنسىپقا ئاساسەن تۆۋەندىكى كونكرېت چارىلار ئوتتۇرىغا
قويۇلدى: A ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ سانى، ھازىرقى
ئون ئۈچ كىشىدىن يىگىرمە بەش كىشىگە كۆپەيتىلىدۇ. B
يىگىرمە بەش كىشى ئىچىدىن ئون كىشىنى مەركەز بىۋاستە
تەيىنلەيدۇ، ھەرقايسى رايونلارنىڭ كۆرسىتىپ تەۋسىيە قىلىشى
ئارقىلىق، مەركەز قالغان ئون بەش كىشىنى تەيىنلەيدۇ؛ C
مەركەز بىۋاستە ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغانلار رەئىس، باش كاتىپ،
خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى،
جەمئىيەت ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپ، تەمىرات
نازارەتلىرىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى ۋە مەخسۇس تەيىنلىنىدىغان ئىككى ھەيئەتنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ؛ (D) ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىن مەركەزنىڭ ۋەزىپىگە
تەيىنلەشكە كۆرسىتىلگەن 15 نەپەر ئادەم ــ مۇئاۋىن رەئىس، مائا-
رىپ نازارىتى ۋە تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرلىرى، سەھىيە باش-
قارمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باش كاتىپ، خەلق ئىشلىرى
نازارىتى ۋە مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىرى، جەمئىيەت ئىش-

لىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە مەخسۇس تەيىنلەنگەن يەتتە نەپەر ھەيئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ (E) قوزغىلاڭ يۈز بەرگەن ئۈچ ۋىلايەتتىن ئالتە كىشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىكىگە كورسىتىلىدۇ. جۈملىدىن نازىر، مۇئاۋىن نازىرلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىركىشى، باشقارما باشلىقى ياكى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقىدىن بىركىشى؛ باشقا 7 ۋىلايەتتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىكىگە 9 ئادەم كورسىتىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن رەئىس، مۇئاۋىن باش كاتىپ، نازىر، مۇئاۋىن نازىر، باشقارما باشلىقى ياكى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىرىدىن بىرەيلەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەركەز بىردەك تەيىنلەيدۇ.

(2) ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەت ئالاقە مەسىلىسى توغرىسىدا، دۆلەتكە تەۋە ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىنى يۈرگۈزۈشتە دولەت يېزىقىنى قوللانمىسا بولمايدۇ. شۇڭا ئىككى خىل تىل يېزىق تەڭ قوللىنىلىدۇ. ئەمما خەلق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا خەت - ئالاقە يوللىغاندا مەخسۇس ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنى ئىشلەتسە بولىۋېرىدۇ، ئالىي مەكتەپلەردە بولسا ئېھتىياجىغا قاراپ ھەر خىل يېزىقلارنى قوللانسا بولىدۇ.

(3) ئەركىن سودا مەسىلىسى توغرىسىدا: ھۆكۈمەت سودىگەرلەرنىڭ چەت بىلەن سودا قىلىشىغا يول قويىدۇ. بىراق چوقۇم جۇڭگو بىلەت چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا يۈرگۈزۈش چارىسى بويىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك،

(4) قىسىملارنى تەشكىللەش مەسىلىسى توغرىسىدا: ئۆزگىرىشكە قاتناشقان قىسىملارنى ئامانلىق ساقلاش تۇەن دۇيى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە بولىدۇ. دۆلەت ئارمىيىسى تەركىبىگە ئۆتۈشنى خالىسا، ئۇنىڭغىمۇ بولىدۇ. بىراق يۆتكەشكە بويسۇنۇشى لازىم. شۇنداقلا كەم سانىنى شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىدىن تولۇقلاشقا بولىدۇ. تەلىم - تەربىيە مەشىقى ۋە ھەربىي بۇيرۇق بېرىشلەردە

بۇرۇنقى تىل - يېزىقى قوللىنىلىدۇ.

بۇ جاۋابقا تەپسىلىي ئىزاھاتلار بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ يولىيورۇق سوراپ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. تەخمىنەن بىرەر ھەپتە ئىچىدە قايتىپ كەلمەكچى بولدى. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭغا نىسبەتەن چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلغانلىقى ۋە ناھايىتى ئوبدان تەسىراتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى ئىزھار قىلىشتى.

سۆھبەتتىن كېيىن مەن بۇ جاۋابقا نىسبەتەن سوۋېت كونسۇلىنىڭ پىكرىنى ئالدىم. ئۇ: — بۇ جاۋابتا ناھايىتى زور ئىلگىرىلەشلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، تولۇق رازى قالالمىغان تەقدىردىمۇ ھەل قىلىش ئاساسىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن، - دەپ ھېسابلىدى.

ئۇلار مېڭىشتىن ئىلگىرى، مەن قىلىدىغان گەپلىرىمنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇلارنى قايتا تەكلىپ قىلىپ ئۇزۇن سۆز قىلدىم.

مەن ئۇلار بىلەن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 5 نۆۋەت سۆھبەتلەشتىم. بىرىنچى قېتىملىق سۆزۈمنىڭ ئاساسىي مۇددىئاسى، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى پوزىتسىيىسىنى ئېنىق كۆرسىتىش بىلەن، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئائىلە ۋە ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. ئىككىنچى قېتىملىق قىلغان سۆزۈمدە، ئىچكى - تاشقى چوڭ ۋەزىيەتنى چۈشەندۈرۈپ. شىنجاڭدىكى قېرىنداشلارنىڭ مېڭىشقا تېگىشلىك يولى ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن ئۈمىدىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. ئۈچىنچى قېتىملىق قىلغان سۆزۈمدە، شىنجاڭ تارىخىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ۋە تارىختىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ شىنجاڭغا قارىتا تۇتقان سىياسىتى ئۈس-

تىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، تارىخىي ئۆزگىرىشنىڭ ئۆزى بىر ئېچىنىشلىق ساۋاق، بۇندىن كېيىن تارىختىكى كونا سەنەمگە قايتا دەسسەشكە بولمايدۇ دېگەن تونۇشقا كەلدىم. مەن تارىختىن بۇيان كېلىۋاتقان ھۆكۈمرانلارنىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، بۇندىن كېيىن بۇنداق خاتا سىياسەتلەرنىڭ قايتا يۈز بەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. تۆرتىنچى قېتىملىق سۆزۈمدە بولسا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىنجاڭ مەسىلىسىدىكى تۈگۈن ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ شىنجاڭدا ھەقىقەتەن مىللىي مەسىلىنىڭ بارلىقىنى، لېكىن ئاساسەن يەنىلا سىياسىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى تارىخىي نۇقتىدىن كۆرسىتىپ چۈشەندۈردۈم. يۇقىرىدىكى تۆت قېتىملىق سۆزۈمنىڭ ھەممىسى ھېسسىيات مەسىلىسى، ئەقىل - ئىدراك مەسىلىسى. تارىخ مەسىلىسى، رېئاللىق ۋە ھەق - ناھەقلىق مەسىلىسى دائىرىسىگە ياتىدىغان مەسىلىلەردىن ئىبارەت ئىدى. جۈملىدىن پايدا - زىيان مەسىلىسى ئۈستىدە تېخى توختالمىغان ئىدىم، شۇڭا مەن بۇ قېتىم «نۆۋەتتە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن قىسمەن ئۆزگىرىشنىڭ پايدا - زىيىنى ئۈستىدە تەھلىل» دېگەن تېمىدا ئالاھىدە توختىلىپ تەپسىلىي ئانالىز يۈرگۈزدۈم. بىز تارىخىي جەھەتتىن ۋە مىللىي جەھەتتىن، شۇنداقلا سالاھىيەت جەھەتتىن بىر - بىرلەپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق مەيلى يۇقىرىدىكى ئۈچ جەھەتنىڭ قايسىسى بىرىدىن قارايلى، تېنچ يول بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىش شىنجاڭ خەلقىنىڭ مېڭىشقا تېگىشلىك بىردىن - بىر بەختىيار داغدام يولى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كېتىپ 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى، 26 - كۈنى ئۇلار مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ جاۋابىنى بەردى. ئۇلار مېنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن بەرگەن ھۆججىتىمنى پىرىنسىپ جەھەتتىن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بىراق ئۇلار ئەسلىدە

ئوتتۇرىغا قويغان 11 ماددىسىدىن باشقا، يەنە يېڭىدىن ئۈچ ماددىنى كۆپەيتكەن ئىدى، ئۇنىڭدا: (1) سىياسىي ساقچىلارنى بىكار قىلىش، (2) 1945 - يىلى يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىنگەن ھەربىي قىسىملارنى كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ بىر ئايدىن كېيىن پۈتۈنلەي چېكىندۈرۈپ كېتىش. (3) يەرلىك ساقچىلارنى مۇسۇلمانلاردىن تەيىنلەش. ئەينى ۋاقىتتا مەن بۇ تەلەپنى يوق يەردىن يوتاق چىقىرىش دەپ قاراپ بۇ ھەقتە مۇزاكىرىلىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۈم، ھەممە شۇ جايدىلا قەتئىي رەت قىلىپ، ئۇلاردىن بۇنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدىم.

مەن دەرھاللا سوۋېت كونسۇلى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىن ياراشتۇرۇشنى ئۆتۈندۈم. سوۋېت كونسۇلمۇ بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. ئىككى كۈنگىچە كۆپ تەرەپلىمە قايىل قىلىش ئارقىلىق، ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس ئىكەنلىكىنى، غۇلجىدىن يوليورۇق سورايدىغانلىقىنى ھەممە بۇ ئۈچ ماددىنى ۋاقىتنچە قويۇپ تۇرۇپ، ئالدى بىلەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن 11 ماددا ئۈستىدە كونكرېت مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

29 - كۈنى سۆھبەتنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبى بىلەن قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشتىن ئىبارەت ئىككى ماددىغا يىغىنچاقلاندى. كۆپ قېتىم تەكرار كېڭەشىش، مۇھاكىمە قىلىش، مۇرەسسە - مادارا قىلىش ئارقىلىق بۇ 11 ماددىلىق رەسمىي ھۆججەت دەسلەپكى قەدەمدە مۇئەييەنلەشتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبى بىلەن قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ئۈستىدە يەنە قوشۇمچە ئىككى ھۆججەت كىرگۈزۈلدى. شۇنداق قىلىپ 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى رەسمىي ھۆججەت بىلەن (1) قوشۇمچە ھۆججەتكە رەسمىي ئىمزا قويۇلدى. (2) قوشۇمچە ھۆججەتتىكى قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش مەسىلىسى يەنە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئو-

چۈن قالدۇرۇلدى.

رەسمى خوجەت

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونلىرىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم.

1. ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىغە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلايدىغان سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ. بۇ ھوقۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تەرتىپلەر بەلگىلەندى: ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە، ھەر قايسى ناھيەلەردىكى خەلق ناھىيەلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيەلىك كېڭەشنى قۇرىدۇ؛ ناھىيەلىك كېڭەش ھاكىمنى سايلايدۇ. مۇئاۋىن ھاكىم، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەنسەپتىكىلەرنى ھاكىم تەيىنلەيدۇ. بۇ سايلام يولغا قويۇلغىچە، ۋەقە يۈز بەرگەن رايونلاردا، ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەردىكى ھازىرقى مەمۇرى ئەمەلدارلار ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ تۇرىدۇ. ۋىلايەتلىك مەمۇرى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى بىلەن مۇئاۋىن ۋالىيسىنى شۇ يەردىكى خەلق كۆرسىتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بېكىتىشىگە سۇنىدۇ. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى ۋالىي تەيىنلەيدۇ. ناھىيەلەردە ناھىيەلىك كېڭەش قۇرۇلغاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرى سايلىنىپ، ئۆلكىلىك كېڭەش قۇرۇلىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈستىدىن نازارەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ-

غا ھەمكارلىشىدۇ. ئاساسىي قانۇن ئىلان قىلىنغىچە ۋە ئومۇمىي سايلام بېكىتىلگىچە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش چارىسى 9 - ماددىسىدىكىدەك بولىدۇ.

2. ھۆكۈمەت دىنىي كەمسىتىشنى بىكار قىلىدۇ. ھەمدە خەلققە تولۇق دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى بېرىدۇ.

3. دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەت - ئالاقىلىرىدا دۆلەت تىلى ۋە مۇسۇلمان تىللىرى تەڭ قوللىنىلىدۇ. خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە سۇنغان ئەرز - ئىلتىماسلىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىدا يېزىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

4. باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇش ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا بولىدۇ. لېكىن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دۆلەت تىلى مەجبۇرى دەرس بولۇپ كىرىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش زۆرۈرىيىتىگە قاراپ، دەرس ئۆتۈشتە دۆلەت تىلى بىلەن مۇسۇلمان تىلى تەڭ قوللىنىلىدۇ.

5. ھۆكۈمەت مىللىي مەدەنىيەت بىلەن سەنئەتنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشىنى تەمىن قىلىدۇ.

6. ھۆكۈمەت مەتبۇئاتتا، مەجلىسلەردە، نۇتۇق سۆزلەردە ھۆرلۈكنى تەمىن قىلىدۇ.

7. ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ قۇدرىتىگە قاراپ باج نىسبىتىنى بەلگىلەيدۇ. خەلق ھۆكۈمەت ئالدىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، سېلىقنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ. ئەمما بۇ خىل مەجبۇرىيەتنىڭ مىقدارى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىمكانلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

8. ھۆكۈمەت سودىگەرلەرگە ئىچكى - تاشقى سودا ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ. ئەمما چەت ئەللەر بىلەن سودا قىلغۇچى سودىگەرلەر مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سودا شەرتنامىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىشى كېرەك.

9. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىنى مەركەز تولۇقلايدۇ، ئۇنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ سانى 25 نەپەر بولىدۇ. 25 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسىنىڭ ئونىنى مەركەز بىۋاستە تەيىنلەيدۇ. قالغان ئون بەشنى ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ، مەركەز تەيىنلەيدۇ. مەركەز بىۋاستە بەلگىلەيدىغان ئون ھەيئەت ئەزا رەئىس، باش كاتىپ، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، تەمىرات نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە ئىككى مەخسۇس ھەيئەت ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ مەركەز تەيىنلەيدىغان 15 ھەيئەت ئەزا ئىككى مۇئاۋىن رەئىس، ئىككى مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بەش مەخسۇس ھەيئەت ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قالغانلىرى ھەققىدە قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ بىرىنچىسىگە قارالسۇن.

10. مىللىي ئارمىيە قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئۇنى مۇسۇلمانلاردىن تولۇقلاش پرىنسىپ قىلىنىشى شەرت. بۇ

ئارمىيە بۇ قېتىمقى ئۆزگىرىشكە قاتناشقان ئارمىيە تەرە-
پىدىن، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسلىنىپ تۈ-
رۇپ، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدۇ. بۇ ئارمىيىنىڭ ئادەم
سانى ۋە تۇرار جايى ئايرىم مۇزاكىرە قىلىنىپ، قوشۇم-
چە ھۆججەتنىڭ ئىككىنچىسى قىلىنىپ، ئىمزالانغاندىن
كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئارمىيىنىڭ مەشق بۇي-
رۇقلىرىدا ئۇيغۇر، قازاق تىل - يېزىقلىرىنى قوللىنىش
پىرىنسىپ قىلىنىدۇ. بۇ ئارمىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئوفىت-
سېرلەر بۇرۇنقى مەنسۈپنى ساقلاپ قېلىش ئۇسۇلى بىلەن،
مۇددەت بويىچە ئوفىتسېرلەر مەكتىپىگە ئەۋەتىلىپ، ئوفىت-
سېرلىك بىلىمىنى تولۇقلايدۇ. بۇ ئارمىيىگە ھۆكۈمەت تە-
لىم - تەربىيە خادىملىرى ئەۋەتىپ مەشق ئىشلىرىغا يار-
دەملەشتۈرىدۇ. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەركەز ئارمىيىسى
بۇ ئارمىيە بىلەن بىر يەردە تۇرمايدۇ ھەمدە ئۆزئارا
دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلايدۇ. بىر بىرى بىلەن ئۆچەك-
شىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. قالغانلىرى ھەققىدە قوشۇم-
چە ھۆججەتنىڭ ئىككىنچىسىگە قارالسۇن.

11. ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە
ئىككى تەرەپ قولغا ئالغان زاتلار ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن
كېيىنكى 10 كۈن ئىچىدە قويۇپ بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇلار-
نىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق بانا - سەۋەپ بىلەن
كەمسىتىلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى: جاڭ جىجوڭ

خەلق ۋەكىلى: ئوبۇلخەيرى تۆرە
ئەخمەتجان قاسىموف

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 - يىلى 1 - ئاي 2 - كۈنى ئورۇمچى.

قوشۇمچە ھۆججەت (1)

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭ قوزغىلاڭچىلار رايونىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى ئىمزالىغان «قورالىق توقۇنۇشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم» نىڭ 9 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش چارىسى توغرىسىدا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ماقۇللىشى بىلەن تۆۋەندىكىچە قوشۇمچە بەلگىلىمە تۈزۈلدى:

1. ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ، مەركەز تەيىنلەيدىغان 15 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسىنىڭ ئالتىسىنى ئۆزگىرىش بولغان ئۈچ ۋىلايەت كۆرسەتسە بولىدۇ.

2. يۇقىرىدىكى ئالتە ھەيئەت ئەزا، بىر مۇئاۋىن رەئىس، بىر مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، ياكى تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ياكى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ياكى ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بىر مەخسۇس ھەيئەت ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. قالغان يەتتە ۋىلايەت توققۇز ھەيئەت ئەزانى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىر مۇئاۋىن رەئىسنى، شۇنىڭدەك مەركەز بىۋاسىتە بەلگىلەيدىغان ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ ۋىلايەت كۆرسىتىدىغانلىرىدىن باشقا، بىردىن نازىر، باشقارما باشلىقى ۋە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن باش كاتىپ، مۇئاۋىن نازىرنى شۇنىڭدەك تۆت مەخسۇس ھەيئەت ئەزانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى: جاڭ جىجۇڭ

خەلق ۋەكىللىرى: رەھىمجان سابىر ھاجى

ئوبۇلخەيرى تۆرە
ئەخمەتجان قاسىموف

جۇڭخۇا مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۈرۈمچى.

12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەتراپىدا، جياڭ جېگو ستالىن
بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن، موسكۋاغا كېتىۋېتىش سەپىرىدە ئۈرۈم‍ـ
چىدە توختىدى، ئۇ ماڭا جياڭ جېشى سىزنى چوڭچىڭغا بىر
كېلىپ كەتسۇن دەيدۇ، دەپ ئېيتتى. مەن دەسلەپكى قەدەمدە
بىر كېلىشىم هاسىل قىلىۋېلىش ئۈيىدا بولغانلىقىم ئۈچۈن قو‍ـ
شۇلمىدىم. بېتىمنىڭ رەسمىي هۆججىتىگە ئىمزا قويۇلغاندا، يەنى
12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مەن جياڭ جېشىنىڭ جىددى تېلى‍ـ
گىراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇنىڭدا: «بۇ يەردە هەل قىلى‍ـ
دىغان ئىش چىقىپ قالدى. ۋاقتىنچە تېزدىن چوڭچىڭغا قايتى‍ـ
شىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېيىلگەن ئىدى. مەن 1946 ـ يىلى
1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئايرۇپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن يولغا
چىقتىم. يول ئۈستىدە ئازراق هايال بولۇپ، 6 ـ كۈنى چوڭچىڭ‍ـ
غا يېتىپ كەلدىم.

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئايروپىلانغا چىقىشتىن بۇرۇن،
مەن ئىلى تەرەپنىڭ ئۈچ ۋەكىلى بىلەن سەمىمىي تۈردە يەنە
بىر قېتىم سۆزلەشتىم. دېگەنلىرىم ئاساسەن: جۇڭگو ـ سوۋېتلەر
ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيەلەر بىلەن ئىتتىپاقداش
دۆلەت، ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋە جاهان فاشىزمىغا قارشى
ئۇرۇشنىڭ ئۇلۇق غەلىبىلەرگە ئېرىشكەنلىكىدىن، جۇڭگو هازىر
دۇنيادىكى 5 كۈچلۈك دۆلەتنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئېلىمىز
450 مىليون نوپۇسقا، 5 مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخىي مەدەنىيەت‍ـ
كە، مول بايلىق مەنبەسىگە ئىگە. ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلى‍ـ
بە قىلغاندىن كېيىن ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇش‍ـ
لىرى باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ تېز

ۋاقىت ئىچىدە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدەك دۆلەت-لەرگە يېتىشىشۋېلىپ، دۇنيا بويىچە بىرلىككە كەلگەن، ئىتتىپاقلاش-قان، خەلىقچىل، باي، قۇدرەتلىك جۇڭگونى قۇرۇپ چىقالايمىز. سىلەر جۇڭگو خەلقىنىڭ بىر ئەزاسى بولغىنىڭلار ئەڭ شەرەپلىك. سىلەرنىڭ چوقۇم جۇڭگو خەلقى مەيدانىدا تۇرۇپ، ۋەتەننى هىمايە قىلىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن، بۇ دەۋرىمىزنىڭ سىلەرگە يۈكلىگەن مەسئۇلىيىتى، — دېگەن مەزمۇنلاردىن ئىبارەت بولدى. ئۇلار ئاڭلىغاندىن كېيىن، سەممىي هالدا: بىز جۇڭگو پۇقراسى، بىز چوقۇم ۋەتەننى هىمايە قىلىمىز، جاڭ بۇ جاڭنىڭ قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بىزنىڭ مەقسىدىمىزنى مەركەزگە دوكلات قىلىشىڭىزنى هەمدە بىزدىن مەركەزدىكى رەهبەرلەرگە ئالىي ئېھ-تىرام يوللىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز، دېدى. «بىز جۇڭگو پۇق-راسى» دېگەن سۆز، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن تۇنجى قېتىم چىقىشى ئىدى. بۇ هەقىقەتەنمۇ ئاسان ئىش ئەمەس! ئۇلارنىڭ پوزىت-سىيىسى سەممىي، قىلغان سۆزلىرى راس ئىدى، مەن مۇشۇ چاغ-دىلا، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن هەل قىلىشقا بولى-دىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

## بىر دوكلات

1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مەن چوڭچىڭغا قايـ-تىپ كېلىپ، ئىمزا قويۇلغان رەسمىي هۆججەت بىلەن قوشۇمچە (1) هۆججەتنى جياڭ جىشىنىڭ كۆرۈپ بېقىشى ئۈچۈن سۇن-دۇم، ئۇ كۆرۈپ چىقىپ، قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەتىسى ئۇ پارتىيە، هۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى ئەمەلدارلىرىنى ئالاهىدە تا-ماققا تەكلىپ قىلدى، زىياپەت ئارىلىقىدا، مەندىن هال سوراي-دىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ دەل گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ ئىككى تەرەپ ئۇرۇش

توختىتىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغان ۋاقىت بولۇپ، ئىككى پارتىيە ئارىسىنى تەرتىپكە سېلىپ تۈزۈش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىدى. جياڭ جېشى مېنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن ئۈچ كىشىلىك ھەربىي گۇرۇپپىغا قاتناشتۇرماقچى بولدى. ئەينى ۋاقىتتا، گۇڭچەنداڭ تەرەپنىڭ ۋەكىلى جۇئېنلەي ئەپەندى، ئامېرىكا تەرەپتىن مەسلىھەتچى نامى بىلەن قاتنىشىۋاتقان كىشى مارشالل ئىدى. ئۇ چاغدا مەن دۆلەتنىڭ ئىچكى تىنچلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشنى باش تارتماستىن خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم.

ئۈچ كىشىلىك ھەربىي گۇرۇپپا سۆھبەت باشلاشتىن ئىلگىرى، گومىنداڭ 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىپ، شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە مېنىڭ دوكلات بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن ئالدى بىلەن ھاسىل قىلىنغان بىتىمنىڭ رەسمىي ھۆججىتى بىلەن قوشۇمچە (1) ھۆججەتنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەت جەريانىنى قىسقىچە بايان قىلدىم. ئاندىن كېيىن سۆھبەت داۋامىدا باشتىن ـ ئاخىر ئىگىلىگەن ئىككى پرىنسىپنى، يەنى: ① سەنمىنجۇيىنىڭ بولۇپمۇ ئاجىز، كىچىك مىللەتلەرگە ياردەم بېرىش روھىدا چىڭ تۇرغانلىقىمىزنى؛ ② مەملىكەتنىڭ بىرلىكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزمەسلىك ئاساس قىلىنىدۇ. بۇ ھۆججەتنىڭ مۇشۇ ئىككى چوڭ پرىنسىپ ئاستىدا ئىمزالانغانلىقىنى، بۇنىڭدىن مەقسەت شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزەمنىڭ بەزى تەسىراتلىرى ئۈستىدە توختالدىم.

مېنىڭ قارىشىمچە، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسىگە نىسبەتەن توغرا تونۇش ھاسىل قىلىش كېرەك. شىنجاڭ باشقا ئۆلكىلەردىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا تارىخىي، جۇغراپىيىۋى، مىللىي، ئىقتىسادىي، مائارىپ، مەدەنىيەت،

دىپلوماتىيە قاتارلىق تەرەپلەردىن كۆزەتكەندىلا، ئاندىن بىزنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرلىرىمىز خاتالىققا پېتىپ قالمايدۇ.

بىرىنچى، ئالدى بىلەن تارىخىي نۇقتىدىن قارايدىغان بولساق، شىنجاڭ بۇندىن 2000 يىللار بۇرۇن جۇڭگو بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغان، پادىشاھ خەنۋۇدى زامانىدا بۇيرۇققا بىنائەن غەربىي رايونلارغا بارغان جاڭ چيەندىن تارتىپ، تا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا زوزۇڭتاڭ شىنجاڭغا ئەسكەر تارتىپ چىققانغا قەدەر بولغان بۇ بىر قىسىم تارىخ ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق زۇلمەتلىك تارىخ. شىنجاڭدىكى قېرىنداشلار ئۇچرىغان زۇلۇمغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتىشىمىز، ئۇلارغا مېھرىبانلارچە قول سۇنۇپ ياردەم قىلىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، جۇغراپىيە جەھەتتىن قارايدىغان بولساق، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىن ناھايىتى يىراقتا تۇرىدۇ. شۇنداقلا يەر كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت زېمىنىنىڭ $\frac{1}{6}$ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان چەت ياقىدىكى بىر جاي. شۇنىڭدەك سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن خوشنا بولۇپ، ئەزەلدىن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. ھازىرقى قاتناش ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتساق، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ لەنجۇدىن دىخۇاغا بېرىش ئۈچۈن 8 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. ماشىنىغا ئولتۇرساق بىر - ئىككى ھەپتە ۋاقىت كېتىدۇ، ئۈچ يەردە شىباجەن دېگەن ئۆتەڭدىن ئۆتىدۇ، ئارىلىقتا چۆل - جەزىرە بولۇپ ھەتتا ئادەمزاتمۇ ئۇچرىمايدۇ. مۇشۇنداق ئۇزۇن لېنىيىدە ۋەتۆەرىگى چىقىپ كەتكەن بىرلا تاشيول بىلەن قاتناش ئېلىپ بېرىلسا، شىنجاڭنىڭ مەركەز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداقمۇ ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن.

ئۈچىنچى، مىللىي نۇقتىدىن قارايدىغان بولساق، بەزىلەر شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى قالاق دېيىشىدۇ، مەن كۆپچىلىككە شۇ-

نى ئۇختۇرۇپ قويايكى، شىنجاڭدا مەن ئۇچراتقان ھەرقايسى
مىللەت خەلقلىرى ھەرگىزمۇ باشقىلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇن-
چۇۋالا قالاق ئەمەس. شىنجاڭ خەلقى بەك يېقىملىق ئىكەن بىز
ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا كۆرگەن ئەر - ئايال قېرىنداشلىرىمىز نې-
مىدېگەن كېلىشكەن، نېمىدېگەن گۈزەل، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس
ئىسلامىيەت روھى، ئۇلارنىڭ چاپاكەش - ئەمگەكچان، ساغلام
تېتىك مىللىي ئالاھىدىلىكى، ئادەمنى نەقەدەر ئۆزىگە جەلپ
قىلىدۇ - ھە! راستىنى ئېيتسام، بىزنىڭ شىنجاڭدىكى خەنزۇلى-
رىمىزنى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئىزا تارتىپ قا-
لىمىز. ئۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى قارتا ئوينىمايدۇ،
ئەپيۇن چەكمەيدۇ، ھەر كۈنى يۇيۇنىدۇ، تازىلىقى ياخشى، مۇ-
شۇنداق ياخشى ئادەتلەردە خەنزۇلار ئۇلارغا يەتمەيدۇ. بۈگۈن
بىز ھەممە مىللەت ئىتتىپاقلاشسۇن دەيدىكەنمىز، شىنجاڭدىكى
ھەر مىللەت خەلقلىرىنى ئەڭ سۆيۈملۈك ئاكا - ئۇكا، ئاچا -
سىڭىل قېرىنداشلىرىمىز دەپ بىلىشىمىز كېرەك. ئۇلار جۇڭگو مىللەت-
لىرىنى تەشكىل قىلغان ئەڭ مۇنەۋۋەر مىللەتلەرنىڭ بىرسىدۇر.

تۆتىنچى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قارايدىغان بولساق شىن-
جاڭدا قىممەتلىك يەر ئاستى بايلىقى ھەقىقەتەن بەك تولا. يال-
غۇز نېفىتنىلا ئالساق، شىمالىي شىنجاڭدا شىخودىن تارتىپ گۇ-
چۇڭغىچە بولغان يەرلەر، جەنۇبتا بولسا يەنجى ئەتراپلىرى پۈ-
تۈنلەي نېفىت بىلەن تولغان. ئالتۇن، كۈمۈش، ۋولفىرام قاتار-
لىقلارنىڭ ھەممىسى زاپاس تۇرۇپتۇ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۈستى-
دە تېخى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغىنى يوق، بەزىلىرى
بولسا ھازىرغىچە تېخى ئېچىلمىغان. مۇشۇنداق تاشلىنىپ تۇرۇ-
ۋەرسە، ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ ئىچى ئېچىشىدۇ. بىراق يەنە بىر
تەرەپتىن ئالغاندا، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ ئارىلىقى
ناھايىتى يىراق، قاتناش قۇلايسىز بولغاچقا، ئىچكى جايلارنىڭ
ماددىي بويۇملىرى شىنجاڭغا ناھايىتى ئاز بارىدۇ. بارلىق كۈن-

دىلىك ئىستىمال بۇيۇملىرى ئاساسەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن
كىرگۈزۈلىدۇ. بىز شۇ يەردىكى خەلقىنىڭ سوۋېتنىڭ شىكەر -
كەمپۈتلىرىنى يەيدىغانلىقىنى، سوۋېتنىڭ رەختىدە كىيىم كىيىدى-
غانلىقىنى، سوۋېتنىڭ تاماكىسىنى چېكىدىغانلىقىنى، سوۋېتنىڭ ئۆي-
سايمانلىرىنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى، چوڭ زامانىۋى لاۋازىمەتلەر-
دىن تارتىپ تا كىچىك ئەينەك ستاكانغىچە بولغان ھەممە
نەرسىدە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقى-
نى كۆردۇق.

بەشىنچى، مائارىپ - مەدەنىيەت جەھەتتىن قارايدىغان بول-
ساق بەزىلەر شىنجاڭنى ناھايىتى قالاق دېيىشىدۇ. بىراق ئاھا-
لىسى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنى ئېلىپ ئېيت-
ساق، قەدىمكى تارىختا ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى قالاق ئەمەس، بەل-
كى ئىنتايىن ئۇزاق سەھىپىلەرنى قالدۇرغان ئىدى. ئەپسۇسكى،
مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمى ۋە
باشقا شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، تولۇق راۋاجلىنىش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالماي كەلگەن. مىسال ئۈچۈن ئالساق شىن-
جاڭدا ئۆتكەن بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلار ئۇلارنىڭ ئۆز تىل - يېزى-
قىنى ئىشلىتىشكە يول قويمىغان. بۇ مۇقەررەر ھالدا ئۇلارنىڭ
مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، بۇ ھەم سەنئىنجۇ-
يىدا كۆرسىتىلگەن مىللىي مەسىلەكنىڭ روھىغا خىلاپ. شۇڭا بۇ-
نىڭدىن كۆرۈپ ئېلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭنىڭ ھازىر مائارىپ
مەدەنىيىتى قالاق بولۇپ قېلىشى، توغما مەسىلە ئەمەس، بۇنىڭ-
غا تارىختىن بۇيانقى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار جاۋابكار بولۇشى
كېرەك. ئەگەر بىز ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان
مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ياردەم بېرەلەيدىغانلا بول-
ساق، ئۇلار چوقۇم ئىنتايىن پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولىدۇ.
بۇنىڭدا قىلچە شەك - شۈبھە يوق.

ئالتىنچى، دىپلوماتىيە جەھەتتىن قارايدىغان بولساق، شىن-

جاڭ مەسىلىسىنىڭ دىپلوماتىيە مەسىلىسى بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋىتى ناھايىتى زىچ. مەيلى مىللىي، ئىقتىسادىي، جۇغراپىيە جە-
ھەتتىن ئالايلى، شىنجاڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئىنتايىن
زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. جۇغراپىيە جەھەتتىن ئۇلار
چېگرىداش. مىللەت جەھەتتىن ئالساق، بىزنىڭ شىنجاڭدا ئۆز-
بېك مىللىتى بار، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرى-
يىتى بار. شىنجاڭدا قازاق مىللىتى بار، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا
بولسا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بار. ئالما - ئاتا ئۇنىڭ پايتەخ-
تى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا 5 ئىتتىپاقداش
جۇمھۇرىيىتى بار، بىزنىڭ شىنجاڭدا بولسا، شۇلارغا ئوخشاش
مىللەتنىڭ ھەممىسى بار. بەلكى ئۇلار بىر - بىرىگە بەكمۇ يې-
قىن. بۇ مىللەتلەرنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لې-
كىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتى، تىلى، يېزىقى، دىنى-
ئېتىقادلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش. ئىقتىسادىي تەرەپتىن سۆزلى-
سەك، يېقىندا ئېيتقاندەك، شىنجاڭ خەلقى كۈندىلىك ئىستې-
مال بۇيۇملىرىنىڭ يېرىمىنى ھەسسىدىن كۆپرەكىنى، سوۋېتلەر ئىت-
تىپاقىدىن ئالىدۇ. شۇڭا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭ ئوت-
تۇرىسىدا ئاجرىغىلى بولمايدىغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت شەكىل-
لەنگەن. شىنجاڭ بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى مۇ-
شۇنداق تۇرسا، بىزنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتە سوۋېتلەر ئىتتىپا-
قى بىلەن دوست ئۆتمەسلىكىمىز مۇمكىنمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن مەن
بۇرۇنلا ئېيتقاندەك: پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېيتقاندا، سوۋېت-
لەر ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ
قېلىش، شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، جۇڭگو - سوۋېت ئوت-
تۇرىسىدىكى ئەڭ يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ئالاھىدە ساقلاپ
قېلىش لازىم.

يۇقىرىدىكى قىسقىچە مۇلاھىزىدىن، مەركەزنىڭ زادى قانداق
پوزىتسىيە ۋە سىياسەت قوللانغاندا ئاندىن شىنجاڭنى تىنچلاندۇ-

روۋش ۋە شىنجاڭنى قوغداپ قېلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولى-
دىغانلىقىنى ئوچۇق چۈشىنىۋالالايمىز. ھېس قىلىشىمىزچە، بىزنىڭ
شىنجاڭغا نىسبەتەن ئۈستىمىزگە ئالغان مەسئۇلىيىتىمىز — دۆلەت
زېمىنىنىڭ ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنىڭ پۈتۈنلىكىنى ساقلاپ قې-
لىشتىن ئىبارەت، يەنى زېمىن ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنىڭ بىرلىك-
نى ساقلاپ قېلىش دېمەكتۇر. شىنجاڭ مەسىلىسىگە نىسبەتەن،
توغرا بىر چۈشەنچە بولۇشى لازىم. بىز شىنجاڭدا، مەيلى يەر-
لىك ئاپتونومىيە ئۈستىدە توختىلايلى ياكى مىللىي ئاپتونومىيە
ئۈستىدە توختىلايلى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۈچ مەسلەكنىڭ رو-
ھى بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ياردەم بېرىشىمىز، ئۇلار-
نىڭ تەرەققىي تېپىشى ئۈچۈن تولۇق يار - يۆلەكتە بولۇشىمىز،
ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق تەلەپلىرىنى قانائەتلەندۈرۈشىمىز لازىم. بىز-
نىڭ دەۋاتقان بىرلىكىمىز، ئاساسەن تۆۋەندىكى دۆلەت تەرىپ-
دىن بىرلىككە كەلتۈرىدىغان بەش جەھەتنى، يەنى: — دۆلەت مۇدا-
پىئەسى، دىپلوماتىيە، پۇل تۈزۈمى، قاتناش ۋە ئەدلىيەنى كۆز-
دە تۇتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز-
لىرى بېجىرىدىغان قىلىپ تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى-
نى ئۆزلىرى باشقۇرۇپ كېتەلەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىش،
ھەمدە ھوقۇقنى بىر - بىرلەپ مەركەزگە يىغىۋالماسلىق كېرەك.
مەركەزنىڭ ئىچكى جايلاردىكى ئۆلكىلەرگە قىلغان مۇئامىلىسىگە
ئوخشاش بولۇپ قالسا بولمايدۇ.

شىنجاڭ مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىمىز دەيدىكەنمىز،
شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭنى گۈللەندۈ-
رۈش ئۈچۈن، تولۇق كۈچ چىقىرىش لازىم. مەن ھۆكۈمەتنىڭ
ئاساسىي مەسئۇل تارماقلىرىدىن مالىيە جەھەتتە چوڭنى كىچىك
سوقماسلىقىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى شىنجاڭنىڭ دۆ-
لەتنىڭ تېچ خاتىرجەملىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا نىس-
بەتەن مۇناسىۋىتى ناھايىتى زور. ئەگەر مالىيە جەھەتتە چىرت

كىچىك سوقۇلۇپ قالسا، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئىستىقبالى
قاراڭغۇلىشىپ قالىدۇ. شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشمۇ قىيىنلىشىدۇ.
شۇنداقلا شىنجاڭنى تېنچلاندۇرۇش، شىنجاڭغا كاپالەت قىلىش
خىزمىتىگە مۇقەررەر ھالدا ئىنتايىن زور توسقۇنلۇقلارنى پەيدا
قىلىدۇ. بىر مىسال ئېلىپ كۆرەيلى، شىنجاڭ ئەسلىدە ئۆز ئال-
دىغا شىنجاڭ پۇلى تارقىتىپ مالىيە چىقىمىنى تەمىن ئېتىپ كەل-
گەن ئىدى. بۇ ناھايىتى مۇۋاپىق بولمىغان بىر ئەھۋال. بۇلتۇر
شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ خام چوتىنى ئىشلەپچى-
قىپ، مەركەزدىن ياردەم قوشۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە يېڭى پۇلنى يىغىۋېلىپ گومىنداڭ پۇل-
نى تارقىتىپ، پۇل مۇئامىلە تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى.
بۇ خامچوت مىنگونىڭ 34 - يىلىدىكى خامچوت بولۇپ،
تاكى يىل ئاخىرىغا قەدەر تەستىقلاپ چۈشۈرۈلمىگەن. بۇنى شىن-
جاڭغا ئەھمىيەت بەرگەنلىك دېگىلى بولامدۇ؟ يەنە كېلەك،
شىنجاڭنى تېنچلاندۇرۇش، شىنجاڭغا كاپالەت قىلىشتىكى ئەڭ
مۇھىم مەسىلە — قاتناش مەسىلىسى، شىنجاڭ غەربىي شىمالدىكى
مۇھىم رايون. لېكىن بىرمۇ تۆمۈر يول لېنىيىسى يوق. ئەگەر
بىز تۆمۈر يول ياسىماقچى بولساق بەزىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چى-
قىپ، غەربىي - شىمالدا ئادەم شالاڭ، تۆمۈر يولنى ياسىغان بى-
لەن پۇل تاپقىلى بولمايدۇ، دېيىشى مۇمكىنمۇ؟ مېنىڭچە، ئەگەر
بىز ساپ سودا سېتىقنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدىغان بولساق،
مۇنداق تۆمۈر يولنى مەڭگۈ ياسىماسلىق كېرەك. شۇنى دېيىشىم
ھاجەتكى، ئەگەر سەن غەربىي - شىمالغا كاپالەت قىلىپ، غەربىي
شىمالنى گۈللەندۈرمەكچى بولىدىكەنسەن، چوقۇم مۇشۇ تۆمۈر
يولنى ياسىشىڭ كېرەك، تېز ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلاپ بولۇش
شەرت، سەل - پەل يىراقنى كۆرەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممى-
سى، مۇشۇ ئورتاق تەسىراتقا ئىگە. بىز شىنجاڭ خەلقىنى ۋە-
تەنگە تەلپۈنىدىغان، ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان قىلماق-

چى بولساق، ئۇلارنى چوقۇم نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇشىمىز، ئۇلار-
نىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشىمىز، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش
سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق بولىدىغانلا بولسا،
ئىشىنىمەنكى ئۇلار ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلمايدۇ. بىراق مەركەز
چوقۇم پۈتۈن كۈچى بىلەن شىنجاڭغا مەدەت بېرىشى، شىنجاڭغا
ياردەم قىلىشى، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشى لازىم. شۇنداقلا بۇ
مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا 3 جۈملە سۆزلۈك
مۇنداق بىر يەكۈننى ئوتتۇرىغا قوياي: ئۈچ مەسلەكىنىڭ كۈچى
بىلەن شىنجاڭغا كاپالەت قىلىش، ساغلام - ئادىل سىياسىي كۈچ
بىلەن شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش، تولۇق ئىقتىسادىي كۈچ ئارقى-
لىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش. ئۈچ مەسلەكىنىڭ كۈچى بىلەن
شىنجاڭغا رەھبەرلىك قىلساق، شىنجاڭ چوقۇم بىزنىڭ رەھبەر-
لىكىمىزنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۈچ مەسلەك ئارقىلىق شىنجاڭنى
تىنچلاندۇرىدىغان بولساق شىنجاڭ چوقۇم تېنچلىنىدۇ. يېتەرلىك
ئىقتىسادىي كۈچ بىلەن شىنجاڭنى گۈللەندۈرىدىغان بولساق،
شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىشى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ.
شۇنداق قىلىشقا قادىر بولالىساق، شىنجاڭ خەلقى ئەلۋەتتە مەڭ-
گۈ جۇڭگو خەلقى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

شۇ كۈندىكى دوكلاتىم، پۈتۈن زالدىكىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز
ئالقىش سادالىرىغا سازاۋەر بولدى. دوكلات تۈگىگەندىن كېيىن،
يىغىن مەيداندىكىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بىراق
بەزى گەپلىرىم ئايرىم كىشىلەرنىڭ قولىقىغا ياقمىدى. مەسىلەن:
مېنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم قىلىپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش
توغرىسىدىكى سۆزۈمنى ئالايلى، مالىيەنى باشقۇرىدىغان كىشىلەر
پۇل چىقىرىشنى خالامدۇ؟ يەنە مەسىلەن: مەن شىنجاڭدا سوۋېت-
لەر ئىتتىپاقى بىلەن «ئەڭ ياخشى دوستلۇق» مۇناسىۋىتىنى ساق-
لاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلدىم. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا، كومپارتى-
يىگە ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقان جاھىللار گۇرۇھىدىكىلەر،

بۇنى ئاڭلاشنى خالامدۇ؟ شۇ چاغدا مەن: قېنى پاكىت ئىسپات
لىسۇن دېگەن ئويغا كەلگەنىدىم.

## سۆھبەتنىڭ 2 - باسقۇچى

شۇ يىلى 3 - ئاينىڭ باشلىرى، ئارمىيىنى تەرتىپكە سې
لىپ تەشكىللەش لايىھىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن مەن جۇ ئېن
لەي ئەپەندى، گېنېرال مارشاللار بىلەن بىرگە ئايروپىلانغا
ئولتۇرۇپ، ئىككىلا تەرەپنىڭ جايلاردىكى قوشۇنلىرىنى كۆزدىن
كۆچۈرۈشكە باردىم. بېيپىڭدىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، تاشقى
ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ جىددىي تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئال
دىم. بۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا
تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانا مەسلىھەتچىسى M 2 - ئاينىڭ 28 -
كۈنى مەزكۇر مىنىستىرلىققا كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتى
پاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ دوكلاتىنى تاپشۇرۇپ
ئالغانلىقىنى، ئۇنىڭدا غۇلجا تەرەپ خەلق ۋەكىللىرىنىڭ مىنىستىر
جاڭنىڭ دىخۇاغا قاچان يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى سوراشتە قىلىۋات
قانلىقىنى ۋە ئەگەر يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە دىخۇاغا كېلەلمىسە
ئۆزلىرىنىڭ سۆھبەتنى بۇزۇلدى دەپ قاراپ، ئىمزا قويۇلۇپ
بولغان بەلگىلىمىلەرنى بىردەك ئىناۋەتسىز دەپ قارايدىغانلىقىنى
ئېيتقان. تېلېگراممىدىن قارىغاندا، ئىلى تەرەپ ئالدىراپ قال
غانىدى. بىراق شۇ چاغدا مەملىكەت ئىچىدىكى تىنچلىق مەسىلىسى
ھەل قىلىنىپ بىر باسقۇچقا يەتمىگەن تۇرسا، شىنجاڭغا قانداقمۇ
بارالايمەن؟ بىراق ئۇستى - ئۇستىگە باش قاتۇرۇپ، يەنىلا
بۇ ئىش ئۈچۈن ئالدىرىماي بولمىدى. ئاخىرى مەن 4 - ئاي
نىڭ 4 - كۈنى ئايروپىلان بىلەن دىخۇاغا يېتىپ كەلدىم.

دىخۇاغا قاراپ ئۇچۇشتىن ئىلگىرى مەن گومىنداڭ ھۆكۈ-

ھەت رەئىسى غەربىي - شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ① مۇدىرلىقىغا (گەنسۇ، نىڭشا، چىڭخەي، شىنجاڭ قارايدۇ) قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندىم. بۇنىڭدا مۇنداق بىر جەريان بار ئىدى، يەنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، مېنى ئەسلىدە شەرقىي شىمال رايونىغا بېرىپ، شەرقىي - شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنى تەشكىللەشكە بەلگىلىگەنىدى. ئۇ چاغدا گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتى كەسكىنلىشىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى تىنچلىق مەركىزىي مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. مېنىڭ ئويلايدىغىنىم ئىچكى تىنچلىق ئۈچۈن ئازراق كۈچ چىقىرىشتىنلا ئىبارەت ئىدى. ھالبۇكى، شەرقىي - شىمال پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتەلەيتتى. شۇنداقلا گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى ۋە جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەرنىڭ تۈگۈنمۇ شۇ يەردە ئىدى. مەن ئۇ يەرگە بېرىشنى خالايتتىم. ھەتتا ئادەم تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈستىدىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە ئويلىنىپ بولغانىدىم. تۇساتتىن غۇلجا مەسىلىسى تۈپەيلىدىن، پىلان يەنە ئۆزگىرىپ مېنى غەربىي - شىمالغا ئەۋەتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ماقۇل دېمەي بولمايتتى. بىراق مەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇدىرلىقىغا ماقۇل بولۇپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە ئۇنىمىدىم ۋە جياڭ جيېشىنىڭ شىياۋلىزى ئەپەندى بىلەن جياڭجىڭگو ئىككەيلەننى ئويلىنىپ بېقىشنى ئېيتىپ ئۆتۈندۇم. بۇنىڭغا جياڭ جېشى ئۇنىمىدى، ئاخىرى نائىلاج بۇ ۋەزىپىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە

①«مىنگو چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» (تەيۋەن تەرجىمال ئەدەبىياتى نەشرىياتى) دە يېزىلىشىچە، 1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دۆلەت مۇداپىئە ئالىي كومىتېتى ۋېيىۋەنجاڭ مەھكىمىلىرىنى گومىن جېڭفۇ رەئىس مەھكىمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى.

ماقۇل بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىم شىنجاڭغا مەن يالغۇز مەركەزنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدىلا ئەمەس بەلكى يەرلىك ئورۇننىڭ ھەربىي مەمۇرىي باشلىقلىق سالاھىيىتىم بىلەن كەلگەنىدىم.

مەن 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ 5 - كۈنى ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدىم. ئۇلار ئالدى بىلەن مېنىڭ قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكىمنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم مەركەزگە بولغان تەشەككۈرىنى بىلدۈردى. ئاندىن كېيىن قوشۇمچە (2) ھۆججەت: ھەربىي قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ باردۇق. ئۇلار مەندىن دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ بېكىتىلگەن ۋە پىيادە ئەسكەرلەر تۈمەنىنىڭ بىر نۇسخا شتات تۈزۈلۈشىنى تەلەپ قىلدى ۋە مۇشۇنىڭغا ئاساسەن كونكرېت سان ۋە ماتېرىياللارنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولدى. مەن ماقۇل بولدۇم. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلىش ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇلار ئۈرۈمچىگە كەلگىچە مېنىڭ قوشۇمچە ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكىمدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ئالدىن تەييارلانغان ئىسىملىكلەرنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقى ۋە ئۇنى بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار ئاخىرىدا يەنە، غۇلجا ئامىسىنىڭ ئۆتكەن قېتىم تاشلاپ قويۇلغان 12 -، 13 -، 14 - ماددىلار ئۈستىدە يەنە سۆھبەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭغا قارىتا مەن سەمىمىي چۈشەنچە بېرىپ كەسكىن تۈردە رەت قىلغاندىن كېيىنلا ئۇلار بۇ ئۈچ ماددىنى دەپ، پۈتۈن مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، چىڭ تۇرۇۋالمىدى.

4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، مەن ئۇلارنى 2 - قېتىم قوبۇل قىلىپ، قوشۇمچە (2) ھۆججەت ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشتۇق. ئۇلار مۇنداق كونكرېت تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: قەشقەر ۋە غۇلجادا

بىردىن ئاتلىق تۈەن، بىردىن پىيادە ئەسكەرلەر
تۈەنى تۇرغۇزۇش، ئاقسۇ، كۇچار، يەنجى، ئۈرۈمچى، شىخۇ،
چىڭخۇا① (سارسۇمبە) چۆچەكلەردە بىردىن ئاتلىق، پىيادە ئەس-
كەرلەر تۈەنى، سۈيدۈڭ، كۈرە ئىككى ناھىيىدە بىر ئاتلىق ئەس-
كەر تۈەنى تۇرغۇزۇش، دۆربىلجىندە بىر پىيادە ئەسكەرلەر
تۈەنى تۇرغۇزۇش كېرەك. بۇلار جەمئى 10 ئاتلىق ئەسكەرلەر
تۈەنى، ئۈچ پىياد، ئەسكەرلەر تۈەنى بولۇپ، بارلىق ئادەم
سانى تەخمىنەن 21 مىڭغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، قەشقەر، ئاقسۇ،
كۇچار، قارا شەھەر، دېخۇا قاتارلىق جايلار ئۆزگىرىش بولغان
رايونلار ئەمەس، بەلكى سان جەھەتتە قوشۇمچە (2) ھۆججەتتە
بەلگىلەنگەن ئىككى ئاتلىق تۈەن، ئۈچ ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەترى-
تىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. مەن ئۇلارغا بۇ مەسىلە ئۈستىدە تەكرار
چۈشەنچە بېرىپ، خەلقنىڭ مۇنداق زور قوشۇننىڭ يۈكىنى
ئۈستىگە ئالالمايدىغانلىقىنى شۇنداقلا ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ زۆرۈ-
رىيىتى يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم ۋە گومىنداڭ ئارمىيىسى
ھازىر كۆپ ساندا قىسقارتىلىۋاتسا، سىلەر قانداق قىلىپ ھەدەپ
كېڭەيتمەكچى بولىۋاتىسىلەر؟ دەپ سورىدۇم. مەن مۇنداق ھەد-
دىدىن ئارتۇق تەلەپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى كۈتمىگەنىدىم،
ئويلىنىپ ئولتۇرۇشىنىڭ ئورنى يوق دەپ قاتتىق رەت قىلدىم.
ئۇلار: بۇنى غۇلجا ئاممىسى تاپشۇرغان، غۇلجىدىن يولىيورۇق
سوراپ، ئاندىن جاۋاب بېرەلەيمىز، — دېدى، ۋە يەنە رۇخسەت
قىلىنىدىغان كونكرېت سانىنى ئوتتۇرىغا قويالامسىز؟ — دەپ
سورىدى. مەن: ئەڭ چوڭ چەك ئۈچ ئامانلىق ساقلاش چوڭ
ئەترىتىنى ئۈچ تۈەنگە ئۆزگەرتىش. بۇلار تامامەن ئۈچ ئاتلىق تۈەن
ياكى ئىككى ئاتلىق، بىر پىيادە ئەسكەرلەر تۈەنى قىلىنىسىمۇ بولىدۇ.
ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەندىن كېيىن پەقەت ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆز-

---

① 1953 - يىلى ئالتاي ناھىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

گىرىش بولغان ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە تۇرۇشقا بولىدۇ، — دېدىم.

ئۇلار يەنە: — باشقا ۋىلايەتلەردە، مىللىي قوشۇن تەشكىللەشكە يول قويۇلامدۇ - يوق، — دەپ سورىدى. مەن: — ئەگەر جايلارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئېھتىياجلىق بولسا، كەلگۈسىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇھاكىمە قىلساق بولىدۇ، — دېدىم.

ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان سان بەك كۆپ، ئارىلىق بەك يىراق بولغاچقا سۆھبەت بىرلا ۋاقىت ئىچىدە داۋام قىلىپ كېتەلمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن كۆپ قېتىم سىرتتىن سۆزلىشىپ ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى. 13 - چېسلادا، مەن ئۇلارنى قايتا قوبۇل قىلدىم. ئۇلار: ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ تۈمەننى قىسقارتىشقا جاۋاب قىلالايمىز، ئۇنىڭدىن كۆپ بولۇپ كەتسە ئامما قوشۇلمايدۇ، — دېدى. 13 تۈمەندىن ئۈچ تۈمەننى قىسقارتسا يەنە ئون تۈمەن قالىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار گەپنىڭ راستىنى ئېيتىپ: ئەگەر شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ سانى بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ سانى ئوخشاش بولىدىغان بولسا ئۈچ تۈمەن قالغىچىلىك قىسقارتىلىشىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى، دېيىشتى. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا مەن بۇنى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى سۇندۇرىدىغان تەلەپ دەپ بىلىپ مۇتلەق ئويلىنىشقا بولمايدۇ، — دېدىم.

مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا مەسىلە قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتى. شۇڭلاشقا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ياراشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، بىتەرەپ كىشىلەرنى ئىزدەشكە توغرا كەلدى. شۇ ئاينىڭ 15 - كۈنى مەن سوۋېت كونسۇلىنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆت تۈمەن بېرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىم. سوۋېت كونسۇلى: تۆت تۈمەن ئازلىق قىلىدۇ، دەپ ئازراق ئىلگىرىلەشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ سالا قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلگەن سان بىلەن ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، قو-

بۇل قىلغۇزىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ يەنە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلۈۋاتىمەن. ئازىراق قوشۇن كۆپەيتىپ بەرگەننىڭ ئانچە چوڭ كارايىتى يوق، ئەگەر مۇشۇنى تالىشىپ، ئۇمۇميۈزلۈك مەسلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا تەسىر يېتىپ قالسا، ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولۇپ قالارمىكىن، ــ دېدى. ئەينى ۋاقىتتا مەن كۆرۈنۈشتە ئەڭ زور چەكلىمە تۆت تۈمەن بولسىدۇ، دېگەندە چىڭ تۇرغان بولسامۇ، لېكىن كۆڭلۈمدە يەنە بىر ئىككى تۈمەن كۆپەيتىپ بېرىشكە بولامدۇ - يوق دېگەننى ئويلاندىم. بۇ نەچچە كۈن ئىچىدە، مەن كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ سوۋېت كونسۇلى يېۋسىيېۋ بىلەن سىرتتىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ تۇردۇم. (يېقىندىن تەيىنلەنگەن باش كونسۇل ساۋېلىيوۋمۇ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەنىدى)، كونسۇل يېۋسىيېۋ قارشى تەرەپنىڭ تەلىپى ئالتە تۈمەندىن ئاز بولسا، زادى بولمايدىكەن، ــ دېدى. مەن كۆڭلۈمدە، ئالتە تۈمەن قىلىپ تۈزۈشكە قوشۇلغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۈچ تۈمەن دولەت ئارمىيىسى، قالغان ئۈچ تۈمەن ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش ئەترىتى قىلىنىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن قىسقارتىلىپ دۆلەت ئارمىيىسى ئىككى تۈمەن ۋە ئۈچ ئامانلىق ساقلاش ئەترىتى قىلىنغاندىمۇ ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن سانغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاندىم، مەن بۇ پىكىرىمنى سوۋېت كونسۇلىغا ئېيتتىم. بۇنىڭغا ئۇمۇ قوشۇلدى، لېكىن ئىلى تەرەپ بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سوۋېت كونسۇلى يەنە: ئىلى تەرەپ، قوشۇن تۇرۇشلۇق جاينى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىرتىغىچە كېڭەيتىشنى ئۈستى - ئۈستىگە تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ــ دېدى. بۇنى مېنىڭ ئويلاپ كۆرۈشۈم مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇ ئاينىڭ 20 - كۈنى، مەن ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدىم. بىرقانچە سائەتلىك سۆھبەتتىن نەتىجە چىقمىدى. 21 - چىسلا كۈنى، ئۇلار غۇلجىدىن تېلېگرامما ئەۋەتىپ ئۇلار-

نىڭ باش ۋەكىلى رەھىمجاننى ئەھۋالدىن دوكلات قىلىشقا غۇل-
جىغا چاقىرتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن رەھىمجان غۇلجىغا قاراپ ئۇ-
چۇشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى يەنە بىر نۆۋەت قوبۇل قىلىشقا ما-
قۇل بولدۇم ۋە دۆلەت ئارمىيىسىنى ئۈچ تۈمەن، ئامانلىق ساقلا-
شتىن ئۈچ تۈمەن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش — بۇ ئەڭ زور
دەرىجىدە ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق يول قويۇش بولىدۇ، — دەپ
قەتئىي ئېيتتىم. ھەمدە: ① تېز ۋاقىت ئىچىدە ئۈرۈمچىگە قايتىپ
كېلىپ ئىمزا قويۇشنى، ② ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى بىرلىكتە تەش-
كىل قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكە ھەيئەتلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئوتتۇرىغا
قويۇشنى ئۈمىد قىلدىم.

رەھىمجان غۇلجىدىن تېزلا قايتىپ كەلدى. مەن شۇ ئاي-
نىڭ 26 - كۈنى ئۇلارنى يەنە قوبۇل قىلدىم. ئۇلار يەنىلا
ئون تۈمەن قىلىمىز دەپ چىڭ تۇردى ھەمدە ئاللىقاچان يوق
بولغان قەشقەر، ئاقسۇلاردا مىللىي قوشۇن تەشكىللەش توغرىسى-
دىكى مەسىلىنى يېڭىۋاشتىن ئوتتۇرىغا قويۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ-
دىكى مۇسۇلمانلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان جايلاردا چو-
قۇم مىللىي قوشۇن تەشكىل قىلىمىز دەپ ئىزھار قىلدى. ئىش
مۇشۇ يەرگە يەتكەندە، مەن بۇنى قاتتىق سۆزلەر بىلەن رەت
قىلدىم ھەمدە سەل - پەل ئاچچىقلاندىم. شۇ چاغدىكى ئۈچ ۋە-
كىل ئىچىدە، ئەخمەتجان ئەڭ ياش بولۇپ، 31 - 32 ياشلار
چامىسىدا ئىدى. بىراق ئۇ، ئۆتكەنكى بىرقانچە قېتىملىق يىغىن-
نىڭ باياناتچىسى بولۇپ، ئەمەلىيەتتىكى مەسئۇل كىشىمۇ شۇ
ئىدى؛ مەن ئۇنىڭغا : — مەن بولسام 60 ياشقا بېرىپ قالاي
دېگەن ئادەم. سېنىڭ يېشىڭدىن بىر ھەسسە پەرق قىلىمەن.
ئەگەر يەنە مۇشۇنداق ئۇزۇنغىچە تالىشىپ كېتىۋەرسەك، پەقەتلا
مۇۋاپىق بولماي قالىدۇ، مەن سەن بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن
ياشاراق بىرەرسىنى ئەۋەتىش توغرىسىدا مەركەزگە تەكلىپ بې-
رەيمىكىن دەيمەن، — دېدىم. يەنە: — مەن تېنچلىق بۇرچى-

لى زىممىگە ئېلىپ كەلگەنىدىم. ئۆزۈمنىڭ ئېنچلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئەڭ زور دەرىجىدە ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئەڭ زور دەرىجىدە جاۋابكارلىق قىلىۋاتقانلىقىمغا ئىشىنىمەن. ئەگەر ئېنچلىق قولغا كەلمىسە، مۇشۇ سەۋەبلىك ئىستىپا بېرىپ دىخۋادىن كېتىمەن! — دەپ ئېيتتىم. مەن قاتتىقراق تەلەپپۇزدا سۆزلىگەنىدىم ئۇلار ئۇستى - ئۇستىگە: غۇلجا خەلقى جاڭ بىۇجاڭنى ھىمايە قىلىدۇ، بىراق خەلقىمىزنىڭ تەلەپلىرى ئوبدانراق قانائەتلەندۈرۈلمىسە، ئوخشاشلا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قىيىنلىشىدۇ، دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ مەسىلە قېتىپ قالدى. يۇز تۇرانە كېڭىشىشنىڭ زورۇرىيىتى بولمىغاچقا نائىلاج سىرتتىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى.

ئىش 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە سوزۇلدى. مەن كونسۇل يېۋسېيېۋنى كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلدىم. ئۇ يەتتە تۈەنگە قىسقارتىشقا بولىدۇ. لېكىن دىخۋا، قەشقەرلەردە بىر تۈەنىدىن ئەسكەر تۇرۇشى شەرت، — دېدى ھەمدە بۇنىڭ ئاخىرقى ئامال ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بۇنى قوبۇل قىلمىغاندا، ئۇنىڭ باشقا ئامالىنىڭ يوقلۇقىنى ۋە يەنە ياراشتۇرغۇچى ئورۇندا تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ ۋەزىيەت بارغانسېرى قىسىن، مۇرەككەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئىشنىڭ ئۇنداق بولۇشى، باشقا مەسىلىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتامدۇ - يوق؟

مەن سوۋېت كونسۇلىنىڭ پوزىتسىيىسىنى، نەنجىڭدىكى ئامېرىكا پەرەسلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، كوممۇنىزمغا قارشى قوزغىغان دولقۇنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن بولۇۋاتامدىكىن دەپ گۇمان قىلدىم. چۈنكى ئۇ چاغدا، شەرقىي - شىمال ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ مەسىلىدە، كەسكىن ھادىسىلەر ئىپادىلىنىۋاتقانىدى. بۇ شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىغىمۇ تاقىشىۋاتامدۇ - قانداق؟ شۇڭا مەن، جىياڭ جېيشىنىڭ موسكۇۋاغا مەخسۇس بىر ئادەم ئەۋەتىپ، كېڭى-

شىپ بېقىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردىم. ستالىن بۇرۇن شىن-
جاڭدا ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مەسىلە يوق دەپ ئىپادە بىل-
دۈرگەنىدى. مېنىڭ ھۆكۈم قىلىشىمچە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى،
شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتا ياراشتۇرغۇ-
چى بولۇشنى خالايتتى. ئەگەردە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالى دائىرىلى-
رىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈدىغانلا بولساق، شىنجاڭ مەسىلى-
سىنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق بولىدىغانلىقىغا چوقۇم ئىشەنگىلى بو-
لاتتى. مەن تېلېگراممىنى بېرىۋەتتىم. لېكىن جىياڭ جيېشىدىن
زادىلا جاۋاب كەلمىدى.* 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئىلى تەرەپ
ۋەكىللىرى يەنە مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى:

(1) قوشۇنلارنى ئۈچ پىيادە ئەسكەر پولكى، تۆت ئاتلىق ئەس-
كەر پولكى جەمئىي يەتتە پولك قىلىپ قۇرۇش، جۇملىدىن قەشقەر،
ئاقسۇ، دىخۇالاردا بىردىن پولك تۇرغۇزۇش، (2) كوماندىرلارنى
تەيىنلەشتە ئىلى تەرەپ كۆرسىتىش، ئۆلكىنىڭ ئەڭ ئالىي قو-
ماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەش؛
(3) ئۆزگىرىش بولغان ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدە گومىنداڭ
ئارمىيىسىنى تۇرغۇزماسلىق؛ (4) ئۆتكەندە ئوتتۇرىغا قويغان
(13) (14) ئىككى ماددىدىكى «سىياسىي ساقچىلارنى بىكار قىلىش»
ۋە «ھەرقايسى جايلاردىكى ساقچىلارنى شۇ يەردىكى خەلقنىڭ
ئۆزىدىن قويۇش» دېگەن سۆزلەرنى يازما خاتىرە قىلىش؛
گومىنداڭ ئارمىيىسىنى چېكىندۈرۈپ كېتىش دېگەن (13) ماد-
دىنى، 1944 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن بۇرۇن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق
قوشۇنلارنىڭ سانىغا قىسقارتىش، ـــ دەپ ئۆزگەرتىش، ئىش
مۇشۇ يەرگە يەتكەندە، مەسىلە بارغانسېرى كۆپەيدى، شەرتلەر-
مۇ ئىنتايىن ئېغىرلاشتى، قاچان كېلىشىم ھاسىل قىلىشنى بىلگىلى
بولمايتتى. ئىچكىرىدە ئۇرۇش ئەھۋالى جىددىي بولۇپ ئومۇمىيۈز-
لۈك تېنچلىق ھاسىل قىلىش تەھدىتكە ئۇچراپ تۇراتتى. شۇ
چاغدا مەن ئىنتايىن قاتتىق پەرىشانلىق، تەشۋىش ۋە ئەندى-

شە ئىچىدە قالغانىدىم.

نەچچە كۈن ئىچىدە، مەن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ كەلگەن
سوۋېت كونسۇلى ساۋېلىيوۋ بىلەن ئىككى نۆۋەت ئۇچراشتىم،
ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرىگىمۇ كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ سۆزلە-
شىپ تۇردۇق. ئۆتكەن ھەپتىدىكىگە قارىغاندا، ئازىراق ئىلگىرى-
لەش بولدى. قاتمال ۋەزىيەتنى يۇمشىتىشنىڭ ئالامەتلىرى كۆ-
رۈنۈشكە باشلىدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭكىگە قارىتا بىر لاھىيە تۈزۈپ
چىقتىم. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنداق: A قوشۇنىنىڭ سانى
يەنىلا ئالتە تۈمەن بىلەن چەكلىنىپ، پىيادە، ئاتلىق ئەسكەرلەر
تەڭ نىسبەتتە بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئارمىيىسى بىلەن
ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى ھەر قايسىسى ئۈچ تۈمەندىن بولىدۇ. لېكىن
بۇنىڭغا ئىككى شەرت قوشۇمچە قىلىنىدۇ: بىرسى بىر يىل ئىچىدە
قىسقارتىپ تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ داۋاملىق ساقلاپ قې-
لىنىدۇ؛ ئىككىنچىسى دۆلەت ئارمىيىسى قىلىپ تۈزۈلگەن ئۈچ تۈ-
مەن، بىر يىلدىن كېيىن يۆتكەشكە بويسۇنىدۇ. B. يۇقىرىدى-
كى ئالتە تۈمەننىڭ تۇرىدىغان ئورنى، ئۆزگىرىش بولغان ئۈچ ۋىلا-
يەت بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بىراق (1) نېفىت كان رايونلىرىنى مەر-
كەز ئارمىيىسى مەسئۇل بولۇپ مۇھاپىزەت قىلىدۇ. (2) دۆلەت
چېگرىسىنى قوغداش ئىشلىرىغا دۆلەت ئارمىيىسى مەسئۇل بولى-
دۇ. C. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنلىرىنىڭ
قوماندانلىقى تەسىس قىلىنىپ، شىنجاڭ گارنىزون باش قومان-
دانى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىقى-
نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مەزكۇر ئالتە تۈمەنگە قوماندانلىق قى-
لىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش مۇئاۋىن قو-
ماندانى ئورنى بېرىلىدۇ. بۇ لاھىيەنىڭ
ئاساسىي مەقسىتى: (1) قوشۇنلارنىڭ
سانى كۆپەيتىلمەيدۇ. (2) دىخۋا، قەشقەر، ئاقسۇلاردا ئەسكەر تۇر-
غۇزۇش تەلىپى قەتئىي رەت قىلىنىدۇ.

**(3) قوماندانلىق تەمىن قىلىش يول قويماسلىقى بولمىغۇ** دېگەنلەردىن ئىبارەت.

بۇ لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، يەنە چەتتىن ئالاقە قىلىش ئارقىلىق 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدىم. ئۇلار بۇنى ئاساسىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، لېكىن بىر نەچچە نازۇك مەسىلىلەر ئۈستىدە يەنىلا كېڭەش قىلىشىدىغانلىقىنى، بىر قانچە كۈن ئىچىدە يازما ھۆججەت تەييار بولغان ھامان ئىمزا قويۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىراق ئۇلار ئېيتقان «بىر قانچە نازۇك» مەسىلە ھەققىدە يازما ھۆججەت تەييار قىلىش داۋامىدا، يەنە نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنى تۇرغۇزدى. ئىش بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ ئىنچىكىلەپ كەتتى. مەسىلەن: (1) دۆلەت ئارمىيىسى قىلىپ تۈزۈلگەن ئۈچ تۈمەن، بىر يىلدىن كېيىن يۆتكەشكە بويسۇنىدۇ دېگەن سۆزنى قەتئىي قوبۇل قىلمىدى. (2) بىر يىل ساقلاپ قېلىنغاندىن كېيىن ئالتە تۈمەن قىسقارتىپ تۈزۈلىدۇ دېگەن سۆزنى ھۆججەتكە كىرگۈزۈشكە ئۇنىمىدى، خاتىرە قىلىشنىمۇ رەت قىلدى؛ (3) قوشۇنلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدىلا تۇرۇشىغا ماقۇل بولدى، بىراق مەركەز ئارمىيىسىمۇ ئۈچ ۋىلايەتكە كىرىپ تۇرۇشقا بولمايدۇ دەپ بەلگىلەش كېرەك دېگەن پىكىرىنى قويدى. بىر قانچە قېتىملىق تالاش - تارتىش ئارقىلىق ئاندىن بۇ پىكىردىن يانتايدى. (4) ئۈچ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى نېفىت كانلىرىنى مەركەز ئارمىيىسى مۇھاپىزەت قىلىدۇ دېگەنگە قارشى چىقتى، ھۆكۈمەت كان ئىشلىرى بويىچە ساقچى تەشكىللەپ مۇھاپىزەت قىلىدۇ دېگەننى پەقەت ئېغىز ئارقىلىق بايان قىلىشقىلا قوشۇلدى. (5) دۆلەت چېگرىسىنى مەركەز ئارمىيىسى مەسئۇل بولۇپ قوغدايدۇ دېگەنگە ئەڭ ئاخىرىدا تەسلىكتە ماقۇل بولدى. (6) ئىلى تەرەپ، قوماندان نامىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، «مىللىي ئارمىيە» قوماندانى دەپ ئاتىلىشىنى تەلەپ قىلدى. مەن

ئۈچ ۋىلايەت «يېڭى تۈزۈلگەن» قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى دەپ ئاتاشقا قوشۇلدۇم. تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن «مىللىي»، «يېڭى تۈزۈلگەن» دېگەن سۆزلەرنى بىرلا ۋاقىت ئىچىدە ئېلىپ تاشلاپ، ئىلى تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى دەپ ئۆزگەرتىشكە قوشۇلدۇق؛ (7) ئۇلار قوماندانىنىڭ، شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. كېيىن ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ مائاۋىن قوماندانى بولۇشقا قوشۇلدى. لېكىن «ئۇنۋان» دېگەن سۆزنى قوبۇل قىلمىدى. (8) دۆلەت ئارمىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن ئۈچ تۈمەنگە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىيىسى قاتارىدا تەمىنات بېرىشكە ماقۇل بولدۇم. لېكىن ئۇلار قورال - ياراق جەھەتتە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىيىسىگە ئوخشاش، مەركەزدىن تولۇقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ نۇقتىدا قاتتىق تالاشقاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار بۇنى دەرھاللا تەلەپ قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلىغىنى، «كەلگۈسىدە» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويۇش لازىملىقىنى ئىزھار قىلدى.

بىر قەدەر چوڭ تالاش - تارتىش بولغانلىرى، يوقىرىقلاردىن ئىبارەت، بۇنىڭدىن باشقا ئۇششاق ئىشلارنى ۋە يېزىقچىلىق جەھەتتىكى ئىشلارنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بىز ھەتتا خەتمۇ - خەت، جۈملىمۇ - جۈملە تالىشىپ، ناھايىتى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلغان ئىدۇق. 10 نەچچە كۈنگىچە تولا سۆزلەپ جۇۋغايلىرىمىز قۇرۇپ كەتتى، پات-پاتلا قاتتىق ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ تۇردۇق. شۇنداق قىلىپ تاكى 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يېرىم كېچىدە ئاندىن قوشۇمچە ھۆججەت (2)نىڭ تېكىستى رەتلەپ بولۇنۇپ، ئىككى تەرەپ ئادەم ئەۋەتىپ، لايىھىگە قول قويۇلدى، بۇنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن شىنجاڭدىكى قىسمەن
ۋەقە يۈز بەرگەن رايونلارنىڭ خەلق ۋەكىللىرى، بۇ يىل
1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدە ئىمزا قويغان «قوراللىق توقۇ-
نۇشنى تېنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىتىم»
نىڭ 10 ـ ماددىسىغا ئاساسەن ئۆزگۈرۈش بولغان رايون-
لاردىكى قوشۇنلارنى يېڭىباشتىن ئۆزگەرتىپ تۈزۈش
مەسىلىسى ئۈستىدە ئىككى تەرەپ كېڭىشىش ئارقىلىق، تۆ-
ۋەندىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىلەر تۈزۈپ چىقىلدى:

(1) ئۆزگۈرۈشكە قاتناشقان ھەر قايسى مىللىي قوشۇنلار
دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ شتات تۈزۈمى بويىچە ئۆزگەرتى-
لىپ، ئۈچ ئاتلىق تۇەن، ئۈچ پىيادە تۇەن قىلىپ تۈزۈلىدۇ.
ئومۇمىي ئادەم سانى 11 مىڭدىن 12 مىڭغىچە بولىدۇ. مۇشۇ
ئالتە تۇەن ئىچىدە ئىككى ئاتلىق تۇەن، بىر پىيادە تۇەن دۆلەت
ئارمىيىسى قىلىنىدۇ، ئىككى پىيادە تۇەن بىلەن بىر ئاتلىق
تۇەن ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوشۇنى قىلىنىدۇ.

(2) ھۆكۈمەت، غۇلجا تەرەپنىڭ شۇ يەردىكى مۇسۇل-
مانلار ئارىسىدىن بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ، ئىلى، تاربا-
غاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى
قىلىپ تەيىنلەشكە يول قويىدۇ. ئۇ يۇقىرىدىكى ئالتە تۇەن-
گە قوماندانلىق قىلىپ باشقۇرىدۇ. بۇ قوماندان، غەربىي
شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتكەن قۇ-
رۇلمىسى بويىچە قوماندانلىق شتابىنى تەشكىللەيدۇ، بۇ
قوماندان شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانى ۋە ئۆلكى-
لىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇ-
نۇشى لازىم. شۇنداقلا ھۆكۈمەت مەزكۇر قوماندانىنى
ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ مائاۋىن
قوماندانلىقىغا تەيىنلەيدۇ.

(3) يۇقىرىقى ئالتە تۇەننىڭ تۇرۇشلۇق جايى — غۇلجا،

تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئامانلىقىنى، ھۆكۈمەت مەزكۇر قوماندانىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئالتە تۈمەننىڭ مەسئۇل بولۇپ ساقلىشىغا تاپشۇرىدۇ، چېگرا قوغداشقا، مەركەزنىڭ چېگرانى قوغداش قىسىملىرى مەسئۇل بولىدۇ. بۇنىڭدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئىلگىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

(4) مەزكۇر قوماندان ۋەزىپىگە بېكىتىلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ كېڭەشىش ئارقىلىق دەرھال ئاقسۇ، قەشقەر ئىككى ۋىلايەتتىكى ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىدۇ. ئۇلارنى تولۇقلاش ئۇسۇلى ـ شۇ يەردىكى مۇسۇلمان خەلقلىرىدىن تولۇقلىنىدۇ.

(5) مەزكۇر ئالتە تۈمەنگە قىلىنىدىغان مۇئامىلە، تەمىنات ۋە كەلگۈسىدىكى تولۇقلاپ بېرىلىدىغان قورال ياراق ئەسلىھەلىرىگە كەلسەك، بۇنىڭدىكى ئۈچ دۆلەت ئارمىيە تۈمەنگە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ قائىدە، ئۆلچىمى بويىچە مۇئامىلە قىلىنىپ، مەركەزدىن تەمىنلىنىدۇ. قالغان ئۈچ ئامانلىق ساقلاش تۈمەنگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتابىغا ئاجرىتىپ بەرگەن خىراجەتتىن. بېرىلىدۇ.

(6) ئۆزگۈرۈشكە قاتناشقان ھەر قايسى مىللىي قوشۇنلارنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈش ئىشىنى، مەزكۇر قوماندان ھۆكۈمەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ قوشۇنلار ئالتە تۈمەن قىلىپ تۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى، شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانى بىلەن ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانىنىڭ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە يوللايدۇ. مەزكۇر ئالتە

پولكنىڭ ئادەم، قورال ياراق سانىنى ئايرىم - ئاي‌
رىم هالدا شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانى بىلەن
ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قوماندانىغا يوللاپ ئەنگە
ئالغۇزىدۇ.

مەركىزىي هۆكۈمەت ۋەكىلى:

جاڭ جىجوڭ.

خەلق ۋەكىللىرى:

رەهىمجان سابىر هاجى

ئوبۇلخەيرى تۆرە

ئەخمەتجان قاسىموف

قوشۇمچە هۆججەت (2) دىن باشقا يەنە ئىككى پارچە سۆه‌بەت خاتىرىسى قوشۇمچە قىلىندى: (1) هۆكۈمەت ساقچى باشقارمىسىنى (ئىلى تەرەپ بۇنى سىياسىي ساقچى دەيدۇ) ئۆزلىكىدىن بىكار قىلىش مەسىلىسى، (2) پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ساقچىلارنى تاللاپ ئىشلىتىشتە يەرلىك خەلقتىن قويۇپ ئىشلىتىش مەسىلىسى، ئىلى تەرەپنىڭ دەسلەپتە قويغان شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىنى چېكىندۈرۈپ كېتىشىدىن ئىبارەت تەلەپلەر پۈتۈنلەي ئىناۋەتسىز قىلىنىدۇ.

قوشۇمچە هۆججەت (2) نىڭ لايىهەسى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ يوليورۇق سورايدىغانلىقىنى، ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدىلا قايتىپ كېلىپ، رەسمىي ئىمزا قويىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 5 -

ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۇلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاتنىشىدىغان
8 ئادەمنىڭ ئىسمىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىراق نازارەت.
باشقارما باشلىقلىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ئۈستىدە،
غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ يولىيورۇق ئالغاندىن كېيىن، بىر
قارارغا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. جۈملىدىن ئۇ-
لار 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دىخۇاغا قايتىپ كېلىپ، ئۆلكە ھەي-
ئەتلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى. يەتتە ۋىلايەت-
تىن كۆرسىتىلگەن ئىسىملىكلەردىمۇ ئازىراق ئۆزگىرىش بولدى.
مەسىلەن: (1)يەتتە ۋىلايەتتىن مەيدانغا كەلگەن مۇئاۋىن رەئىس
دەسلەپتە قەشقەردىكى ئابدۇلكېرىمخان مەخسۇم ئىدى. بىراق
ئۇ ياشقا چوڭ بولۇپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇن ئۇ-
نىڭ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن دىخۇادا يەتتە يىل تۈرمىگە سولانغان-
لىقى ئۈچۈن، ئۇ كىشى تولىمۇ ھەزەر ئەيلەپ دىخۇاغا كېلىشنى
خالىمىدى. بۇ ھالدا ئۇ ئۆلكە ھەيئىتى نامى بىلەن قەشقەردە
تۇرىدىغان بولدى. بىز بەكمۇ زورلىمىدۇق. شۇنداق قىلىپ يەر-
لىك زاتلار ئىچىدىن بىلىم - سەۋىيەسى يۇقىرى، ئىدىيەدە
ئىلغار، ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆز قارىشى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان
شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان
شەخس بورھان شەھىدى ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە كۆر-
سىتىلىپ سايلاندى. (2) مۇھەممەت ئىمىن ئەسلىدە مائارىپ
نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا كۆرسىتىلگەن بولۇپ، كېيىنچە
ئىلىنى تەرەپ سەيپىدىن ئەزىزنى مائارىپ
نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا قويماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇھەممەت
ئىمىن تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەندى؛ (3) ئەس-
لىدە ئەيسا مائاۋىن باش كاتىپلىققا قويۇلماقچى بولغانىدى.
ئەمدى خەنزۇچىدىن ئانچە-مۇنچە خەۋىرى بار، ھەمدە بۇرھان
شەھىدى بىلەن ئالاقىسى بار قازاق يىگىتى سالىس بۇ ۋەزىپىگە
قويۇلدى. ئەيسا بولسا مەخسۇس ھەيئەتلىك ۋەزىپىگە تەيىنلەندى.

6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ۋۇشۇمچە ھۆججەت (2) گە رەسمىي ئىمزا قويۇلدى. دېمەك غۇلجا ئۆزگىرىشىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر تولۇقى بىلەن ئورۇنلاندى. مانا بۇ سۆھبەتنىڭ 2 - باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن تارتىپ 2 ئاي ئىچىدە، 9 قېتىم سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى. غەيرىي - رەسمىي سۆزلىشىشلەرنىڭ سانى يوق. بۇ جەرياندا بىر نەچچە قېتىم بۇزۇلۇش يۈز بەردى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ ياراشتۇرۇشى بىلەن بىر يىل 8 ئاي داۋام قىلغان غۇلجا ئۆزگىرىشى ئاخىرى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىندى. بۇنىڭ تەسىرى ۋە ئوينىغان رولى ناھايىتى زور بولدى. ھەتتا شىنجاڭنىڭ 1949 - يىلى تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە ئاساس سېلىندى دەپ ئېيتساقمۇ ئەرزىيدىغاندۇ؟

بۇ چاغدا مەن جياڭ جېشىغا سۆھبەتنىڭ جەريانى ئۈستىدە بىر نۇسخە دوكلات سۇندۇم. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بىر ئابزاس سۆز بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: گومىنداڭ 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا مەن مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى جىددىي ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم:

(1) سەنمىنجۇيىنىڭ كۈچى ئارقىلىق شىنجاڭغا كاپالەتلىك قىلىش؛

(2) شىنجاڭنى پاك - ئادىل سىياسىي كۈچ ئارقىلىق تىنچلاندۇرۇش؛

(3) مېنىڭچە شىنجاڭنى يېتەرلىك ئىقتىسادىي كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈش، بۇ شىنجاڭ خەلقىنى ۋەتەنگە يۈزلەندۈرۈپ ۋەتەننى ھىمايە قىلىشقا جەلپ قىلىدىغان ئۆلچەم بولىدۇ، دىپلوماتىيە جەھەتتە ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزدە شىنجاڭنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن بولغان تارىخىي، جۇغراپىيەۋى، ئىقتىسادىي، سى-

ياسىي جەھەتلەردىكى يېقىن مۇناسىۋەتنى چىقىش نۇقتا قىلىشى-
مىزدا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ھەر قاچان ئەڭ يېقىن دوست-
لۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزمەي بول-
مايدۇ. بولۇپمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بول-
غان ئىقتىسادىي مەسىلە ئۈستىدە، ھەمكارلىشىش شەكلىنى قوللۇ-
نۇپ ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش كې-
رەك. ئۆتكەندە جۇڭگو بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدى-
كى ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىغا دائىر تېخى ھەل بولمىغان ئىشلار-
نى، مۇشۇ پۇرسەتنىڭ ئۆزىدە دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق داۋام-
لىق كېڭەشىش ئېلىپ بېرىپ، تېزدىن ھەل قىلىش لازىم. بۇ
ئەمەلىي قەدەمنىڭ بىرىنچىسى بولىدۇ. ئىچكى سىياسەت جەھەتتە
شىنجاڭ خەلقى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان زۇلمەتلىك ئازاب ـ ئو-
قۇبەت ئاستىدا چوڭقۇر دەرت ـ ئەلەم تارتتى. ئۇلارنىڭ سىيا-
سەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە بولغان ئارزۇسى كۈچلۈك. ئالبۇكى، يېقىن-
قى يىللاردىن بېرى، يەرلىك ئورۇنلار خاتىرجەمسىزلىنىپ، خەلق
تېڭىرقاپ قالدى. ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار جان بېقىشنىڭ
كويىدا بولۇپ، خىيانەتچىلىك كەيپىياتى تولىمۇ ھەددىدىن ئاش-
قان. ئەگەر مۇندىن كېيىن ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەنپە-
ئىتىگە ۋەكىللىك قىلمىسا، ئۇلارنى ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدىن
ئۈزۈل كېسىل قۇتقازمىسا، ئۇلارنىڭ شىپالىق ئىزدەشكە تەلپۈن-
گەن قەلبى بۇزۇلۇش يولىغا كىرىدۇ. غۇلجىدا يۈز بەرگەنگە
ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ ھەر ۋاقىتتا ھەر تەرەپتىن پارتلاپ چى-
قىشىنىڭ ئېھتىمالى تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىياسىتىمىزنى
ئادىللاشتۇرۇپ، كىشىلەر قەلبىنى ئۆزىمىزگە تارتىشىمىز كېرەك.
بۇ بىزنىڭ مۇشۇ پەيتتىكى باش تارتىپ بولمايدىغان جىددى
ۋەزىپىمىز. بۇ ئەمەلىي قەدەمنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى بولىدۇ.
ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئالساق، ھازىر شىنجاڭنىڭ نەقلىيات ئىش-
لىرى قىيىن، ماددىي ئەشيا كەم، مال باھاسى ناھايىتى يۇقىرى،

مۇندىن كېيىن جۇڭگو - سوۋېت سودىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بىلەن پەيدىن - پەي ياخشىلىنىشى مۇمكىن. بىراق، خوشنا ئەلگە مەڭگۈ تايىنىۋېلىش، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەدبىر ئەمەس مۇندىن كېيىن قاتناش ئىشلىرىنى ياخشىلاش، ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش، مالىيە جەھەتتە قوشۇمچە ياردەم بېرىش، قۇ- رۇلۇش مەبلىغى، تېخنىكا ماتېرىياللىرىدىن ياردەم بېرىشلەرنىڭ ھەممىسىدە مەركەزنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشكە مۇھ- تاج بولىدۇ. ئەگەر شىنجاڭنى باشتىن - ئاخىرى ئادەتتىكى بىر ئۆلكە ئورنىدا كۆرۈپ، بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئادەتتىكى مۇقام بويىچە بىر تەرەپلىمە قىلىدىغان بولساق، خەلقنىڭ تۇر- مۇشىنى ياخشىلاپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ۋەتەنگە يۈزلەندۈرۈشىمىز مۇمكىن ئەمەس، بۇ ئەمەلىي قەدەمنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى بول- دۇ. يۇقىرىدا ئاساسىي فاكىتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. مەدەنى- يەت، مائارىپ، مىللەت، دىن قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر- بىرلەپ قايتا تەكشۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. تەلتۆكۈس تەرتىپكە سېلىش جەھەتتە، مۇھاكىمە قىلىنغاندىن كېيىن كونكې- رىتنى پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىماقچىمەن.

سۆھبەت مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي ئىسمىلىكى نەنجىڭ مەمۇرىي پالاتاسى تەرىپىدىن 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى① ئېلان قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يېڭى ھۆ- كۈمەتنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكالىنىپ مەملىكىتىمىزدە تارىخ- تا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان مىللىي ئىتتىپاقلىق، خەلقچىل ئاسا- سىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋۇجۇدقا كەلدى.

---

①«مىنگو زور ۋەقەلىكلەر خاتىرىسى» دە: 1949 - يىلى 6 - ئاي- نىڭ 19 - كۈنى. گومىن جىڭفو بۇرھان، ئەخمەتجانلارنى شىنجاڭ ئۆل- كىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى دەپ يېزىلغان!

# ئىككىنچى باب. بىر قانچە مۇھىم تەدبىر

سۆھبەتنىڭ 2-باسقۇچىدا مەن گومىن جىڭفۇ ھۆكۈمىتى رەئىسىنىڭ غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسى مۇدىرلىقى قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكىنى ئۆتكۈزۈۋالغان ئىدىم. 4-ئاينىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ 6-ئايغا قەدەر بولغان مۇشۇ 2 ئايدىن كۆپ ۋاقىت جەريانىدا، مەن بىر ياقتىن ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى بىلەن جىددىي سۆھبەت ئېلىپ باردىم، قايتا-قايتا قاتماللىق ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق. يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى گەرچە قايتا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئالدى بىلەن بەزى زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ بەزى مۇھىم تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىشىمگە توغرا كەلدى.

## ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن «5-ماي» خاتىرە يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق

شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، بىزدە چوقۇم گۈللەندۈرۈشنىڭ مەنىۋى ئاساسى بولۇشى لازىم. بارلىق ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملارغا ۋە پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە شىنجاڭدا نىمىلەرنى ئىشلەش، قانداق ئىشلەش لازىملىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك ئىدى. مەن دېخۇا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «5-ماي» خاتىرە يىغىنىدا بىر نۇتۇق سۆزلىدىم، ئۇنىڭ تېمىسى: «سەنمىنجۇيى ئاساسىدا يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشنىڭ مەنىۋى ئاساسى»، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، ئالدى بىلەن، تېنچلىق، بىرلىك، خەلقچىللىق، ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن خىيانەتچىلىك، قىمارۋازلىق ئەپيۇنكەشلىكنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت.

تېنچلىق ئۈستىدە توختالغاندا، مەن مۇنداق دېدىم: دۇنيا

بۇيىچە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كې-
يىن، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەت تىنچلىققا مۇھتاج بولىدۇ، بىزنىڭ جۇڭگوغا كەلسەك، تىنچلىققا تېخىمۇ مۇھتاج، تىنچلىقنى تېخ-
مۇ بەك ئۈمىد قىلىدۇ. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى، ئوخ-
شاشلا تىنچلىققا مۇھتاج، تىنچلىقنى ئۈمىد قىلىدۇ.

بىرلىك ئۈستىدە توختالغىنىمدا، مۇنداق دېدىم:

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېيتقاندا، ھەممە نەرسە مەركى-
زىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ. شىنجاڭغا قا-
رىتا ئېيتقاندا، ھەممە نەرسە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ. چۈنكى بىرلىك بولغاندىلا، ئاندىن ئىرا-
دىنى مەركەزلەشتۈرگىلى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرگىلى ۋە بارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ۋە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

دېموكراتىيە ئۈستىدە توختالغىنىمدا مۇنداق دېدىم: بىز سىياسىي تەرەپتىن چوقۇم خەلقچىللىقنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك. بىزنىڭ سىياسىي دېموكراتىيە دېگىنىمىز، ھەممىگە خەلق خوجا-
يىنلىق قىلسۇن، ھەممىدە خەلقنىڭ ھەققانىي ئارزۇسى ئۆلچەم قىلىنسۇن، بارلىق تەدبىرلىرىمىز خەلقنىڭ ھەققانىي ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كەلسۇن دېگەنلىكتۇر.

ئىتتىپاقلىق ئۈستىدە توختالغىنىمدا مۇنداق دېدىم: پۈتۈن مەملىكەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتى-
پاقلىقى بەكمۇ مۇھىم، شىنجاڭغا نىسبەتەن بۇنداق ئىتتىپاقلىق بولۇپمۇ ئالاھىدە مۇھىم. بىزنىڭ ھەر قايسى مىللەتلىرىمىز ئۆز-
ئارا ھۆرمەت قىلىشى، بىر-بىرى بىلەن يېقىن ئۆتۈشى، ئۆزئارا ياردەم بېرىشى، ھەممەيلەن ئۆز-ئارا تىنچ خاتىرجەم بىرگە تۇ-
رۇپ، سەمىمىيەت بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈشى لازىم. مەن يەنە مۇن-
داق دەپ ئالاھىدە تەكىتلىدىم: مەن بولسام خەنزۇ، لېكىن مەن-
دە بۇرۇندىن ئازراقمۇ مىللىي ئەلالىق ھېسسىياتى بولغان ئە-
مەس. بۇ يەردە ھەر مىللەت قېرىنداشلار خۇددى ئاكا-ئۇكا

ئاچا - سىڭىل قېرىنداشلاردەك ئۆتىدىكەن. ئۇلار قاۋۇل، چىراي-
لىق كېلىدىكەن. مېنىڭ ئۇلارغا بەكمۇ زوقۇم كەلدى. ئاز سان-
لىق مىللەت قېرىنداشلىرىمىزغا چوقۇم خۇددى ئاكا - ئۇكا، ئاچا-
سىڭىل قېرىنداشلىرىمىزدەك مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

مەن بۇ 4 جۈملە سۆز ئۈستىدە تەپسىلىي ئانالىز ئېلىپ
بارغاندىن كېيىن مانا بۇ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشنىڭ مەنىۋى ئا-
ساسىي ياكى پرىنسىپى بولىدۇ، مۇشۇ 4 جۈملە سۆزگە خىلاپ كې-
لىدىغانلىكى ئىشلارنى ۋە سۆزلەرنى قىلماسلىقىمىز، مۇشۇ 4 جۈم-
لە سۆزگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىكى ئىشلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرى-
چە ئىشلىشىمىز ۋە تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم. ھەممەيلەن مۇشۇن-
داق ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولىدىغانلا بولساق شىنجاڭنى گۈل-
لەندۈرۈشنىڭ مەنىۋى ئاساسىنى ھازىرلىيالايمىز، — دېدىم.

مەن خىيانەتچىلىك، قىمارۋازلىق ۋە ئەپيۇنكەشلىكنى تو-
گىتىش ئۈستىدە توختالغىنىمدا مۇنداق دېدىم: بۇ ناھايىتى
ئاددى مەسىلە. ئەپيۇن جىسمانىي جەھەتتىن زىيانلىق، قىمار
ئويناش كىشىلەرنىڭ جاسارىتىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ. ھالبۇكى
بۇ ئىككى ئىللەتنىڭ ھەممىسى خىزمەتلەرگە زىيانلىق، جەمئىيەت
كەيپىياتىغا زىيانلىق، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى چوقۇم تۈگىتىش
كېرەك. خىيانەتچىلىككە كېلىدىغان بولساق بۇ دۆلەت ۋە خەلققە
نىسبەتەن تېخىمۇ زىيانلىق، سىياسىي كەيپىياتنى بۇلغۇۋېتىدۇ،
نۇرغۇن قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزغا زىيان ئېلىپ كېلىدۇ، مېنىڭچە
خىيانەتچىلىك جىنايىتى ئۆتكۈزگەن ئادەملەر، خىسلىتىنى يوقات-
قانلاردۇر، ئۇلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەسلىك كېرەك. بەلكى
ئۇلارنى ئەڭ قاتتىق چارىلار بىلەن جازالىشىمىز لازىم، ھەرگىز-
مۇ ئۆز ئېتىشىغا قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا مەن 10 نەچچە شوئارنى پۈتۈن ئۆلكە خەل-
قىنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويدۇم. مەسى-
لەن: جاھانغا، جۇڭگوغا جۈملىدىن شىنجاڭغا تېنچلىق كېرەك!

جۇڭگو بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولۇشى كېرەك! شىنجاڭ بىرلىككە كەلگەن شىنجاڭ بولۇشى كېرەك! سىياسەت — خەلقچىللىق سىياسەت بولسۇن! مىللەتلەر بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشى، ئۆز-ئارا يېقىن ئۆتۈشى، ئۆز ئارا ياردەملىشىشى لازىم! مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشايلى! تىنچ، بىرلىككە كەلگەن، خەلقچىل، ئىتتىپاقلاشقان يېڭى شىنجاڭنى گۈللەندۈرەيلى!

## شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى تۈرمىدىن بوشىتىش

1946 - يىلى مېنىڭ 3 - قېتىم ئايروپىلان بىلەن چۆگچەكدىن دىخۇاغا ئۇچۇش ۋاقتىدا، جۇئېنلەي ئەپەندى، شىنجاڭدىكى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇتۇپ ئېلىنغان بارلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنى قويۇپ بېرىشىمنى قايتا - قايتا تاپىلىدى، مەن ماقۇل بولدۇم.

مەن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن يولداش چۇي ۋۇ قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى يوقلاتقۇزدۇم. ھەمدە مەسئۇل تەرەپلەرگە ئۇلارنىڭ تۈرمۇش تەمىناتىنى ياخشىلاپ بېرىش ھەققىدە تاپشۇرۇق بەردىم. يەنە بىر تەرەپتىن، جياڭ جېشىغا تېلېگىراما يوللاپ، بۇ ئىشلارنى شىڭشىسەينىڭ قىلغانلىقىنى، ئىككى پارتىيىنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تېچلىق ئارزۇيىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ بېرىش لازىملىقىنى چۈشەندۈردۈم. جياڭ جېشى دەسلەپتە ئىككىلەندى، بىرقانچە تېلېگىراما ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش بىلەن ئۇ ئاندىن ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن شۇ ھامان تۈرمىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىغا ئۇختۇرۇش قىلىندى. ئۇلار مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئالتە نەپەر ۋەكىل ئەۋەتتى، (ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياڭ جىڭ خۇا، گاۋدېڭ باڭ قاتارلىقلار بار ئىدى. ياڭ جىڭخۇانىڭ شۇ

چاغلاردىكى تەخەللۇسى دۇنىڭ بولۇپ، ئۇ چۈيچۈبەي ئەپەندىنىڭ رەپىقىسى بولىدۇ، ھەمدە مېنىڭ شاڭخەي دارىلفۇنۇنىدا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم بولىدۇ) مەن ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ سۆزلەشتىم، سەممىي سۆزلەر بىلەن ئۇلارغا تەسەللى بەردىم. ھەمدە ئۇلارنى چوقۇم مۇھاپىزەت قىلىپ يەنئەنگە يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

بىر ئاي تەييارلىق كۆرۈپ، شىنجاڭ گارنىزون باش قومانلىق قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لىيۇ ياجېننى ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ قويۇشقا مەسئۇل قىلدىم. ئۇلارغا يەنە تىببىي خادىملارنىمۇ قوشۇپ قويدۇم. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى گۇجېڭلون، شىئەندىكى خۇزۇڭنەن، جۇشاۋجۇلارغا ئايرىم تېلېگرامما ئەۋەتىپ ئۇلارنى يول ئۈستىدە مۇۋاپىق كۈتۈۋېلىشنى تاپىلىدىم. جۇئېنلەي ئەپەندىگىمۇ تېلېگرامما ئەۋەتىپ ۋاقىپلاندۇردۇم. ئۇلار 131 كىشى 6-ئاينىڭ 10-كۈنى دىخۇادا سەككىز ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى. ئىنكاسلارغا قارىغاندا ئۇلارنى يول بويى يامان ئەمەس كۈتۈۋالغان. بىراق بۇ ئىشقا نىسبەتەن گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى يەنە تەن بەرمەي سەپەر ئۈستىدە ئىلاجى بار توسقۇنلۇق قىلىپ، شيەنياڭغا بارغاندا ئۇلارنى يولدىن توسۇپ قويماقچى بولغان. شىئەندە تېخى قامال قىلماقچىمۇ بولغان. دۇنىڭ قاتارلىقلار شىئەندىن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا، ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن باشقا يەنە: «بىز 5 كۈن بولدى بۇ يەردە دەم ئېلىپ ياتتۇق، پەقەت رەسمىيەت سەۋەبىدىنلا يەنئەنگە ماڭالمايۋاتىمىز. ھازىرچە 18-جىتۈەنجۈننىڭ شەنشىدىكى ئىش باشقۇرۇش ئورنىدا، خۇزۇڭنەن ۋە جياڭجېشىنىڭ ئادەملىرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ ياتتۇق»،— دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. مەن يەنە خۇزۇڭنەنگە تېلېگرامما يوللاپ بۇ ئىشنى سويلىدىم. شۇندىن كېيىنلا ئۇلار 7-ئاينىڭ 7-كۈنى شىئەندىن قوزغىلىپ، 11-كۈنى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرىسىدىكى جى

جىياسۇن كەنتىگە يېتىپ بارغاندا، يەنئەن تەرەپتىن ئادەم كېلىپ ئۇلارنى ئېلىپ كەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي مەن باش قوماندان جۇدېنىڭ 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئەۋەتكەن مىننەتدارلىق تېلېگ-راممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ نەنجىڭگە قايتىپ بارغىنىمدا، دۇڭبىۋۇ ئەپەندى ئالاھىدە مېنى يوقلاپ كېلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

## پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكىسى بويىچە سىياسىي مەھبۇسلار-نى قويۇپ بېرىش

شېڭ شىسەينىڭ مۇدھىش ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭ چوڭ بىر تۈرمىگە ئايلانغان ئىدى. ئۇ خالىغان چاغدا يوق يەردىن تۆك ئۈندۈرۈپ، ئەنزە پەيدا قىلىپ، زور بىر تۈركۈم ئادەملەرنى قول-غا ئالدى ۋە قەتلى قىلدى. ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رە-ئىسلىكىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، مەلۇم رەتلەش ئىشلىرىنى يۈر-گۈزۈپ، سولاپ قويۇلغان بىرمۇنچە ئادەملەرنى قويۇپ بەرگەن ئىدى، لېكىن مەن كەلگەن ۋاقىتتا، ئۆلكە بويىچە تۈرمىلەردە يېتىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ سانى تولىمۇ كۆپ ئىدى. تۈرمىگە سولانغان ئادەملەر زادى قانچىلىك، ئاساسەن قانداق ئادەملەر، بۇلارنىڭ ئارخىپى نامەلۇم بولغانلىقتىن ئېنىق سانىنى ئالغىلى بولمايتتى. قايتا - ئويلىنىش ئارقىلىق سىياسىي خاراكتېر-دىكى مەھبۇسلارنى بىردەك قويۇپ بېرىش كېرەك دېگەن پىكىر-گە كەلدىم. شۇڭا ئۈچ ئاي تەكشۈرۈپ تەييارلىق كۆرۈش خىز-مىتى ئارقىلىق 1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەنزە ئەھ-ۋالىنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماي، ئومۇمەن سىياسىي خاراكتېردى-كى مەھبۇسلارنى بىردەك قويۇپ بېرىش توغرىسىدا ئوچۇق بۇي-رۇق چۈشۈرۈپ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ بۇيرۇق-قا ئەمەل قىلىشىنى تەلەپ قىلدىم. قويۇپ بېرىش قارار قىلىنىش-تىن ئىلگىرى ۋە بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە بەزى

ئادەملەر قارشى چىقتى. يەنە بەزىلەر بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، ئۇ
ھەقتە يولييورۇق سوراپ كەلگەن بولدى. ئۇلارغا چۈشەندۈرۈش
ۋە يولييورۇق بەردىم. كېيىن ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئېلىنغان مە-
لۇماتلارغا قارىغاندا، خىزمەت ئاساسەن شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنغان.

## خەلقتىن مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇش

شىڭ شىسەينىڭ خەلققە زىيانكەشلىك قىلىپ، نۇرغۇن ئەنزى-
لەرنى پەيدا قىلغانلىقى، يالغۇز ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى
قوغداپ، پۇخادىن چىققۇدەك جاللاتلىق قىلىش ئۈچۈنلا بولماس-
تىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بايلىق توپلاش
ۋاستىسى قىلدى. ئۇ يالغۇز كىشىلەرنى جىسمانىي جەھەتتىن سولاپ
ئۆلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى مال - مۈلكىنىمۇ مۇسادىرە قىلاتتى.
شىنجاڭدا ئازراقلا ئىناۋىتى ۋە مال - مۈلكى بار ئادەملەرنىڭ
ھەممىسى ئۇنىڭ زەھەرلىك قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئۇلار
كۆچمە مۈلۈك ۋە كۆچمەس مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇسادىرە
قىلاتتى. ئۇنىڭ كونكرېت سانى بىلەن ئەنزە ئەھۋاللىرىنى ئې-
نىقلاپ چىققىلى بولمايتتى. قىسقىسى ئۆلكىنىڭ ھەرقانداق شەھەر-
جىڭلىرىدا بولۇپمۇ دىخۇا، غۇلجا، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق چوڭ-
راق شەھەرلەردە مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنمىغان ئادەم يوق
دېيەرلىك ئىدى. مەن بىگۇنا خەلقنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئې-
نىقلاپ قايتۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلغىنىمدا، بەزى كىشىلەر بۇ-
نىڭغا ئوخشىمايدىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆچمە مۈ-
لۈكلەرنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولمايدۇ، كۆچمەس مۈلۈكلەرگىمۇ ئۇ-
زۇن يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئېنىقلاش قىيىن، ماجرا تۇغۇلۇپ قالار-
مىكىن دېيىشتى. لېكىن، مەن قايتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاسا-
سەن بۇنىڭ سىياسىي مەزمۇنىنى كۆزدە تۇتتۇم، كونكرېتنى ئىش-

لەش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى دەپلا ئىشلىمەي قويماسلىق لا-
زىم. قانچىلىك ئېنىقلانسا شۇنچىلىكنى قايتۇرۇپ بېرىش، بۇنى
جەزمەن ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، — دېدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە،
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالاھىدە بىر تەكشۈرۈش ھەيئىتىنى قۇرۇپ
بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلغان ئىدى.

## باج - سېلىقنى بىكار قىلىش

شىنجاڭدا ئۇزۇندىن بۇيان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار ئېغىر
زۇلۇم بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ ھەدەپ بۇلاڭ - تالاڭ يۈر
گۈزگەنلىكتىن، يېزا - قىشلاقلار ۋەيرانە بولغان، سودا - سانائەت
زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن نام-
راتلىشىپ كەتكەن ئىدى. مەن بۇ ئەھۋالغا قاراپ: — شىنجاڭ
خەلقىنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۇ-
زۇن مۇددەت قۇرۇلۇش قىلىپ بايلىق يارىتىپ، ئىقتىساد بىلەن
مەدەنىيەتكە بىردەك قول سېلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئويلان-
غان ئىدىم. بىراق ھازىرچە ھۆكۈمەتنىڭ خەلققە نىسبەتەن بول-
غان ئازراق ياخشى كۆڭلىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئالدى بى-
لەن بارلىق باج - سېلىقلارنى ئېلىپ تاشلاپ، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى
يۈكنى يەڭگىللىتىشنى قارار قىلدىم. 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 -
كۈنى ھەرقايسى ۋالى مەھكىمىلىرى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە
باج ئىدارىلىرىگە 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئۆلكە بو-
يىچە يېرىم يىل باج ئالماسلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى-
نى بىر يىللىق كۆتۈرۈۋېتىش توغرىسىدا تېلېگرامما ئارقىلىق بۇي-
رۇق چۈشۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ھەر
قايسى باج ئىدارىلىرى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باج خا-
دىملىرىنى، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ تەربىيىلەش ئۈچۈن دېخۇاغا يۆت-
كەپ كەلدۇق. بۇ بۇيرۇق شىنجاڭ گېزىتىدە رەسمى ئاشكارا ئې-

لان قىلىندى.

شۇ چاغدا مېنىڭ ئىگىلىشىمچە شىنجاڭدا ئىلگىرىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك خىيانەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. بولۇپمۇ مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى، باج ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئورۇنلاردا، خىيانەتچىلىك ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىكەن. بۇ قېتىمقى ئۇشتۇمتۇتلا باجنى بىكار قىلىش، باج ئىدارىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىشى، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ئۈچۈن بىر يېڭىلىق بولۇپ قالدى.

باج سېلىقنى بىكار قىلىش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور ئالقىشىغا ئېرىشتى، ئەلۋەتتە. بىراق بىر تەرەپتىن باج ئالماسلىق يەنە بىر تەرەپتىن ھەر خىل خىراجەت چىقىملىرىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش، ھەممە نۇرغۇن ماددىي ئەشيالارنى تولۇق يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ماڭا خېلى زور دەرىجىدە كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كەلدى. مەركەزدىن قوشۇمچە مالىيە ياردىمى ئالدىم، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاشيولدىن پايدىلىنىپ ئىچكى جايلاردىن كۆپ مىقداردا ماددىي ئەشيا — بۇنىڭدا ئاساسەن ئاشلىق، چاي، رەخت ۋە كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى كەلتۈردۈم.

شىنجاڭ مۇشۇ يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىردىن-بىر باج ئېلىنمايدىغان ئۆلكە بولۇپ قالدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەككىز يىللىق ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىقتىسادىي - مالىيە شارائىتى ئاستىدا بۇ ئوڭاي ۋوجۇتقا چىقىدىغان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

### پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت

سۆھبەتنىڭ 2 - باسقۇچىدا بىتىم ھاسىل قىلىنالمىدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ ئۆزگەرتىلمىدى، بۇ ئاھۋال ئاستىدا، كىشىلەر قەلبىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، مەن «پۈتۈن ئۆلكىدى-

كى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» ئېلان قىلىپ، كەلگۈسىدىكى چوڭ
سىياسىي پروگراممىلارنى قىسقىچە شەرھلەپ، غۇلجا ۋەقەسى
تېچلىق بىلەن ھەل قىلىنغان كۈنى پۈتۈن ئۆلكىنى گۈللەندۈ-
رۈش ئىشىنىڭ باشلانغان ۋاقتى بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتىم. بىز-
نىڭ يۈرگۈزىدىغان سىياسىي پروگراممىمىز تېخى مۇھاكىمە قىلى-
نىۋاتقان لايىھە ئىدى. لېكىن ئاساسىي مەزمۇنى، جۇڭگو - سو-
ۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقچىلىق نەمۇنىسىنى تىك-
لەش، جەمئىيەت كەيپىياتىنى ئوڭشاش، خىيانەتچى ئەمەلدارلار-
نى قاتتىق جازالاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچلەندۈرۈش، دىنى
ئېتىقادقا ھۆرمەت قىلىش، خەلق مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، مىللىي
مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادلىق قۇرۇلۇش خادىملىرىنى
يېتىشتۈرۈش، تېببىي دورىگەرلىك، سەھىيە ئىشلىرىغا ئەھمىيەت
بېرىش، قاتناش ۋە خەت ئالاقە ئىشلىرىنى ياخشىلاش، دېھقان-
چىلىق، سۇ ئىنشائاتى، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەر
خىل كان بايلىقلىرىنى ئېچىش، خەلق ئىگىلىكىدىكى سانائەتنى
گۈللەندۈرۈش، ئىچكى - تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق
ئىشلاردا تەپسىلىي - كونكرېت پىلان تۈزۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆپچى-
لىككە ئالدىن ئۇختۇرۇپ قويۇشقا بولاتتى. ئومۇمەن شىنجاڭ
خەلقىگە پايدا يەتكۈزىدىغانلا ئىش بولسا، ھۆكۈمەت كۈچىنىڭ
بېرىچە ئالغا سۈرمەي قويمايدۇ. شىنجاڭ خەلقىگە زىيانلىق بول-
غانلىكى نەرسىنى ھۆكۈمەت بارلىق كۈچى بىلەن يوقاتماي قوي-
مايدۇ. ھەممە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ،
ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى
شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھەقىقىي مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان،
شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز. مەن مۇشۇ بىر نەچچە نۇقتا بو-
يىچە پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە كاپالەت بېرەلەيمەن. شۇنداقلا پۈ-
تۈن ئۆلكە خەلقىگە مۇندىن كېيىن تىرىشىش نىشانىنى كۆر-

سۈتۈپ بەرمەكچىمەن. مانا بۇلار كەلگۈسىدە تۈزۈلىدىغان سىيا-
سىي پراگراممىلىرىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى بولىدۇ.

## بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەرگە مۇراجىئەت

مەن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە
ئۇلارغا كۆرسەتمە بېرىش ئۈچۈن «پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئوفىتسېر-
جەڭچىلەرگە مۇراجىئەت» نى ئېلان قىلغان. بۇنىڭدا. ئالدى بى-
لەن شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ
بېرىپ، ئاندىن ھەر دەرىجىلىك كادىرلاردا بولۇشقا تېگىشلىك تونۇش
ۋە تېرىشچانلىق ئۈستىدە توختالدىم. ھەممە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي
رەۋىشتە ئورۇنلىشى لازىم بولغان 5 ئىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.
بۇنىڭ بىرسى، خەلقنى سۆيۈش ئىدى.

مەن مۇنداق دېدىم، - خەلقنى سۆيۈش دېگىنىمىز، خەلق-
نى ئاسراش، خەلقنى قوغداش، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنى چۈشەن-
مەك ناھايىتى ئاسان. ئېھتىمال شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى، ئىچكى
ئۆلكىلەر بىلەن خېلى دەرىجىدە ئوخشىماسلىقى، شۇ مۇناسىۋەت
بىلەن بۇنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ئانچىلا ئاسانغا چۈشمەسلى-
كى مۇمكىن. ئىچكى ئۆلكىلەردە بولسا، پۇقرالارغا قىلىنىدىغان
مۇئامىلە ناچارراق، ئۇلارمۇ بۇنى ئانچە ھار ئېلىپ كەتمەيدۇ.
چۈنكى ئۇلار ئۆز ئارا تىل ئۇقۇشىدۇ، ئۆرپ - ئادەتلىرىمۇ
كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. شىنجاڭدىكى زور كۆپچىلىك خەلق-
نىڭ تىلى، يېزىقى، ئۆرپ - ئادىتى، دىنى ئېتىقادى بىز بىلەن
ئوخشىمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار ئاجىز كىچىك مىللەتلەر، تولى-
مۇ ئوڭاي گۇمان تۇغۇلۇشى، ئوقۇشماسلىقلارنىڭ يۈز بېرىشى
مۇمكىن. ئەگەر بىزنىڭ پوزىتسىيىمىزدە ئازىراقلا ئېھتىياتسىز-
لىق كۆرۈلسە ئاسانلا چۈشىنىشمەسلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشى ھەت-
تا بىزدىن بىزار بولۇشى تۇرغان گەپ. مەسىلەن: ھەربىي يۇ-

رۇش قىلغاندا، پۇقرالاردىن قازان سوراپ تاماق ئېتىش ئىش-
لىرى بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئىچكى جايلاردا ئادەتتىكى بىر ئىش.
لېكىن بۇ يەردە سىز ئۇلاردىن قازان ئېلىپ چوشقا گۆشىنى
پۇشۇرسىڭىز، بۇ ئىش ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تېگىدۇ. يەنە بىر مى-
سال، ئەگەر بىرەر يېزىدا ھەربىي قونالغۇ قىلىشقا توغرا كې-
لىپ پۇقرالارنىڭ ئۆيىنى ئالماقچى بولسىڭىز، بۇ ئىچكى ئۆلكى-
لەردە بولسا ھېچقانداق ئىش ئەمەس، ئۇلار قېرى - ياشى-
ئەر - ئايال ھەممىسى قارشى ئالىدۇ. ھەتتا ھوجرا ئۆيلەرنىمۇ
بوشۇتۇپ بېرىدۇ، بۇمۇ ناھايىتى ئادەتتىكى ئىش، بىراق بۇ
يەردە سىز ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا بىرەر ئېغىز سۆز قىلىپ
قويسىڭىز، ئۇلارنىڭ غەزىۋىنى قوزغاپ قويىسىز. بۇ يەردە ئايال-
لارنىڭ ئورنى تۆۋەنرەك، ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى چەك نا-
ھايىتى قاتتىق، بىز بۇ تەرەپتىن ئالاھىدە پەخەس بولۇشىمىز
كېرەك. قەدىمكىلەرنىڭ: «ياقا يۇرتقا بارساڭ ئادەتنى سورىۋال»
دېگەن سۆزى بار. بىز مەيلى قەيەرگە بارمايلى، شۇ جايدىكى
خەلقنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلەيمىز. يېقىندا بىرسى ماڭا مۇ-
داق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: بۇ يەردىكى پۇقرالار دائىم
ناماز ئوقۇيدىكەن، مەسچىتكە كىرىشتە ئايىغىنى سېلىۋېتىدىكەن.
ئەگەر سىز مەسچىتكە كىرىپ كۆرمەكچى بولسىڭىز، ئاياقنى سې-
لىشىڭىز لازىم ئىكەن، بولمىسا دىنى قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان-
لىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىكەن. رەئىس ۋۇجۇڭ-
شىن ھەر قېتىم ھېيت بولغاندا، تەبرىكلەش ئۈچۈن مەسچىتكە
بارغىنىدا، ئاياق كىيىمىنى سېلىپ مەسچىتكە كىرىدىكەن. بۇنىڭ-
دىن ئۇلار ئىنتايىن خۇرسەنت بولۇشۇپ، رەئىس بولۇپ تۇرۇپ
يەنىلا بىزنىڭ دىنى قائىدىمىزگە ھۆرمەت قىلدى دېيىشىدىكەن بۇ
گەرچە كىچىككىنە ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەسىرى ئاھايىتى
زور. جۈملىدىن: ناۋادا تېخىمۇ زور ۋەقەلەر يۈز بېرىپ قالىدىغان
بولسا، مەسىلەن، خەلقنىڭ چارۋا ماللىرىنى بۇلاش. خەلقنىڭ

ئىش - ئوقىتىنى ۋەيران قىلىۋېتىش، خەلقنىڭ خوتۇن - قىز-
لىرىغا چاقچاق قىلىش ۋاقاكازالارغا قارىتا، مۇقەررەركى خەلق-
نىڭ غەزىۋى تېخىمۇ ئۆرلەيدۇ، بۇنىڭدا گەپ يوق. بىزنىڭ بۇ-
يەرگە كېلىشىمىزدىكى مەخسەت، شىنجاڭ خەلقىنى قۇتقۇزۇشتىن
ئىبارەت. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خەلق-
نىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشمىسەك بولمايدۇ. ئەگەر خەلقنىڭ ئى-
شەنچىسىنى قولدىن بېرىپ قويساق، خەلق بىزار بولۇپ ئارمىيە-
گە نەپرەت كۆزى بىلەن قارىسا، بۇ بىر خاتالىق بولۇپلا قال-
ماستىن، بەلكى بىر خىل خەۋپ - بىر خىل ئەڭ زور خەۋپ
بولۇپ قالىدۇ! شۇڭا بىز بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەنمىز، خەلققە
ياخشى نىيەت بىلەن ھېسداشلىق بىلدۈرۈش پوزىتسىيىدە مۇئا-
مىلە قىلىشىمىز، خەلقنى ھۆرمەت قىلىشىمىز، خەلقنى سۆيۈشىمىز، ھەر-
گىزمۇ ئۇلارنى بىلىمسىز، ئۆرپى - ئادىتى قالاق ۋەمەدەنىيىتى قالاق دەي-
دىغان گەپلەرنى قىلماسلىقىمىز لازىم. ئۇلارنىڭ تىل - يېزىقى، ئۆرپ-
ئادىتىنىڭ بىز بىلەن ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى كەم-
سىتىش ۋە ئۇلارغا سەل قاراش ھېسسىياتىدا بولۇشىمىزغا تېخىمۇ
بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بىز چوڭ مىللەتلەردە بولۇشقا تېگىش-
لىك پەزىلەت بويىچە ئۇلارغا تەڭ باراۋەرلىك نۇقتىسىنەزىرىدە
تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۇلار-
نى سۆيۈشىمىز، ئۇلارغا ياردەم قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىل-
غاندىلا ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلەيمىز. شۇنداق قىلغان-
دىلا ئۇلار بىزنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلارنى قۇتقازغىلى كەلگەنلىكىمىز-
گە ئىشىنىدۇ، خەلقنى سۆيۈش ئەسلىدە بىزنىڭ ئىشىمىزغا يۈ-
رۈش قىلىش ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويغان شۇئارىمىز ئىدى. «نەپ-
سانىيەتچىلىك قىلماسلىق، ئۆلۈمدىن قورقماسلىق، دۆلەتنى سۆ-
يۈش، پۇخرانى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش» بۈگۈنكى شىنجاڭدا باش-
قا ۋاقىت ۋە باشقا ئورۇنلارغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم. بىز
ئۆزىمىزنىڭ ئۆتكەنكى شان - شۆھرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ،

دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئىش
نى ئاۋال مۇشۇ يەردىن باشلىشىمىز كېرەك.

## خەنزۇلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ نىكاھلىنىشىنى مەنئى قىلىش

شىنجاڭدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مىللەتلەر كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ دىنىي قائىدىسى بويىچە ئۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى غەيرى ئىسلام دىنىدىكىلەر بىلەن توي قى- لىشقا بولمايدۇ. لېكىن ئۆتمۈشتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلماي- دىغان خەنزۇلارنىڭ مۇسۇلمان خوتۇن - قىزلىرى بىلەن توي قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن بولۇپ تارىختىن بۇيان بۇ بىر مىللىي مەسىلە ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغان. شۇ ۋەجىدىن جەمئىيەتتە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز ماجرالار پەيدا بولغان، شۇڭلاشقا بۇ خىل ئىشلارنى، دەل ۋاقتىدا ھەل قىلىۋەتمىسە بولمايدۇ.

بىراق، خەنزۇلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ نىكاھلىنىشىنى مەنئى قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە، شۇ چاغدا بىر قانچە خىل كۆز قا- راشلار مەۋجۇت ئىدى؛ بەزىلەر نىكاھ ئەركىنلىكى خەلقنىڭ ئۆز ھوقۇقى، ئۇ، دىن ياكى مىللەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك. ئوخشاش بولمىغان دۆلەتنىڭ ئادەملىرى توي قىلىشسا بولىدىكەنۇ، بىر دۆلەتنىڭ ئىچىدە تۇرغانلار بولمامدىكەن؟ نې- مە ئۈچۈن بۇرۇن ئىسلام دىنىدىكىلەر خەنزۇ خوتۇن - قىزلىرى- نى ئالسا بولىدىكەنۇ، ئەمما خەنزۇلار ئىسلام دىنىدىكى خوتۇن- قىزلارنى ئالسا بولمايدىكەن؟ - دەيدۇ. بەزىلەر: گەرچە ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى بىزنىڭكىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئەر - ئايال ئىك- كى تەرەپ ماقۇل بولۇشقانلا بولسا، خەنزۇلار بۇ چەكلىمىگە ئۇچرى-

ماسلىقى كېرەك، ـ دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر: دىنى ئېتىقات، ئۆرپ-
ئادەت ئوخشاش بولمىغان ئىكەن، ئۇ هالدا ئۆزئارا نىكاهلاشمىغان
ياخشى، لېكىن بۇنى مەجبۇرى بۇيرۇق بىلەن چەكلەش مۇۋاپىق-
كەلمەيدۇ، قانداق، ــ دەيدۇ. خوشۇسەن، ئۇنۇم بېرەمدۇ –
مۇشۇ توغرۇلۇق ئوخشىمىغان پىكىرلەر كوپ.

بىز بۇنى نۇرغۇن قېتىم تەكرار مۇهاكىمە قىلىش ئارقىلىق،
يەنىلا چوڭ جەھەتلەرنى كوزدە تۇتۇش لازىم دەپ هېسابلىدۇق،
ئىتتىپاقلىق بىزنىڭ بەلگىلەنگەن سىياسىتىمىز ئىكەن، ئۇهالدا مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ۋە تەسىر كورسىتىدىغان-
لىكى ئىش بولسا قىلماسلىقىمىز لازىم. گەرچە هازىر نىكاھ ئەر-
كىنلىكى يولغا قويۇلغان زامان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ئەه-
ۋال پەۋقۇلئاددە. ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنى - ئېتىقات، ئۆ-
رپ - ئادەتلىرىگە هۆرمەت قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ مەسىلە ئۈستى-
دە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ هېسياتىغا تېگىپ قويۇپ، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويماسلىقىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن
بۇنى رەسمى ئوچوق بۇيرۇق ئارقىلىق چەكلىشىمىز كېرەك. بۇرۇن
توي قىلىۋالغانلارنى بىردەك سۈرۈشتە قىلماسلىق، هازىردىن
ئېتىبارەن خەنزۇ ئوفىتسېر - جەڭچى خادىملىرى بىلەن پۇقرالار-
نىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان خوتۇن - قىزلار بە-
لەن توي قىلىشنى بىردەك مەنئى قىلىش لازىم. شۇنىڭدىن كې-
يىنكى ئەمەلى ئەهۋاللارغا قارىغاندا، ئوز - ئارا توي قىلىش ئەه-
ۋاللىرى ئاساسى جەهەتتىن توساپ قىلىندى. بىراق ئايرىم
ئەهۋاللارنىڭ بار - يوقلىقى ئۈستىدە بىر نەرسە دېيىش قىيىن.

بىر قېتىملىق نۇتۇق

ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭ ئولكە رەئىسلىكىنى ئوتكۈزۈۋالغاندىن
كېيىن ئۇرۇمچىدە مەركىزى تەلىم - تەربىيە ئومىكىنىڭ شۇبىسىنى

قۇرۇپ، يەرلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى مەخسۇس تەر
بىيلىدى. مەزكۇر كۇرسنىڭ 10 - قارار ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا،
مەن «دولەت مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلالايلى، خەلق مەنپەئىتىنى ھىمايە
قىلالايلى» دېگەن تېمىدا بىر نۇتۇق سۆزلىدىم.

ئالدى بىلەن مەن مۇنۇلارنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. بىز مەي-
لى قانداق بىر خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان بولايلى، ھەممىمىز
دولەتنىڭ كادىرلىرى بولىمىز. شۇڭا مۇنداق بىر ئەڭ ئالى ئە-
قىدىگە، يەنى «دۆلەت مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلىش، خەلق مەنپەئىتىنى
ھىمايە قىلىش» دېگەنگە ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك. ھەر بىر دۆلەت
كادىرىنىڭ سۆز - ھەرىكىتى، دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن
كېلىشى لازىم. ئەگەر دولەت مەنپەئىتىگە، خەلق مەنپەئىتىگە خىلاپ-
لىق قىلساق، دۆلەت مەيدانىنى يوقۇتۇپ قويغان بولىمىز، ئۇن-
داق كىشىلەرنى دولەت كادىرى دەپ ئېتىراپ قىلالمايمىز.

بۇنىڭدىن باشقا مەن يەنە دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ نېمە ئىكەن-
لىكى ئۈستىدە توختالدىم. مېنىڭ ئويلىشىمچە، شىنجاڭ خەلقلىرى
ئىچىدە دۆلەت قارىشىدىن ۋاز كېچىدىغان، دۆلەت مەنپەئىتىگە -
خىلاپلىق قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. كوپچىلىككە شۇ ئايان
بولۇشى كېرەككى، ئەگەر شۇنداق ئويدىكى ياكى ھەرىكەتتىكى ئا-
دەملەر بولىدىغان بولسا بۇ دۆلەتكە ۋە شەخسەن ئۆزىگە ئىنتايىن
زور زىيانلىق. دولەت قارىشى دېگىنىمىز - زېمىن پۈتۈنلىكىنى،
ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ بىرلىكىنى ۋە قانۇن - پەرمانلارنىڭ ئىززەت-
ھۆرمىتىنى ھىمايە قىلىش دېمەكتۇر. بۇ دۆلەت قۇرۇشتىكى ئەڭ
مۇھىم شەرت. بىز ھەرىكىتىمىزدە، ئىدىيىمىزدە، سۆزىمىزدە ۋەتەن
زېمىنىنىڭ پۈتۈنلىكىنى، ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ بىرلىكى ۋە قانۇن
پەرمانلىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قەتئىي ھىمايە قىلىشىمىز لازىم.
دۆلەت كادىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، مەيلى قايسى مىللەت
كادىرى بولۇشتىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ھەر قاچان، ھەر زامان
ئۆزىمىز ئۆلگە بولۇپ، مۇشۇ ئەڭ ئالى ئەقىدىگە ئەمەل قىلىشى-

بىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا شىنجاڭنىڭ ئىستىپاقلىقى، بىرلە-
كىنى ساقلاپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىستىپاقلىقى - بىرلىكىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرالايمىز.
خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قانداق ھىمايە قىلىمىز؟ بىز پەقەت خە-
لقنىڭ نېمىنى ئارزۇ قىلىپ، نېمىدىن بىزار ئىكەنلىكىگە قارايدى-
غانلا بولساق، خەلق مەنپە ئىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. خەلق ئارزۇ قىلغاننى ئىلاجىنىڭ بارىچە ئىشلىشىمىز، خەلق
بىزار بولغاننى ئىلاجى بار قىلماسلىقىمىز ۋە ئۇنى چەكلىشىمىز
لازىم. مۇشۇنداق قىلساقلا خەلقنىڭ ئۈمىدىگە ئۇيغۇنلىشىپ خەلق
مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلغان بولىمىز. بۇ ناھايىتى ئاسان، ناھايىت-
تى ئاممىباپ ھەقىقەت. بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ
دۆلەت كادىرى بولغانلىقىمىز، خەلقنىڭ چاكىرى بولغانلىغىمىز-
دىن ئىبارەت. خەلق بولسا دۆلەتنىڭ خوجايىنى، بىز
خوجايىنىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك، ئەگەر
خەلق ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلىدىغان بولساق، ئۆزىمىزنىڭ خەلق
چاكىرى بولۇشتەك مەيدانىمىزغا خىلاپلىق قىلغان بولىمىز.
خەلق مەنپەئىتىگە، دولەت مەنپەئىتىگە خىلاپ كېلە-
دىغان بارلىق ھادىسىلەرنى ئىنقىلاپ كۆرەش ئارقىلىق يېڭىشىمىز-
دىن قورقىدىغان ۋاقتىمىز يېتىپ كەلدى. كوپچىلىكنىڭ تە-
لىم - تەربىيەدىن كېيىن، سەنسىنجۇيىنىڭ روھى بويىچە، قە-
تئي قەيسەرلىك بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، بۇرۇنقى دۆلەت مەن-
پەئەتىگە، خەلق مەنپەئەتىگە خىلاپ كېلىدىغان بارلىق ئەشلارنى
تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇشۇ نۆۋەتنى ئاي-
دىڭلاشتۇرۇۋالساڭلار ھەممە مۇندىن كېيىن ھەرىكەتلەردە بىجا
كەلتۇرسەڭلار، مانا بۇ بىز قېتىمقى تەلىم - تەربىيەدە قولغا كەلتۈر-
گەن ئەڭ زور، ئەڭ ئوبدان نەتىجەڭلار بولىدۇ.

## ئۈچىنچى باب ھەمكارلىشىش

## يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى

1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ھەربىي ئىشلارغا ئا-

ئىت بىتىمىنىڭ قوشۇمچە (2) ھۆججىتى ئىمزالانغاندىن كېيىن، بىر يىل 8 ئاي داۋام قىلغان غۇلجا ۋەقەسى ھېسابىدا تېنچ ھەل قىلىنغان بولدى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىسىملىكى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئوچۇق بۇيرۇق بىلەن ئېلان قىلىندى ھەمدە 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭنىڭ يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى رەسمىي قۇرۇپ چىقىش قارار قىلىندى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغاش ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋەتەنگە بولغان كۆز قارىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن تەپتىش پالاتاسىنىڭ باشلىقى يۈيۇۋرېننىڭ دىخۋاغا كېلىپ قەسەمياد يىغىنىغا نازارەت قىلىشىنى تېلېگرامما ئارقىلىق تەكلىپ قىلدى، بۇ ئىچكى ئۆلكىلەردە زادى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەھۋال.

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلىرى 25 كىشى بولۇپ، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئاساسلىق خادىملار تۆۋەندىكىچە:

قوشۇمچە رەئىس جاڭ جىژجۇڭ
ھەيئەت قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس: ئەخمەتجان
ھەيئەت قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس: بۇرھان
ھەيئەت قوشۇمچە خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ
نازىرى: ۋاڭ زېڭشەن
مائاۋىن نازىرى: رەھىمجان
ھەيئەت قوشۇمچە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى: لۇيۇۋېن
مائاۋىن نازىرى: ماتىڭشياڭ
ھەيئەت قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى: سەيپىدىن
مائاۋىن نازىرى: سەي زۇڭشيەن
ھەيئەت قوشۇمچە تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى: مۇھەممەت ئىمىن
مۇئاۋىن نازىرى: گۇجيەنجى
ھەيئەت قوشۇمچە باش كاتىپ: ليۇمېڭچۈن
مائاۋىن باش كاتىپ: ئابدۇكېرىم ئابباسوف

ماﺋاۋىن باش كاتىپ: سالىس
ھەيئەت قوشۇمچە جەمئىيەت ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى: جاۋجيەنفېڭ
ماﺋاۋىن باشقارما باشلىقى: ئېردەنى
ھەيئەت قوشۇمچە سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى: دەلىلقان

ھەيئەتلەر: چوي ۋۇ، گۋەنزېلياڭ (تېخى يېتىپ كەلمىگەن)، ئىسھاقجان، ئېلىخانتۆرە، ئوسمان، ئەيسا، ئابدۇكېرىم خان مەخسۇم، جۇڭ دېخۋالاردىن ئىبارەت.

يوقىرىدىكى 25 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى ئىچىدە موشۇ يەرلىك ھەر مىللەتتىن بولغان زاتلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىللىدى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق 3 ۋىلايەتنىڭ كۆرسىتىپ بەرگىنى سەككىز نەپەر، ئۇنىڭدىن باشقا دىخۋا، قەشقەر، قاراشەھەر، قومۇل، ئاقسۇ، يەركەن، خوتەن يەتتە ۋىلايەتنىڭ كۆرسىتىپ بەرگىنى سەككىز نەپەر. نەنجىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىۋاستە تەيىنلەنگىنى توققۇز نەپەر. ھالبۇكى بۇ توققۇز نەپەر ئادەم ئىچىدە يەنە پەقەت مەن بىلەن لىۇ مېڭچۈن، چوي ۋۇ، ۋاڭ زىڭشەن، لوۋۋېن بەش كىشىلا ئىچكى ئۆلكىدىن كەلگەن. دەرۋەقە موشۇ جايىنىڭ ئۆزىدىن بولغان يىگىرمە نەپەر ئادەمۇ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مايىللىقى بىلەن بىر نەچچە مەزھەپكە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى رادىكاللار گۇرۇھى، مەسىلەن: ئەخمەتجان باشچىلىقىدىكى غولجا تەرەپتىن كۆرسىتىلگەن ھەيئەتلەر. ئىككىنچىسى، كونسېرۋاتىپلار گۇرۇھى. مەسىلەن: مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسالار باشچىلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەت تەرەپتىن كۆرسىتىلگەن ھەيئەتلەر. ئۈچىنچىسى بولسا، بىتەرەپلەر گۇرۇھى. مەسىلەن: بۇرھان دائىم بىتەرەپ، سولغا مايىل پوزىتسىيە تۇتىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىتەرەپ، ئوڭغا مايىللارمۇ بار.

شۇ چاغدا مەن، مۇشۇ يوسۇندا تەشكىل قىلىنغان يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىنى، ھەر ھالەت ۋەكىللىرى بىرلەش-

گەن خەلقچىل ھۆكۈمەت دەپ ھېسابلىغانىدىم. مەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىنى تەھلىل قىلغىنىمدا، ئوخشاش بولمىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان سىياسىي خاھىش ۋە دېموكراتىيە يولى بىلەن شەكىللەنگەن، جۈملىدىن رادىكال، كونسېرۋاتىپ ۋە بىتەرەپ تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۆز ئالدىغا مۇئەييەن ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەربابلار بىر گەۋدە قىلىنغان، ئورتاق مەسئۇل بولغان ئەھۋالدا، ئاندىن چوقۇم مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتكىلى، يېڭى شىنجاڭنى قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ، — دەپ قارىدىم. كېيىنكى پاكىتلار مېنىڭ بۇ خىل ئارزۇيىمنىڭ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش تە پەقەتلا خام خىيال ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ مۇرەككەپ بولغان شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، كونا ئەنئەنىۋى سىياسەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھەرھالدا بىر ئىزدىنىش ئىدى. شۇڭا ئۇ قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەملىكەتنىڭ ئىچكى - سىرتىدا ھەرخىل باھالار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. بەزىلەر مۇنداق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تېزگىنلىمەك تەس، ئاز سانلىق مىللەتلەر باش كۆتۈرۈۋالىدىغانلا بولسا، ئۇلار مەغرۇرلىنىپ ئاپتونومىيە ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش تەلىپىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. مۇنداق كۆز قاراشتىكى ئادەملەرنىڭ سانى ئازئىدى. كۆپ ساندىكى كىشىلەر بولسا، مۇنداق قىلىش ناھايىتى ياخشى بولدى، بۇ ھۆكۈمەت ھەر خىل گۇرۇھ، ھەر قايسى مىللەت، ھەر ساھە ئەربابلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، بولۇپمۇ يەرلىك زاتلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىدى، بۇ سەنمىنجۇيىنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك روھىغا ئۇيغۇن، دەپ قارىدى. خەلقئارادا بەزىلەر ھەتتا مۇنداقمۇ باھا بېرىشىپ، مۇبادا مەركىزىي ھۆكۈمەتمۇ مۇشۇ روھ بىلەن ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدىغان بولسا، مەملىكەت ئىچىدىكى مەسىلىلەر تامامەن ھەل قىلىنىپ كەتكەن بولاتتى، دەپ قارىدى. بۇنىڭ مەنىسى

گومىنداڭ، گوڭچەنداڭ ئىككى پارتىيە ۋە باشقا پارتىيە — گۇ-
روھلار باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلىشىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت
تەشكىللەپ ئورتاق مەسئۇل بولسا، قانلىق كۈرەشلەر يۈز بەر-
مىگەن بولاتتى، دېگەنلىكتىن ئىبارەت. يەنە بەزى چەت ئەل مەتبۇ-
ئاتلىرى، ماڭا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، مېنى ئاجايىپ ئۇستاد
ئادەم ئىكەن، كۆپ ئەجىر قىلىپ، شىنجاڭ ۋەقەسىنى تىنچلىق
بىلەن ھەل قىلدى، مىللىي دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى
ۋۇجۇدقا چىقاردى، شىنجاڭ خەلقىنى ۋەتەنگە قايتۇرۇپ كەلدى،
بۇ ئاسان ئىش ئەمەس، ۋاھاكازا دەپ بىر پەس ماختاپ
ئۇچۇرۇۋەتتى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ دېخۋادا
ھەرمىللەت خەلقى تىنچلىقنى تەبرىكلەپ چوڭ يىغىن ئۆتكۈزدى.
يىغىندا مەن قىسقىچە نۇتۇق سۆزلەپ، تىنچلىقنى تەكىتلىدىم.
ھازىر تىنچلىقنىڭ قولغا كەلگەنلىكىنى، بىزنىڭ ئۇنى
ئوبدان ساقلىشىمىز، قەدىرلىشىمىز، يۈكسەلدۈرۈشىمىز، بۇ ئار-
قىلىق تىنچلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك مەڭگۈ تىنچلىققا ئايلاندۇرۇشىمىز
كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردۈم. قانداق قىلغاندا ئومۇمىيۈزلۈك
ۋە مەڭگۈلۈك تىنچلىقنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدا ئاساسەن
مۇنداق تۆت جۈملە سۆزگە رىئايە قىلىشىق بولىدۇ: جۇڭگو —
سوۋېت دوستلۇقىنى ئالغا سۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە
قىلىش، خەلقچىللىق سىياسىتىنى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاق-
لىقىنى كۈچەيتىش. بۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

شۇ چاغدا ۋەقەنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل بولغانلىقى مۇنا-
سىۋىتى بىلەن پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت

— ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مەڭگۈ تىنچلىقنى
قولغا كەلتۈرەيلى

(مىنگونىڭ 35 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دىخۋا شەھ-

رىدىكى تېنچلىقنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىندا سۆزلەنگەن)

سۆيۈملۈك ھەر مىللەت قېرىنداشلار:

غۇلجا ۋەقەسى تېنچلىق بىلەن ھەل بولدى. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، ۋەقە يۈز بېرىپ ھازىرغا قەدەر، بىر يىل سەككىز ئاي ۋاقىت ئۆتتى. ئارمىيە - خەلقتىن بولۇپ، ھەر ئىككىلا تەرەپتىن قۇربان بولغان ئادەم نەچچە ئون مىڭدىن كەم ئەمەس. دۆلەت ۋە خەلققە كەلتۈرگەن زىيىنمۇ نەچچە مىڭ مىليون يۈەندىن تۆۋەن بولمىدى، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلدى. نۇرغۇن ئادەملەر ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ بىۋاسىتە بولغان زىيان، قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن يەتكەن ۋاستىلىق زىياننىڭ سانىنى ھېسابلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. مەيلى دۆلەتكە ياكى شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتايلى، بۇ ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان بىر زور ۋەقەدۇر.

مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەقەنى تېنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئارزۇسى بىلەن مېنى ئۈرۈمچىگە سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت ئۆتكەن يىل 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلىنىپ ھازىرغا قەدەر سەككىز ئاي داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا گەرچە نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلار، كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز ھامان بۇ ئوڭۇشسىزلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ۋەقەنى تېنچ يول بىلەن ھەل قىلدۇق.

بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ تېنچلىق بىلەن ھەل بولۇشى ئەلۋەتتە ئاساسەن مەركەزنىڭ خەلق ئۈستىدىكى ئازاب - ئوقۇبەتنى نەزەردە تۇتۇپ، تېنچلىق سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكى، شۇنداقلا پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ كۆڭۈل ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى بىردەك ئارزۇ ۋە تەلىپىنىڭ تەقەززاسىدىن بولدى. لېكىن بىز يەنە ئالدى بىلەن ئۇلۇق

دوست خوشنىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا سەممىي مىننەتدارلىق
بولدۇرىمىز. چۈنكى سۆھبەت داۋامىدا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى
ھۆكۈمىتى بۇ ئوتتۇرىدا كېلىشتۈرگۈچى بولۇشقا ماقۇل
بولدى. ئىلگىرى - كېيىن يولۇپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ
ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇۋەققەت باش كونسۇلى يېۋسېيېۋ
ۋە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش كونسۇل ساۋېلىيوۋلار سىرتـ
تىن ياردەم بېرىپ، بىزگە چوڭقۇر دوستلۇق قىلىپ، كۆپ
ياردەملەر كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن قالسا يەنە غۇلجا ۋەكىللە-
رى رەھىمجان، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىملار
ۋەقەنى تېنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىككى ئوتـ
تۇرىدا چېپىپ يۈرۈپ، ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى،
زور تۆھپىلەر قوشتى. مەن مەركەزگە ۋاكالىتەن بۇ ئۈ-
چەيلەنگىمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. بۇندىن باشقا يەنە
ھەر مىللەت ھەر ساھەدىكى زاتلارمۇ ۋەقەنىڭ تېنچ ھەل
بولۇشى ئۈچۈن ۋاستىلىق ھالدا كۆپ كۈچ چىقاردى، بۇ-
مۇ بىزنىڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

مەن 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بىر سۆز قىلغانىدىم،
ئۇنىڭدا دۇنيا بويىچە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش غەلىبە
قىلغاندىن كېيىن دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەت تېنچـ
لىققا مۇھتاج، تېنچلىقنى ئۈمىد قىلىدۇ، بىزنىڭ جۇڭگوغا
جۈملىدىن شىنجاڭغا كەلسەك، بىز تېخىمۇ مۇھتاج، تېنچـ
لىقنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلىمىز، دېگەنىدىم.

ھازىر شىنجاڭدا تېنچلىق قولغا كەلدى. بىز ئۇنى ئوبـ
دان ساقلىشىمىز، سۆيۈشىمىز، يۈكسەلدۈرۈشىمىز، شىنجاڭـ
دىكى تېچنلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك تېنچلىققا مەڭگۈلۈك تېنچلىققا
ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم. قانداق قىلغاندا ئومۇمىيۈزلۈك
تېنچلىقنى، مەڭگۈلۈك تېنچلىقنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ؟
مېنىڭچە ئۇنىڭدا باشقا نەرسە يوق. يەنىلا يېقىندا ئېلان

قىلغان نۇتۇق بىلەن مۇراجىئەتنامىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، جۇڭگو — سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، خەلقچىل سىياسەتنى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت تۆت جۈملە سۆزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. بىز جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرگە قەتئىي يول قويماسلىقىمىز لازىم. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىشىمىز كېرەك. ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلايدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرگە قەتئىي يول قويماسلىقىمىز لازىم. خەلقچىل سىياسەتنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك. خەلقچىل سىياسەتكە خىلاپ كېلىدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرنى ھەرقانداق ئادەم ئۇنى پاش قىلىش ۋە توسۇشقا ھەقلىق. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. مىللەتلەر ئارىسىغا ئىغۋاگەرچىلىك سالىدىغان، مىللىي ماجىرا تۇغدۇرىدىغان ھەتتا مىللىي ئۆچمەنلىك قوزغايدىغان سۆز-ھەرىكەتلەرنى، ھەرقانداق ئادەم پاش قىلىش ۋە توسۇشقا ھەقلىق.

بىراق مەن شۇنى كۆپچىلىككە تەنتەنىلىك بىلەن ئۇقتۇرۇپ ئۆتىمەنكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت جۈملە سۆزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا يالغۇز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يۆلىنىۋېلىش كۇپايە قىلمايدۇ. چوقۇم پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ سەممىي ھىمايە قىلىشى ۋە يېقىندىن كۈچ چىقىرىشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ تۆت جۈملە سۆز قانداقتۇ مەلۇم بىر شەخس ياكى بىرەر مىللەتنىڭلا تەلىپى ئەمەس. بەلكى پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك ئورتاق تەلىپى. بىز ئىشىنىمىزكى، ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ بىردەك ھىمايە قىلىشى ۋە كۈچ چىقىرىشى

ئارقىسىدا، بۇ تۆت جۈملە سۆزنى چوقۇم، ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەڭگۈلۈك تىنچلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايمىز.

مەن ئۆلكە رەئىسى سۈپىتىم بىلەن كۆپچىلىك ئالدىدا شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، چوقۇم پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ئاددىي چاكىرى سۈپىتىدە تۇرۇپ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ئۈچۈن سەممىي ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىمەن. مۇندىن كېيىن خەلقنىڭ دەرد- ئەلىمىنى قانداق ھەل قىلىش، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى قانداق يارىتىش يولىدا پۈتۈن ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچۈمنى ئايىمايمەن. بۇرۇنقى شىنجاڭ بىر چوڭ زىندان ئىدى، دېدۇق. ئەمدى بىز شىنجاڭنى ئەركىنلىك، باراۋەرلىك گۈلزارىغا ئايلاندۇرىمىز. بىز بۇرۇن شىنجاڭ خەلقى دائىم تەپرىقىچىلىق، تېررورلۇق ۋەھىمىسى ئىچىدە ياشاپ كەلدى، ئەتىسىنى كېچىسىگە كۆزى يەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، دېدۇق. ئەمدى بىز ھەر بىر ئادەمنى تىنچ، خاتىرجەم، شاد - خۇرام تۇرمۇشقا ئىگە قىلىمىز. بىز بۇرۇنقى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنى خىيانەتچى، چىرىك ئەمەلدارلار، دېدۇق. ئەمدى بىز ئەمەلدارلىرىمىزنى ساغلام، ساپ، تىرىشچان ھەمدە خەلق ئۈچۈن سەممىي خىزمەت قىلىدىغان ئەمەلدارلاردىن قىلىپ چىقىمىز. بىز ئۆتمۈشتىكى شىنجاڭ خەلقىنى ئېزىلگەن، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان خەلق، دېدۇق. ئەمدى بىز ئادەمگە ئەركىنلىك ۋە بەخت بېرىپ، ھەر قانداق شەكىلدىكى زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيەدىن مەڭگۈ خالىي قىلىمىز. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مۇندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەممىلا ئىشىدا ئۆتكەننىكى بارلىق يامان ھادىسە، يامان ئادەتلەرنى پاك - پاكىزە سۈپۈرۈپ تاشلاپ، دەۋر بۆلگۈچ يېڭى كەيپىيات،

يېڭى ئىستىل ئارقىلىق پۈتۈن ئۆلكە خەلقىغە يېڭى تۇر-مۇش، يېڭى هايات يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. مەن ئۆ-زۈمنى موشۇ ئارزۇلارنى بىجا قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە دەپ ئېيتالمايمەن. لېكىن مەندە موشۇنداق سەممىيەت، موشۇنداق ئىشەنچ بار. بولۇپمۇ پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ همايە قىلىشى ۋە يېقىندىن كۈچ چىقىرىشى، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلقچىل هۆكۈمەتنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، بۇنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ!

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار، غۇلجا ۋاقەسىنىڭ تىنچ هەل قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بىز يېڭى بىر دەۋر بۆلگۈچ قۇرۇلۇش باسقۇچىغا قەدەم قويماقچىمىز. بىز سەنمىنجۇيى ئاسا-سىدىكى يېڭى شىنجاڭنىڭ يېڭى تارىخىنى يارىتىشىمىز، شىنجاڭنىڭ تىنچ، بىرلىككە كەلگەن، خەلقچىل، ئىتتىپاق-لاشقان يېڭى تارىخىنى يارىتىشىمىز، مەڭگۈ تىنچلىقنى، بىرلىككە كەلگەن، خەلقچىل ئىتتىپاقلاشقان يېڭى تارىخىنى يارىتىش-مىز لازىم. هازىردىن باشلاپ بۇ يېڭى تارىخنىڭ بىرىن-چى باب، بىرىنچى جۈملىسىنى يېزىشقا باشلىشىمىز لازىم. ئەڭ ئاخىردا ئۈنلۈك شۇئار توۋلايلى:

جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرەيلى!
ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى همايە قىلايلى!
دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويايلى!
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتەيلى!
شىنجاڭنى تەمىرە قىلىشنى باشلايلى!
ياشىسۇن جۇڭخۇا مىنگو!
ياشىسۇن سەنمىنجۇيى!
ياشىسۇن شىنجاڭدىكى هەر مىللەت قېرىنداشلار!

سىياسىي پروگرامما

تىنچلىق سۆهبىتىنىڭ 2 - باسقۇچىدا، مەن شىنجاڭ ئۆلكە-

لىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈشكە خادىملارنى بەلگىلىدىم. بۇنىڭدىكى مەقسەت، بۇندىن كېيىنكى شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يۆنىلىشىنى ئېنىق بەلگىلەپ، قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئورتاق قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۈچ ئاي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق بىرلايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇدا بەش قېتىم ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىلىپ، بۇ لايىھىنى خەتمۇ - خەت، قۇرمۇ - قۇر تەپسىلىي ھەم قىزغىن مۇزاكىرە قىلىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن بىردەك ماقۇللاندى، ئۇ مەزمۇن جەھەتتىن سىياسىي، دېموكراتىيە، دىپلوماتىيە، ئىقتىساد، مالىيە، قاتناش، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق توققۇز بابقا بۆلۈندى. ئاساسىي مەقسەد، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تېنچلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تىرىشىپ، سەنمىنجۇيى ئاساسىدا يېڭى شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. دىپلوماتىيە بابىدا: (1) جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ھەقىقىي رەۋىشتە كۈچەيتىش؛ (2) جۇڭگو - سوۋېت ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ (3) جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىم - پەن مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، دېگەن ئۈچ ماددا ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

پروگرامما ماقۇللاندى. مەن بۇنىڭدىن خېلىلا مەمنۇن بولدۇم. پروگرامما ئۆز بويىچە يولغا قويۇلىدىغانلا بولسا، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلالغىلى، زېمىن، ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلىكىنى قوغداپ قالغىلى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەڭگۈلۈك باياشات، بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن ئا-

ساس سالغىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدىم. ئەلۋەتتە، پروگراممانى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ قوللىشىغا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتكە نۇرغۇن مىقداردا ئادەم كۈچى، ماددىي-مالىيە كۈچى سەرپ قىلىنمىسا ئىش ھەل بولمايدۇ.

سىياسىي پروگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پروگراممىسى

مىنگو 35-يىلى 7-ئاي 18-كۈنى

(ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ 2-قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللانغان)

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدۇ. دېموكراتىك سىياسەتنى يۈرگۈزىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدۇ. ھەمدە خىيانەتچىلىكنى ھەقىقىي رەۋىشتە قەتئىي چەكلەيدۇ. زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى قەتئىي مەنئىي قىلىدۇ، قىمار ئويناشنى قەتئىي چەكلەيدۇ، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ، سەنمىنجۇيى ئاساسىدا يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنى تىنچ، ئەركىن، پاراۋان، شات-بەختىيار تۇرمۇشتىن مەڭگۈ بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى سىياسىي پروگراممىنى ئالاھىدە تۈزۈپ چىقىلدى:

## A سىياسىي

1. دېموكراتىك سىياسەتنى يۈرگۈزۈپ، خەلق سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىدىغان تولۇق ھوقۇققا ئىگە قىلىنىدۇ.

2. خەلقنىڭ ئىدىيە، سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، ئولتۇراقلىشىش، كۆچۈش، جىسمانىي، مال-مۈلۈك جەھەتتىكى تولۇق ئەركىنلىكى قانۇن بويىچە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ.

3. خەلقنى قانۇنسىز قولغا ئېلىش، سولاش ياكى جازالاشقا يول قويۇلمايدۇ. ھوقۇقلۇق ئورگاننىڭ قانۇنىي تەرتىپلىرىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ قولغا ئېلىشقا، سوراق قىلىشقا ياكى جازالاشقا بولمايدۇ.

ھەرقانداق ئىدارە ياكى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئادەمگە تەن جازاسى بېرىشى مەنئىي قىلىنىدۇ.

4. خوتۇن-قىزلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي، مائارىپ جەھەتلەردە جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىنىڭ باراۋەرلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ.

قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلۇپ، خەلقتە قانۇنغا بويسۇنۇش ئادىتى تىكلىنىدۇ.

مۇشۇ ئۆلكىدىكى ئۆرپ - ئادەتلەرگە ئويغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتى، ئالاھىدە خىلدىكى خەلق جىنايى ئىشلار قانۇن نىزامى لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ مەركەزنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە سۇنىدۇ. ئەدلىيە ئورگانلىرى ئىچىدە، شۇ يەردىكى مۇنەۋۋەر كادىرلارنى ئىشقا قويۇپ، ئورگانلارنىڭ مۇكەممەللىكىنى ساقلاپ قېلىش لازىم.

5. خەلق ئىرادىسى بىلەن سايلىنىدىغان ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ سايلىمىنى ئومۇمىيۈزلۈك، باراۋەرلىك مەخپىيەتلىك يولى بىلەن ئېلىپ بېرىش كېرەك. تىزگىنلەشكە، كۆز بوياشقا مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ.

6. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە، ناھىيىدىن تۆۋەن دەرى-

جىلىك خەلق ئىرادىسى بىلەن سايلىنىدىغان ئورگانلارنى سايلاپ چىقىش ھەم يېزا - بازارلاردىكى ئاپتونومىيە خادىملىرىنى ۋە ناھىيىنىڭ ھاكىملىرىنى سايلاپ بولۇش، بۇنىڭ تەرتىپى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بېكىتىلىدۇ.

7. ھەردەرىجىلىك سەنىيخۇي ھەيئەتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتكە نازارەت قىلىش ۋە ھەمكارلىشىش ھوقۇقىغا ئىگە.

8. ھەر دەرىجىلىك مەمۇرى كادىرلارنى، شۇ يەردىكى ھەر مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر زاتلىرى ئىچىدىن تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش لازىم.

9. دۆلەتنىڭ مەمۇرى ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىدا بولىدىغان ئالاقىلاردا دۆلەت يېزىقى بىلەن مۇسۇلمان يېزىقى تەڭ قوللىنىلىدۇ. خەلق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا خەت - ئالاقە سۇنسا يالغۇز شۇ مىللەتنىڭ يېزىقىنى ئىشلەتسە بولىۋېرىدۇ.

10. خىيانەتچىلىك ۋە خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. ئەمەلدارلارنىڭ خەلق مەنپەئىتىگە خىلاپلىق قىلىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ ھەمدە خەلقنىڭ بۇنداق ئىشلارنى پاش قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

11. قىمار، ئەپيۇن، نەشە، زەھەرلىك چېكىملىكلەر قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ.

## B مىللەت

1. مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي، مائارىپ جەھەتلەردە بىردەك باراۋەر بولىدۇ.

2. مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا

ئىناق بولۇش، ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سەممىي ئىتتىپاقلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

3. مىللەتلەرنىڭ ئەزەلدىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تىل، يېزىق، تىياتىر - بەدىئىي - سەنئەت ۋە بارلىق مەدەنىيەتلىرى جارى قىلدۇرۇلىدۇ.

4. مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئەركىنلىككە ھۆرمەت قىلىنىدۇ. دىنىي كەمسىتىشلەر بىكار قىلىنىدۇ.

5. مىللەتلەر ئارا مۇھەببەتكە بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى بىر، بىرىنى ھاقارەت قىلىدىغان، پەس كۆرىدىغان، ئۆچ - ئاداۋەت كەلتۈرىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەر قەتئىي تۈزىتىلىدۇ ۋە چەكلىنىدۇ.

6. مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، مىللىي ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاتقا بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان قىلمىشلار چەكلىنىدۇ ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئالاھىدە ياردەم بېرىلىدۇ.

## C دىپلوماتىيە

1. جۇڭگو — سوۋېت دوستلۇقى ھەقىقىي ئالغا سۈرۈلىدۇ.

2. جۇڭگو — سوۋېت ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

3. جۇڭگو - سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن مۇناسىۋىتى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

4. ھەر قايسى ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە سودا ۋە ئىلىم - پەن مۇناسىۋەتلىرى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

5. ھەر قايسى مۇناسىۋەت دۆلەتلىرى (جۈملىدىن سو-

ۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلىرى)
دىكى خەلقلەر بىلەن بولغان دىنىي، مەدەنىيەت جەھەتتى-
كى ئورتاقلىقلار ئاساسىدا، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتنى يېقىن-
لاشتۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ.

## D ئىقتىساد

1. ئۆز ئالدىغا تىرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلارغا يار-
دەم بېرىلىدۇ. ئىجارىكەشلىك ھوقۇقى قوغداپ قېلىنىدۇ.
يەرلەرنى مەركەزلەشتۈرۈۋېلىشنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، تىرىغۇچ-
نى يەرگە ئىگە قىلىش مەقسىدى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

2. ئەمگەك — ئىش ھەققىنىڭ مۇۋاپىق تەڭشىلىشى
ئالغا سۈرۈلۈپ، ئەمگەك شارائىتى ياخشىلىنىدۇ ھەمدە بالا
ئىشچىلار بىلەن ئايال ئىشچىلار ھىمايە قىلىنىدۇ.

3. زۆرۈر بولغان تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، ئىشسىزلىق مە-
سىلىسى مۇۋاپىق ھەل قىلىنىدۇ.

4. دېھقان، ئىشچىلار ۋە كۆچمە چارۋىچى خەلقلەرنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاشۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش
سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ.

5. كۆپ پايدا ئېلىپ، قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلى-
دىغان، ئېغىر دەرىجىدىكى ئىجارىكەشلىك قىلىدىغان بار-
لىق نامۇۋاپىق ئەھۋاللار قەتئىي چەكلىنىدۇ.

6. ئۆلكىنىڭ بوز يەر ئېچىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن پى-
لانلىق ھالدا سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش
ۋە تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

7. بوز يەرلەر زور مىقداردا كۆپەيتىلىدۇ، دېھقانچىلىق
تېخنىكىسى ياخشىلىنىدۇ. ئامبارلاردا زاپاس ئاشلىق ساق-
لاش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ ھەمدە سېرىق چېكەتكە قاتار-

لىق زىيانداشلار تۈگىتىلىپ قەھەتچىلىكنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

8. كېۋەز، پىلە، كەندىر ۋە ھەر خىل دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى كۆپەيتىلىدۇ. مەھسۇلات سۈپىتى ياخشىلىنىدۇ.

9. كۆپلەپ ئورمان بىنا قىلىنىدۇ ھەمدە ھازىر بار بولغان ئورمانلار مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ.

10. چارۋا نەسىللىرى ئۆزگەرتىلىپ، چارۋا ماللاردا بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ، ھەمدە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى كۆپەيتكۈچىلەر مۇكاپاتلىنىدۇ.

11. تالا، تېرە، يۇڭ ۋە ھەر خىل كۈندىلىك لازىمەتلىكلەر ئىشلەپچىقىرىلىدىغان سانائەتلەر قۇرۇلىدۇ.

12. بۇرۇنقى قول سانائەتلىرى ئۆزگەرتىلىپ يىپەكچىلىك، توقۇمىچىلىق، كۆنچىلىك ۋە باشقا يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلىدۇ.

13. مۇددەتلىك ۋە پىلانلىق يوسۇندا سېمونت، ئېلېكتىر مىخانىزاتسىيىسى، پولات - تۆمۈر، ماشىنا - ئۈسكۈنە قاتارلىق ئاساسىي سانائەتلەر بەرپا قىلىنىدۇ.

14. ھەر خىل كان مەدەنلىرى پائال رەۋىشتە قېزىپ ئۆزلەشتۈرۈلىدۇ.

15. ئىچكى سودىغا مۇتلەق ئەركىنلىك بېرىلىدۇ. ھۆكۈمەت ماددىي ئەشيالارنى توشۇپ، بازارلارنى تەڭشەپ بەرگەندىن باشقا، ھەر قانداق ئارىلىشىش سىياسىتى قوللانمايدۇ ياكى خەلق بىلەن پايدا تالاشمايدۇ، ھەمدە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تەكشۈرۈش رەسمىيەتلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، نامۇۋاپىق بولغان باج - سېلىقلار ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك مەمۇرى ئىدارىلار ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

16. تاشقى سودىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەركىزىي ھۆ-
كۈمەتنىڭ چەت ئەللەر بىلەن تۈزۈشكەن سودا كېلىشىمىدىكى
بەلگىلىمىلەر بويىچە، خەلققە ئەركىن تىجارەت قىلىش ھو-
قۇقى بېرىلىدۇ.

17. ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال، ترانسپورت قاتارلىق
ھەمكارلىق كەسپلىرى پائال تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

18. مەركەز ۋە مەزكۇر ئۆلكىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئور-
گانلىرىنى ئىشقا سېلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانا-
ئەت، سودا تارماقلىرىغا ھەر خىل پۇل قەرز بېرىش ۋە
ھەمكارلىق قەرز پۇلى بېرىش يولغا قويۇلىدۇ.

19. مەركەزنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ھۆكۈمەت باشقۇ-
رۇشىدىن سىرت بولغان ھەر خىل سانائەتلەرنى، خەلقنىڭ
باشقۇرۇشى رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ ياكى ھۆكۈمەت ۋە سودى-
گەرلەر بىللە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ.
بىراق ماناپول قىلىۋېلىشقا ياكى يالغۇز ئىگىلىۋېلىشقا
بولمايدۇ.

## E ماليە

1. ماليە جەھەتتە ئۆز - ئۆزىنى تولۇق تەمىن ئېتىش
مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئىگىلىك راۋاجلاندۇرۇلۇپ ئىش-
لەپچىقىرىش ئۆستۈرۈلىدۇ.

2. ھەر خىل باج - سېلىقلارنى ئېلىش ئىشى مەر-
كەزنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىغا ئۇيغۇن بولۇشى ھەمدە خەلق
تۇرمۇشى بىلەن خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دەخلى
يەتكۈزمەسلىك پرىنسىپ قىلىنىشى كېرەك.

3. پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلىدۇ. بەلگىلىك مۇد-

دەت ئىچىدە ئۆلكە پۇلى تارقىتىلىشتىن توختايدۇ. ھەمدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان نىسبەت بويىچە يىغىۋېلىنىدۇ (قوشۇمچە ئەسكەرتىش: مۇشۇ ماددا ساقلاپ قېلىنىپ، ئىككىنچى گۇرۇپپىغا تاپشۇرۇپ مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرى يىغىنىدا ماقۇللىنىدۇ).

4. شىنجاڭ سودا بانكىسى ئۆلكىلىك بانكىغا ئۆزگەرتىلىپ تەشكىل قىلىنىدۇ. ھەمدە خەلقنىڭ قانۇن بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق سودا - سانائەتكە ئوخشاش خاراكتېردىكى بانكا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلىدۇ.

5. ئۆلكە مالىيىسىدە ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش تەلىپىگە يېتىشتىن ئاۋۋال، مەركەزنىڭ داۋاملىق قوشۇمچە ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىش كېرەك. ھەر خىل قۇرۇلۇشلارغا كېرەكلىك خىراجەت ئۈستىدە، مەركەزدىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قوشۇمچە ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىش كېرەك.

6. ئۆلكىدىكى ئىدارىلارنى ئىخچام قىلىش، زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئىدارە ۋە خادىملارنى ئىمكان قەدەر قىسقارتىش لازىم.

7. ھەر خىل قانۇنسىز چاچقان ئالۋاڭ ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن بارلىق سېلىقلار قەتئىي چەكلىنىدۇ.

## F قاتناش

1. ئۆلكە ئىچى — سىرتىدىكى قاتناش راۋاجلاندۇرۇلۇپ، مەزكۇر ئۆلكىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

2. مەركەزدىن لوڭخەي تۆمۈر يولىنى تېز ۋاقىت ئىچىدە مەزكۇر ئۆلكىگە تۇتاشتۇرۇشنى ھەمدە پىلانلىق تۈردە ئۆلكە ئىچىدە، تۆمۈر يول قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىشنى

تەلەپ قىلىش كېرەك.

3. مەركەزدىن تېز ۋاقىت ئىچىدە ئۆلكە ئىچىدىكى دۆ-
لەت مۇداپىئە يولىنى ئۆلچەمگە لايىق رەتلەش - ياساش
تەلەپ قىلىنىدۇ.

4. ئۆلكە ناھىيە ۋە يېزا - قىشلاقلارغا بارىدىغان
يوللارنى ياساش، راۋانلاشتۇرۇش ئىشى قارارلىق ھالدا
تېز ئېلىپ بېرىلىدۇ.

5. ئۆلكە سىرتى بىلەن بولغان ھاۋا قاتناش ئىشى را-
ۋاجلاندۇرۇلىدۇ ھەمدە پىلانلىق تۈردە ئۆلكە ئىچىدىكى
ھاۋا يوللىرى ئېچىلىدۇ.

6. دەريا ئېقىنلىرى راۋانلاشتۇرۇلۇپ، ئىچكى دەريالاردا
قاتناش يوللىرى ئېچىلىدۇ.

7. ھەر خىل قاتناش ۋاسىتىلىرى كۆپەيتىلىدۇ، ئات -
ئۇلاغ ترانسپورتى كۈچەيتىلىدۇ.

8. پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى تولۇقلىنىدۇ ھەمدە پۈ-
تۈن ئۆلكە بويىچە رادىئو تورلىرى يولغا قويۇلىدۇ.

9. قاتناش تېخنىك خادىملىرى ۋە باشقۇرغۇچى خادىم-
لار كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلىدۇ.

## G مائارىپ

1. دۆلەت كۆز قارىشى ۋە مىللىي ئاڭغا ئىگە، جىسما-
نى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ساغلام بولغان دۆلەت گراژ-
دانلىرى يېتىشتۈرۈلىدۇ.

2. مەجبۇرىي مائارىپ يولغا قويۇلۇپ، مائارىپ
ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ.

3. ئۈرۈمچىدە ئۆلكە دەرىجىلىك ئالىي مەكتەپ (جۈملى-
دىن يېزا ئىگىلىك - چارۋىچىلىق ئىنستىتۇتى، تەبىئىي پەن-

لەر ئىنستىتۇتى، تىببىي ئىنستىتۇت، قاتناش ئىنستىتۇتى، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، ئەدەبىيات - قانۇن ئىنستىتۇتى قاتارلىقلار) قۇرۇلۇپ، ئالىي ئىختىساسلىق قۇرۇلۇش خادىملىرى يېتىشتۈرۈلىدۇ.

4. مۇشۇ ئۆلكىنىڭ قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا ماسلاشقان هالدا هەر خىل تېخنىكوملار ياكى كەسپىي مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا قاتلام ۋە ئاساسىي قاتلاملار ئۈچۈن ئىختىساسلىق خادىملار يېتىشتۈرۈلىدۇ.

5. هازىرقى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر رەتكە سېلىنىپ تولۇقلىنىدۇ ھەمدە رايونلار بويىچە مۇددەتكە ئايرىپ كۆپەيتىپ قۇرۇلىدۇ.

6. دارىلمۇئەللىمىنلەر كۆپەيتىپ قۇرۇلۇپ، هەر مىللەت ياشلىرى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلىدۇ، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىملىرى تولۇقلىنىدۇ ھەمدە مۇئەللىملەر كۇرسى ئېچىلىپ هازىرقى باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىملىرى قارارلىق تەربىيىلىنىدۇ.

7. خەلق مەكتەپلىرى، مەركىزىي مەكتەپلەر ۋە بالىلار باغچىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەسىس قىلىنىدۇ.

8. ياشانغانلارنى قوشۇمچە ئوقۇتۇش يولغا قويۇلۇپ ساۋاتسىزلىق تۈگىتىلىدۇ.

9. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە شۇ مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ. لېكىن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دۆلەت تىلى ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرس قىلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە بولسا، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن دۆلەت تىلى بىلەن مۇسۇلمان تىلى تەڭ قوللىنىلىدۇ.

10. هەر خىل شەخسىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك ئۆلچىمى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

11 خەلق ئاقارتىش يۇرتلىرى، كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا،
ئاممىۋى تەنتەربىيە مەيدانى قاتارلىقلار قاتارلىق ئومۇم-
يۈزلۈك تەسىس قىلىنىپ، ئىجتىمائىي مائارىپ
راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

12. قارارلىق يوسۇندا ئىچكى ئۆلكىلەرگە ۋە چەت ئەل-
لەرگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلىدۇ.

## T مەدەنىيەت

1. ئىلىم - پەن ئەركىنلىكى كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. ئىل-
مىي تەتقىقات ئىشلىرى رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.

2. مىللەتلەرنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان مەدەنىيىتى
جارى قىلدۇرۇلۇپ مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت، ئۇسسۇل،
رەسسامچىلىق ۋە ھەر خىل ئەدەبىي - سەنئەتلىرى تەشەب-
بۇس قىلىنىدۇ.

3. مەزكۇر ئۆلكىمىز بىلەن ئىچكى جايلار ۋە چەت ئەل-
لەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىلگىرى
سۈرۈلىدۇ.

4. چوڭ كۆلەمدە تەھرىر — تەرجىمە ئىدارىسى تەسىس
قىلىنىپ، ھەر مىللەت يېزىقىدىكى لۇغەت، ئەدەبىيات، قا-
نۇن، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ۋە ھەر خىل تە-
بىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتار-
لىقلارغا دائىر مەشھۇر ئەسەرلەر تۈزۈپ تەرجىمە قىلىنىپ
نەشىر قىلىنىدۇ.

5. رايونلار بويىچە موزېي، كۆرگەزمىخانىلار تەسىس
قىلىنىپ، ئۆلكىمىزدىكى ھەر خىل ماددىي بايلىقلار، قەدى-
مىي تارىخىي يادىكارلىقلار ئۈستىدە تەپسىلىي قېزىش،
رەتلەش، تەتقىق قىلىش يولغا قويۇلىدۇ.

6. ھەر خىل مىللىي سەنئەت سارايلىرى، تىياتىرخانى-
لار، مۇزىكا ئىنستىتوتلىرى قارارلىق ھالدا قۇرۇلىدۇ.
7. ئاخباراتچىلىق ۋە كىنوچىلىق ئىشلىرى
راۋاجلاندۇرۇلىدۇ.

## R سەھىيە

1. ساقلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرى كۈچەيتىلىپ، خەلق
تەنتەربىيىسى تەشەببۇس قىلىنىدۇ، ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش-
قا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.
2. ئاممىۋى تازىلىققا ھەقىقىي تۈردە ئەھمىيەت بېرى-
لىپ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى كۈچەيتى-
لىدۇ. تارقىلىۋچان كېسەللەر ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ
ئالدىنى ئېلىپ، داۋالاش خىزمىتى كەڭ دائىرىدە يولغا
قويۇلىدۇ.
3. ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش تۈزۈمى تەل-
تۆكۈس يولغا قويۇلىدۇ، ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى دوختۇر-
خانىلار كېڭەيتىلىدۇ ھەم تولۇقلىنىدۇ.
4. دورىگەرلىك سايمانلىرى ۋە ئورگانلىرى كېڭەيتىلىدۇ.
5. تېبىي دورىگەرلىك بويىچە ئىختىساسلىق خادىملار
كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلىدۇ.
6. تۇغۇت خادىملىرى يېتىشتۈرۈلۈپ، تۇغۇت ئورۇنلى-
رى تەسىس قىلىنىدۇ.
7. ساناتورىيە، دەم ئېلىش ئورۇنلىرى قۇرۇلۇپ، جاي-
لاردىكى ئارشاڭلار رەتكە سېلىنىدۇ.
8. جايلاردىكى خەلقلەر مەبلەغ چىقىرىپ ھەمكارلىشىپ
باشقۇرغان دوختۇرخانىلارنى قۇرۇش رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.
9. بالدۇر توي قىلىشتەك ناچار ئادەتلەر چەكلىنىدۇ.

10. يەرلىك تىۋىپلار تەكشۈرۈلۈپ رەتلىنىدۇ.

بۇ پروگرامما ماقۇللانغان چاغدا مەن يەنە بىر ئاز سۆز قىلدىم:

ھەيئەتلەر:

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي پروگراممىسى ئالدىنقى ھەپتىدىكى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئېچىلغان ھۆكۈمەت ھەيئىتىنىڭ 4 - قېتىملىق يىغىنىدا قىزغىن مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئالتە ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان گۇرۇپپىنىڭ بۇنى دۆلەت يېزىقى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدا رەتلەپ چىقىشقا تاپشۇرۇلغان ئىدى. بۈگۈن ئۇ (18 - چېسلا) دوكلات تەرىقىسىدە رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھەر قايسى ھەيئەتلەرنىڭ رازىلىقىدىن ئۆتتى؛ بۇنىڭ بىلەن ئۇ رەسمىي قاراردىن ئۆتكەن بولدى.

بۇ سىياسىي پروگرامما، ئىنتايىن ئەستايىدىل تەرتىپلەردىن ئۆتۈپ ماقۇللاندى. ھەر بىر سۆز ھەر بىر جۈملىگىچە كۆپچىلىك تەپسىلىي ئويلاندى ۋە قىزغىن مۇزاكىرىلەر ئېلىپ باردى. بۇنى شىنجاڭدا دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي خاراكتېرلىك ھۆججەت دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھۆكۈمىتىمىزنىڭ 25 نەپەر ھەيئىتى بۇنىڭدىن كېيىن بۇنى سەمىمىي ساداقەتلىك بىلەن يۈرگۈزۈشى، سۆز - ھەرىكەتتە مۇشۇ پروگراممىغا خىلاپلىق قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى بىز بۇ ھۆججەتنى ئۆلكە دائىرىسىدىلا ئېلان قىلىپ قالماستىن بەلكى پۈتۈن مەملىكەتكە ئېلان قىلىمىز، ھەمدە پۈتۈن دۇنيادىكى ئەربابلار بۇنىڭدىن خەۋەر تاپىدۇ. مەن شۇنداق ئويلايمەنكى، مەملىكەت بويىچە ئاساسىي قانۇن سىياسىتى يولغا قويۇلماي تۇرۇپ، بىزنىڭ مۇشۇنداق بىر سىياسىي پروگراممىغا ئىگە بولىشىمىز، ھەر قايسى ئۆلكىلەر ئۈچۈن ئۈلگە يارىتىپ بەردى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ ھۆججەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن بىز يالغۇز پۈتۈن ئۆلكە

خەلقى ئالدىدىلا جاۋابكار بولۇپ قالماستىن بەلكى، پۈتۈن
مەملىكەتتىكى زاتلار ئالدىدىمۇ جاۋابكار بولىمىز. شۇڭا كەل-
گۈسىدە مەيلى قانداق قىيىنچىلىقلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن
قەتئىينەزەر، ئۇنى يۈزدە - يۈز ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.
بىز شىنجاڭ خەلقىنى قۇرۇق سۆز بىلەن ئالدىساق بولماي-
دۇ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى زاتلارنى ئالدىساق بولمايدۇ.
شەخسەن ئۆزەمنىڭ ئىنقىلاب بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگىنىم-
گە 30 يىلدىن ئاشتى. يېشىممۇ ئاتمىشقا بېرىپ قالدى.
ھاياتىمدا ھەرگىز يالغان سۆز ياكى ساختا ھەرىكەتتە بو-
لۇپ باققان ئەمەسمەن. بۇنى ئۆزەمنىڭ 30 يىللىق ئىنقى-
لابىي تارىخىم ۋە كىشىلىك پەزىلىتىم ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا
مەن بۇ سىياسىي پروگراممىنى ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا
قىلىدىغىنىمغا قەتئىي ئىشىنىمەن. ھەر قايسى ھەيئەتلەر-
نىڭ بۇ قېتىمقى يىغىن داۋامىدا مۇشۇ پروگراممىغا تۇتقان
پوزىتسىيىسىنىڭ ئەستايىدىللىقى ۋە ئېتىبار بەرگەنلىكىگە
قاراپ، ھەيئەتلىرىمىزنىڭمۇ بۇنى چوقۇم سەممىيەتلىك بى-
لەن ئىجرا قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن!

بۇ پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى زۆرۈر شەرتلەر-
دىن مەركەزگە ئائىتلىرىنى، مەن چوقۇم كۈچۈمنىڭ يېتى-
شىچە بىجا كەلتۈرىمەن. مەسىلەن: خىراجەت جەھەتتە مەر-
كەزدىن ياردەم قوشۇپ بېرىشكە تېگىشلىكلىرىنى ئىمكانى-
يىتىمنىڭ بىرىچە تەلەپ قىلىپ ئالىمەن، يەرلىككە ئائىت-
لىرى بولسا، خەلق قىزغىنلىق بىلەن ھىمايە قىلىپ يېقىن-
دىن ياردەم كۆرسىتىشى، ھەر بىر ھەيئەتلەر بۇ جەھەتتە
تەشۋىق - تەرغىپ قىلىپ يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئىشلە -
شى لازىم. بۇ پروگراممىنىڭ پۈتۈن روھى، ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەت ھەيئەتلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتكۈزۈۋېلىش قەسەمنامىسى-
دا ئېيتىلغان پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەت بېرىمىز،

ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىمىز، دېموكراتىك سىياسەتنى
يۈرگۈزىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىمىز، دېگەن
سۆزلەردىن ئىبارەتتۇر. بۇ 4 جۈملە سۆزنىڭ بىرىنچى جۈمـ
لىسى ئومۇمىي نىشان بولىدۇ. بىز ئەڭ ئەسالىقى پۈتۈن
ئۆلكىنىڭ مەڭگۈلۈك تېنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېـ
رەك. قانداق قىلغاندا مەڭگۈلۈك تېنچلىققا كاپالەتلىك
قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ؟ مەن 7 - ئاينىڭ 1 -
كۈنى ئېلان قىلغان «پۈتۈن ئۆلكىدىكى قىرىنداشلارغا مۇ-
راجىئەت» دە مۇنداق 4 جۈملە سۆزنى ئوتتۇرىغا قويدۇم،
يەنى جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ۋەـ
تەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش؛ دېموكراتىك سىياسەتنى يولـ
غا قويۇش؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش. مۇندىن كېـ
يىن بۇ پروگراممىنىڭ ھەر بىر ماددىلىرىنى قانداق ئىز-
چىللاشتۇرۇش كېرەك، بىز بارلىق ھەيئەتلەر ئورتاق جاۋابـ
كار بولىمىز، ئەلۋەتتە، لېكىن شۇنداقتىمۇ بۇنىڭدا ئىش
تەقسىم قىلىپ ھەمكارلىشىش روھى بولۇش كېرەك. مەسـ
لەن ئالايلۇق، يۇقىرىدىكى 4 جۈملە سۆز ئىچىدە، مەركەز
بىۋاستە تەيىنلىگەن ئون ھەيئەتنىڭ جۇڭگو - سوۋېت دوستـ
لۇقىنى كۈچەيتىش ۋە دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇش،
دېگەن ئىككى جۈملە سۆزگە نىسبەتەن ئۈز ئۈستىگە ئالغان
جاۋابكارلىقى ئالاھىدە زورراق. يەرلىكتىن كۆرسىتىلگەن 15
ھەيئەتنىڭ ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، مىللەتلەر ئىتـ
تىپاقىنى كۈچەيتىش دېگەن ئىككى جۈملە سۆزگە نىسبەتەن
ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتى ئالاھىدە زورراق، تېخـ
مۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، مەسىلەن، مەن بىلەن ئىككى نەپەر
مائاۋىن رەئىسنىڭ مەرتىۋىسىنى سېلىشتۇرغاندا مېنىڭ جۇڭگو -
سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش،دېموكراتىك سىياسەتنى
يولغا قويۇشقا نىسبەتەن جاۋابكارلىقىم كۆپرەك بولىدۇ؛

مائاۋىن رەئىس ئەخمەدجان ۋە بورھانلارنىڭ ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىشكە نىسبەتەن جاۋابكارلىقى ئېغىرراق بولىدۇ. لېكىن مەن شۇنى ئىخلاس بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتەيكى، مېنىڭ ئىش ھەمكارلىقى دېگىنىم، ھەر بىر ئادەمنىڭ تۇتقان ئورنىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتىمۇ ئېغىر - يېنىكلىكتە خېلى پەرقلىنىدۇ، دېگەنلىكتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق مەنانى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بىزنىڭ سىياسىي پروگراممىمىز بىر پۈتۈن نەرسە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىر پۈتۈن گەۋدە. بىزنىڭ 25 كىشىلىك ھەيئىتىمىزمۇ بىر گەۋدە بولۇپ ئورتاق مەسئۇل بولۇشى لازىم.

مەن بۈگۈن بۇ پروگراممىنىڭ رەسمىي ماقۇللانغانلىقىغا ئىنتايىن خۇشال، بۇنىڭدىن ئىنتايىن ئۈمىدۋار. چۈنكى مېنىڭچە خەلقنىڭ باياشات، ئەركىن، شاد خورام، بەختىيار، داغدام يولغا مېڭىشى يەنى سەنمىنجۇيى ئاساسىدا يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشنىڭ ئاساسىي سېلىندى، دەپ ھېسابلايمەن. شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئۆتكەن قېتىمقى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىدا، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەدجان: «مېنىڭچە سىياسىي پروگراممىدا ئەمەلدە كۆرسىتىلىدىغانلار بولسا، شىنجاڭ جەزمەن باغۇ - بوستانلىققا ئايلىنىدۇ» - دېگەنىدى. مەن بۇ سۆزگە تامامەن قوشۇلىمەن. بىز 25 نەپەر ھەيئەت ئەزانىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ قىزغىن ھىمايە قىلىشى ۋە ياردەم كۆرسىتىشى ئارقىسىدا شىنجاڭ چوقۇم جۇڭگونىڭ باغۇ - بوستانىغا، دۇنيانىڭ باغۇ - بوستانىغا ئايلىنىدۇ.

نۆۋەتتە سىياسىي پروگراممىمىز گەرچە ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتى قۇرۇلغاندىن كې-

يىمن، يەنە تېخى ئۇلارنىڭ ئىپتىراپ قىلىشى ئۈچۈن يوللـ
ىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەركەزنىڭ تەكشۈرۈپ
ئەنگە ئېلىشى ئۈچۈن سۇنۇلىدۇ، بىراق بۇ پەقەت رەسمىـ
يەت مەسىلىسى، چۈنكى مەركەز بىزنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىـ
مىزنى چوقۇم قوللايدۇ. سەنيىغۇي بولسا خەلققە ۋەكىللىك
قىلىدىغان ئورگان، بىزنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىمىزنى ئۈمىد
قىلىشىمۇ چوقۇم.

بۈگۈن ھەممەيلەن بۇ مۇھىم لايىھەنىڭ قاراردىن ئۆتـ
كەنلىكىگە نىسبەتەن شادلىق، خوشاللىق ھېس قىلماقتىمىز.
مەن بۈگۈنكى يىغىنغا قاتناشقان چەتتىن ئىشتىراك قىلـ
غان بارلىق ھەيئەتلەر ۋە ئەپەندىلەرنى بىردەك ئورۇنلىـ
رىدىن تۇرۇپ، دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي خاراكتېرلىك بۇ ھۆجـ
جەتكە ئاۋاز بېرىشىنى تەكلىپ قىلىمەن! ھەممە پۈتۈن ئۆلـ
كە خەلقىغە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى بارلىق ھەيئەتلەرنىڭ
سىياسىي پروگراممىنى سەممىي ساداقەتلىك بىلەن ئىجرا
قىلىشتەك مەسئۇلىيەتنى ئورتاق ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى
بىلدۈرۈپ ئۆتىمەن! (پۈتۈن زالدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇ-
رۇپ ئالقىش سادالىرى ياڭراتتى)

مائاۋىن رەئىس ئەخمەدجان بىلەن مائاۋىن رەئىس بورھان
قىسقىچە سۆز قىلىپ ئۆتتى. بۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

مائاۋىن رەئىس ئەخمەدجاننىڭ سۆزى:

سىياسىي پروگراممىنى ئىجرا قىلىش يەنى تېنچلىق بىتىـ
مىنى ئەمەلدە ئىجرا قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭدىكى مەقسەت:
ئۆلكىمىزنى باغۇ - بوستانلىققا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ھا-
زىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئۇلۇق ئىنقىلاب - يەنى مەدەنىيەت
ئىنقىلابىي، مائارىپ ئىنقىلابىي، ئىلىم - پەن ياكى تېخنىـ
كا ئىنقىلابىي تۇرۇپتۇ. بۇ ئىنقىلابلار ھەر قانداق جاي
ۋە ھەرقانداق ئىجتىمائىي ئىنقىلابلاردىن قىيىن. چۈنكى ئۆ!ـ

كېمىز ئوتتۇرا ئەسىردىن يېڭى باسقۇچ دەۋرىگىچە بولغان جەريانىنى بېسىپ ئۆتمەكتە. بىزنىڭ ئورتاق، تېنچ ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەدەنىيەت ئىنقىلابىمىز دەل بىز ماقۇللىغان سىياسىي پروگراممىدىن ئىبارەت. شۇڭا مەن ھەر قايسى ۋەكىللەردىن سىياسىي پروگراممىنى ناھايىتى تېز ۋاقىت ئىچىدە ھەقىقىي تۈردە ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىمەن. بۇ مېنىڭ ئۈمىدىم.

ماۋئۇن رەئىس بۇرھاننىڭ سۆزى:

بىرىنچى، ئىككىنچى قېتىملىق ئۆلكە ئىشلىرى يىغىنىدا قوشۇمچە رەئىس جاڭ جىجۇڭ سىياسىي پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەممە سىياسىي پروگراممىنىڭ مۇھىملىقىنى ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. مېنىڭچە بۇ پروگرامما ھەقىقەتەنمۇ تارىختىن بۇيان شىنجاڭغا چاپلاشقان كېسەلگە بېرىلگەن دورا، بۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ دورا شىپالىق بېرىپ كېسەل ساقىيىدۇ. يېڭى تەقدىر، يېڭى بەخت مانا كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ ۋەزىپە ئىنتايىن جاپا - مۇشەققەتلىك، بەكمۇ ئېغىر بولۇپ، تامامەن ئامېنىڭ كۈچ - پاراستىگە، بىر دىل، بىر مەخسەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈشىگە باغلىق، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن نەچچە ئون يىللىق قاراڭغۇ زۇلمەتلىك سىياسەتنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، يېڭىلىق يارىتىپ، دېموكراتىيە ۋە بەخت - سائادەت داغدام يولىغا كىرەلەيمىز.

بىز بارلىق ھەيئەتلەر سىياسىي پروگراممىنى باشتىن - ئاياق سەممىيەتلىك بىلەن كەم - كۈتىسىز ئەمەلدە كۆرسىتىپ ۋە تەدرىجى يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ سەممىي ئارزۇ-ئۈمىدىگە ئۇيغۇنلىشىشىمىز كېرەك. مەن ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ مۇشۇ يېڭى چوڭ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، سادىقەتلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ دەۋر بۆلگۈچ خاراكتېرگە

مۇناسىپ يېڭى كادىرلاردىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. قىسقىسى بىزدە ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مەقسەت، دۆلەتكە ساداقەتلىك كۆرسىتىدىغان ئىرادە بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، بۇ پروگرامما ناھايىتى تېز ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، دېموكراتىك ۋە بەخت - سائادەتلىك يېڭى شىنجاڭ بارلىققا كېلىدۇ. بۇ پروگرامما ماقۇللانغاندىن كېيىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە يوللاپ ئەنگە ئالدۇرۇلدى ھەمدە قوشۇلغانلىق ھەققىدە جاۋاب تېلېگراممىسى تاپشۇرۇۋېلىندى.

## سايلام قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىشى

سىياسىي پروگراممىنىڭ سىياسىي قىسمىدىكى 5 -، 6 -، 7 - ماددىلىرىدا: خەلق ناھىيىلىك سەنيىخۇي ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك سەنيىخۇي ھەيئىتىنى تەشكىللەش، ناھىيە ھاكىمىنى سايلاش، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە نازارەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۆلكىلىك سەنيىخۇي ئەزالىرىنى سايلاپ، ئۆلكىلىك سەنيىخۇي ھەيئىتىنى قۇرۇش، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە نازارەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىش ھوقۇقىغا ئىگە، دەپ بەلگىلەنگەن، بىز بۇ بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىنى تېز ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش، يەنى پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان كۈرەش قىلىپ قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسىدا بولۇپ كېلىۋاتقان ھوقۇقىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن، تېزلىكتە سايلام قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىككىنچى قېتىملىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىنىڭ ماقۇللىشىغا سۇندۇق، بۇ 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنداق:

(A) (1): سايلام ئورگانلىرىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش

ئۆلكىدە، ئۆلكىلىك سايلام ھەيئىتى قۇرۇلىدۇ. بۇلىڭ ئەزالىرىنى
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كۆرسىتىپ بېكىتىدۇ. (B) ناھىيىلەردە، ناھـ
يىلىك سايلام ھەيئىتى قۇرۇلىدۇ. ھەيئەت باشلىقلىقىغا بىر ئادەم،
مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا بىر ئادەم، ھەيئەتلىككە ئۈچ ئادەم تەيىنلە
نىدۇ ھەممە ھەيئەتلەر ئارىسىدىن بىر ئادەم كاتىپلىققا كۆرسە
تىلىدۇ. بۇ نامزات ئىسىملىكى، جايلاردىكى يەرلىك زاتلار ئىچى
دىن تاللىنىدۇ ۋە ئۆلكىلىك سايلام ھەيئىتىگە مەلۇم قىلىنىپ
ۋەزىپىگە قويۇلىدۇ. (C) ھەر بىر يېزا - قىشلاق، جىڭلاردا شۆبە
سايلام ھەيئەتلىرى قۇرۇلۇپ، ھەيئەتلىككە ئۈچ ئادەم قويۇلىدۇ.
بۇلاردىن ھەيئەت باشلىقلىقىغا بىر ئادەم كۆرسىتىلىدۇ. نامزات
لارنى ناھىيىلىك سايلام ھەيئىتى شۇ يەردىكى زاتلار ۋە زىيالى
لار ئىچىدىن تاللاپ ئېلىنىدۇ. (D) ئۆلكىلىك سايلام ھەيئىتى
ئايرىم - ئايرىم ھالدا سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى
ھەر قايسى مەمۇرىي ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتىش بىلەن، ھەر بىر نا
ھىيىلەرگە نۆۋەت بىلەن بېرىپ سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ،
ھەر خىل سايلام تۈرلىرى مۇشۇ گۇرۇپپا بارغاندىن كېيىن ئۇ
نىڭ نازارىتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

(2) ناھىيىلىك سەنىيىخۇي ھەيئەت ئەزالىرىنى سايلاش:

(A) ناھىيىلىك سەنىيىخۇي ئەزالىرىنىڭ سانى ئاھالىنىڭ ئاز - كۆپ
لىكى، مىللىي تەركىب نىسبىتى بويىچە ئايرىم بەلگىلىنىدۇ. (B)
ناھىيىلىك سەنىيىخۇي ئەزالىرىنى سايلاشتا، ھەر قايسى ناھىيىلەر
دىكى شۆبە سايلام ھەيئەتلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاممىۋى
چوڭ يىغىنلارنى ئېچىپ سايلام ئىسىملىكلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلى
دۇ. ھەر قايسى شۆبە ھەيئەتلەر سايلانغانلارنى ناھىيىلىك ساي
لام ھەيئىتىگە يوللاپ بېكىتىدۇ. ئاممىۋى چوڭ يىغىن چاقىرىش
ئۇسۇلىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئايرىم بەلگىلەيدۇ. (E) ناھىيى
لىك سەنىيىخۇي ئەزالىقىغا سايلايدىغان ۋە سايلىنىدىغانلار بىردەك
مۇشۇ دۆلەتنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇشى كېرەك.

(3) ناھىيە ھاكىمىنى سايلاش: (A) ناھىيە ھاكىمى ھەر قايسى ناھىيىلىك سەنىيخۇي ھەيئەتلىرىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق سايلام يىغىنىدا سايلاپ چىقىلىدۇ. ھۆكۈمەت ۋەكالەتخانىسىنىڭ باشلىقلىرىنى سايلاش ئۇسۇلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئايرىم بېكىتىلىدۇ. (B) ناھىيە ھاكىمىنى سايلاشتا، مەخپىي يۇسۇندا ئىسىملىك يېزىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئەڭ كۆپ بېلەتكە ئىگە بولغۇچىلار سايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن سەل ئازراق بولغانلار كاندىدات بولىدۇ. ئەگەر بېلەت سانى ئوخشاش بولۇپ قالسا چەك تارقىتىش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ. (C) ھاكىم سايلاش ۋاقتىدا شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ناھىيە ھاكىمى سايلام ھەيئىتىنىڭ باشلىق ۋە مۇئاۋىن باشلىقلىرى، ئۆلكە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن نازارەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر نەق مەيداندا بولۇشى كېرەك. (D) ھاكىملىققا سايلانغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتى مۇنداق بولۇشى كېرەك: جۇڭگونىڭ دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە، بىر خىل تىل - يېزىقنى پىششىق بىلىدىغان، سىياسىي پروگراممىنى سادىقلىق بىلەن ھىمايە قىلىدىغان، يېشى 25 ياشتىن يۇقىرى بولغانلار مىللىتى، دىنى، يۇرتى، جىنسى، ئايرىلماستىن بىردەك سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. (E) ناھىيە ھاكىملىرىنى سايلاش بىپاتى ئۆلكىلىك سايلام ھەيئىتى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، ناھىيىلەرنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن، سايلام نازارەت گۇرۇپپىسىغا تاپشۇرۇلىدۇ. سايلامدىن كېيىن، نازارەت گۇرۇپپىسى قايتۇرۇپ كېلىپ تەكشۈرىدۇ.

(4) ئۆلكىلىك سەنىيخۇي ھەيئىتى ئەزالىرىنى سايلاش:

(A) ئۆلكىلىك سەنىيخۇي ئەزالىرىنى سايلاش ھەر قايسى ناھىيىلىك سەنىيخۇي ھەيئەتلىرى ناھىيە ھاكىمىنى سايلىغان چاغدا تەڭ ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئۇسۇلمۇ ناھىيىنىڭ ھاكىمىنى سايلاش بىلەن ئوخشاش. (B) ھەر قايسى ناھىيىلەردىن ئۆلكىلىك سەنىيخۇي ئەزالىققا سايلىنىدىغانلارنىڭ سانى، نوپۇسى ۋە مالىيە تەركىب

نىسبىتى بويىچە، باشقا جەدۋەلدە ئايرىم كۆرسىتىلىدۇ. (C) ئۆلـ
كىلىك سەنىيىخۇي ھەيئىتىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ
ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنى ھەرقايسى
ئاز سانلىق مىللەت جامائەت تەشكىلاتلىرىدىن كۆرسىتىلگەن
ئىسىملىك بويىچە 12 نەپەر كىشىنى ئۆلكىلىك سەنىيىخۇي ھەيئىتى-
نىڭ ئەزالىقىغا سايلايدۇ. (D) ئۆلكىلىك سەنىيىخۇي ھەيئىتى ئەزا-
لىرىنىڭ سايلىنىش سالاھىيىتى ناھىيە ھاكىملىرىنىڭكىگە ئوخشاش،
بىراق يېشى 25 تىن يۇقىرى بولسىلا بولىدۇ. باشقا چەك
قويۇلمايدۇ.

(5) سايلامنىڭ تەرتىپى ۋە پرىنسىپى: (A) ھەر خىل سايـ
لاملار چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ، ئىككى ئاي ئىچىدە
( يەنى بۇ يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ) ئورۇنلاپ بولۇنىدۇ.
(B) ناھىيىلىك سەنىيىخۇي ھەيئىتى نازارەت گۇرۇپپىسى يېتىپ بېـ
رىپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە سايلاپ چىقىلىدۇ. (C) ھەر خىل سايلام
تەكلىك ئاساستا ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەر قانداق ئادەمـ
نىڭ ئارىلىشىشىغا، تىزگىنلىشىگە ياكى كۆز بويىشىغا يول قويۇلـ
مايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ سايلىنىش - سايلاش سالاھىيىتى
بىكار قىلىنىپ، قانۇن بويىچە قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. (D)
ئۆلكىلىك ۋە ناھىيىلىك سەنىيىخۇي ھەيئىتى سايلاپ چىقىلغاندىن
كېيىن، بۇرۇنقى سەنىيىخۇي ھەيئىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

يۇقىرىدىكى بىر قانچە خىل مەزمۇنلار سايلام چارىسىنىڭ
مۇھىم نۇقتىلىرى بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسى تولۇق تېكىستى بىلەن
ئېلان قىلىنىدۇ.

بۇ سايلام قانۇنى بىر تەرەپتىن ئېلان قىلىندى، يەنە بىر
تەرەپتىن ۋىلايەت، ناھىيە، ھۆكۈمەت ۋاكالەتخانىسىنىڭ ئىجرا
قىلىشى ئۈچۈن تېلېگرامما ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىلدى. ھەممىدە
تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىلىق يوليورۇق كۆرسىتىلدى: (1) ھەر قايـ
سى ناھىيىلەردىكى سايلام ھەيئىتى ۋە شۆبە ھەيئەتلەر بىر ھەپـ

تە ئىچىدە قۇرۇلۇپ مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن تەييارلىق خىز-
مىتىگە كىرىشىلسۇن. (2) ھەر خىل سايلام، ئۆلكە تەرىپىدىن
ئەۋەتىلگەن سايلام نازارەت گۇرۇپپىسى يېتىپ بارغاندا يۈرگۈ-
زۈلسۇن. (3) بۇ قېتىملىق سايلام ئۆلكىمىزدە يۈرگۈزۈلگەن تۇن-
جى قېتىملىق ئومۇمىي سايلام، ھۆكۈمىتىمىز دېموكراتىك سىياسەت-
نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ سىياسىي پروگ-
راممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بۇ خىزمەتنى قىسقا
ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلاپ، شىنجاڭدا مەڭگۈ تىنچلىق ۋە بەخت
سائادەتنىڭ ئاساسىنى سېلىشنى قارار قىلدى. بۇنى كەڭ تۈر-
دە تەشۋىق قىلىپ خەلقىمىزگە ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەندۈرۈش ئىلت-
ىماس قىلىنىدۇ. (4) ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ساي-
لامغا ئارىلىشىشىغا، ئۇنى تىزگىنلىشىگە مۇتلەق يول قويۇلماي-
دۇ. يەرلىك زاتلار ئادەتتىكى دېموكراتىك قائىدە بويىچە ئاش-
كارا سايلام مۇسابىقىسى ئېلىپ بارسا بولىۋېرىدۇ، قانۇنغا خىلاپ-
لىق قىلىشقا، كۆز بوياشقا يول قويۇلمايدۇ.
تېلېگرامما يوللىنىپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئىككى مۇئا-
ۋىن رەئىس بىلەن كېڭىشىپ، 1946 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى
«ئۆلكىلىك ۋە ناھىيىلىك سەنىيخۇي ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىنى، نا-
ھىيە ھاكىملىرىنى سايلاش سايلىمى ئېلىپ بېرىش يۈزىسىدىن» پۈتۈن
ئۆلكىدىكى پۇقرالارغا مۇراجىئەتنامە» ئېلان قىلدۇق. بۇنىڭ
تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:
سۆيۈملۈك ھەر مىللەت قېرىنداشلار!
7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئېلان قىلىنغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت سىياسىي پروگراممىسىنىڭ سىياسىي بابىدا كۆر-
سىتىلگەن 5 -، 6 -، 7 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، خەل-
قىمىز ناھىيىلىك سەنىيخۇي ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك سەنىي-
خۇي ھەيئىتىنى قۇرۇش، بۇ ناھىيە ھاكىملىرىنى سايلاپ چىقىش،
ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىغا نازارەت قىلىش ۋە يار-

دەمقىلىش؛ ئۆلكىلىك سەنىيەخۇي ئەزالىرىنى سايلاپ، ئۆلكىلىك
سەنىيەخۇي ھەيئىتىنى قۇرۇپ چىقىش. بۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەتنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىش ھوقۇقى-
غا ئىگە دېيىلگەن. مانا بۇ «دېموكراتىك سىياسەت ئەمەلگە
قويۇلۇپ، خەلق سىياسىي ئىشلارغا تولۇق قاتنىشىش ھوقۇ-
قىغا ئىگە قىلىنىدۇ» دېگەن ماددىنىڭ (سىياسىي بابتا كۆر-
سىتىلگەن) ئىجرا قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل
ھوقۇقنىڭ ئەمەلدە يۈرگۈزۈلىشى ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەت 9- ئاينىڭ 1-كۈنى ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك سەنىيەخۇي
ئەزالىرى بىلەن ناھىيە ھاكىملىرىنى سايلاش چارىسىنى
تۈزۈپ تارقاتتى. ئەمدى مۇشۇ چارە بويىچە سايلام يۈرگۈ-
زۈلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ۋە ئىككى مۇئاۋىنىم
كۆپچىلىككە ئالاھىدە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ ئۆتمەكچىمىز:
ئالدى بىلەن بىز كۆپچىلىككە شۇنى ئۇقتۇرۇپ ئۆتىمىز-
كى، بۇ ھوقۇق ئاسان قولغا كەلمىدى. بۇ پۈتۈن ئۆلكە
خەلقىنىڭ يۈز يىللاپ، مىڭ يىللاپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ
نەتىجىسى. بىز ئۇنى قەدىرلىشىمىز، ئەتىۋارلىشىمىز كېرەك.
ھەربىر كىشى ئۆز ۋىجدانى ۋە ئادىللىق بىلەن كۆپچىلىك
ئەڭ ئىشىنىدىغان خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە تولۇق ۋەكىللىك
قىلىدىغان زاتلارنى ناھىيىلىك سەنىيەخۇي ئەزالىقىغا ۋە ناھى-
يىنىڭ ھاكىملىقىغا سايلىشىلىرى لازىم. بۇ ئەڭ مۇھىم
بىر نۇقتا. سىياسىي پروگراممىنىڭ سىياسىي بابىدىكى 5-
ماددىدا «خەلق ئىرادىسى بىلەن سايلىنىدىغان ھەر دەرى-
جىلىك ئورگانلارنى سايلاش ئومۇمىيۈزلۈك، باراۋەرلىك،
مەخپىيەتلىك يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا تىزگىن-
لىۋېلىش، كۆز بويامچىلىق قىلىش مۇتلەق مەنئىي قىلىنىدۇ»
دەپ كۆرسىتىلگەن. كۆپچىلىك بۇ قېتىمقى سايلامدا كۆز
بويامچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ بار-يوقلىقىغا، بەزىلەر تەرىپە-

قىن تىزگىنلەنگەن ياكى تىزگىنلەنمىگەنلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر موشۇنداق ئەھۋال بولسا، بۇ دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇشقا قارىتا قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق بولىدۇ. شۇنداقلا خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ كېلىدۇ، سىلەرنىڭ بۇنى رەت قىلىشىڭلار، پاش قىلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ تىزگىنلىشىنى قوبۇل قىلماسلىقىڭلار، ئۇنىڭ سايلامدا رەڭۋازلىق قىلىشىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرماسلىقىڭلار لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا كۆپچىلىك ئاندىن دېموكراتىك سىياسەت ئاستىدىكى ئىلغار پۇخرا بولالايدۇ. كۆپۈنچە ئىچكى ئۆلكىلەردە ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك سەنيىخۇي ئەزالىرى سايلام ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ناھىيىنىڭ ھاكىمىغا قارىتا تېخى خەلق سايلىمى يۈرگۈزۈلمىدى. ھازىر شىنجاڭنى بۇ جەھەتتە ئالدىدا كېتىۋاتىدۇ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەگەر بۇ قېتىمقى سايلام تولۇق قانائەتلىنەرلىك ئورۇنلانسا، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى ئۆلكىلەر ئۈچۈن نەمۇنە بولۇپ قالالايدۇ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ شان - شەرىپى، مەن كۆپچىلىكنىڭ مۇشۇنداق شان - شۆھرەتكە چوقۇم مۇيەسسەر بولىدىغانلىقىغا، شىنجاڭنى جەزمەن ھەر قايسى ئۆلكىلەر ئۈچۈن ئۈلگە قىلىپ چىقالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

يەنە بىرسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغىلى ئىككى ئاي بولدى. شۇنى يوشۇرماي ئېيتالايمىزكى، يەنە ئاز ساندىكى كىشىلەر دېمدكراتىيە ئەركىنلىك دېگەننىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە يەتمەيۋاتىدۇ. ھازىر دېموكراتىيە ئەركىنلىك دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەر مەۋجۇت. بىراق ھەممەيلەن شۇنى چۈشۈنىشى لازىمكى، دېموكراتىيە دېگىنىمىز سىياسىي تۈزۈم، ئەركىنلىك دېگىنىمىز خەلققە بېرىلگەن ھوقۇق، لېكىن بۇ ئىككىسى قانۇن دائىرىسىدىن چەتنىگەن

ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، بەنى ئۇلار قانۇننى ئا-
ساس قىلىدۇ. مۇبادا سىياسىي تۈزۈم قانۇن ئاساسىدا تۇر-
غۇزۇلمىسا، زوراۋانلىق، ئىستىبداتلىق يولغا قويۇلسا، بۇنى
دېموكراتىيە دېگىلى بولمايدۇ؛ خەلقنىڭ ئەركىنلىكىمۇ قانۇن
ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلمەي قارغۇلارچە ھەرىكەتلەردە
بولسا، بۇمۇ ھەقىقىي ئەركىنلىك ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئېيتالايمىزكى، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش بولمى-
سا، دېموكراتىك سىياسەتمۇ بولمايدۇ، قانۇن بىلەن ئىدارە
قىلىش بولمىسا، دېموكراتىك سىياسەتمۇ بولمايدۇ قانۇن بىلەن
ئىدارەقىلىش بولمىسا، خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ھەم بولمايدۇ. بىز
دېموكراتىك سىياسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن قانۇنىي ئىدارە قى-
لىشقا بويسۇنۇشىمىز، ھەر خىل ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈ-
رۈش ئۈچۈن قانۇنىي ئىدارە قىلىشقا ئەمەل قىلىشىمىز لا-
زىم. سىياسىي پروگرامما خەلق ئەركىنلىكىگە قىلىنغان بىر
خىل كاپالەت، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزى بىر قانۇن، خەلق
مۇشۇنداق قانۇنغا تايانغاندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەركىن-
لىكى كاپالەتكە ئېرىشەلەيدۇ، سىياسىي بابنىڭ 2-ماددىسى-
دا: «خەلقنىڭ تەپەككۇر، سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش، تەش-
كىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، ئولتۇراقلىشىش، كۆچۈش جىسمانىي،
مال-مۈلۈك جەھەتتىكى تولۇق ئەركىنلىكى قانۇنىي كاپا-
لەتكە ئېرىشىدۇ»؛ 3-ماددىسىدا: «خەلقنى قانۇنسىز قول-
غا ئېلىشقا، تۇتۇپ تۇرۇشقا ياكى جازالاشقا يول قويۇلماي-
دۇ»؛ 4-ماددىسىدا: «قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش يولغا
قويۇلۇپ، خەلقتە قانۇنغا بويسۇنۇش ئادىتى يېتىشتۈرۈلىدۇ»،
دېيىلگەن.

ھەربىر ماددىدا قانۇنغا ئاساسلىنىش ھەققىدە سۆز بار.
ئۇنىڭ شۇنداق يېزىلىشىدىكى سەۋەبىمۇ مانا شۇ يەردە.
مۇشۇ داۋلىنى چۈشەنگەندىلا دېموكراتىيە-ئەركىنلىكنىڭ

ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلگىلى، مۇشۇ داۋلىغا ئەمەل قىلغاندىلا، دېموكراتىيە-ئەركىنلىكتىن بەھرىمان بولغىلى بولىدۇ. بۇنى بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىساق، ھۆكۈمەت قانۇنغا ئەمەل قىلىش، خەلق قانۇنغا ئەمەل قىلىش، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق بىرلا قانۇنغا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم دېگەنلىك بولىدۇ. قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، دىمدكراتىك سىياسەت دېگەن مانا شۇ!

بىزنىڭچە بۇ قېتىمقى سايلامنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور. ئۇنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى، ئۇنىڭدىكى پايدا-زىيان پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن بىر سىناق تېشىدۇر. يەنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈمى يولغا قويۇلغان دۆلەتنىڭ خەلقى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكى، بۇ قېتىمقى سايلامدا ئېنىق بولىدۇ. كۆپچىلىك جەزمەن ھازىرقى دېموكراتىك دۆلەتنىڭ خەلقلىرىدىن بولۇپ، دېموكراتىك سىياسىي يولدا مېڭىپ، پارلاق باياشات، بەختىيار ئىستىقبالغا قەدەم قويىدۇ!

شۇندىن كېيىن ھەرقايسى ناھىيىلەردە ناھىيىلىك سەنىيخۇي ھەيئەتلىرى ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى. ناھىيە ھاكىملىرىمۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ سايلاپ چىقىلدى. نەتىجىدە پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىنىڭ جۈملىدىن، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەممە ناھىيە ھاكىملىرى شۇ يەردىكى زاتلاردىن سايلىنىپلا قالماستىن، مىللىي تەركىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، خەلق سايلاپ چىققان ناھىيىلىك سەنىيخۇي ھەيئەت ئەزالىرى ئىچىدە، ئۇيغۇرلار 59.31% نى تەشكىل قىلدى. شۇ چاغدا مەن دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ بولدى، دەپ ھېسابلىغانىدىم. بىراق ئۆلكىلىك سەنىيخۇي ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىش، ئۆلكىلىك سەنىيخۇي

ھەيئىتىمنى قۇرۇش خىزمىتى ئىنتايىن زور ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ، ناھايىتى زور داۋالغۇشلار يۈز بەردى. بۇنى كېيىن بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

## غۇلجىغا زىيارەت

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغان ۋە سىياسىي پروگرامما يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەن غۇلجىنى زىيارەت قىلىش قارارىغا كەلدىم. بۇ سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش ئىدى. چۈنكى غۇلجا ئۆزگىرىشى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتتىن قوزغالغان بولۇپ ئۈچ ۋىلايەت بولسا، غۇلجىنى مەركەز قىلغان. ھازىر پۈتۈن ئۆلكە تىنچ بىرلىككە كېلىشكە قاراپ يۈزلىنىپ، بارلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىنى سىياسىي پروگرامما بويىچە ئېلىپ بېرىش زۆرۈر بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن قوشۇمچە رەئىسلىك سالاھىيىتىم بىلەن غۇلجىنى زىيارەت قىلىش، كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق، ئىككى تەرەپنىڭ قايتىدىن ھەمكارلاشقانلىقىنى، ئۈچ ۋىلايەتتىكى زاتلارنىڭ كونا كۆز قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى تونۇش ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىمنى ئىزھار قىلماقچىمەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى زۆرۈر.

مەن مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەدجانغا غۇلجىنى زىيارەت قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىمدا، ئۇ دەرھال ماقۇل بولدى، لېكىن ئاۋال بىر قايتىپ بېرىپ تەييارلىق كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنەتتىم. چۈنكى ئۆزگىرىشنىڭ ئالدى - كەينىدە ۋە تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندا ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تولۇق بىرلىك يوق ئىدى. ئۇ مېنىڭ زىيارىتىمنى ئەلۋەتتە رەت قىلالمايتتى. بىراق ئۇنىڭ مېنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلەم ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى

پىكىر بىرلىك مەسىلىسىنى ئويلانماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. مەن ئۇنىڭ غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ، مېنىڭ غۇلجىنى زىيارەت قىلىدىغانلىقىمنى ئېلان قىلغاندا، بەزىلەرنىڭ قارشى چىققانلىقىنى ۋە بەزى سۆزگە كىرمىگەن رادىكال ئۇنسۇرلارنى ۋاقتىنچە نازارەت ئاستىغا ئېلىپ، تەسادىپى ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقىنى كېيىن ئۇقتۇم. بۇ توغرىدا مەن ئۇنىڭدىن ۋە باشقا غۇلجىلىق دوستلاردىن چوڭقۇر مىننەتدارمەن.

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مەن دىخۇادىن غۇلجىغا قاراپ ئۇچتۇم. مەن بىلەن بىرگە سەپەر قىلغانلاردىن دىخۇا شەھەر باشلىقى چۈي ۋۇ، ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن دىپلوماتىيە خادىمى ليۇزېرۇڭ، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ زېڭشەن، غەربىي - شىمال مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مائاۋىن سەنمۇجاڭى ليۇدېڭ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك تەپتىش ئەمەلدارى مەسئود قاتارلىق كىشىلەر باردى. باشقا ھەمراھلار ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، 2 - 3 كۈن بۇرۇن يېرىپ بولغانىدى. بىزنى غۇلجا ۋىلايەت مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشتۇردى. دەرۋازىنىڭ سىرتىدا ئاسمان ۋە قۇياش چۈشۈرۈلگەن دۆلەت بايرىقى ئېسىلغانىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا كوچىنىڭ مەلۇم جايلىرىدا «شەرقىي تۈركىستان» دۆلەت بايرىقىمۇ ئېسىلغان، بىز كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلار ھەقدەقەتەنمۇ تازا باش قاتۇرۇپ پۈتۈن شەھەر بويىچە «شەرقىي تۈركىستان» بايرىقىنى يىغىشتۇرىۋەتكەن.

ئەخمەدجان باشچىلىقىدىكى غۇلجا تەرەپ بىزنى ئىنتايىن سەمىمىي قىزغىن كۈتىۋالدى. كۈنتەرتىپلەر ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەر كۈنلۈكى زىياپەت بولۇپ تۇردى. زىياپەتلەر چوڭ مېۋىزارلىق باغ ئىچىدە ئۆتكۈزۈلدى. باياشات داستىخانلار ئۆز رېتى بىلەن ئارقىمۇ - ئارقا سېلىنىپ تۇراتتى، تۈرىمۇ كۆپ ئىدى. زىياپەت داۋامىدا يەنە ناغرا، سۇناي، مۇزىكا - ئۇسۇل قاتارلىق سەنئەت نومۇرلىرى ئوينىلىپ تۇردى،

تاماقمۇ ئۈزۈلمەي كەپ تۇردى. بەزىدە ئەتىگەنلىكى سائەت 9 دىن تارتىپ تاكى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 ـ 5 لەرگىچە يەپ ـ ئىچىپ، زىياپەت بىلەنلا ئۆتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئەڭ ئالىي مېھمانغا قىلىنغان ھۆرمەت بولۇپ، ئادەتتىكى مېھمانلارغا قارىتا بۇنداق قىلىنمايدىكەن.

غۇلجىغا قىلىنغان بىر ھەپتىلىك زىيارەت داۋامىدا، بىز جۇڭگو ـ سوۋېت چېگرىسى بولغان قورغاسقا، بېلىق مەھسۇلاتى مول، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېقىپ كىرىدىغان ئىلى دەرياسىغا، سەنتەي، ۋۇتەيلەرنىڭ مەنزىرىلىك رايونى بولغان سارەۇسقا، سۈيدۈڭ، توققۇزتارا، نىلقا ناھىيىلىرىگە باردۇق. جايلارنى زىيارەت قىلغان چېغىمىزدا، شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. بىز يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرىلا ئۇلار يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن ۋە ھاراق، مېۋە ـ چېۋە، چاي ـ پىرەندىكلەرنى ۋە دەم ئالىدىغان چېدىر ـ بارگاھلارنى تەييارلاپ قويغان ئىكەن. ئۇلار بىزنى قىزغىن سەمىمىي كۈتىۋالدى. ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى سەمىمىي بولۇپ، بىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى.

يول ئۈستىدىكى زىيارەتتە مەن ئاممىغا نۇتۇق سۆزلىدىم، ئۇلار بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشتىم. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئىچكى قەلبىدىن ۋەتەنگە تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان سەمىمىي مۇھەببەت چىقىپ تۇراتتى، مەن سۆزۈمدە مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى، تىنچ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنى، جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇقىنى، ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىشنى تەكىتلىدىم، غۇلجىدا مەن يەنە خەنزۇ مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى زىيارەت قىلدىم، ھەمدە شۇ يەرلىك خەنزۇ مەسئۇل خادىملارنى چاقىرتىپ سۆھبەتلەشتىم.

بەزىلەر شىنجاڭ تارىختىن بۇيان «10 يىلدا بىر چوڭ قالايمىقانچىلىق، 5 يىلدا بىر كىچىك قالايمىقانچىلىق يۈز

بىرىپ تۇرىدىغان» جاي دېيىشىدۇ. مىللىي ئاداۋەت ناھايىتىمۇ چوڭقۇر ئىكەن. ھەر قېتىم قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە ھەر قايسى مىللەتلەر، بولۇپمۇ خەنزۇلار بىلەن تۈركىي تىل سىستې-مىسىدىكى مىللەتلەر بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشىپ كەلگەن. بۇ قېتىمقى غۇلجا ئۆزگىرىشىدىمۇ ھەم شۇنداق بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى خەنزۇلار كۆپ ئۆلتۈرۈلگەن. بەزى جايلاردا قېرى-ئاجىزلار، خوتۇنلار ۋە نارىسىدە بالىلاردىن بولۇپ، بىر قانچە ئون كىشىلا قالغان. غۇلجىدا قەپقالغان خەنزۇلار ئارىسىدىمۇ قېرى، ئاجىزلار، خوتۇن - قىزلار، نارىسىدە بالىلار كۆپ سان-نى ئىگەللەيدۇ. ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ھەممىسى قىرىپ تۈگىتىلگەن.

خەنزۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەدجان مەن بىلەن سۆزلەشكەنىدى. ئۇ ئىنقىلاب كۆتىرىل-گەن چاغدا بەزىلەر خەنزۇلارنى قىرغىن قىلىشنى تەشەببۇس قىلغاندا، ئۆزىنىڭ قارشى تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە ئە-سەبىيلەشكەن ئۇنسۇرلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلغان بول-ساق، ئېھتىمال خەنزۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ قالمىغان بولاتتى، دېدى. مەن شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭغا: ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات، ھازىردىن باشلاپ مىللىي ئاداۋەت كونا تارىخىي ئىز پېتىچە قالسۇۋەرسۇن، ئەمدى ئۇنى قايتا تەگەپ ئولتۇرمايلى، مۇشۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا مەڭگۈ تېنچلىقنىڭ ئورنىتىلىشى، مىللەتلەرنىڭ مەڭگۈ ئىتتىپاق ئۆتىشىنى، ئۆتمۈش تارىختىكى جىنايى قىلمىشلارنىڭ قايتا تەكرارلانماسلىقىنى ئۈمىد قىلايلى، بۇ ھەممىمىزنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئورتاق مەسئۇلىيەت، دېدىم. ئەمەلىيەتتىمۇ راست شۇنداق. گەپنى يىراقتىن قىلماي، نيەن گېڭياۋ-نىڭ «خۇيزۇلارنى بېسىقتۇرۇشى» دىنلا باشلىساق، خەنزۇلار شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، ھەر مىللەت خەلقىگە ئۆزلۈك-سىز قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ كەلگەن؛ بولۇپمۇ شېڭ شىسەينى

ئالساق، ئۇ مەيلى ئازسانلىق مىللەت ياكى خەنزۇ بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەدەپ كەڭ قىرغىنچىلىق قىلىنغان. ئاز سانلىق مىللەتلەر ھۆكۈمرانلارنىڭ پەقەت خەنزۇ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپلا، خەنزۇلار بىزنى ئۆلتۈردى دەپ قارىغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن مۇددەتلىك مىللىي ئۆچمەنلىكنىڭ ئۇرۇقى تېرىلىپ كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارمۇ قوزغىلاڭ يۈز بېرىش بىلەنلا، قىساس ئېلىش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، بىر پەس قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن. تارىختىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار تېرىپ قالدۇرغان مۇشۇ جىنايى سەۋەبلەر كاساپىتىدىن كېلىپ چىققان ئېچىنىشلىق پاكىتلار ئالدىدا بىز يەنە نېمە دېيەلەيمىز!؟

غۇلجىدا زىيارەتتە بولىۋاتقان مەزگىلىمدە، يەنى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مەن غۇلجا بويىچە ئەڭ چوڭ باغ - ھەرەمباغدا 1500 دىن ئارتۇق ھەرمىللەت ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا ھۆكۈمەت زىياپىتى بەردىم ۋە نۇتۇق سۆزلىدىم. شۇ چاغدا تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن تۆت ئەتراپقا يىغىلغان ئاممىمۇ بىر قانچە مىڭدىن ئاشىدۇ، مېنىڭ نۇتقىمدىكى سۆزلەر ناھايىتى قەتئىي، لېكىن پوزىتسىيەم ئىنتايىن سەممىي بولۇپ، خېلى ئوبدان ئىنكاسلار قوزغىدى.

مەن ئالدى بىلەن مۇنۇلارنى كۆرسەتتىم: بۇ قېتىمقى غۇلجا ۋەقەسىنىڭ تېنچ ھەل قىلىنغانلىقى، ئاساسەن مەركەزنىڭ تېنچلىق سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلغانلىقى ۋە ئۇلۇق ئىتتىپاقچىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ چەتتىن ياردەم بەرگەنلىكىدىن بولدى، ئۇ شۇنداقلا يەنە پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ، تېنچلىقنى بىردەك تەلەپ قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئېيتالايمىزكى، تېنچلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى، خەلقنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى بولىدۇ، شۇنداقلا شىنجاڭ خەلقىنىڭ تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى بولىدۇ.

ئاندىن كېيىن، ئۆزەمنىڭ ئەخمەدجان ۋە بۇرھان ئىككى مائاۋىن رەئىس بىلەن بىرگە يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن سەممىيەت بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىش ئېلىپ بارغانلىقىمىز مەسىلەن: سىياسىي پىراگراممىنىڭ ئوڭۇشلۇق قاراردىن ئۆتكەنلىكى، ئۆلكىلىك سەنىيخۇي ئەزالىرى بىلەن ناھىيە ھاكىملىرىنى سايلاش چارىسىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى، مائارىپ تۈزۈمىنىڭ تۈزىتىلىپ بېكىتىلگەنلىكى، كارخانا - شىركەتلەرنى قىسقارتىش - ئەمەلدىن قالدۇرۇش، شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان خەلقنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئېنىقلاپ قايتۇرۇش ۋاھاكازالار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۈم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۆزئارا سەممىي ھەمكارلاشقانلىقىمىزنى، نىشانىمىزنىڭ بىر ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە سىياسىي پىراگراممىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. دېمۇكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇش، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭگو - سوۋېت ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈستىدە قىسقىچە ئىزاھات بەرگەنىمنىڭ سىرتىدا يەنە بۇنىڭ بىر شۇئار ياكى ئۇمىد ئەمەس، بەلكى پات ئارىدا پەيدىن - پەي ئەمەلدە كۆرسىتىلىدىغان پاكىت ئىكەنلىكىنى، مۇندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرەپلا بۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قەتئىي ئىجرا قىلىپ قالماي، بەلكى پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭمۇ بۇ پىراگراممىنىڭ ئەمەلدە ئىجرا بولۇشىنى ھىمايە قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا نازارەت قىلىشى لازىملىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتۈم. 3 ۋىلايەت ئۆلكىمىزنىڭ بىر قىسمى، ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا مەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىدا قىلغان سۆزۈمدىن نەقىل كەلتۈرۈپ: شىنجاڭدا تىنچلىق قولغا كەلدى، بىز ئۇنى ئوبدان ساقلىشىمىز، ئاسرىشىمىز، يۈكسەلدۈرۈشىمىز، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭدا مەڭگۈ

تېنچلىق ئورنىتىشىمىز لازىم. قانداق قىلغاندا شىنجاڭدا ئومۇمييۈزلۈك مەڭگۈ تېنچلىق ئورناتقىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن: جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، دېموكراتىك سىياسەتنى ئەمەلگە قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت تۆت جۈملە سۆزنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك، دەپ سۆزۈمنى تاماملىدىم.

بۇ نۇتۇق شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىندى.

غۇلجىدىكى زىيارەت مەزگىلىدە، مەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى دوباشىن بىلەن بىرقانچە قېتىم سۆھبەتلەشتىم. ئۇ مېنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئۇ تەكلىپ بويىچە كۆپلىگەن يىغىنلارغىمۇ قاتناشتىم. بىراق دەسلەپكى كۆرۈشكەن چاغدا، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى بىر ئاز قاتتىقراق، گەپ - سۆزلىرى قوپالراق كۆرۈندى. كېيىن بىز جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالايدىغانلىقىمىزنى تەكرار بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ سەممىي مۇئامىلە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن سۆھبىتىمىزمۇ يۈرۈشۈپ كەتتى. كېيىن ئاڭلىسام، ئۇ مېنىڭ پوزىتسىيەمگە نىسبەتەن ناھايىتى قايىل بولغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئېھتىمال مېنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىمنى ئۇمۇ بىرقەدەر چۈشىنىپ يەتكەن بولۇشى كېرەك. مېنىڭ سوۋېتكە مايىل تەشەببۇسلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلگىنىمگە بىر قانچە 10 يىل بولغانىدى. بۇ ئىچكى ئامىل بولمىسا تاشقى كۆرۈنۈش شەكىللەنمەيدۇ. ئۇنىڭ مېنى چۈشىنىشتىن ئىلگىرى پوزىتسىيىدە قاتتىقراق بولغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولاتتى.

غۇلجىدا بىر ھەپتە تۇردۇم. مېنىڭچە مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ چىقاردى. ئۇنىڭدا ھەر قاچان جىددىي ۋە ئېھتىياتچانلىق قىياپەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئالدى بىلەن ئۇ مېنىڭ بىخەتەرلىكىم ئۈچۈن ئالاھىدە

باش قاتۇردى. مەسىلەن: ھەرەمباغدىكى كاتتا زىياپەتكە كەل-
گەن مېھمان شۇنچىۋالا كۆپ، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ئاما
تېخىمۇ تولۇپ كەتتى. يەنە كېلىپ بۇ يەر ئۈچ ۋىلايەت ۋەقەسىنىڭ
مەركىزى رايونى ھېسابلىناتتى. ۋەقە ئەمدىلا تىنچلىنىپ، كىشى-
لەرنىڭ پىكىر ـ ھېسسىياتلىرى نورمال ھالەتكە تېخى قايتىپ كەلمىگەن
ئەھۋال ئاستىدا، مېنىڭ كەڭ ئاممىنىڭ ئالدىغا مەيدىنى كېرىپ
چىقىشىم ئۇلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ سۆزلىشىشىم، تولۇپ كەتكەن ئا-
دەملەرنى ئەندىشىگە سالغانىدى. بەزىلەر مېنى قاپتەك يۈرىكى
باركەن دېيىشىپتۇ. مېنىڭچە مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان بۇنىڭ-
دىن تولىمۇ ئەنسىرىگەنىدى. بەلكى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە
شۇ چاغدىكى تەرتىپنى ساقلاش ئۈچۈن ناھايىتىمۇ كۆپ كۈچ
كەتكەندۇ؟

بۇ قېتىمقى سەپەردىن قولغا كەلگەن ئۇتۇق ئاز ئەمەس،
سىياسىي جەھەتتە كۆپلىگەن ياخشى تەسىراتلارنى پەيدا قىلدى.
ئومۇمەن بۇ سەپىرىمىز بىھۇدە بولمىدى.

## دۆلەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى

1946 ـ يىلى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى دۆلەت خەلق قۇرۇلتىيى
چاقىردى. بۇنىڭغا شىنجاڭدىن بېرىشقا تېگىشلىك ۋەكىل 18 نە-
پەر بولۇپ، ئىلى ۋىلايەت يەتتە سانىنى ئىگىللىدى. ئۇلار: مۇ-
ئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئابباسوۋ، ئەن-
ۋەر سالىجان، خەمىت سۇلتان، ئابلەھەت مەخسۇم، كېرىم ھاجى،
زىيا قاتارلىق يەتتە كىشىدىن ئىبارەت. قالغان 11 نەپەر ئادەم
يەتتە ۋىلايەتتىن بولۇپ، مېنىڭ ئىسمىدە قېلىشىچە ـــ خادىۋاڭ،
ئامىنە، ئەيسا، ۋۇجىڭبېن، چاۋجاپۇ، مەھەممەت ئىمىن، جاۋجيەن-
فېڭ قاتارلىقلار.

مېنىڭ شىنجاڭغا كەلگىنىمگە يېرىم يىلدىن ئاشقان بولۇپ،

ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قالغانىدىم. دۆلەت قۇرۇلتىيىنىڭ بىر تەرەپلىمە ھالدا چاقىرىلىشىغا نىسبەتەن، ئاڭلىشىمچە جۇڭگو كومپارتىيىسى قارشى چىقىپتۇ. نەنجىن ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈمدە ھېچقانداق ئىدىيە تەييارلىقى بولمىغانلىقتىن، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان بىلەن مەسلىھەتلەشتىم، ئۇ قاتنىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مېنىڭچە بۇ ۋەتەنگە تەلپۈنگەنلىكنىڭ ئىپادىسى ئىدى، مەنمۇ بۇنىڭغا ماقۇل بولدۇم. بۇ ئاتالمىش ئاساسىي قانۇن تۈزۈش قۇرۇلتىيى بولۇپ، بۇنى تېخى ئاساسىي قانۇننى يۈرگۈزۈش قۇرۇلتىيى دېگىلى بولمايتتى. ئۇلار يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، مەن مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجاندىن: تەكلىپ لايىھىسى تەييارلىدىڭلارمۇ - يوق، دەپ سورىدىم. ھەمدە تەكلىپ لايىھە بولغان تەقدىردىمۇ، ئارتۇقچە ئارزۇلاردا بولماسلىق ھەققىدە، مەسىلەن: تىنچلىق سۆھبىتى مەزگىلىدە قايتۇرۇۋالغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسى، يۈكسەك ئاپتونومىيە مەسىلىسى قاتارلىقلار، دەپ بىشارەت قىلدىم. ئۇ: ھازىر بىزدە تەييارلىغان تەكلىپ لايىھە يوق، نەنجىنگە بارغاندىن كېيىن، ئەھۋالغا قاراپ بىر نەرسە دەرمىز، دېدى.

ئۇلار نەنجىنگە بارغاندىن كېيىن، ئاڭلىشىمچە شىنجاڭلىق بىر قىسىم ۋەكىللەر دۆلەت قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ لايىھىسى سۇنغان، جۈملىدىن شىنجاڭنى جۇڭخۇا مىنگو تەۋەسىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئۆزگەرتىپ، يۈكسەك ئاپتونومىيە بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئەنزىمۇ باركەن. تېلېگرامما مەزمۇنى قىسقا بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى بىلىش مۇمكىن بولمىدى. مېنىڭ نەزەردە تۇتقىنىم، ئىچكى جايلاردىكى زاتلارنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسى بىلەن ئانچە تونۇشلۇقى يوق، مۇزاكىرە قىلغاندا ئاسانلا يوققا چىقىرىش ياكى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ تاشلاپ، ناچار ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

شۇڭا مەن، يۈي يۈرېن، سۇن كې، جاڭچۈن، شياۋلىزى، ۋۇتېپچېڭ، ۋاڭشىجيې، چېن لىخۇ، بەي چۈڭشى، چېن چېڭ، خوڭلەنياۋ قاتارلىق كىشىلەرگە ئالاھىدە تېلېگرامما يوللاپ، ئۆزۈمنىڭ پىكرىمنى يەتكۈزدۈم. ھەممە ئىشتىن بۇرۇنقى كېلىشتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلىدىم.

مەن مۇنداق دېدىم: ئۇلار ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان مىللىي ئاپتونومىيە مەسىلىسى، زۇڭلىنىڭ ۋەسىيىتىدە مەلۇم نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە. بىراق ئۇلار مىللىي ئاپتونومىيە بىلەن يۈكسەك ئاپتونومىيە ئوتتۇرىسىغا بەلگىلىك چەك قويمىغان. ئادەتتىكى يەرلىك ئاپتونومىيە دېگەن بىلەن ئارىلىقى قانچىلىك، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشمۇ تەس. ئەگەر ساپ نەزەرىيە نۇقتىئىنەزەرىدىن ئېيتقاندا، مەملىكەت ئىچىدىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئۆلچىمى كەڭرەك بولغان ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى بېرىش، مىللىي مەسلەكنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەمما مەملىكەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەسىلىسىمۇ ھەر قايسى جايلاردا ھەر خىل. مىسالى، ئىچكى موڭغۇلنى ئالساق، بۇ يەردە چەتئەلگە چېتىلىشىدىغان مۇناسىۋەت يوق. شىزاڭنى ئالساق، ئەنگلىيە، ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىقنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن داۋاملىق شىزاڭغا خىرىس قىلىش ئېھتىمالىمۇ قالمىدى. بۇندىن كېيىن شىزاڭنىڭ ۋەتەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ياخشىلىنىشى مۇمكىن. ھازىر شىنجاڭنىڭ ۋەتەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى گاھ قوشۇلۇش، گاھ چەتنەپ كېتىش ھالىتىدە تۇرماقتا. دۆلەتنىڭ شىنجاڭنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتە ئىشلىگەن خىزمىتى يېتەرلىك بولمىدى. ئۆلكە ئىچىدىكى مىللەتچى ئۇنسۇرلار گەرچە ھازىر ئۆتكەنكى تەلەپلىرىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويمىسىمۇ، لېكىن مۇستەقىللىق دەۋاسىنى ھامان يۈرىكىدە ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ يۈكسەك ئاپتونومىيە دېگىنى ئېنىق، كونكرېت چۈشەندۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئومۇمەن قىلىپ يەشكەندە،

ئاساسەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان. مۇبادا دۆلەت خەلق قۇرۇلتىيى بۇ پرىنسىپنى قوبۇل قىلىپ، ئاساسىي قانۇندا ئاددىي، مۇجمەل بىر بەلگىلىمىنى بېكىتىپ قويسا، ئاساننىلا كىشىلەر تەرىپىدىن بۇرمىلىنىپ، ئۇلاردا ھەددىدىن ئارتۇق تەلەپنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭ بىلەن ۋەتىنىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە پەيدىنپەي يىراقلىشىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر بۇ مەسىلىدە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان زىددىيەت كېلىپ چىقتى. بۇنى ھەل قىلىش ناھايىتى تەس، ئەگەر دۆلەت قۇرۇلتىيى ئۇلارنىڭ تەلىپىگە تۈپتىن پەسەنت قىلمىسا ياكى كۆپ ئاۋاز بىلەن بۇنى رەت قىلىۋەتسە، ئىجرا قىلغاندا ئاسان چۈشكەندەك قىلغان بىلەن ئاقىۋەتتە رادىكاللارنىڭ خەنزۇلارغا قارشى، ۋەتەنگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشىغا مەددەت بولۇپ قالىدۇ - دە، خەنزۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتكەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ قوزغاتقۇلۇق ئېلىپ بارىدۇ. ھازىر مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى، دۇنيا ئېقىمىنىڭ يۈزلىنىشى بولۇپ قالدى. بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىز، خەلقئارا كۆز قاراشتىن ئالغاندا ۋە ئەمەلىيەت ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز.

يۇقىرىدىكى كۆز قاراش بويىچە، مەن ئۇلارنى كۆپرەك سۆز بىلەن قايىل قىلىش ۋە كۆپ تەرەپلىمە ئۇچرىشىش، ھېسسىياتتا بىرلىككە كېلىش، داۋاملىق ئېنىق چۈشەندۈرۈپ ئۇلارنى ئۆز تەلىپىدە يەنىلا چىڭ تۇرۇۋالمايدىغان قىلىش ئارقىلىق زىددىيەتلەرنى تۈگىتىش لازىم، دەپ ھېسابلىدىم.

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ نام مەسىلىسى توغرىسىدا، شىنجاڭ خەلقى، شىنجاڭ دېگەن ئىسىمنىڭ مەنىسىدىن بۇ، شىنجاڭنى جۇڭگونىڭ يېڭىدىن بەرپا قىلغان زېمىنى دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا قارىتا قاتتىق بىزار بولۇپ كەلگەن. مېنىڭچە،

ئۆلكە ئىسمىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ، بىراق، شىنجاڭنىڭ تەدرىجى شەكىللەنگەن تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى رايونلار ئەسلىدە موڭغۇللارغا تەۋە بولۇپ كەلگەن، ھازىر كۆپلىگەن جايلاردىكى تاغ، دەريا، شەھەرلەردە ھېلىمۇ موڭغۇل تىلىدىكى ئىسىملار قوللىنىلىپ كەلگەن: ئۈرۈمچى، قۇتۇبى، بۇغدا تېغى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى موڭغۇلچە سۆز. ئەگەر شىنجاڭنى شەرقىي تۈركىستان ئۆلكىسى دەپ ئۆزگەرتسەك، بۇ پەقەت جەنۇبىي شىنجاڭنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇكى، پۈتۈن ئۆلكىنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ. ئۇنداقتا تارىخىي، جۇغراپىيىۋى ۋە مىللىي چىنلىقىمۇ مۇخالىپ كېلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىرىدە كۆپۈنچە تاغ، دەريالارنى ئاساس قىلىپ نام بەرگەن. ئەگەر شىنجاڭنى تيانشان ئۆلكىسى دەپ ئۆزگەرتسە نازىمۇ باب كەلگەن بولاتتى. چۈنكى تيانشان تېغى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ، جۇغراپىيىلىك نامى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىمۇ مەشھۇر، بۇ پۈتۈن ئۆلكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. قۇلاققىمۇ يېقىملىق، جاراڭلىق ئاڭلىنىدۇ.

مىللىي ئاپتونومىيە مەسىلىسىگە كەلسەك، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى، شۇڭا يەرلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر تەبىئىكى شىنجاڭغىمۇ باب كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇيغۇر، قازاق مىللىتى ئۆلكە ئىچىدە كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ. سايلام نەتىجىسىدە خەلق ئارزۇ قىلغان ئىدارە - ئورگان ۋەكىللىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئىچىدە ھەر مىللەتتىن بولغان زاتلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىشى شەرت. شۇڭا ئاتاقتىكى يەرلىك ئاپتونومىيە ئەمەلىيەتتىكى مىللىي ئاپتونومىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق بۇ بىرلا جەھەتتىكى دەلىل ئاساس. ئۇلار يۈكسەك ئاپتونومىيە كۆزقارىشى بويىچە بۇنىڭغا قانائەتلەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلار يەنە مىللىي، دىنىي،

ئۆرپ - ئادەت، تىل - يېزىق قاتارلىقلارنىڭ خەنزۇلار بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئاساس قىلىپ، بۇنى يۈكسەك ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىشنىڭ تۈرتكىسى قىلدۇ. بىز پاكىت ۋە نەزەرىيىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، بۇنىڭغا قارىتا مۇۋاپىق ئىزاھات بېرىشىمىز كېرەك. مەسىلەن:

بىرىنچى، ئەگەر نوقۇل شۇ مىللەتنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى بولۇشىنى ئېتىراپ قىلساق، ئۇ ھالدا شىنجاڭدا مىللەت كۆپ، بۇلارنىڭ نۇپۇسىنىڭ جايلىشىشىغا ئاساسەن، ئۆلكە ئىچىدە ھەر قايسى مىللەتلەر ئۈچۈن ئاپتونومىيە رايونىنى ئايرىپ چىقساق بولىدۇ. مەسىلەن: ئىلى، تارباغاتايلاردا قازاقلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. دېخۇا رايونىدا خەنزۇ، خۇيزۇلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەلۇم ناھىيىلىرىدە شىبە، سولۇن، مانجۇرلار كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇلارغىمۇ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى بەرگەندە ئاندىن مۇۋاپىق بولىدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىمۇ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا، ئوخشاشلا مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغانىدى. مۇشۇ مەنادىن ئېيتقاندا، ئۆلكە ئىچىدىكى ئاپتونومىيە چوقۇم بىر قانچە رايونلاردىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى شەرت. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، مىللىي ئاپتونومىيىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە ئۇيغۇن كەلگەن بولىدۇ.

ئىككىنچى، مىللىي ئاپتونومىيىنىڭ دەرىجىسى ۋە دائىرىسىگە نىسبەتەن، ئېنىق كۆرسىتىش شەكلىنى قوللىنىپ، ئاساسىي قانۇندا ئوچۇق بەلگىلەش لازىم. بولۇپمۇ دۆلەت مۇداپىئەسى، دىپلوماتىيە، ئىقتىساد، قاتناش، ئەدلىيە قاتارلىقلار مەملىكەتلىك خاراكتېرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنى مەركەزنىڭ ھوقۇق ۋەزىپىسى ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بەلگىلەش كېرەك. ئاساسىي قانۇن ئىچىگە مىللەتلەر ھەققىدە بىر باب كىرگۈزۈشكە كەلسەك، بۇ تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇ يالغۇز زامانىنىڭ

ئېقىمىغا ماس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىللىي مەسىلىكتە كۆرۈ-
سىتىلگەن مىللەتلەر باب باراۋەر دېگەن روھىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرى-
كەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىكى باناسەۋەبلىرىنىمۇ ئازايتقىلى بولىدۇ.

ئاخىرىدا مەن يەنە تەكىتلەپ مۇنداق دېدىم: شىنجاڭدىكى
ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي بەك مۇرەككەپ، مىللىي تۈي-
غۇسى ناھايىتى كۈچلۈك، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمۇ ئالاھىدە،
مۇبادا ئاساسىي قانۇندا مىللىي ئورۇن بېرىلمىسە، ئۇلار مەركەز
ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتتى، ھەتتا بىرىرمۇ مىللىي نام
ۋە مىللىي ئاپتونومىيە ئورنى بەرمىدى، دەپ بىزار بولۇشى،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە
دەخلى يەتكۈزۈشى مۇمكىن، بۇ ياخشى ئەمەس.

تېلېگرامما يوللانغاندىن كېيىن، نەنجىن تەرەپ مېنىڭ
تەكلىپىمنى قوبۇل قىلىپ مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ئەخمەتجان
ۋە باشقا ۋەكىللەر بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. ئەڭ
ئاخىرىدا ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ لايىھىسىنى ئۆزلىكى-
دىن قايتۇرىۋالغان.

شۇ چاغدا مەن شىياۋلىزى ئەپەندىنىڭ يازغان خېتىنى
تاپشۇرۇپ ئالدىم. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭ ئۆلكى-
سىنىڭ ۋەكىللىرى نەنجىنگە كەلگەندىن كېيىن، كەمىنە ئۇلارنى
تاپىلغانلىرىغا ئەمەل قىلىپ، ئۇلارنى ئەتراپلىق كۈتىۋالدىم.
بۇنى پەش قىلىپ ئولتۇرمايمەن. مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان
بىلەن ئۈچ قېتىم ئۇزۇن سۆھبەتتە بولدۇم. بىرىنچى قېتىمقى، دۆلەت
قۇرۇلتىيىغا سۇنىدىغان تەكلىپلەر ئايالاشقان كۈنى بولدى.
نەتىجىدە قارشى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپنى قايتۇرۇۋېلىش-
قا ماقۇل بولدى. 2 ـ، 3 ـ قېتىمقى سۆھبەتلەر، دۆلەت قۇرۇل-
تىيى يېپىلغاندىن كېيىن بولدى. دەسلەپتە قارشى تەرەپ كون-
كىرىت جاۋاب بەرمىدى. ئۇلارغا سەمىمىي ھالدا چۈشەنچىلەر

بەرگىنىمدىن كېيىن، ئاخىرى بايراق تەقدىم قىلىش ھەمدە زۆكسەيگە يۈزمۇ يۈز ئەرز سۇنۇش دېگەن سۆز ئېلىنىۋېتىلىپ، قالغان سەككىز ماددا مۇۋاپىق تېپىلدى، ئۇلارغا يۇمشاق سۆزلەر بىلەن تەسەللىي ئېيتتىم. ئۇلار بۇنىڭدىن رازى بولۇشتى. مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان ماڭا نىسبەتەن ياخشى تەسىراتتا بولدى، ئۇ بىز ئىككەيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ چوڭقۇر، تۇتقان يولىمىزنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىكەن. مەن مۇشۇ بىرقانچە قېتىملىق ئۇزۇن سۆھبەت ئارقىلىق، سىزنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىڭىزنىڭ ئاسانغا چۈشمىگەنلىكىنى چۈشەندىم، شۇنداقلا سىزنى بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كېتەلەيدۇ، دېگەن تولۇق ئىشەنچىدىمەن».

مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان دىخۇاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېتىم ئىچكى جايلارغا بارغاندا ناھايىتى ياخشى قارشى ئېلىنغانلىقىنى، شۇنداقلا يەنە مەركەزنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە، ئىززەت - ئابرويى بىلەن كۆتۈۋېلىشىغا سازاۋەر بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. بولۇپمۇ جياڭ جيېشىنىڭ ئۇنى بىرنەچچە قېتىم قوبۇل قىلغانلىقى، جياڭجىڭگونىڭ يەنە كۆپ قېتىم يوقلاپ بارغانلىقى، ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب ئالالىغانلىقى، ھەممەيلەننىڭ ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىپ قارشى ئېلىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئۆزلىرىنىڭ نەنجىڭگە بېرىشتىن ئىلگىرى مۇنداق بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتەلمىگەنلىكىنى ئېيتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلى خوش بولۇپ، ناھايىتى ياخشى تەسىراتلارغا ئىگە بولغان ھەمدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ئاز ئەمەس، دەپ ھېسابلىغان.

## جەنۇبىي شىنجاڭغا زىيارەت

مەن خېلى بۇرۇنلا شىنجاڭنى زىيارەت قىلىشنى ئارزۇ

قىلىپ كەلگەنىدىم. بۇ سەپەرگە 1947 - يىلى 4 - ئاينىڭ 16 -
كۈنى ئاتلىنىپ 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم.
بېرىش - كېلىشكە 23 كۈن ۋاقىت كەتتى. مەن بىلەن بىرگە
بارغانلاردىن تەپتىش ئەمەلدارى مەسئۇد، مۇئاۋىن رەئىس ئەخ-
مەتجان، ھەيئەت ئەيسا، مۇئاۋىن نازىر رەھىمجان، نازىر ۋاڭ
زىڭشەن، ھەيئەت چۇي ۋۇ، ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن دىپلوماتىيە
خادىمى ليۇزېرۇڭ قاتارلىق كىشىلەر باردى. ئالدىن بەلگىلەنگەن
يۆنىلىشىمىز: ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتار-
لىق ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگە ئايروپىلان بىلەن بېرىپ، قايتىش-
تا قەشقەردىن كۇچا، قارا شەھەرگە كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ-
دىكى بەش ۋىلايەتنى بىر ئايلاپ چىقىش ئىدى. ھەر بىر ۋىلايەت-
كە بارغاندا، ئالدى بىلەن ھەر قايسى ناھىيىنىڭ ھاكىملىرىنى،
ئۆلكىلىك سەنىيخۇي ئەزالىرىنى، ناھىيىلىك سەنىيخۇي ئەزالىرىنىڭ
يېرىمىنى، سەنىيخۇي باشلىقلىرى ياكى مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى ۋى-
لايەت مەھكىمىسىگە ئالدىن چاقىرىپ كۆرۈشمەكچى بولدۇق.
ھەر بىر جايغا بارغاندا بىز ھەر ساھەدىكى زاتلار بىلەن بىر
نۆۋەت سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، بىر قېتىم ئايرىم ئۇچرىشىش، بىر
قېتىم ئاممىۋى يىغىن ئېچىش، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي
ئوفىتسېر - جەڭچىلەرگە بىر قېتىم نۇتۇق سۆزلەش، قالغان
ۋاقىتتا جايلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ زىيارەت قىلىشنى ئالدىن
بەلگىلىۋالدۇق. ئىقتىسادچىل بولۇش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلاردا
زىياپەت ئۆتكۈزمەسلىكنى، ياكى پەقەت مەن بىلەن مۇئاۋىن
رەئىس ئەخمەتجاننىڭ نامىدىلا ھەمداستىخان بولۇشنى بەلگىلى-
دۇق. يەنە جايلارغا بارغاندا، يەرلىكنىڭ ئالاھىدە چۈشكۈن
جاي تەييارلاشتىكى ئېغىرچىلىقىنى ئاشۇرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن،
ھەممەيلەننىڭ ۋالىي مەھكىمىسىدە يېتىپ - قوپۇشىنى بەلگىلىدۇق.
بۇ قېتىمقى زىيارەت ئاساسىي جەھەتتىن پىلان قىلىنغان
لىنىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. بىراق يەكەن، خوتەن، قارا شەھەر-

لەردىكى ئايرودروملارغا C 47 تىپىدىكى ئايروپىلانلار چۈشۈشكە مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇ ئارقىلىق قەشقەرگە بېرىپ كېلىشتىلا ئايروپىلانغا ئولتۇردۇق، قالغانلار ماشىنىغا ئولتۇردى.

بۇ قېتىمقى زىيارەت مەزگىلىدە، مەيلى قايسى ۋىلايەت، ناھىيىگە بارمايلى، ھەممىلا يەردە رادىكاللار بىلەن كونسېرۋاتىپلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىن بولۇۋاتقان ئىكەن. سۆھبەت يىغىنلىرىدا ھەمىشە تىغمۇ - تىغ ئېلىشىپ، چەكتىن ھالقىغان ھالدا قاتتىق سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، مېنى تولىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بىرگە بارغان بىر قانچە كىشىلەر ئىچىدە مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان رادىكاللارغا مايىلراق، تەپتىش ئەمەلدارى مەسئۇت بولسا كونسېرۋاتىپلارغا مايىلراق ئىدى. بۇ دەل ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ناھىيىلىك سەنيىخۇي ئەزالىرى سايلىمىدىن كېيىنكى ۋاقىت بولۇپ، سايلام جەريانىدا ئەۋج ئالغان ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئاخىرقى غەۋغالىرى تېخى تۈگىمىگەن، بەزى ناھىيىلەردە بولسا ناھىيىنىڭ ھاكىمىنى ئىككى - ئۈچ قېتىم سايلاپمۇ نەتىجە چىقماي، قانمال ۋەزىيەت شەكىللىنىپ ئېسىلىپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن كۈرەشنىڭ ئەھۋالىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش ۋە تىنچ قۇرۇلۇشنى باشلىۋېتىش ئۈچۈن، مەن ئىزچىل تۈردە بىتەرەپ ئورنۇمنى ساقلاپ قېلىشقا دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەپ بولۇپ، ئورتاق ئىش ئېلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلدىم. لېكىن مۇشۇنداق ئىنتايىن كەسكىن كۈرەش داۋامىدا، مېنىڭ بىتەرەپ ئورنۇمنى ساقلاپ قېلىشىممۇ ئانچە ئاسانغا چۈشمىدى. مېنىڭ قىلغان سۆزلىرىم بەزىدە رادىكاللارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويسا، يەنە بەزىدە كونسېرۋاتىپلارنىڭ نارازىلىقىنىمۇ قوزغاپ قويدى. مەن ھامان ئۆزۈمنىڭ مەركەزنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىمنى، ھەققانىي

مەيداندا تۇرۇپ سۆز قىلىشىم ۋە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلى-
شىم لازىملىقىنى ھېس قىلىپ تۇردۇم، لېكىن سۆھبەت يىغىنلى-
رىدا خەنزۇلارغا قارشى، ۋەتەنگە قارشى ئېيتىلغان بەزى سۆز-
لەرنى ئاڭلىغان ھامان بۇنىڭغا قارىتا قاتتىق رەددىيە بەرمەي
تۇرالمىدىم. گەرچە بۇ تاسادىپىي ۋاقىتلاردىلا كۆرۈلگەن ئەھ-
ۋال بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە، كونسېرۋاتىپلار تەرىپىگە يان
باسقانلىقىم بولۇپ ھېسابلىناتتى، بولۇپمۇ قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن
ھەر ساھە زاتلارنىڭ سۆھبەت يىغىنىدا، رادىكاللار ئاممىنى ھە-
رىكەتلەندۈرۈپ، نۇرغۇن نامۇۋاپىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.
مەسىلەن: مىللىي ئارمىيە قۇرۇش، گومىنداڭ ئارمىيىسىنى چېگرا
رايونلارغا يۆتكەش، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي باشلىقلارنى
ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەلق باشقىدىن سايلاپ چىقىش؛
كونسېرۋاتىپلا ئارىسىدىكى ئەكسىيەتچى دەپ سانالغان يەرلىك
رەھبىرىي ئەربابلارنى قاتتىق جازالاش، ۋەھاكازالار. ھەتتا،
خەنزۇلارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرايلى، دەپ شۇئار توۋلاندى.
بۇ تامامەن خەنزۇلارغا، ۋەتەنگە قارشى تۇرىدىغان، تىنچلىق
بىتىمىگە بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان سۆز - ھەرىكەت بولۇپ، مې-
نىڭ غەزىپىمنى قوزغىماي قالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سۆھ-
بەت يىغىنىدا : «ھەممەيلەن خىلمۇ - خىل زىددىيەتنى تۈگەت-
كەندىلا، ئاندىن تىنچلىقنى مۇستەھكەملەپ، قۇرۇلۇشنى
باشلىۋەتكىلى بولىدۇ» دېگەن تېمىدا ئۇزۇن نۇتۇق
سۆزلىدىم.

نۇتۇق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈندى.

ئەڭ ئاۋۋال ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش بىلەن،
جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئالغا سۈرۈشنىڭ ئۆز ئارا مۇناس-
ۋىتىنى شەرھلەپ، ئىككىسىگە تەڭ ئەمەل قىلىش، خىلاپلىق
قىلماسلىقنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. بىز ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە
قىلىشىمىز شۇنداقلا جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنىمۇ ئالغا سۈرۈ-

شىمىز، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئالغا سۈرگەندە ۋەتەن
بىرلىكىنى تېخىمۇ ھىمايە قىلىشىمىز كېرەك. لېكىن بەزىلەر
ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىشنىلا تەشەببۇس قىلىپ، جۇڭگو -
سوۋېت دوستلۇقىغا قارشى تۇرىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا، جۇڭگو-
سوۋېت دوستلۇقىنىلا تەشەببۇس قىلىپ، ۋەتەن بىرلىكىنى ھىما-
يە قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككى گۇرۇھ شەكىل-
لىنىپ قالدى. جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنىلا تەشەببۇس قىلىپ
ۋەتەن بىرلىكىگە قارشى تۇرغۇچىلار، ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە
قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى خالى-
مايدىغان كىشىلەرنى «خەنزۇلارنىڭ غالچىسى» دەپ تىللىدى.
ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىشنىلا تەشەببۇس قىلىپ، جۇڭگو -
سوۋېت دوستلۇقىنى ئالغا سۈرۈشكە قارشى تۇرغۇچىلار، جۇڭگو-
سوۋېت دوستلۇقىنىلا تەشەببۇس قىلىپ ۋەتەن بىرلىكىنى ھىما-
يە قىلىشنى خالىمايدىغانلارنى «چەتئەللىكنىڭ قۇيرۇقى» دەپ تىل-
لىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىر -
بىرىنى قاغاپ ناھايىتى زور خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولدى. شۇنى
تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قى-
لىش شۇنداقلا جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇقىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش
لازىم. بىر ياققا ئېغىپ يەنە بىر ياقنى ئىنكار قىلىشقا بولماي-
دۇ. مەن بۇ شىنجاڭ خەلقى مېڭىشقا تېگىشلىك توغرا
يول دېدىم.

ئۇنىڭدىن قالسا يەنە ۋەتەن كۆزقارشى بىلەن مىللىي
ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈردۈم. جەمئىيەتتە ھازىر مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر خىل زىددىيەتلىك ئەھۋالنى كۆرسىتىپ
بەردىم. يەنى بەزىلەر، ۋەتەن نۇقتىسىنەزەرىنىلا كېرەك قىلىپ،
مىللىي ھېسسىياتقا سەل قارايدۇ، ھەتتا مىللىي ھېسسىياتى بار كى-
شىلەرگە قارشى تۇرىدۇ. ۋەھالەنكى مىللىي ھېسسىياتى بار بەزى
كىشىلەرمۇ ۋەتەن كۆز قارىشىغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇلار، مىللىي

ھېسسىيات بولسىلا بولدى، ۋەتەن كۆزقارىشىنىڭ لازىمى يوق، دەپ ھېسابلايدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاتا پىكىر، خاتا سۆزلەر بولۇپ، بىر - بىرىگە زىت ھادىسە. كۆپچىلىككە شۇنداق نەسىھەت بەرگۈم كېلىدۇكى، بارلىق كاللىسى بار، كۆزى روشەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مىللىي ھېسسىياتنىمۇ ئۆستۈرۈشى، ۋەتەن كۆزقارىشىنىمۇ كۈچەيتىشى لازىم. مانا بۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ مېڭىشىغا تېگىشلىك پارلاق، توغرا يول.

ئەڭ ئاخىرىدا مەن دېموكراتىك سىياسەت بىلەن مۇستەبىت سىياسەتنىڭ پەرقى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۈم. ھازىر جەمئىيەتتە بەزىلەر ئۆز ئارا ھۇجۇم قىلىشىپ، بىرسى قوپۇپ ئۇنى مۇستەبىت، ئۆزىنى خەلقچىل دېسە، يەنە بىرسى قوپۇپ بۇنى مۇستەبىت، مەن خەلقچىل دېيىشىۋاتىدۇ. زادى كىم دېموكراتىيىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ، كىم مۇستەبىتلىك يۈرگۈزۈۋاتىدۇ؟ مېنىڭچە ھەممىمىز سالقىن قانلىق بىلەن رېئال مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ كۆرەيلى، ئەگەر بىز ئەمەلىيەتتە تىزگىنلەش، چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش بىلەن شۇغۇللانماي دېموكراتىك سىياسەتنى ھەقىقىي رەۋىشتە يولغا قويايلۇق دېسەك، چوقۇم خەلقنىڭ ھوقۇقىغا چىن كۆڭلىمىزدىن ھۆرمەت قىلىپ، دېموكراتىيىنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك.

مەن بۇ قېتىمقى نۇتقۇمنى ئىنتايىن ئوچۇق - يورۇق سۆزلىدىم. ئۆزۈمنىڭ بىتەرەپ ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ سۆزلەۋاتقانلىقىمغا ئىشىنەتتىم.

ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمنى يىغىنچاقلىسام، ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مەندە شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا نىسبەتەن چوڭقۇر قايغۇ پەيدا قىلدى. مەن بۇ خىل خاھىشلارنى ئوڭشاپ گۇرۇھۋازلىق كۈرىشىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئالاھىدە باش قاتۇرۇپ چارە ئىزدىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككى

ئەپەر مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان بىلەن بۇرھاننى، نازىر مە-
ھەممەت ئىمىن، نازىر سەيپىدىن، مۇئاۋىن نازىر رەھىمجان،
ھەيئەت ئەيسا، ھەيئەت چاۋ ۋۇ، باش كاتىپ ليۇمىڭچۈن، نازىر
ۋاڭ زىڭشەن، ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن دىپلوماتىيە خادىمى ليۇزې-
روڭ قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۈچ كۈن سۆھبەتلەشتىم، ئاۋۋال
كۆپچىلىك ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرى ئۈستىدە سۆز
قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا مەن سەممىي ھالدا ئۇزۇن بىر سۆز
قىلىپ، نۆۋەتتە شىنجاڭ مەسىلىسىدىكى تۈگۈننىڭ قەيەردە
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم.

بۇ قېتىمقى سۆزۈم «مەسىلىنى يىلتىزىدىن ھەل قىلايلى»
دېگەن تېمىدا بولۇپ، كېيىن پۈتۈن شىنجاڭغا ئاشكارا بېسىپ
تارقىتىلدى.

بۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

1. كۆز قاراش نەزەرىيىسى ۋە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش
نەزەرىيىسى. بۇ نۆۋەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوخشاش بول-
مىغان ئىككى خىل بىلىش نەزەرىيىسى، شۇنداقلا رېئال شەيئى-
لەرنى ئۆلچەشنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئۆلچىمى
بولىدۇ. كۆز قاراش نەزەرىيىسىدىكىلەر پەقەت ئۆزىنىڭ سوبيېكتىپ
ئادۋاتىنى ئاساس قىلىپ، رېئال مەۋجۇدىيەتنىڭ چىنلىقىغا گۇ-
مان بىلەن قارايدۇ. ھېسسىياتنى يېتەكچى قىلىپ، قارىسىغا ھۆ-
كۈم قىلىۋېرىدۇ، نۆۋەتتە ئىككى گۇرۇھنىڭ كۈرەشىدىكى نۇرغۇن
مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشى، كۆز قاراش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلى-
كىدە بولغان. قانۇنىي ئىدارە قىلىش نەزەرىيىسىدىكىلەر ئوبيېك-
تىپ پوزىتسىيە بىلەن ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈشنى، پاكىتنى
چىقىش نۇقتىسى قىلىشنى، قانۇننى ئۆلچەم قىلىپ ھەق نا-
ھەقنى ئەگرى - تۈزنى، راس يالغاننى تەھلىل قىلىشنى تە-
شەببۇس قىلىدۇ. ئالدىنقىسى خاتا، كېيىنكىسى توغرا، شىنجاڭ

تېچ بىرلىككە كەلدى. ئەمدى دۆلەتنىڭ قانۇنى بار. تېنچلىق بىتىم بىلەن سىياسى پروگراما بار، ھەممە نەرسە ئۆز يولىدا دەۋرى قىلىپ تۇرىدۇ. سوبيېكتىپ كۆز قاراشنىڭ ئوڭ - تەتۈر ئىرغىتىشىغا ئۇچرىماسلىق كېرەك.

2. گۇرۇھ مەنپەئەتى بىلەن دۆلەت مىللەت مەنپەئەتى ئۈستىدە توختىلىپ بۇنىڭدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىچىدە شەخسەن ئۆزىنى مەركەز قىلىپ شەكىللەندۈرگەن گۇرۇھلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى ئۇلارنىڭ پەقەت ئۆز مەنپەئەتىنىلا كۆرۈپ، دۆلەت - مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆرەلمەيۋاتقانلىقى، بۇنداق قىلىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بەردىم. جەنۇبىي شىنجاڭنى زىيارەت قىلغىنىمىزدا كۆردۇك: بەزىلەر خەنزۇلارغا مايىل كىشىلەرنى، خەنزۇلارنىڭ غالچىسى دەيدىكەن. يەنە بەزىلەر سوۋېتكە مايىل كىشىلەرنى، چەتئەلنىڭ قۇيرۇقى دەيدىكەن. ماھىيەتتە بولسا، خەنزۇغا مايىل بولۇش بىلەن سوۋېتكە مايىل بولۇشنىڭ ھەممىسى، دۆلەت، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانسىز، بەلكى پايدىلىق. دۆلەت، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلماي، پەقەت گۇرۇھ مەنپەئەتىگىلا كۆز سالغانلىقتىن خاتالىقلار كېلىپ چىقتى. بەزىلەر ھەربىي ئىنتىزامنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىنى سەۋەپ قىلىپ «يەنە بىر قېتىم قان تۆكۈش»، «يەنە بىر قېتىم ئىنقىلاپ قىلىش» كېرەك دەۋاتىدۇ. قەشقەردىكى نامايىش داۋامىدا «ياشىسۇن دۆلەت، مىللەت» دەپ شوئار توۋلىماي، بەلكى «ياشىسۇن ئىنقىلاپ» دېگەن شوئار توۋلاندى. بۇ بىر بىمەنىلىك. بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى خەلققە سىياسىي زۇلۇم سالمىسا، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزمىسە، يەنە نېمىشقا ئىنقىلاپ قىلىش كېرەك؟

خەلق ئىنقىلاپ قىلىمىز دېمەي، بەلكى سۇ ئىنشائاتى، سەھىيە، مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي سەپلەردە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى ئاز ساندىكى

ياماں غەرەزلىك كىشىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. كۆپچىلىكنىڭ گۇرۇھۋازلىق كۆز قارىشىدىن ۋاز كېچىپ، دۆلەت، مىللەت ھېسسىياتىنى ئۈستۈرۈشنى، دۆلەت، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى گۇرۇھ مەنپەئەتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

3. دېموكراتىيىچە رەھبەرلىك بىلەن سىياسىي كۈرەش ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن. شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، دېموكراتىيىچە رەھبەرلىك بىزگە تولىمۇ زۆرۈر. سىياسىي كۈرەش بولسا، ئارتۇقچە نەرسە. يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەممىگە دېموكراتىيە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئەزەلدىن ئاز سانلىقلارغا ھۆرمەت قىلىپ، كۆپ سانلىقلارنىڭ ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى ئىشلىتىلمەي كەلگەنىدى. ئەمدى ھەممە ئىش مەسلىھەتلىشىش، سەۋر-تاقەت قىلىش، يول قويۇش بىلەن ھەل قىلىنىدۇ. سىرتتىكى نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇنىڭغا قاراپ مېنى يۇمشاق قول، ئاجىز دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ مېنىڭ دېموكراتىيىچە رەھبەرلىك قىلىش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلغانلىقىم. يەنە بەزىلەر تېنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن ھەربىي كۈرەش سىياسىي كۈرەشكە ئايلاندى دېيىشىۋاتىدۇ: نۆۋەتتىكى ئىشلارغا ئورتاق جاۋابكار بولۇشىمىز لازىم. نىشان بىر، تېنچلىق بىتىمىنى سىياسىي پروگراممىنى ئىجرا قىلىشتىن باشقا سىياسىي مۇددىئا يوق، كۈرەشنىڭ نېمە كېرىكى؟ مۇندىن كېيىن كۆپچىلىك بىردەك ئىتتىپاقلىشىشىمىز، دېموكراتىيىچە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. مانا بۇ بىزنىڭ قوللىنىشىمىزغا تېگىشلىك پوزىتسىيە ۋە مەيدانىمىز بولىدۇ.

4. زىددىيەت ۋە بىرلىك ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن. شىنجاڭدا گەرچە تېنچلىق بىتىمى ئىمزالانغان بولسىمۇ، لېكىن داۋالغۇپ تۇرغان يوشۇرۇن ئېقىم يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. مۇنداق بولۇشىغا ئۆلكە ئىچىدە يەنىلا نۇرغۇن زىددىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلى-

لى سەۋەپ بولاتتى، مەركەزنى ئالساق، شىنجاڭغا مىللىي بارا-
ۋەرلىكنى، دېموكراتىك سىياسەتنى بەردى ۋە مالىيىدەزور كۈچ
بىلەن ياردەم قىلدى. ۋاھالەنكى بىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنى بول
سا، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىدىنىلا ئىبارەت. ئەيتالايمىزكى، بۇ بىر-
بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. بىراق مەركەزگە نىسبەتەن شىنجاڭنىڭ
بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ روھى ھالىتىدە زىددىيەت ئومۇمىيۈز-
لۈك مەۋجۇت. مەسىلەن، ئۆلكىگە نىسبەتەن ئەڭ پايدىلىق بول
غان بىر قانچە ئىشلارغا كەلسەك، تېنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قى-
لىش، شىنجاڭ ئىنىستىتوتىنى دۆلەتلىك ئونۋېرستېتقا ئۆزگەرتىش-
نى تەكلىپ قىلىش، ئۆلكە پۇلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، گەنسۇ
شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى ياساش، ۋالىيلارنى سايلاش قاتارلىقلارغا
نىسبەتەن، ئۈچ ۋىلايەت پۈتۈنلەي گۇمانلىنىش پوزىتسىيىسىدە
تۇرىۋاتىدۇ. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىشىنى
ئالايلۇق، ئۇلار مىللىي قوشۇنلارنى ساناپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى رەت
قىلغانلىقتىن ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئۈستىگە ئالغان يۈكى بەك
ئېغىرلىشىپ كېتىپ، خەلق تۇرمۇشىغا تەسىر قىلدى. زىددىيەت
قاتمۇ - قات ئېغىر بولۇپ، ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالدى. مۇ-
شۇلارنىڭ ھەممىسى زىددىيەت. بىز بارلىق زىددىيەتلەرنى تونۇ-
تىشىمىز، سۆز بىلەن ھەرىكىتىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز، ئىچ-
كى ماھىيىتىمىز بىلەن تاشقى كۆرۈنۈشىمىزنى بىردەك قىلىشىمىز
رەھبەرلىك بىلەن ئاممىنى بىردەك قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق
قىلغاندىلا بارلىق مەسىلىلەر ئوڭاي ھەل بولىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا مەن مۇنۇلارنى كۆرسەتتىم: شىنجاڭدا گەر-
چە نۇرغۇن زىددىيەتلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەم-
مىسىنى سىياسىي ۋاستە، تىنچ ئۇسۇللار بىلەن ھەل قىلىپ كەتك-
لى بولىدۇ. «قايتا ئىنقىلاپ قىلىش»، «قايتا قوزغىلاڭ كۆتىرىش»
نىڭ ھاجىتى يوق. خەلق ئۇرۇشقا تەشنا ئەمەس. ئۇرۇشنى
خەلققە مەجبۇرى تاڭغۇچىلار جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ. بىز مە-

سىلىنى چوقۇم يېتىمىزدىن ھەل قىلىشىمىز، سىياسىنى مۇھىم
ئورۇنغا قويۇپ، سوبيېكتىپلىقتىن ۋاز كېچىشىمىز، دۆلەت، مىللەت-
نىڭ مەنپەئەتىنى مۇھىم بىلىپ گۇرۇھۋازلىق كۆز قارىشىدىن
ۋاز كېچىشىمىز؛ دېموكراتىيىچە رەھبەرلىككە ھۆرمەت قىلىپ
سىياسىي كۈرەش ۋە بىر تەرەپنىڭ تىزگىنلىۋېلىشىدىن ۋاز
كېچىشىمىز، زىددىيەتلەرنى تۈگىتىپ، سۆز بىلەن ھەركىتىمىزنى
دىلىمىز بىلەن تاشقى كۆرۈنۈشىمىزنى، يۇقىرى بىلەن ئاممىنى
بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز لازىم. بۇ بىزنىڭ پارلاق كەڭ ئىستىق-
باللىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەپەردە مەيلى سۆھبەت
يىغىنلىرىدا، ئاممىۋىي يىغىنلاردا، قونالغۇ ئورنىمىزدا ياكى
يول ئۈستىدە بولسۇن خەلقتىن ناھايىتى كۆپ خەت - چەك، ئىل-
تىماس، مۇراجىئەتنامىلارنى تاپشۇرۇۋالدۇق. سەپىرىمىز ئالدىراش
بولغانلىقتىن، يەنە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشقا ئادەم كەمچىل
بولغانلىقتىن، ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىپ ھەل قىلىشىمىزغا توغرا
كەلدى. بۇ خىل خەت - چەكلەر نەچچە مىڭ پارچىدىن كەم ئە-
مەس، مەزمۇن جەھەتتە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
تەرجىمە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بىر قانچە يولداشلارنى بۇ-
نى تەھلىل قىلىپ يىغىنچاقلاپ، مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ھەل قىلىش-
قا قويدۇم. جۈملىدىن ئايرىم، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مە-
سىلىلەرنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن ھەل
قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەننىڭ سىرتىدا، مۇھىم مەسىلىلەرنى يەر
سېلىقى، باج، سۇ ئىنشائاتى، مائارىپ، ھەرەمگە بېرىش، مال - مۈ-
لۈكلەرنى ئېگىسىگە قايتۇرۇشقا ئوخشاش مەزمۇنغا يىغىنچاقلاپ
«جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئەت» ئېلان قىلىپ، جەنۇبىي
شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە خەلق ئاممىسىنىڭ ئوتتۇرىغا
قويغان پىكىر، تەلەپلىرىگە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك جاۋاپ بەر-
دىم. جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىگە مۇراجىئەت» گومىنجىڭفۇ رەئىسى

غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسى مۇدىرىنىڭ نامىدا تارقىتىلدى.

بۇ قېتىمقى زىيارەتتە بىر تەرەپتىن ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەشنى كۆرۈۋالغان بولساق، يەنە بىر تەرەپتىن ئاممىنىڭ قىزغىن قارشى ئالغانلىقىنىمۇ كۆردۇق. ھەر بىر جايغا بارغىنىمىزدا خەلق ئاممىسى قىرلارنى يۆلەپ، بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، شەھەر ئەتراپىدىكى ئون چاقىرىم ھەتتا نەچچە ئون چاقىرىم يىراقلىقتىچە چاي، مېۋە - چىۋىلەرنى تەييارلاپ قىزغىن سەمىمىي كۈتۈۋالدى. ئۇلاردىكى ساددىلىق، سەمىمىيلىك بىزدە ئۇنتۇغۇسىز چوڭقۇر تەسىرات پەيدا قىلدى. بۇنداق ئەھۋالدا، شىنجاڭ خەلقىدە خەنزۇلارغا قارشى، ۋەتەنگە قارشى نىيەت بار دەپ كىممۇ ئېيتالىسۇن!

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىت جەھەتتە شىمالىي شىنجاڭدىن سەل ياخشىراق ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى مۆتىدىل بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭدەك قاتتىق سوغۇق بولمايدىكەن. جەنۇپتا كۇئېنلۇن تېغى غەربتە پامىر ئېگىزلىكى، شىمالدا تەڭرى تېغى، شەرقتە تەكلىماكان چۆلى بار بولۇپ، شۇنچە سالتەنەتلىك، گۈزەل ئىكەن. كوچا، ئاقسۇ، ئاقسۇ كونىشەھەر، قەشقەر كونىشەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، گۇما، خوتەنلەرنىڭ ھەممىسى تەكلىماكان چۆلى ياقىسىدىكى بوستانلىق بولۇپ سۇ بارلىكى جاي بولسا، ھەممىسى بۆك - باراقسانلىق، يېرى مۇنبەت، بايلىقى مول ئادىمى زىچ ئىكەن.

بىز يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خەلقنىڭ پاك سەمىمىي خۇسۇسىيىتىنى، ساغلام قەددى - قامىتىنى كۆردۇك. ئۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭ ياشلىقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ ساقاللى كۆكسىگە چۈشۈپ يەلپۈنۈپ تۇرغان ئاقساقاللارنى ھەممىلا جايدا ئۇچراتتۇق. دەرۋەقە جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ نامرات، جاپالىق تۇرمۇشىنىمۇ كۆردۇك. ناھىيە بازارلىرىدىمۇ رەتلىك، پۈتۈن كىيىم كەيگەن

لەر پەقەتلا ئاز سانلىقلار ئىدى. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئەس
كى - تۇسكى، كونا كىيىملەرنى كىيىۋالغان. ئاياللاردا يۈزىگە
چۈمبەل تارتىدىغان ئادەت بولۇپ، يۈز - كۆزىنى ئېچىشقا جۈر-
ئەت قىلالمايدىكەن.

مۇشۇنداق گۈزەل تاغ - دەريا، تۈزلەڭلىكلەردە خەلقنىڭ
مۇشۇنداق نامرات تۇرمۇشتا قالغانلىقى، بىر - بىرىگە ئىنتايىن
ماس كەلمىگەن، مەن شۇنداق ھېسابلايمەنكى، سىياسىي مەسىلە
ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇ-
رۇلۇشلىرىنى يۈرگۈزۈش، شىنجاڭدا ئەڭ مۇھىم مەسىلە.

مەن يەنە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا
تۇرۇشلۇق ھەربىيلەر بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ
ياخشى ئەمەسلىكىنى سەزدىم. شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىيلەر-
دىن خەلقنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنلىرى ئاز، كۆپ سانلىق
ھەربىيلەر بولسا، سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىۋېلىپ، كونسېرۋا-
تىپلار تەرىپىدە تۇرۇپ، رادىكاللارنى باسقان، ئىشلەپچىقىرىش
جەھەتتە خەلققە ياردەم بەرمىگەن. مۇشۇ سەۋەبلىك ئومۇمىيۈز-
لۈك نارازىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مېنىڭچە بۇ ناھايىتى
يامان ئەھۋال. شۇنىڭ ئۈچۈن بارغانلىكى جايدا ئۇلارغا، يەر-
لىكنىڭ ئىشىغا مۇتلەق ئارىلاشماسلىق، خەلق ئارىسىدىكى جې-
دەل - ماجىرالارغا قاتناشماسلىق، تامامەن بېتەرەپ پوزىتسىيە
قوللىنىش توغرىسىدا سەمىمىي نەسىھەت قىلدىم. شۇنداق قىلى-
غاندىلا، ھەربىي بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ساق-
لاپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھازىرقى دەۋر،
دېموكراتىيە دەۋرى بولغانلىقتىن، يەرلىكنىڭ ئىشلىرىغا ھۆكۈ-
مەت ئەمەلدارلىرى جاۋابكار بولىدۇ. ھەربىيلەرنىڭ چات كىرى-
ۋېلىشى ھاجەتسىز، ئەگەر ھەربىيلەر سىياسىي ئىشلارغا ئارىلى-
شىۋالسا، قانۇنسىزلىق بولىدۇ. بۇ ھەم مۇۋاپىق بولمىغان ھەرى-
كەت. نەتىجىدە ھەربىي ئىنتىزام بۇزۇلىدۇ. تەلىم - تەربىيە

ھەشقىنى بوشاشتۇرۇپ ئاقسىتىپ قويىدۇ. ھەربىي بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىققا داغ چۈشۈپ خىلمۇ خىل ئىللەتلەر پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدىن ھوشيار بولۇش، بۇنداق ئەھۋاللارنى قەتئىي چەكلەش شەرت. ئۇلاردىن: خەلقنى سۆيۈش، ھەربىي - خەلق دوستلۇقىنى ياخشىلاش، يۇقىرى باشلىققا بويسۇنۇش، تۆۋەندىكىلەرنى تەربىيىلەپ باشقۇرۇش، ئۆزىنى تەربىيىلەشنى ئۈمىد قىلدىم. ئەمەلىيەتتە بولسا، مەن بۇ سۆزلەرنى ئاللىقاچان شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئوفىتسېر - جەڭچىلەرگە سەمىمىي يوسۇندا تەكرار سۆزلەپ بولغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن كىچىك قوللانما قىلىپ قولىغا تارقىتىپمۇ بەرگەنىدىم. بىراق جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار بۇنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى، بۇ مېنى چوڭقۇر ئېچىندۇرىدۇ ۋە ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

## بىرقانچە ھۆججەتلەر

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، سىياسىي پروگرامما ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يەنىلا ھەرقايسى جايلاردا ئارقا - ئارقىدىن توختىماي مەسىلىلەر يۈز بېرىپ تۇردى. بۇ ئاساسەن مىللەتلەر ئارىسىدىكى بولۇپمۇ ئۇيغۇر - خەنزۇ ئىككى مىللەت ئارىسىدىكى مەسىلە بولۇپ، ئۈرۈمچى ۋە ھەرقايسى چەت ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر كېلىپ چىقتى. مەسىلەن: ئۆتكەندە ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنى خوتۇنلۇققا ئېلىۋالغانلار ھاقارەتلەندى ۋە تاياق يېدى. ھەتتا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلۈشتەك ۋەقەلەر كۆرۈلدى. شۇنداقلا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلغاندا، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ھەر مىللەتتىن بولغان مۇنەۋۋەر زاتلار ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قويۇلۇپ، ئۆلكە (شەھەر)، ۋىلايەت، ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىنىڭ ھەممىسىدىلا كۆپلىگەن خەنزۇ كادىرلار

چەتتە قالدۇرۇلغانلىقتىن، ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرى ئۆزىنى تۇتۇۋا-
لالماي، ئۇيغۇرلارنىڭ خورلىكى بەك ئۆسۈپ كەتتى، سەن پو-
زىتسىيىدە يۇمشاق - ئاجىز كەپقالدىڭ، مۇندىن كېيىنكى تۇر-
مۇش ۋە ھاياتىمىزنىڭ كاپالىتى بولماي قالدى، دېيىشتى. ھەم-
مىلا جايدا ئاغرىنىش، نارازىلىق سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇردى.
شۇڭا مەن بەزى مۇھىم ھۆججەتلەردە ئالدى بىلەن خەنزۇ
كادىرلار ۋە قېرىنداشلارغا ھەقىقىي چۈشەنچىلەرنى بېرىپ
ئۆتتۇم.

1- ھۆججەت 1946 - يىلى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئې-
لان قىلىنغان «پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارغا
مۇراجىئەت» ئىدى.

ئالدى بىلەن مەن خەنزۇ قېرىنداشلارغا مۇنداق دېدىم:
بىز شۇنى ئويلىشىمىز كېرەككى، ئۆتمۈش تارىختا نەزەر سال-
دىغان بولساق، شىنجاڭدىكى قېرىنداشلارغا سېلىنغان زۇلۇم
بەك ئېغىر، ئۇلارنىڭ تارتقان ئازابى بەك چوڭقۇر بولغان.
ھالبۇكى ئۆتمۈشتە، شىنجاڭدا ئەمەلىي مەسئۇلىيەتكە جاۋابكار
بولغۇچىلار خەنزۇلار ئىدى. گەرچە ئۇلار خەنزۇ مىللىتىگە ۋە-
كالەتلىك قىلمىسىمۇ، شۇنداقلا ھازىرقى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ
يول قويۇشى ۋە قوللىشىدىن تېخىمۇ گەپ ئاچقىلى بولمىسىمۇ،
لېكىن ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلار، بۇ نۇقتىنى
ئوڭاي چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلار ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆزلىرىگە
سالغان ئازاب - ئوقۇبىتىنى ھامان خەنزۇلارنىڭ جىنايىتى
دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئۆتمۈشتە قانلىق پاجىئەلەر ئۈزلۈكسىز
يۈز بېرىپ تۇردى ۋە بۈگۈنكى قالايمىقانچىلىقلار ھەر يەردە دا-
ۋام ئەتمەكتە. بۇ ئىككى ئايدىن بۇيانقى يۈز بەرگەن ئېچى-
نىشلىق ۋەقەلەر ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىن چىققان مۇناپىقلار
تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان ئاپەت بولۇپ، بۇ ھەممەيلەننى كۈت-
مىگەن يەردىن مۇشۇ جىنايەتنىڭ جاۋابكارى قىلىپ قويدى.

شۇڭلاشقا بۇنى ھەرقايسى مىللەت قېرىنداشلىرىمىزدىن ئاغرىنماي، ئۆز مىللىتىمىزدىكى مۇناپىقلارنى ئەيىبلىگىنىمىز تۈزۈك. بۇنى باشقا مىللەتتىكى قېرىنداشلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان چاتىقى دەپ قارىماي، ئۆز مىللىتىمىزدىن چىققان مۇناپىقلارنىڭ كۆپچىلىك ئارىسىغا تېرىغان جىنايىتى دېگىنىمىز تۈزۈك. ئەگەر ھەممىمىز مۇشۇنداق قارايدىغان بولساق، ئۆزىمىزنى بېسىۋالالايمىز.

ئاندىن كېيىن مەن ئۇلارغا يەنە: ھۆرمەت قىلغانلىق تېز پۈككەنلىك ئەمەس، يول قويغانلىق ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، دېگەن نەسىھەتنى بەردىم. جۇڭگو خەلقى ئەپۇچانلىق مەسلىكىگە ئىگە، بۇ مەسلىكىنىڭ ھەقىقىي روھى باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، يول قويۇش، باشقىلارنى ھۆرمەتلەش، تارىخىي جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش، باشقىلارنىڭ ئالدىدا سەۋەنلىكنى قوبۇل قىلىش، شەخسىي مەنپەئەتنى ئومۇمنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن قۇربان قىلىش، ھەممىدە ۋاقتىنچە ئەلەم تارتىش، ھەممىدە تارىخ ئۈچۈن جاۋابكار بولۇش، باشقىلار ئۈچۈن سەۋەنلىكنى قوبۇل قىلىشتەك ئالىيجاناپ روھ بويىچە يول قويۇپ، ھەر مىللەت ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىك كەيپىياتىنى دوستانىلىق بىلەن تەسىرلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئۆچمەنلىك كەيپىياتىنى تۈگىتىپ، شىنجاڭنىڭ مىڭ تۈمەن يىللىق تىنچلىق تارىخىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مەڭگۈ بەخت ياراتقىلى بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن خەنزۇ بولمىغان باشقا مىللەت قېرىنداشلارغا، بولۇپمۇ نوپۇسى كۆپرەك بولغان ئۇيغۇر قېرىنداشلارغا مۇنداق مەسلىھەت بەردىم. مۇندىن كېيىن شىنجاڭ ئۈچۈن سىياسىي پروگرامما بويىچە تىرىشىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئەڭ مۇھىم. قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم، جەمئىيەت تىنچ بولۇشى شەرت. كى-

شىلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم، جەمئىيەتنى تېنچ قىلىش ئۈچۈن ھەممىيلەن ئۆتكەنكى ئۆچمەنلىكنى ئۇنتۇشىمىز، مۇھىمى ھازىرقى قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ، كەلگۈسى ئۈچۈن بەخت يارىتىشىمىز كېرەك. مەسىلەن ئېيتايلۇق، ئۆتمۈشتىكى ئۆچمەنلىكنى ئۇنتۇش دېگىنىمىزدە ئەڭ مۇھىمى ئۆتمۈشتە مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىكنى ئەستىن چىقىرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۆتمۈشتە شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغان جايلىرى كۆپ. مەن بۇنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۈم. بىراق بۇ كونا تارىخ بولۇپ قالدى. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، مۇندىن كېيىن مۇشۇنداق ئىشلار ھەرگىز تەكرارلانمايدۇ. ھازىرقى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، دېموكراتىيەلەشكەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، مۇندىن كېيىن مۇستەبىتلىك سىياسەت، قاتتىق بېسىم سىياسىتى، مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى، جاھانگىرلىك مەڭگۈ يۈز بەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇنىڭ كەينىدىنلا مەن مۇنداق دېدىم: ھازىر ياخشى بولمايۋاتقان بىرمۇنچە ئەھۋاللار مەۋجۇد. مەسىلەن: بەزى ھەربىي قىسىملارنىڭ ئىنتىزامى ياخشى ئەمەس، بەزى ئەمەلدارلار چېرىكلىشىپ خىيانەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، يەنە زۇلۇم سېلىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، خەلققە ھاقارەت قىلىشتەك پاكىتلار مەۋجۇد. دەرۋەقە بۇ پەقەت كونا دەۋردىن يېڭى دەۋرگە ئۆتۈۋاتقان ئۆتكۈنچى دەۋردىكى قالدۇق ئىللەتلەر. مەن كۆپچىلىككە شۇنداق ۋەدە بېرەلەيمەنكى، بۇندىن كېيىن بۇنىڭغا ئوخشاشلارنى چوقۇم يوقىتىمىز. ھەربىي ئىنتىزامنى چوقۇم چىڭگىتىمىز، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ناچار ئىستىلىنى چوقۇم ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى تامامەن دېموكراتىك سىياسىي روھى بويىچە خەلق ئۈچۈن سادىق خىزمەت قىلىدىغان قىلىپ چىقىمىز.

مەن يەنە مونۇلارنى كۆرسەتتىم: ھازىر سىرتتا بىر خىل

توغرا بولمىغان قۇتراتقۇلۇق كەيپىياتى ئېقىپ يۈرمەكتە. ئۇ بولسىمۇ ۋەتەنگە قارشى، خەنزۇلارغا قارشى، سەنمىنجۇيىغا قارشى قۇتراتقۇلۇق ئېقىمى بولۇپ، بۇ ئۈزلۈكسىز، مەخپىي، كەڭ دائىرىدە تارقىلىۋاتىدۇ، ئويلاپ يەتكۈسىز بالايى - ئاپەت ئامىلىنى تېرىۋاتىدۇ. بۇ — جىددىي ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئۈستىدە، بىر ئۇزۇل - كېسىل چۈشەنچە بەردىم. ئەڭ ئاخىرىدا كۆپچىلىكنىڭ ۋەتەن قويىندا، دېموكراتىك سىياسەت ئاستىدا، ھەر مىللەت ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل قېرىنداشلاردەك بىرگە ياشاپ ئورتاق گۈللىنىش، تېنچ - خاتىرجەم ئۆتۈش، مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق پرىنسىپى ئاستىدا، ئەركىن، بەختىيار تۇرمۇشتىن كەڭ بەھرىمان بولۇشى لازىم، ھەرگىزمۇ ئىختىلاپ تۇغدۇرۇپ، ھەق - ناھەق مەسىلىسى پەيدا قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى چاك - چېكىدىن بۆلۈنۈپ كېتىش ۋە بىر - بىرىدىن گۇمانلىنىپ ئىشەنمەسلىكتەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويماسلىقنى تەۋسىيە قىلدىم. قۇدرەتلىك، دېموكراتىيىلەشكەن بۈيۈك جۇڭخۇا مىنگونىنىڭ بىر گراژدانى بولۇش بىز ئۈچۈن نومۇس ئەمەس، بەلكى شان - شەرەپ. بۇنىڭدىن بىزگە ئەركىنلىك كېلىدۇ، زۇلۇم بولمايدۇ. بەختلىك بولمىزكى ئازاپ چەككەيمىز. نېمە ئۈچۈن بەزى كىشىلەر مىللىي ئۆچمەنلىك تېرىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلاشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆزئارا ئۆچلەشتۈرۈپ، ئۆز - ئۆزىنى قىرغىن قىلىدىغان يولغا باشلاشتىن يانمايدۇ؟

ئەڭ ئاخىرىدا يەنە مۇنداق دېدىم: بىز مەڭگۈ تېنچلىققا كاپالەت بېرىش ئۈچۈن، چوقۇم جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىن

ئىبارەت. بۇ تۆت جۈملە سۆزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم. ئومۇمەن جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىغا قارشى، ۋەتەن بىرلىكىگە قارشى، دېموكراتىك سىياسەتكە قارشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا قارشى تۇرغانلىكى ئادەمنى ئەكسىيەتچى، تېنچلىقنى بۇزغۇچى دەيمىز. مەن بولسام، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە سادىق مۇرتىمەن، پۈتۈن ئۆلكىدىكى تۆت مىليون خەلقنىڭ چاكىرىمەن. قىلغان سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسى پاك - سادىق قەلبىمدىن ئۇرغۇپ چىققان. مەن كۆز ئالدىمدىكى ۋەزىيەت تەقەززاسىدىن، قەتئىي پوزىتسىيە ۋە مەيدانىمنى بىلدۈرمەي تۇرالمايمەن. مۇشۇنىڭدىن ئېتىبارەن جەمئىيەتنىڭ كەيپىياتى ساغلاملىشىدىغانلا بولسا، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ، ھۆكۈمەت ۋە خەلق تېنچ، ئەركىن، شات، بەختىيار، گۈللەپ - ياشنىغان يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشنىڭ داغدام يولىغا بىردەك قەدەم قويىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ ئەڭ پاك، ئەڭ سەمىمىي دۇئايىم ۋە ئۈمىدىم.

ئىككىنچى ھۆججەت، 1946 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئېلان قىلىنغان «دۆلەت بايرىمىدىن ئالغان تەسىرات» ئىدى

بۇ ھۆججەتتە، مەن پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىنگونى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى سەمىمىي ساداقەتلىك بىلەن ھىمايە قىلىشنى ئۈمىد قىلدىم.

ئالدى بىلەن، دۆلەت بايرىمى «پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە مەنسۇپ. سۈن جۇڭسەن ئەپەندى رەھبەرلىكىدىكى شىڭخەي ئىنقىلابى بولمىغان بولسا، دۆلىتىمىز مۇستەبىتلىك تۈزۈمىدىن دېموكراتىزمىغا ئۆتەلمىگەن بولاتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىمۇ قولغا كەلمەيتتى. 100 يىل مابەينىدىكى تەڭسىز شەرتنامىلارنى بىكار قىلغىلى بولمايتتى. دۇنيادىكى بەش چوڭ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ بىرسى بولالمايتتى، — دەپ كۆرسەتتىم.

ئاندىن دۆلەتنىڭ قۇدرەتلىك بولۇشى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ بەخت-سائادىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇم. ئۆتمۈشتىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا، بولۇپمۇ يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، مەركەزنىڭ نۇرغۇن ئىشلارغا چامىسى يەتمىدى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە دەرمان بولالمىدى. شىڭ شىسەي كەتكەندىن كېيىنلا، گومىنداڭ ئارمىيىسى كېلىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ بەخت-سائادىتىگە كاپالەتلىك قىلدى. تۈرمىلەردە قامىلىپ ياتقان نۇرغۇن ئىلغار زاتلار قويۇپ بېرىلدى. مۇندىن كېيىن يېڭى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىنى باشلىۋەتكۈسى، شىنجاڭ خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشمىغانلىقتىن گومىنداڭ ئارمىيىسىگە بولغان تونۇشى توغرا بولماي، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنى، يامان غەرەز بىلەن تۇيۇقسىز بېسىپ كىرگەنلىك دەپ خاتا تونىدى. مەركەزمۇ بۇنى سۈرۈشتە قىلمىدى. مۇندىن كېيىن پاكىتنى ئېتىراپ قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى تونۇشىمىز، ھايات-ماماتتىمۇ، گۈللىنىش خورلىنىشتىمۇ بىرگە بولۇشىمىز كېرەك. ئەڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ خەلقىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسە دېموكراتىك سىياسەت، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك. يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ خەلقى بۇ ھوقۇقلارغا ئېرىشتى. مۇندىن كېيىن ئۇنى قەدىرلەش، ئاسراش كېرەك، — دېدىم. يەنە مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجاننىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، مىللىي باراۋەرلىكنىڭ قولغا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم ھەمدە كۆپچىلىكنى جۇڭخۇا مىنگونى ھىمايە قىلىشقا، مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىشقا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىشقا چاقىردىم.

ئۈچىنچى ھۆججەت، 1946-يىلى 11-ئاينىڭ 25-كۈنى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان: «مېنىڭ ھەقىقىي جاۋابىم ۋە كەسكىن نەسىھىتىم»، ئىدى،

تاشقىردا يەنە نۇرغۇن پىكىر ئىختىلاپلىرى مەۋجۇت بولغاچقا، 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى مەن ۋە تەپتىش ئەمەلدارى مەسئۇد، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجانلار نامىمىزدىن دېخۋا شەھىرىدىكى ھەرمىللەت ۋەكىللىرىدىن مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى تەكلىپ قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق. بۇ يىغىن سەككىز سائەت داۋام قىلدى. پىكىر قىلغۇچىلار بەس - بەس بىلەن سۆزلىدى. شۇ ئاينىڭ 30 - كۈنى، مەن يەنە بىر قېتىم يىغىن قاتناشچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئالدىنقى قېتىم ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرگە قارىتا قىسقىچە جاۋاب بەردىم. بۇ جەمئىي سەككىز مەسىلىگە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى، ئۆلكە پۇلىنىڭ (پۇل يۈزىدىكى) سومما مەسىلىسى، بەزىلەر پۇلنىڭ سوممىسى ئاشسا، مال باھاسىغا تەسىر يېتىدۇ، دېيىشىدۇ. يەنە مەركەز شىڭ شىسەي سوغات قىلغان 50 مىڭ سەر ئالتۇن بىلەن 500 مىڭ سەر كۈمۈچنى قوبۇل قىلغان. بۇ بولسا شىنجاڭ خەلقىدىن شىلىپ ئېلىنغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك، دېدى. مەن ئۇلارغا مۇنداق دېدىم: بۇ ئالتۇن - كۈمۈچلەرنىڭ ئۆز قىممىتى دېگەندەمۇ شۇچاغدىكى شىنجاڭ پۇلىنىڭ 12 يىرىم مىلليارت دوللىرىغا توغرا كېلىدۇ. مەركەزنىڭ بۇ يىل بىزگە بەرگەن ياردىمى 100 مىلليارت يۈەنگە بارىدۇ. بۇ يىل 7 - ئايدىن باشلاپ يېرىم يىل ئىچىدە، باج - سېلىق پۈتۈنلەي ئېلىنمىدى، غەللە - پاراق، ئالۋان - ياساق يەنە بىر يىلغىچە ئېلىنمايدۇ. پۇل تارقاتمىساق، چىقىمنى قانداق قىلىمىز، قۇرۇلۇشنى قانداق ئېلىپ بارىمىز؟ شىنجاڭنى ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى يۈك ئەڭ يەڭگىل.

ئىككىنچى، ئىشسىزلىق مەسىلىسىگە كەلسەك، مېنىڭچە بۇنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، — دېدىم. ھازىرچە بىرىنچى قەدەمدە، ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلاردىن 50% شى-

تاتنى بوشىتىپ، ھەر مىللەت خادىملىرىگە ئاجرىتىپ بېرىش، مۇندىن كېيىن خەنزۇلارنىڭ كەم ئورنىنى مىللىي خادىملار بىلەن تولۇقلاپ، خەنزۇلار 30%، ھەرقايسى مىللەتلەر 70% نى تەشكىل قىلىش ئۆلچىمىگە يېتىش كېرەك. ئۇندىن باشقا يەنە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئىشسىزلىق مەسىلىسىمۇ ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

ئۈچىنچى، خىيانەتچىلىك مەسىلىسى. مېنىڭچە بۇ مەۋجۇد مەسىلە. كۆپچىلىك بىزگە يېقىندىن ماسلىشىپ پاش قىلىش كېرەك. بىز چوقۇم قاتتىق جازالايمىز، جازا بەرگەنلىرىمىزمۇ خېلى كۆپ. مەسىلەن: يېڭىسار باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خوجۇن چېن خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئايروپىلان بىلەن دىخۇاغا ئالدۇرۇلۇپ ئېتىپ تاشلاندى، دىخۇا سانائەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ سىخۇاي خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. مەلۇم قىسمىنىڭ ئىككى نەپەر ھەربىي لاۋازىمەتچىسى ئەپيۇن ساتقانلىقى ئۈچۈن ئېتىپ تاشلاندى ...... بۇلار ھەربىي سودىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا تاپشۇرۇلۇپ دەرھال ئىجرا قىلىنغانىدى.

تۆتىنچى، ھەربىي ئىنتىزام مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ قەتئىي تەرتىپكە سېلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن: قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىمدىكى بىر روتا كوماندىرى بىر ئۇيغۇر جەڭچىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن. سوت قىلىش ئارقىلىق بۇنىڭغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىندى. ئومۇمەن، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ خەلققە زىيان سالغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تېگىشلىك جازاسىنى تاپتى. بىراق خىيانەتچىلىك، ھەربىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى مەسىلىگە كېلىدىغان بولساق، بۇ ئۆتمۈشتىكى ئېغىر زۇلمەتلىك قارا سىياسەتنىڭ قالدۇق زەھەرلىرى بولۇپ، بۇنى ئۇزۇل - كېسىل تازىلاپ بولۇش ئۈچۈن، يەنە مەلۇم ۋاقىت كېتىش مۇمكىن.

بەشىنچى، دۆلەت قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى مەسىلىسى ئۈستىدە، بەزىلەر پالانچى، پۇستانچىلار سايلىنىشقا بولمايتتى، دېيىشتى. پىكىر بىرىشكە بولىدۇ، لېكىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى بۇنىڭ بىلەن ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار، بىرىنچىدىن مىللەت ۋەكىلى خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئالماشتۇرۇۋەتسەك، مىللىي ئىتتىپاقلىققا تەسىر يېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، كۆرسىتىلگەن ۋەكىللەر رەسمىي تەرتىپلەردىن ئۆتكۈزۈلگەن. يەنى مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجاننىڭ نامزات كۆرسىتىش ھەيئىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا تەپتىش ئەمەلدارى مەسئۇت بىلەن مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان ئىسىم كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ مۇزاكىرە قىلىشى نەتىجىسىدە ماقۇللانغان.

ئالتىنچى، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋەكىللىك مەسىلىسى ئۈستىدە، بەزىلەر ئوسماننىڭ ۋەكىل ئەۋەتىش غەرىزى بىلەن ئارقا كۆرۈنۈشىدىن گۇمانلاندى. مەن كۆپچىلىككە ئۇختۇرۇپ ئۆتەيكى، ئوسمان بولسا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسى شۇنداقلا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ئۇ ۋەكىل ئەۋەتىشكە ھوقۇقلۇق. ئىككىنچىسى، مەن ئوسماننىڭ ۋەكىلىنى قوبۇل قىلغاندا، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان بىلەن بۇرھان بىللە بولدى. كېيىن مەن يەنە، ئوسماننىڭ ۋەكىلى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجاننىڭ شەخسەن بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرغانىدىم. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆزدە تۇتقانلىق ئىدىغۇ!

يەتتىنچى، تېنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە، بەزىلەر بۇنى ئىجرا بولمىدى، دېيىشىۋاتىدۇ. بۇنداق دېيىش پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس. مەسىلەن: بىتىمدە بەلگىلەنگەن، سايلام ئېلىپ بېرىش، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقنى تەڭ قوللىنىش، نەشر قىلىش تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇش، سۆز ئەركىنلىكى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-

نى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ۋەقە جەريانىدا قاماپ قويۇلغان زاتلارنى قويۇپ بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلدە كۆرستىلدى. ھەربىي قىسىم جەھەتتە مەركەزگە تەۋەلىرىنىڭ ھەممىسى ئىجرا بولدى. قالغانلىرىنى بولسا سىياسىي پروگراممىسىدا تەدرىجىي ئەمەلگە قويۇش بەلگىلەنگەن، پاكىتنى يوققا چىقارماسلىق كېرەك.

سەككىزىنچى، ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسى ئۈستىدە، توختىلىپ ئۆتەيلى، سۆھبەت يىغىنىدا، بىر ئاقساقال ئادەم بىلەن يەنە بىر ياش تۇرۇپ مەردانىلىق بىلەن سۆز قىلىپ ئاممىنى مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك تەلەپ قىلىشقا قۇتراتتى. مەن مۇشۇ نۇقتىغا قارىتىپ، تەپسىلىي، سەممىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىختىكى بىر جۇغراپىيەۋى نامبولۇپ، بۇنىڭ ئاللىقاچان ئۆتمۈش بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇنى ۋەتەننى پارچىلايدىغان شۇئار قىلىۋالماسلىق لازىملىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. ئاندىن مەن، شىنجاڭ خەلقى مېڭىش ئېھتىمالى بولغان ئۈچ يولنى تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ كۆرسەتتىم. بىرىنچى يول، ئۆلكە ئورنىنى ساقلاپ قىلىپ، كەلگۈسىدە يەرلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقى بولغان بىر ئۆلكىگە ئايلىنىش؛ ئىككىنچى يول، ۋەتەندىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرۇش؛ ئۈچىنچى يول، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇپ كېتىش. ئۈچىنچى يولنى ئېلىپ ئېيتساق، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بۇنداق قىلىشقا قوشۇلمايدۇ. ئىككىنچى يولنى ئېلىپ سۆزلىسەك، شەرت - شارائىت ھازىر ئەمەس، ئىككىنچى، ئۈچىنچى يولدا مېڭىشقا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمۇ قوشۇلمايدۇ، پەقەت بىرىنچى يولدىلا مېڭىشقا بولىدۇ، مەركەز شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا سەممىي ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. مەن شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن، سەممىي - سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىمەن. مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان مەن

بىلەن ھەمكارلىشىۋاتىدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقى جۇڭگو - سوۋېت
دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى خالاۋاتىدۇ. كۆپچىلىك پىتنە -
ئىغۋالارغا، ئەپقاچتى گەپلەرگە ئىشەنمەسلىكى، ئېزىقىپ تۇيۇق
يولغا كىرىپ قالماسلىقى كېرەك.

ئۈتىنچى ھۆججەت، 1946 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى
پۈتۈن ئۆلكىدىكى دۆلەت ئارمىيىسىگە بېسىپ تارقىتىلغان قىسقا
نۇتۇق ئىدى.

بۇ بىر قانچە ئايدىن بۇيان يۈز بەرگەن ئۇيغۇر - خەنزۇ
ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلەر ئۈستىدە، ھەربىيلەرمۇ
تەبىئى ھالدا بۇنىڭغا چېتىلىپ قېلىشتىن خالى بولالمىدى.
شۇنداقلا ھەربىيلەر سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشقان پاكىتلار ھەقىـ
قەتەنمۇ سادىر بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يېتىپ،
خەلقنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچراپ كەتتى. مەن خەنزۇ ھەربىي، مەمۇ-
رىي خادىملارغا قىلغان بىر قانچە قېتىملىق نۇتقۇمدا، بۇ مە-
سىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتكەنىدىم. ئەمدى بۇنى ئالاھىدە
بىر پارچە ئوچۇق، چۈشىنىشلىك ھۆججەت قىلىپ، ھەر قايسى
قىسىملارغا بېسىپ تارقىتىپ بېرىشكە توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئا-
ساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

ھازىر شىنجاڭ يەنىلا دەۋرىي ئۆزگىرىش جەريانى ئىچىدە
تۇرۇۋاتماقتا. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى، مەركەزنىڭ
سەنمىنجۇيىنى ئىجرا قىلالىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بىز بولساق
سەنمىنجۇيىچى ئىنقىلاۋىي قوشۇن. شىنجاڭدا قەتئىلىك بىلەن
مىللىي مەسىلىكنى يولغا قويۇپ، ئۇششاق، ئاجىز مىللەتلەرگە
ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. بىز خەلقنى سۆيۈشىمىز لازىم. شىن-
جاڭنى ئېلىپ ئېيتقاندا مۇشۇنداق قىلالىغانلىقىمىز ئاجىز، ئۇش-
شاق مىللەتلەرگە ياردەم بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقى-
مىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، قانداق قىلغاندا خەلقنى سۆيگەن بو-
لىمىز؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، ئىش-

نى خەلقنى قالايمىقانچىلىققا سالماسلىق، خەلقنى بۆزەك ئەتـ
مەسلىكتىن باشلىشىمىز، خەلقنىڭ چارۋا ماللىرىنى ئەرزان باـ
هادا سېتىۋالماسلىقتىن، خەلقنىڭ ماددىي بۇيۇملىرىنى قەرز
ئالماسلىقتىن باشلىشىمىز لازىم.

بىز مەنىۋى جەھەتتە خەلق بىلەن ئىناق ئۆتۈشىمىز،
لېكىن تۇرمۇش جەھەتتە خەلقتىن ئايرىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك.
بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ يەرلىكنىڭ ئىچكى ئىشـ
لىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا ھەرگىز بولمايدۇ. خەلق ئارىسىدىكى
جېدەل ـ ماجىرالارغا قاتنىشىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇنىڭغا قاـ
رىتا تامامەن بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتۇش لازىم. مۇشۇنداق
قىلغاندىلا ھەربىي بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى
ساقلاپ قالغىلى، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ھازىر
بولسا، دېموكراتىيە دەۋرى. يەرلىكنىڭ ئىشىغا، مەمۇرى ئەمەلدارلار
ئۆزى مەسئۇل بولسۇن. بىز ھەربىيلەرنىڭ بۇنىڭغا چات كېرىـ
ۋېلىشىمىزنىڭ هاجىتى يوق. ئەگەر دە ھەربىيلەر سىياسىي ئىشلارـ
غا ئارىلىشىۋالسا بۇ، قانۇنسىزلىق، نامۇۋاپىق ئىش بولۇپ ھېـ
سابلىنىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە جەزمەن ھەربىي ئىنتىزام بۇزۇـ
لىدۇ. ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بوشىشىپ، ھەربىي بىلەن خەلق
ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتكە نوقسان يېتىشتەك خىلمۇ خىل ياـ
مان ئەھۋاللار پەيدا بولىدۇ. بۇنداق بولۇشتىن ئاگاھ بولۇشـ
مىز ئۇنى چەكلىشىمىز لازىم.

بەشىنچى ھۆججەت 1947 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى
شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاـ
ساسىي پوزىتسىيىسى ۋە قەتئىي مەيـــدانى» دېيــــلگەن مۇھىم
مۇراجىئەتنامە بولۇپ، بۇ مەمۇرىي مەھكىمە مۇدىرى قوشۇمچە
ئۆلكە رەئىسى ۋە بارلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىـ
نىڭ بىرلەشمە نامىدا ئېلان قىلىنغانىدى.

2 ـ ئايدا مەن ئىش سەۋەبىدىن نەنجىڭدا بولۇۋاتقان

چاغلىرىمىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە نامايىش بولۇپ، زور توققۇنۇش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، رادىكاللار بىلەن كونسېرۋاتىپلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش قىزىپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكەن ئۇ مىللىي ئىتتىپاقلىققا ئىنتايىن زىيانلىق ئىدى. مەن بۇنىڭغا نىسبەتەن سوكۇت قىلىپ تۇرالمىدىم. بۇ ھۆججەت ئون نۇقتىغا بۆلۈندى.

1. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت - مىللىي دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت، خەلقنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتى. ئۇ مەركەزنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەن بولۇپ، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنى بىردەك ھىمايە قىلىش شەرت.

2. پۈتۈن ئۆلكە خەلقى، تېنچلىق بىتىمىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ئەمەلگە قويۇلۇشىغا مەڭگۈ كاپالەت بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تېنچلىقىنى كاپالەتلەندۈرگىلى، ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، سەنمىنجۇيىچە يېڭى شىنجاڭ قۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر بىرەر كىشى چىقىپ، تېنچلىق بىتىمى بىلەن سىياسىي پروگراممىغا بۇزغۇنچىلىق سالسا، شۇ كىشى خەلقنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. مەركىزىي ھۆكۈمەت، شىنجاڭ خەلقىنىڭ بارلىق مۇۋاپىق قانۇنىي تەلەپ ۋە ھوقۇقلىرىغا نىسبەتەن، خۇددى تېنچلىق بىتىمى بىلەن سىياسىي پروگراممىدا بەلگىلەنگەنلەرنى قوللاپ ياردەم كۆرسەتكىنىدەك جەزمەن قوللايدۇ. ھېچنېمىنى ئايىمايدۇ، بۇ سىياسەتنى ھەم ئۆزگەرتمەيدۇ.

4. 8-9 ئايدىن بۇيان تېنچلىق بىتىمى بىلەن سىياسىي پروگراممىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان بولساقمۇ لېكىن ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچلەرنىڭ چەكلىكلىكى ۋە ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلى-

ھەم بەزى نۇقسانلارمۇ كۆرۈلدى، مەملىكەتلەر ئارا يەنە بەزى سۈركىلىشلەر سادىر بولدى، تىنچلىق بىتىمىدىكى ھەربىي ئىشلارغا دائىر قىسمىنىڭ كۆپىنچىسى ئىجرا قىلىنمىدى، ھەتتا بەزى جايلاردا تىنچلىق بىتىمى بىلەن سىياسىي پروگراممىنى تەشۋىق قىلىش چەكلەنگەنىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى تۈزىتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقى قاتتىق تەكىتلەندى.

5. چوقۇم تىنچلىقنى قوغداش كېرەك. ھەممە جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇش، مەملىكەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى ئۆلچەم قىلىش لازىم. كىمكى بۇ ئۆلچەمگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، شۇ كىشى تىنچلىققا بۇزغۇنچىلىق سالغان بولىدۇ.

6. كۆپچىلىك دېموكراتىيىگە تەشنا، بىراق جەمئىيەتتە دېموكراتىيىگە قارشى قالاق ئۇنسۇرلار بار، ئىدارىلار ئىچىدە دېموكراتىيىگە قارشى جاھىللار بار. بۇلاردىن باشقا يەنە دېموكراتىك ئېقىمغا خىلاپلىق قىلىدىغان مۇداخىلىچىلار بار. ئۇلارنىڭ چىقىش يولى يوق، بىز ئۇلارنى ئۆزگەرتىۋېلىشىمىز لازىم. ئەگەر يەنىلا جاھىللىق قىلىدىغان بولسا، بىز چوقۇم بۇ مەسىلىنىمۇ ھەل قىلىپ كېتەلەيمىز.

7. دېموكراتىيىنى خاتا چۈشىنىپ قالماسلىق لازىم. ئەركىنلىكنىڭمۇ دائىرىسى بولۇشى كېرەك. دېموكراتىيىنىڭ ھەقىقىي روھى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشتا. خەلق ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىپادىلەش توغرا كەلسە، ھەر دەرىجىلىك خەلق ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئورگانلار بار. تىنچلىق بىتىمى، سىياسىي پروگراممىلىرىدا ئەركىنلىك ھوقۇقى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمىلەر بار. بۇ قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە. لېكىن خەلققە دۆلەتكە قارشى تۇرىدىغان ئەركىنلىك بولمايدۇ. تىنچلىققا بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان ئەركىنلىك بولمايدۇ. باشقا كى-

شىلەرنىڭ ئەركىنلىكىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان ئەركىنلىك بولمايدۇ. تېررورلۇق پەيدا قىلىدىغان ئەركىنلىك بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەت، بۇنى چەكلەش لازىم. مەسىلەن: 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى رادىكاللار قوزغىغان ھۆكۈمەت بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان ۋە ھۆكۈمەتكە تەھدىت سالىدىغان ھەرىكەت، 25 - كۈنى كونسېرۋاتىپلار قوزغىغان نامايىش جەريانىدا يۈز بەرگەن پاجىئە، 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى نوپۇس تەكشۈرۈش جەريانىدا مىللىي ھېسسىياتقا تېگىشتەك بىر قاتار ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تۈزىتىش كېرەك.

8. ھەرقايسى مەمۇرىي ئورگانلار سىياسەت يۈرگۈزۈشتە زۆرۈر بولغان ھوقۇقلارنى ھازىرلىشى، بۇنىڭدا ھېچقانداق مۇداخىلىگە ئۇچرىماسلىقى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىيەسى سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىپ قېلىش ۋە خەلقنىڭ قانۇنىي ئەركىنلىكىگە دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىشى لازىم. ئىراق خەلقىمۇ دۆلەت ئارمىيەسىنى ھۆرمەتلىشى، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىماسلىقى لازىم.

9. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەبەدىي تىنچلىقنى ساقلاپ قېلىشتىكى زۆرۈر شەرت. ھازىر ئىجرا قىلىۋاتقىنىمىز مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتى. ئۆتمۈشتىكى مىللىي تەڭسىزلىك ھادىسىلىرى ۋە كەيپىياتلىرىنىڭ قالدۇقلىرى تېخى تۈگەپ كەتكىنى يوق. لېكىن شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ مىللىي سىياسىتىمىزدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. ئاز سانلىق بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان قىلمىشلىرىنى سىقىپ چىقىرىپ زەربە بېرىشىمىز لازىم.

10. بىز ھەم ئىجابىي رەۋىشتە تىنچلىق بىتىمى بىلەن سىياسىي پروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز، ھەم سەلبىي رەۋىشتە قاتتىق، ئۈنۈملۈك چارىلارنى ئىشلىتىپ بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلارنى چەكلىشىمىز لازىم.

ئالتىنچى ھۆججەت 1947 - يىلى 4 - ئايدا، ئارمىيە ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىغا بېسىپ تارقىتىلغان مەخپىي ھۆججەت بولۇپ، نامى «نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مەسىلىسى ۋە بىزنىڭ تۈپ قاراشلىرىمىز ھەم پوزىتسىيىمىز» ئىدى.

2- ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە نامايىش ۋاقەسى پارتلاپ چىققاندىن كېيىن بەزىلەر، كونسېرۋاتىپلانىڭ كەينىدە قوللاۋاتقان ئادەم بار، بەلكى بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچىدىكى ئارمىيە - ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللىرى بار دېيىشتى. شۇڭا مەن 31 - كۈنى دىخۋادا بارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنى يىغىپ تۆت سائەت داۋام قىلغان ئۇزۇن بىر مەخپىي نۇتۇق سۆزلىدىم.

ئالدى بىلەن، يىغىنچاق ۋە ئوچۇق قىلىپ، شىنجاڭ مەسىلىسى دىپلوماتىيە مەسىلىسى بىلەن مىللىي مەسىلىنىڭ گىرەلىشىشىدىن شەكىللەنگەن بىر كۆرۈنۈش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم. ھەر قانداق بىر تەرەپتىنلا قاراش خاتا بولىدۇ. پەقەت سىرتقى كۆرۈنۈشىدىنلا قاراشمۇ توغرا بولمايدۇ. بەزىدە مىللىي مەسىلە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، بەزىدە بولسا دىپلوماتىيە بولسا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بىراق ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مىللىي مەسىلە تۈپ مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىللىي مەسىلە بولمىسا دىپلوماتىيە مەسىلىسىمۇ بولمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، بۇنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ پرىنسىپى، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىپ دىپلوماتىيە مەسىلىسىنىڭ ياخشىلىق تەرەپكە ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىش، دىپلوماتىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، مىللىي مەسىلىنىڭ ياخشىلىق تەرەپكە بۇرۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىش بولىدىغانلىقىنى، ئەمما ئالدى بىلەن قول سېلىپ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. ھالبۇكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا پەقەت تىنچلىق-

تىن ئىبارەت بىرلا يول بار. ھەر قانداق قورال كۈچى بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن خاتا.

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇنداق دەپ تەكىتلىدىم، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پرىنسىپلارغا ئاساسەن، شۇنى قارارلاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يۆنىلىشى سەنمىنجۇيىدىكى مىللىي مەسلەك بولۇشى شەرت. مەيلى ھەق - ناھەق مەسىلىسىدىن، پايدا - زىيان مەسىلىسىدىن، مۇھىت - شارائىت مەسىلىسىدىن قارايلى، مەيلى مەيدان ۋە مەسلەك نۇقتىسىدىن قارايلى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە مىللىي مەسلەكتىن باشقا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك يولنىڭ يوقلۇقى ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇ. چوقۇم ئۆز ئىشەنچىسىگە ئۆزى خىلاپلىق قىلماسلىق روھى بويىچە ھەق - ناھەقنىڭ، پايدا - زىياننىڭ بار يېرىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇھىت - شارائىتنى تونۇپ، مەيداننى قەتئىيلەشتۇرۇشىمىز، ئىشەنچىنى چىڭىتىشىمىز كېرەك. ئەگەر سەنمىنجۇيىدا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنى قولدىن بېرىپ قويساقمۇ، كۆڭلىمىز خاتىرجەم قىلىۋېرىدۇ. ئەگەردە جاھانگىرلىك ۋاستىسىنى قوللىنىپ، شىنجاڭنى ھەربىي كۈچكە تايىنىپ تۇتۇپ تۇرساقمۇ، ئوخشاشلا خاتا قىلغان بولىمىز. قولدا داۋاملىق بېسىپ تۇتۇپ تۇرۇش دېگەن نەدىكى گەپ؟

ئاندىن، دۇچ كېلىۋاتقان زىددىيەتلەرنى جۈملىدىن ھەربىي ستراتېگىيە بىلەن ئىنقىلاۋىي تەشەببۇس ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى، ھەربىيلەردىكى روھىي ھالەت بىلەن سىياسىي ئىستىل ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى تەھلىل قىلىپ ئۆتتۈم. خەقلەر مېنى ئاجىز - يۇمشاق ئىكەن، يېڭىلىشى مۇمكىن دەۋاتقىدەك، مېنىڭچە مۇبادا يېڭىلسەم، گەپ ئاجىز - يۇمشاقلىقتا ئەمەس، مۇشۇ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلالمىغانلىقىمىزدا.

ئەڭ ئاخىرىدا مەن ئالاھىدە سەمىمىيەتلىك بىلەن جىددىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، ھەربىيلەردىكى روھىي ھالەت بىلەن

ھەركىمنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە پەيدا قىلغان زىيانلىق تەسىرىنى كۆرسىتىپ، ئۆز پوزىتسىيەم بىلەن ئىرادەمنى قايتا - قايتا شەرھىيلەپ ئۆتتۈم. ھەربىيلەرنىڭ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىشى مۇتلەق خاتا. قوشۇننى بۇزۇۋېتىدىغان، ئىتتىپاقلىققا خىلاپ ئىستىل، مەسىلەن، سايلام داۋامىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزىبىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ باللارچە قىلغان بىمەنە قىلىقلىرى، ۋەتەننى سۆيگەنلىك ئەمەس، بەلكى پاراكەندىچىلىك سالغانلىق. ھەربىي ئىشلار جەھەتتە چوقۇم سىياسىغا بويسۇنۇش سىياسىي ئىشلار بىلەن ماسلىشىش شەرت. سىياسىي جەھەتتە شىنجاڭنى قولدىن بېرىپ قويساق، بۇ ھەربىيلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەمەس؛ ھەربىي ئىشلاردا شىنجاڭ قولدىن كېتىپ قالسىلا، بۇ ھەربىيلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

مەيلى ھەربىي ياكى سىياسىي ئىشلار جەھەتتە بولمىسۇن ھەممىسىدە مېنىڭ جاۋابكارلىقىم بار. مۇۋەپپەقىيەت قازانساق كۆپچىلىككە ھېساب بولسۇن، مەغلۇپ بولۇپ كەتسەك شەخسەن ئۆزۈم جاۋاب قىلاي. مېنىڭ سىياسىتىم ۋە پوزىتسىيەم توغرا، كەڭ بولدى. قاندۇقتۇر ئاجىز، يۇمشاق بولۇپ كەتكىنى يوق، بۇ مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن گۇمانلىنىش ھاجەتسىز.

نۇتۇق ناھايىتى سەممىي تولا كۆڭۈللۈك بىلەن، ناھايىتى تەلتۆكۈس، ناھايىتى ئوچۇق سۆزلەنگەن بولۇپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلالىشى لازىم ئىدى. بىراق بەزى كىشىلەر بۇنى كاللىسىدىن ھامان ئۆتكۈزەلمىدى، بۇنىڭغا ئىشەنمىدى. مەسىلەن: شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى سۇڭ شىلىيەن كەينىمدىن مېنى ئاجىز، يۇمشاق، شىنجاڭنى قولدىن بېرىۋېتىدۇ، دەپ يۈرۈپتۇ. كېيىن مېنىڭ ئۇنى شىنجاڭدىن كەتكۈزۈۋېتىشىمدىكى سەۋەب مانا مۇشۇ.

# تۆتىنچى باب. قۇرۇلۇش پىلانى

## بىر قانچە قېتىملىق تەكلىپ

مەن ئۆتكەندە: سەنمىنجۇيىنىڭ كۈچى بىلەن شىنجاڭنى كاپالەتلىك قىلمىش، پاك ـ ئادىل سىياسىي كۈچ ئارقىلىق شىنجاڭنى تېنچلاندۇرۇش، تولۇق ئىقتىسادىي كۈچ بىلەن شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، دېگەن چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. بۇ ئۈچ جۈملە سۆزگە نىسبەتەن، نەنجىن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قارشى پىكىر قويالايدىغان ئادەم چىقمىدى، تېنچلىق بىتىمىگە ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن، مەن كۆپ قېتىم جىياڭ جېيشىغا شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى، ئىقتىسادنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋە سىياسىي ئىشلاردىن ھالقىپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا تەكلىپ بەردىم. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قالاق بولغانلىقتىن ئەگەر مەركەزدىن زور كۈچ بىلەن بۇ جاينى ئېچىپ، سانائەت ئاساسىنى قۇرۇدىغان بولسا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلىنىدۇ. ۋە شۇنداقلا شىنجاڭدا ۋەتەنگە تايىنىپ ياشاش مۇناسىۋىتى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شىنجاڭ خەلقى بىلەن ۋەتىنىمىز ئوتتۇرىسىدا ئايرىلماس مۇناسىۋەت ئورنىتىلىدۇ. بۇ شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر تەدبىر.

شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن باشقا، مەن يەنە نۇقتىلىق قىلىپ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشنىمۇ تەكلىپ قىلدىم. مېنىڭچە شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋەتەنگە تەلپۈنىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلاردا ۋەتەن كۆز قارىشىنى قوزغاش ئۈچۈن، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش يالغۇز مەنىۋىي جەھەتتىكى دۆلەت مۇداپىئەسى بولۇپلا قالماي، بەلكى بەزىدە بۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى مۇنداق: مەدەنىيەت خىز-

مەت قىلىش ئورگانلىرى تەسىس قىلىش، كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنى تۈزۈش - بېسىش، تارقىتىش، كىنو كەسپىنى كېڭەيتىش، ھەر مىللەت يېزىقىدىكى باسما زاۋۇتلىرىنى قۇرۇش، مۇزىكا، تىياتىر - ئۆمەكلىرىنى تەشكىللەش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىلمىي جەمئىيەتلىرىنى قوللاش، ھەر مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىچكى جايلارغا بېرىپ ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ھەر مىللەتنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە زاتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئىچكى جايلارغا ئېكىسكۇرسىيىگە ئەۋەتىش ۋە باشقا تەشۋىقات خىزمەتلىرى قاتارلىقلار.

مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى مائارىپ قۇرۇلۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆتمۈشتە شىنجاڭدا ئۆتكەن ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى خەلقنى ئەخمەق قىلىش سىياسىتىنى، نادان قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلدى. بۇنىڭغا بىز مۇتلەق خاتىمە بېرىمىز. بىز جەزمەن ئومۇمىي مائارىپنى يولغا قويۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان مەدەنىيىتى ۋە ئىلىم پەنىنى راۋاجلاندۇرۇپ ھەم ئۈستۈرۈپ، كۆپ ساندىكى مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنى تەدرىجىي باشقۇرۇش ۋە قۇرۇلۇش قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدىغان قىلىشىمىز كېرەك.

مەن يەنە جىياڭ جيېشىغا مۇنۇلارنى چۈشەندۈردۈم: شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كېتىدىغان بارلىق چىقىمنى مەركەز بېرىشى كېرەك. يەرلىكلەرنىڭ زاپىسىغا تايانغىلى بولمايدۇ. چۈنكى شىنجاڭ ئەزەلدىن نامرات. بۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالغىدەك قۇۋۋىتى يوق؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقنىڭ قەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىش لازىم. چۈنكى كىچىك سوقماي، ئۇزاق كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئاندىن شىنجاڭنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ. بىرەر ئاساس بولغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭدا ۋەتەندىن ئايرىلماي ئۆز ئارا

تايىنىپ ياشاش مۇناسىۋىتى ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. مەن يەنە تەكىت-
لەپ مۇنداق دېدىم: مەركەزنىڭ ئۆۋەتتىكى مالىيە ئەھۋالى ما-
گا چۈشىنىشلىك. مەركەزدىن شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەد-
دىدىن ئارتۇق كۆپ كۈچ ۋە مەبلەغ تەلەپ قىلىش قىيىنچىلىق
تۇغدۇرىدۇ. لېكىن شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قولغا كەلتۈ-
رۈشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىگە بېرىپ قالدۇق. ئەگەر مەركەز
ئەڭ زور دەرىجىدە بەل باغلاپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش
مەسىلىسىنى ئەڭ زور كۈچ بىلەن ھەل قىلمايدىكەن، كەلگۈسىدە
تامامەن پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمىزدە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى
تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايمىز.

## ئىككى ئورگاننى تەسىس قىلىش

بىز ئالدى بىلەن ئىككى ئورگاننى تەسىس قىلدۇق:
بۇنىڭ بىرى، غەربىي-شىمال مىنشېڭ سودا-سانائەت
شىركىتى، يەنە بىرى غەربىي شىمال مەدەنىيەت قۇرۇلۇش جەمئىيىتى.

شېڭ شىسەي دەۋرىدە شىنجاڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىر-
كىتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭ
خەلقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىكى ئالاھىدە ئورگىنى ۋە شېڭ
جەمەتى گۇرۇھىنىڭ پۇل توپلاپ باي بولۇش بازىسى ئىدى.
ھەر مىللەت خەلقى بۇنىڭغا كۈچىنىڭ بېرىچە قارشى تۇرۇپ
كەلگەن، بىز بۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتۇق.

غەربىي شىمال بويىچە مىنشېڭ سودا-سانائەت شىركى-
تى، غەربىي شىمال رايون دائىرىسىنى چۆرىدەپ قۇرۇلغان بول-
سىمۇ، لېكىن ئۇ شىنجاڭنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئىقتىسادىي ئور-
گان. ئۇنىڭ باش ئاپپاراتى لەنجۇدا بولۇپ، شاڭخەي، نەنجىن،
دېخۇالاردا شۆبە ئورگانلىرى بار. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇنىڭ

مەبلەغ فوندى بەش مىليارد ① فابى بولۇپ، بۇنى مەركەز ئاجرىتىپ بەرگەنىدى. مۇشۇ مەزگىللەردە شىنجاڭنىڭ تاشقى سودىسى ئاساسەن توختىغان بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن توشۇپ كېلىش ناھايىتى قىيىن ئىدى. بۇ ئۆلكە ئىچىدە ماددى بۇيۇملار ئىنتايىن كەمچىل بولۇش، مال باھاسى كۈنسايىن ئۆرلەش ۋە خەلق تۇرمۇشى تېخىمۇ گادايلىشىشتەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا شىركەت قۇرۇلۇپ، بىرىنچى مەۋسۇملۇك ئىشلەنگەن خىزمەت كۈچىنى توپلاپ كۈندىلىك بۇيۇملار مەسىلەن: چاي، شېكەر، رەخت قاتارلىقلارنى شىنجاڭغا توشۇپ كېلىپ، تەننەرقىگە كەتكەن باھاسى بويىچە سېتىشتىن ئىبارەت بولدى. دەسلەپتە ھېساب دەپتىرىگە يېزىپ قويۇپ، مۇددەتكە ئايرىپ پۇل تۆلەش چارىسى قوللىنىلدى. ماددى بۇيۇملار گەرچە بەك كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغاچقا، جىددى ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان شىنجاڭ خەلقىگە ھامان قىسمەن دەرىجىدە بولسىمۇ ياردىمى تەگدى، بىراق كېيىنكە بېرىپ مەبلەغ ئوبوروتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقى ترانسپورتنىڭ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكى جايلاردىكى ماددى ئەشيالارنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمىدى. تەدرىجى بېرىپ بەزىدە ئۈزۈلۈپ قېلىش، بەزىدە داۋاملىشىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

غەربىي شىمال مەدەنىيەت قۇرۇلۇش جەمئىيىتىنى قۇرۇشتا ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى شەكلى قوللىنىلىپ، ئادەم تاللاشتا مەملىكەت ئىچىدىكى مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، كۆلىمى زور ھەيۋەتلىك پىلان تۈزۈپ چىقىلدى. يايىسىمۇ كۆپ سېلىندى. خىزمەتلەرمۇ خېلى دەرىجىدە ئىشلەندى.

---

① فابى — گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1935 - يىلدىن كېيىن تارقاتقان قەغەز پۇل. — ت.

گەرچە ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىدىن ئومۇمىيۈزلۈك خىزمەتلەر يۈرۈشۈپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى غەربىي شىمالغا، بولۇپمۇ شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنىڭ مەلۇم تەسىرى بولدى. باش ئاپپارات لەنجۇدا قۇرۇلغان بولۇپ، دىخۇا، نەنجىن، شاڭخەيلەردە يەنە كۆپلىگەن شۆبە تەشكىلاتلىرى باردى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئىشلىگەن خىزمەتلىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ:

تەھرىر - تەرجىمە خىزمىتى جەھەتتە، دىخۇا شەھىرىدە تەھرىر - تەرجىمە يۇرتى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە «تىيانشان رەسىملىك ژۇرنىلى» ۋە ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئوبيېكتى قىلغان «ئەدەبىي پارچىلار»، «ئۆسمۈرلەر بىلىمى»، «تىيانشان ئەدەبىيات - سەنئەت كىتابچىسى» قاتارلىقلار نەشىر قىلىندى. يەنە بۇرھان ئەپەندى ئىشلىگەن «ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، رۇسچە لۇغەت» ئالاھىدە نەشىر قىلىندى.

لەنجۇدا كۆلىمى زورراق بولغان بىر باسما زاۋۇتى قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئۈسكۈنىلىرى يېڭى، زاپچاسلىرى تولۇق، ئادەملىرى يېتەرلىك، مەلۇم تېخنىكا سەۋىيىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇ، غەربىي شىمال بويىچە بىرىنچى دەرىجىدە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىمۇ كىچىك ھېسابلانمايتتى. دىخۇادا ئۇيغۇرچە، قازاقچىنى ئاساس قىلىپ، ئوتتۇرا تىپتىكى باسما زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، گېزىتلەرنىڭ بېسىلىشىغا ياردىمى بولدى.

كىنوچىلىق جەھەتتە، «غەربىي - شىمال كىنو شىركىتى» ۋە بىر قانچە سەييارە كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلدى. بىر قانچە ھېكايە فىلىم ۋە بىر مۇنچە ھۆججەتلىك فىلىملارنى ئىشلەپ چىقتى. سەييارە كىنو قويۇش ئەترىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭلارغا بارغانىدى. شۇ چاغدىكى شىنجاڭ شارائىتىدا، ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن كىنو، ھۆججەتلىك فىلىم-

لارنىڭ قويۇلۇشى خېلى چوڭ بىر ئىش ھېسابلىناتتى.

مەدەنىيەت ئىشلىرى جەھەتتە، قىلىنغان ئىشلار خېلى كۆپ بولدى. مەسىلەن، سەييارە مەدەنىيەت خىزمەت ئەترىتى تەشكىل قىلىنىپ، ھەربىر ئەترەت ئۈچۈن ئىككى ماشىنا، يەتتە ئادەم ئاجرىتىلدى. ئۇلار كىنو، رەسىم، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئەدەبىي كىتاب، گېزىت - ژورناللارنى بىرگە ئېلىپ بېرىپ جايلاردا كىنو قويدى، كۆرگەزمە قىلدى. ئاغزاكىي تەشۋىق ئېلىپ باردى. بۇلار بىلەن يەنە ئاز ساندا تىببىي داۋالاش خادىملىرىمۇ بىرگە بېرىپ، تىببىي داۋالاش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. بۇندىن باشقا غەربىي شىمال مەدەنىيەت تەمىنلەش كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، دىخۇا، لەنجۇلاردا بۇنىڭ تارقىتىش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى. بۇ ئورۇنلار، ئىچكى جايلار ۋە ھەر مىللەتنىڭ يېڭى نەشىر قىلغان كىتاب - ژورناللىرى بىلەن تەمىنلەپ ئالاھىدە قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى. ھەر ئايدا كېلىپ كىتاب - ژورنال سېتىۋالغۇچىلار ۋە جايلاردا قوشۇمچە ئېچىلغان قىرائەتخانىلار ناھايىتى كۆپ بولدى. يەنە شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى قۇرۇلۇپ نەنجىن، شاڭخەي، بېيپىڭ ۋە تەيۋەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ئويۇن قويدى. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك، زېبۇ - زىننەتلىرى يېڭى، قويغان ئويۇنلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، ئارتىسلىرى سەر خىل بولغانلىقتىن، كۆپلىگەن ياخشى باھالارغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئىچكى جايلاردىن مۇزىكا ئۆمەكلىرى ۋە مەشھۇر پىيانىنوچىلار، ئىسكىرىپكىچىلار، ناخشىچىلار تەكلىپ بويىچە دىخۇا، لەنجۇ شەھەرلىرىگە كېلىپ ئويۇن قويۇپ، كەڭ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇنىڭدىكى داغدۇغىلىق كەيپىيات بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان.

### شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ئۆمىكى

شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىختىساسلىق تېخنىكا خادىملار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

شۇ چاغلاردا ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىن بىرەر ئىنژېنېرنىڭمۇ ئىزدەپ تاپقىلى بولمايتتى. شۇڭا مەن نەنجىن ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ئۆمىكىدىن بىرنى تەشكىللەپ ئەۋەتىشنى، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئىختىساسلىق خادىملاردىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەردىم.

مەن تەكلىپىمدە ئالدى بىلەن مۇنۇلارنى كۆرسەتتىم: سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ مىللەت تەركىبى، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى تۇرمۇش ئەھۋالى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇلار ئۈچ بەشيىللىق پىلاننى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىدى. خەلق تۇرمۇشىمۇ كۆرنەرلىك ئۆستى. بۇ جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن شىنجاڭ خەلقى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا مۇناسىۋەت كۈچلۈك، ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قويۇق، سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، بۇنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە بولغان تەسىرى ناھايىتى زور. ھالبۇكى مۇشۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا كېتىدىغان ئىختىساسلىق خادىملار بىلەن مەبلەغنى ئەڭ دەسلەپتە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى مەركىزى تەمىنلەپ بەرگەن.

ئاندىن مەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئېھتىياجى ئۈستىدە توختىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ھەققانىي ئارزۇسى ئەركىنلىك ۋە بەخت-سائادەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھازىر شىنجاڭدا ئەركىنلىك قولغا كەلدى. دېموكراتىك سىياسەت باشلاندى. خەلق جەزمەن تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. پەيدىنپەي بەختىيار، شاد-خۇراملىق تۇرمۇشقا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شىنجاڭ تەبىئىي شارائىت تارىخىي، سىياسىي، نەقلىيات قاتارلىق باغلىنىشلار تۈپەيلىدىن، ئىشلەپچىقىرىشى قالاق بولۇپ،

ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، خەلق تۇرمۇشى ئىنتايىن نامرات ھالەتتە كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن بوگۈنكى كۈندە پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ مەركەزدىن كۈتىدىغان سەممىي ئۈمىدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت.

مەركەز شىنجاڭغا كاپالەت بېرىش، خەلق قەلبىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھەققانىي ئارزۇسىنى قاندۇرۇش شەرت. بىراق شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇشتا ئەڭ مۇشەققەتلىك بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقىنى، بىرىنچىسى قاتناش قىيىنچىلىقى، ئىككىنچىسى مالىيە كۈچىنىڭ يېتەرسىزلىكى، ئۈچىنچىسى، تېخنىكىدا ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئازلىقى. ھازىر ئالاھىدە مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە يۇقىرىغا تەكلىپ قويۇپ، مەمۇرىي پالاتادىن شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ئۆمىكىدىن بىرنى ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلدىم.

بۇ يېتەكچىلىك ئۆمىكىنى تەسىس قىلىشنىڭ چارىلىرى مۇنداق:

A. مەمۇرىي پالاتانىڭ تەشكىللىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ئۆمىكى ئەۋەتىپ (نۆۋەتتىكى قىسقارتىپ مەزكۇر ئۆمەك دەپ ئاتىلىدۇ) دائىملىق شىنجاڭدا تۇرغۇزىدۇ. بۇ ئۆمەك شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، ھەر خىل قۇرۇلۇش پىلانلىرىنى تۈزۈپ، ھەرساھە قۇرۇلۇش خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ھەرخىل قۇرۇلۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ.

B. مەزكۇر ئۆمەكتە بىردىن ئۆمەك باشلىقى ۋە مائاۋىن ئۆمەك باشلىقى تەيىنلىنىپ، پۈتۈن ئۆمەكنىڭ كەسپىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ھەمدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ

ئىنشائاتى، چارۋىچىلىق، قاتناش، سانائەت، كانچىلىق، مالىيە، سەھىيىگە ئوخشاش گورۇپپىلار تەسىس قىلىنىدۇ. ھەربىر گۇرۇپپىلارغا مەخسۇس كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى قويۇلىدۇ.

C. مەزكۇر ئۆمەك دىخۇادا تۇرىدۇ. كەسپىي ئېھتىياجىغا قاراپ تېخنىكا خادىملارنى ھەرقايسى ئېھتىياجلىق رايونلارغا ئەۋەتىپ ئورگان قۇرۇلۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

D. مەزكۇر ئۆمەك شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەرخىل قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا كېرەكلىك ئىختىساسلىق تېخنىكا خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش دەرىجىسىگە يەتكۈزىدۇ.

E. مەزكۇر ئۆمەكتە ئىشلىگۈچى خادىملارنىڭ شىنجاڭدا ئىشلەش مۇددىتى ئىككى يىل بولىدۇ. مۇددىتى تولغاندىن كېيىن يۆتكىلىپ ئىچكىرىگە قايتىدۇ.

F. ئۆمەك باشلىقى ۋە مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقىنى تاللاشتا، يالغۇز چوڭقۇر بىلىم قابىلىيىتىگە ئىگە بولغانلارنىلا ئەمەس، بەلكى چېگرا رايوندا ئىشلەش قىزغىنلىقى بارلارنى، مەسىلەن: شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى خېلى پىششىق بىلىدىغانلارنى تاللىساق تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

G. مەزكۇر ئۆمەكتە ئىشلەيدىغان خادىملارنى تاللاشتا، ئۇلارنىڭ تېخنىكا شەرتىگە كۆڭۈل بۆلگەنىڭ سىرتىدا، جاپاغا چىداپ ئىشلەش، ۋەزىپىسىگە چىن كۆڭلىدىن مەسئۇل بولۇشتەك پەزىلەتكە ئىگە بولغانلارنى تاللىساق ئەڭ ياخشى بولىدۇ (ئۆتكەندە ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كەلگەن دوختۇرلارنىڭ تېخنىكىسى ئۇستۇن ئەمەس، خىزمەت ئىشلەش روھى تېخىمۇ تۆۋەن، ھەر مىللەت زاتلىرى بۇلارنى كۆزگە ئىلمىغان، ھازىرغىچە خەلقنىڭ ئاغزىدا دەستەك بولۇپ كەلمەكتە).

O. مەزكۇر ئۆمەكتىكى خادىملارنىڭ تەمىناتى بىلەن سالاھىيەت دەرىجىسىنى بەلگىلەشتە، قائىدىنى بۇزۇپ تاشلاپ ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئادەتتىكى

قائىدىلەرگە ئېسىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ تەمىنات جەھەتتە ئۇلارنى رازى قىلىش ۋە ئەندىشىسىز قىلىش لازىم.

P. مەزكۇر ئۆمەكنىڭ شىنجاڭدا قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى يولغا قويۇشى ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان خىراجىتى بىلەن ئۆمەكنىڭ ئىچكى قىسمىغا كېتىدىغان خىراجەتنى پۈتۈنلەي مەركەز كۆتۈرىدۇ. يەرلىكتىن ئازراقمۇ ئېلىپ بېرىلمەيدۇ (شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەمۇرىي خىراجىتىنى مۇندىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىسى ئۆزى ھەل قىلىپ تەمىن ئېتىدۇ، مەركەزدىن ياردەم قوشۇپ بەرمەيدۇ).

Q. مەزكۇر ئۆمەكنىڭ تەشكىلىي قائىدىسى بىلەن شتات خامچوتى مەمۇرىي پالاتا تەرىپىدىن بېكىتىلىپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

بۇ تەكلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، جياڭ جيېشى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ مەمۇرىي پالاتانىڭ ھەقىقىي رەۋىشتە تەكشۈرۈپ توغرىلىشى ئۈچۈن تاپشۇرۇلدى. كېيىن مەمۇرىي پالاتا، مەملىكەت ئىچىدە مەشھۇر، سابىق ئىقتىسادىي مىنىستىرلىقىنىڭ لەنجۇ سانائەت تەجرىبە ئىنىستىتوتىنىڭ باشلىقى گې فۇشياڭ ئەپەندىنى ئۆمەك باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. مەن شۇ ئان ئۆمەك باشلىقى گې فۇشياڭنى، بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەرنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىقات يۈرگۈزۈشكە تەكلىپ قىلدىم. شۇ چاغدىكى مەركەزنىڭ مالىيە ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ پروگراممىسى تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىنشائاتى، چارۋىچىلىق، سانائەت، كانچىلىق، قاتناش ترانسپورت ۋە تىببىي دورىگەرلىك، سەھىيە قاتارلىق يەتتە خىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، خېلى كونكرېت مۇكەممەل تۈزۈپ چىقىلدى.

مەمۇرىي پالاتانىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش تېخنىكىسىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۆمىكىنىڭ بىرىنچى قارارلىق (مىنگونىڭ 37 - يىلى كېيىنكى يېرىم

## يىلدىن 40 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە) قۇرۇلۇش پروگراممىسى

### كىرىش سۆز

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى زېمىنى بولۇپ، يېرى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ، ئىشلەپچىقىرىشى ئارقىدا قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە كۆمۈلۈپ ياتقان بايلىق ئىنتايىن مول، ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتلارغا ئىگە. ئەگەر بۇنى پائال رەۋىشتە ئېچىپ خەلق تۇرمۇشىغا مۇۋاپىقلاشتۇرىدىغان بولساق، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، كۈندىن - كۈنگە باياشات، بەختىيار تۇرمۇشقا قەدەم قويغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چېگرا خەلقىنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى مۇستەھكەملەپ، خەلق تۇرمۇشىغا ھەقىقىي پايدا يەتكۈزۈپ، چېگرا رايوننى مۇستەھكەملەشتەك كاتتا ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىگە دائىر بايلىق مەنبەسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زور. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پىلانى تۈزۈپ چىقىپ، پائال يولغا قويماي بولمايدۇ. مەركەز بۇنىڭغا مەمۇرىي پالاتانى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ھەر خىل تېخنىك، مۇتەخەسسىس خادىملارنى ئەۋەتىپ ئۇزۇن مۇددەت تۇرغۇزۇشقا بۇيرۇدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق چېگرا رايون خەلقىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىشلەپ، دۆلەتنىڭ ئىناۋىتىنى كىشىلەر قەلبىگە سىڭدۈرۈش خېلى جاپالىق ئېغىر ۋەزىپە. مەزكۇر ئۆمەكنىڭ تەشكىلىي لايىھىسى بويىچە، شىنجاڭنىڭ بىرىنچى قارارلىق قۇرۇلۇش پىلان پروگراممىسىنى تۆۋەندىكىچە تۈزۈپ چىقتۇق:

بۇ پىلان تەشكىلىي قانۇن لايىھىسىدىكى بەلگىلىمىلەر-

گە ئاساسەن، قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە قاراپ، گۇرۇپپىلارغا بۆ-
لۈپ تەرتىپ بويىچە تۈزۈلدى. يەنى دېھقانچىلىق، ئور-
مانچىلىق، سۇ ئىنشائاتى، چارۋىچىلىق، سانائەت، كانچى-
لىق، قاتناش - ترانسپورت، سەھىيە - تىببىي داۋالاش
قاتارلىق يەتتە قىسىمغا بۆلۈندى. بۇنىڭ مەزمۇنى ئەمەلىي
ئىجرا قىلىشقا ئاسان بولۇپ، ئىسراپچىلىقنىڭ مۇتلەق ئال-
دى ئېلىنىدۇ ھەمدە مىنگونىڭ 40 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن
بۇرۇن ئورۇنلاپ بولۇش مۇددەت چەكلىمىسى قىلىندى.

مۇبادا خىراجەتنى كەڭرەك ئىشلىتىپ، ئىشلارنى مۇشۇ
پىلان بويىچە ئەمەلىي تۈردە ئىشلەيدىغان بولساق، ئۆل-
كىمىزنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى
زور دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ. ئۇلار كۈنسايىن باي بولۇپ
شاد - خۇراملىققا چۆمۈلىدۇ. ئۆزىمىزمۇ جەزمەن خۇشاللىق
بىلەن قايتىمىز. خەلقنىڭ ئىچكى مايىللىقى كۈچىيىدۇ.
يەنى مۇدىر جاڭ جىژوڭنىڭ «تېنچ ھەل قىلىش تەشەببۇسى
ئىزچىللىشىدۇ. چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ئەمەل-
گە ئاشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى تې-
خىمۇ يېقىنلىشىپ، جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن
ھەقىقىي پايدا يېتىدۇ.»

## 1. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق تارماقلىرى

(1) زىرائەت ئىشلەپچىقىرىشى

① دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانلىرى قۇرۇلۇپ (ئۈرۈم-
چىدە باش مەيدان قۇرۇلىدۇ. غۇلجا، قۇمۇل، تۇرپان، قەش-
قەر، ئاقسۇلاردا شۆبە مەيدانلار قۇرۇلىدۇ) ئەلا سۈپەت-
لىك زىرائەت تۈرلىرى، مەسىلەن: بۇغداي، شال، زىغىر،
ئاق كەندىر، تاماكا، كۆممە قوناق، ياڭيۇ، ئۈژمە، ئوت-

چۆپلەر تېرىلىدۇ، يەرلىككە مۇۋاپىق كېلىدىغان تەجرىبىلەر ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەر خىل زىرائەتلەرنىڭ ئەلا سورتلىرى يېتىشتۈرۈلىدۇ ھەمدە كۆپەيتىش ۋە كېڭەيتىش ئىشى يولغا قويۇلىدۇ.

② پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشىلاش مەيدانلىرى قۇرۇلۇپ (جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاساسلىق پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇنلاردىن تۇرپان ياكى قەشقەردە قۇرۇلىدۇ) ئەلا سۈپەتلىك پاختا سورتلىرى يېتىشتۈرۈلىدۇ. كۆپەيتىش ۋە كېڭەيتىش ئىشى يولغا قويۇلىدۇ.

③ قىزىلچا ئۆستۈرۈش مەيدانى (ئۈرۈمچىدە) قۇرۇلۇپ، 300 مو بوز يەر ئېچىلىدۇ. ئەلا سورتلۇق ئۇرۇق كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلۈپ، ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلىدۇ. پەقەت دەسلەپكى يىل ئىچىدىلا مەيدان مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن شېكەر ئىشلەش خامئەشياسى سۈپىتىدە تەمىنلەپ، بۇ ھەقتە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلىدۇ. كېيىنكى يىللاردا بولسا دېھقانلارنىڭ تېرىشى ئۈچۈن كېڭەيتىپ بېرىلىدۇ. قىزىلچا يېتىشتۈرۈش مەيدانى، مەخسۇس سورت يېتىشتۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

④ ماشىنىلاشقان ئۈلگە كۆرسىتىش دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇپ (ئۈرۈمچىدە باش مەيدان، قەشقەردە شۆبە مەيدان قۇرۇلىدۇ) بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش كۆپەيتىلىدۇ.

⑤ كېسەل پەيدا قىلغۇچى ھاشاراتلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش خىزمەت ئەترىتى قۇرۇلۇپ، چېكەتكە يوقىتىش، كېسەللىكلەرنى تۈگىتىش ۋە باشقا زىيانداشلارنىڭ زىرائەتلەرگە سالىدىغان زىيانلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھەمدە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى زىيانداش ھاشاراتلارنى تەكشۈرىدۇ.

زىيانداشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى تەتقىق قىلىنىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى كۆپەيتىلىدۇ.

(2) ئەلا سورتلۇق مېۋە دەرەخلىرى كۆپەيتىلىپ، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ.

① ئۈلگىلىك مېۋىلىك باغلار قۇرۇلىدۇ (ئۈرۈمچى، غۇلجا، تۇرپان، قەشقەر، خوتەن بەش ئورۇندا) ئۈرۈمچى، غۇلجا ئىككى ئورۇن ئەلا سورتلۇق ئالما، ئۈزۈم، شاپتۇل خىللىرىنى ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق بولۇپ، بازارلار يېڭى (ھۆل) مېۋە بىلەن تەمىنلىنىدۇ. تۇرپان، قەشقەر ۋە خوتەنلەردە كۆپلەپ ئۈزۈم، ئۆرۈك، ئەنجۈر، قوغۇن تېرىلىپ ۋە پىششىقلاپ ئىشلىنىپ (ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن قۇرۇتۇپ) يۆتكەپ سېتىلغاندىن باشقا يەنە چىلان، چاي، شىنزى، سۆك، ئاپلىسىن، شېكەر قومۇچى، لوخۇاسىڭ، گەنشۇغا ئوخشاش شىنجاڭدا ئاز ئۇچرايدىغان ياكى ئەلا سورت ھېسابلانمايدىغان مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن كۆكتاتلارنى سىرتتىن كىرگۈزۈپ تېرىيدۇ. سىناپ تېرىش يولغا قويۇلۇپ، ئۇنۇم ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلىدۇ.

(3) ئورمانزارلىقلار مۇھاپىزەت قىلىنىپ، ئورمان بەرپا قىلىنىدۇ.

① ئورمانچىلىق رايونلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىلىرى قۇرۇلۇپ (ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قارا شەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتايلاردا) ئەسلىدە بار بولغان تەبىئىي ئورمانلار مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. قالايمىقان كېسىش مەنئىي قىلىنىدۇ. يېڭىدىن بىنا قىلىش پىلان قىلىنىدۇ ھەمدە تاغلىق جايلاردىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرى كېڭەيتىلىدۇ.

② مۇۋاپىق جايلارنى تاللاپ، ناھىيىلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈش باغلىرى قۇرۇلۇپ، شۇ يەرنىڭ ئەلا سورتلۇق

دەرەخ خىللىرى ئۆستۈرۈلىدۇ ھەمدە سىرتتىن كىرگەن
ئەلا سورتلۇق دەرەخ خىللىرى تېرىلىدۇ. مەسىلەن: ياڭاق،
كاشتان دەرىخى، فرانسىيە چىنار دەرىخى، پاۋتۇڭ دەرىخى، سەر-
ۋە دەرىخى ياغ دەرىخى قاتارلىق دەرەخ سورتلىرى تېرىلىدۇ.

(4) يىپەك سۈپىتى ياخشىلىنىدۇ

① يىپەك سۈپىتىنى ياخشىلاش مەيدانى (خوتەندە) قۇرۇ-
لۇپ، پىلە ئۈجمىسى يېتىشتۈرۈلىدۇ ۋە كېڭەيتىلىدۇ.

(5) دېھقانچىلىق سايمانلىرى ياخشىلىنىدۇ

① ئۈرۈمچى دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى (ئۈرۈم-
چى تۆمۈرچىلىك زاۋۇتى) تەكشۈرۈش، لايىھىلەش، چېر-
تيوژ سىزىش، نازارەت قىلىپ ياساتتىش، مىخانىزملارنى
رېمونت قىلىپ قۇراشتۇرۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىپ ئومۇم-
لاشتۇرۇش ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ.

(6) ئىختىساسلىق خادىملار تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلىدۇ

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرى
ئېچىلىپ، دېھقانچىلىقنى، ئورمانچىلىقنى باشقۇرۇش، زىرائەت-
لەرنى ياخشىلاش، يېڭى ئىگىلىكنى كېڭەيتىش، دېھقانچىلىق
ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىق تېخنىكا خادىملىرى تەر-
بىيىلىنىدۇ،

## 2. سۇ ئىنشائاتى تارماقلىرى

(1) شىنجاڭ جۇغراپىيە جەھەتتە ئېگىزلىكتە جايلاشقان،
تەڭرى تېغى ۋە كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرى شىمال بىلەن
جەنۇپتا سوزۇلۇپ ياتىدۇ، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئىنتا-
يىن ئاز بولغانلىقتىن، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش
ئېھتىياجىنى قاناتلاندۇرالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تاغ چوق-
قىلىرىدىكى قار سۇلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى سۇ ئام-

بارلىرىدا ساقلاپ، تېرىلغۇ يېتىشلىرىنى سۇغۇرۇش ئىشلىرىنى قىلماي مۇمكىن ئەمەس. ھەمدە بۇنى قوشۇمچە ئېنېرگىيە مەنبەيى قىلىپ، بۇ ئارقىلىق توك ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقا كىچىك تىپتىكى سانائەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

(2) سۇ مەنبەيى: تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، شىنجاڭدا ھۆل - يېغىن مىقدارى ئومۇميۈزلۈك ئاز، جەنۇبىي شىنجاڭدا تېخىمۇ شۇنداق. شەمسىيە 11 - ئايدىن كېلەر يىل 4 - ئايغىچە بولغان ئارىلىق ھۆل - يېغىن پەسلى بولۇپ، مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە، يامغۇرغا قارىغاندا قار كۆپ بولىدۇ. قىش پەسلىدە تاغلارغا دۆۋىلەنگەن قارلار، يازلىقى تومۇزدا ئېرىپ دەريالارنى ھاسىل قىلىدۇ. ھەتتا تاشقىن كېلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھۆل - يېغىن مەزگىلىدىن باشقا چاغلاردا ھۆل - يېغىن تېخىمۇ ئاز بولىدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ سۇ مەنبەيى تەڭرى تېغى بىلەن كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ تېرىسكەي تەرىپىگە مەركەزلەشكەن. مۇبادا بۇنى تىزگىنلىمىگەندە سۇ مەنبەلىرى پۈتۈنلەي قوملۇقتا سىڭىپ ئورۇنسىز زايا بولىدۇ.

(3) سۇ ئامبارلىرى: شىنجاڭدا ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى خوگيەنچى كۆلىدە سۇ قۇرۇلۇشى قىلىنىۋاتىدۇ تەڭرى تېغى ۋە كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي باغرىدا سۇ ئامبىرى قۇرۇشقا تېگىشلىك ئورۇنلار تېخىمۇ كۆپ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چەرچەن، چاقىلىق كېرىيە قاتارلىق جايلاردا يامغۇر بەكمۇ ئاز بولۇپ، سۇ ئامبارلىرى قۇرۇپ، سۇ مەنبەيىنى تەڭشەپ سۇغۇرۇش ئىشلىرىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەقىقىي زۆرۈر بولغان ھەرقايسى نۇقتىلاردا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەش ئارقىلىق ئاندىن بېكىتىش كېرەك.

(4) ئېرىق - ئۆستەڭلەر: ئېرىق - ئۆستەڭلەر سۇ ئامبىرىدىكى سۇنى تېرىلغۇ ئېتىزلىرىغا باشلاپ سۇغۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

(5) كارىز: تاغ سۇلىرىنى يەر ئاستى ئېرىقلار بىلەن باشلاپ كېلىپ سۇغۇرۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشنى كا- رىز دەپ ئاتايمىز. كارىز ھازىرقى يەر سۇغۇرۇشتىكى بىر دىنىمىز مۇھىم قورال بولۇپ بۇنىڭ كۆپ قىسمى خەلقنىڭ شەخسىي ئىگىلىكىدە ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ چەكلىك بولۇ- شى تۈپەيلىدىن، ئۈنۈمىيۈزلۈك بەرپا قىلىشقا ئىمكانىيەت يوق، شۇڭا ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئارقىلىق مۇۋا- پىق كەلگەن جايلاردا بۇنى زور مىقداردا كۆپەيتىش ئارقى- لىق سۇ ئامبارلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكىنى ھەل قىلىشقا توغ- را كېلىدۇ.

(6) ئاسما ئېرىق: ياغاچ - تاختايلاردىن نوكەش ياساپ ئۇنى ياغاچ جازىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىپ، تاغدىكى قار سۇلىرىنى تېرىلغۇ يەرلەرگە باشلاپ كېلىش ئۈچۈن ئىش- لىتىلىدۇ. بۇنى ئاسما ئېرىق (نوكەش ئېرىق) دەپ ئاتاي- مىز. بۇ ئۇسۇلمۇ سۇ ئامبارلىرى ھەل قىلىپ كېتەلمىگەن ئېھ- تىياجنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇنى يۈرگۈزىدى- غان ئورۇن ۋە ئۇنىڭ سانىنى، ئەمەلىي تەكشۈرۈشتىن ئۆت- كەندىن كېيىن بەلگىلەش لازىم.

(7) سۇ ئامبارلىرىدىن قوشۇمچە پايدىلىنىش:

① ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش، سۇ بېسىمىدىن پايدى- لىنىپ توك ئىشلەپچىقىرىش.

② قۇۋۋەت مەنبەيى - ئۇن تارتىش، توقۇمىچىلىق قاتارلىق كىچىك تىپتىكى سانائەتلەر ئۈچۈن ئېنېرگىيە قىلىپ ئىش- لىتىشكە بولىدۇ.

(8) تەكشۈرۈپ پىلانلاش: ھازىر بار بولغان كارىز، ئاس- ما نوكەشلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، مەبلەغ ئاجرىتىپ سۇ

ئامبىرى قۇرۇلىدىغان ئورۇننى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا گېدرولوگىيە پونكىتلىرىنى قۇرۇش، بۇنىڭ ئورنىنى باشقىدىن بەلگىلەش لازىم.

(9) ئىش يۈرگۈزۈلىدىغان قۇرۇلۇشلار: شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا بىردىن سۇ ئامبىرى قۇرۇش، ئۇنىڭ يېنىدا قۇشۇمچە ئېرىق ـ ئۆستەڭ بەرپا قىلىش ھەمدە مۇۋاپىق كېلىدىغان جايلاردا كارىز، ئاسما نوكەش ئېرىقنى كۆپەيتىپ قۇرۇش لازىم.

## 3. چارۋىچىلىق تارماقلىرى

(1) ئىلگىرىكى نەسىللىك ئات فېرمىلىرى تولۇقلىنىدۇ

(2) ئاساسىي چارۋىچىلىق رايونلىرىداقوي نەسلىنى ياخشىلاش فېرمىلىرى قۇرۇلىدۇ.

(3) بۇرۇن بار بولغان مال دوختۇرلۇق قۇرۇلمىلىرى تولۇقلىنىدۇ. ھەمدە ئۆي ھايۋانلىرىنى سەييارە يۈرۈپ داۋالاش ئەترەتلىرى قۇرۇلىدۇ.

(4) ئۇرۇمچىدىكى قان زەرداپ ۋاكسىنىسى ئىشلەش تولۇقلىنىدۇ. ھەمدە ئۆي ھايۋانلىرىدا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ.

## 4. سانائەت تارماقلىرى

(1) ئېنېرگىيە سانائىتى:

① ئۇرۇمچى بىلەن قاراشەھەرنىڭ ئەڭ يوقىرى سۇ ئېلېكتر كۈچى مىقدارى تەكشۈرۈلۈپ تويپا قۇرۇلۇش ۋە مېخانىزاتسىيە قۇرۇلۇشلىرىنى لايىھىلەش خىزمىتى پۈتتۈرۈلىدۇ

② ئۇرۇمچى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توك بېرىش مىقدارى

5000Kw قا كېڭەيتىلىدۇ.

③ قەشقەر، گۇچۇڭ، خوتەن ۋە كۇچا قاتارلىق جايلاردا 00Kw تىن يۇقىرى توك ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسىلىرى قۇرۇلىدۇ.

(2) ئاساسىي سانائەتلەر

① ئۈرۈمچىدە بىر ماشىنىسازلىق زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ. 100 يۈرۈش دەستىگاھ ئورنىتىش ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

قەشقەردە بىر ماشىنىسازلىق زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ. 30 يۈرۈش دەستىگاھ ئورنىتىش ئۆلچەم قىلىنىدۇ. كۇچاردا 15 يۈرۈش دەستىگاھ ئورنىتىلغان رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ.

② بىر ياكى ئىككى ئورۇندا مايلىق سىلانتىسىدىن سىناق تەرىقىسىدە سۇيۇق يېقىلغۇ ئەشياسىنى چەككىلەش زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ.

③ سېمونت خامئەشياسى تەكشۈرۈلۈپ شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇۋاپىق كەلگەن ئورۇندا بىردىن سېمونت زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ.

④ ئۈرۈمچى، كۇچار ياكى قەشقەرلەردە بىردىن خىمىيە سانائىتى سانائەت زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، كىسلاتالىق تۇز ئىشقارى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

(3) خەلق تۇرمۇشىغا دائىر سانائەتلەر

1. توقۇمىچىلىق سانائىتى

A. پاختا توقۇمىچىلىق

① ئورنى ئۈرۈمچى، قەشقەردە بولىدۇ.

② پاختىيىپ ئىگىرىدىغان ئورچۇقسانى 10000 دانە، رەخت توقۇش ماشىنىسى 350 بولىدۇ.

③ مەھسۇلات نورمىسى: يىلىغا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان پاختا يىپ (كۈندىلىك ئىش ۋاقتىنى 13 سائەتتىن ھېسابلىغاندا 1500000 قاداق (سۇندۇرغاندا 3500 جىيەن) رەخت

هېسابىدا 110000 تاي بولىدۇ (ئىنى دۇۋاينى).

B. يۇك توقۇمىچىلىق:

① ئورنى ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلىدا بولۇپ، ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى، قەشقەردە قۇرۇلىدۇ.

② يۇك يىپ ئىگىرىدىغان ئۇرچۇق سانى 4000، رەخت توقۇش ماشىنىسى 60 يۈرۈش بولىدۇ.

③ مەھسۇلات نورمىسى: يىلىغا ئىگىرىدىغان يۇك يىپ (كۈندىلىك ئىش ۋاقتىنى 12 سائەتتىن ھېسابلىغاندا) 600000 قاداق بولۇپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك سوكنوغا سۇندۇرغاندا (كىيىم تىكىشكە بولىدىغان سوكنى) 300000 مېترغا توغرا كېلىدۇ.

C. يىپەك توقۇمىچىلىقى:

① بۇنىڭ ئورنى خوتەندە بولىدۇ.

② ماشىنا سانى: پىلە غوزىدىكى قۇرۇتۇش ماشىنىسىدىن 18، پىلە غوزىكى قايىنتىش ماشىنىسىدىن ئىككى، مەشۇت ساۋاش ماشىنىشىدىن 250، مەشۇت گىرەلەش ماشىنىسىدىن 200، بېسىش - بوياش ئۈسكۈنىسىدىن بىر يۈرۈش بولىدۇ (بۇ پۈتۈن يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان يىپەكنىڭ 3 تىن بىرقىسمى بويىچە ھېسابلانغان)

③ ئىشلەپچىقىرىش نورمىسى: 600000 قاداق قۇرۇق يىپەك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

2. كۆن - خۇرۇم ئىشلەش، تېرە ئەيلەش سانائىتى: ئۈرۈمچى بىلەن كۇچاردا بىردىن زاۋۇت قۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچىدە كۆن خۇرۇم ئىشلەش، كۇچاردا تېرە ئەيلەش ئاساس قىلىنىدۇ.

3. قەغەزچىلىك سانائىتى: ھەر قايسى جايلارنىڭ قەغەزچىلىك سانائىتى كېڭەيتىلىدۇ ۋە ياخشىلىنىدۇ. ھەمدە ئۈرۈمچىدە ماشىنا ئارقىلىق قەغەز ئىشلەش زاۋۇتىدىن بىرسى قۇرۇلىدۇ.

④ شىكەرچىلىك سانائىتى: گەنسۇ، نىڭشىياھ سۇيىيۈەن ئۆلكىلىرىدە كېڭەيتىلىپ ئۆنۈم ھاسىل قىلىنغان، ئاددىي ئۇسۇل بىلەن قىزىلچىدىن شىكەر ياساش سانائىتى، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كېڭەيتىلىدۇ.

⑤ سەرەڭگە ئىشلەش سانائىتى: ئۈرۈمچى سەرەڭگە زاۋۇتى تەرتىپكە سېلىنىدۇ. ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇۋاپىق بىر ئورۇنغا سەرەڭگە زاۋۇتىدىن بىرسى قۇرۇلىدۇ.

6. ئۇن زاۋۇتى: ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ كۇچار، قەشقەر ۋە خوتەنلەرنىڭ ھەر قايسىدا كۈنىگە 500 خالتا ئۇن ئىشلەپچىقىرالايدىغان زاۋۇت قۇرۇلىدۇ.

7. ياغچىلىق سانائىتى: گۇچۇڭدا ياغ زاۋۇتىدىن بىرسى قۇرۇلىدۇ. ئۈرۈمچىدە شام - سوپۇن زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇۋاپىقراق بىر ئورۇندا ياغ تارتىش شام - سوپۇن زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ.

8. پار - پۇرچىلىق، ئەينەكچىلىك سانائىتى: بۇرۇن ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان پار - پۇرچىلىق، ئەينەكچىلىك زاۋۇتلىرىنى ياخشىلاشقا يېتەكچىلىك قىلىنىدۇ ھەمدە باشقا رايونلارنىڭ خام ئەشيا ئەھۋالى تەكشۈرۈلىدۇ.

9. تاماكا سانائىتى: ئۈرۈمچى ۋە باشقا مۇۋاپىق جايلاردا بىردىن تاماكا زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ.

## 5. كانچىلىق تارماقلىرى

### (1) كۆمۈر كانلىرى

① ھەر قايسى جايلاردىكى كۆمۈرلۈكلەرنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەمدە تاللاپ قېزىلىدۇ.

② قېزىلىۋاتقان كۆمۈر كانلىرى ياخشىلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ مەھسۇلاتى كۆپەيتىلىدۇ.

③ ئۈرۈمچىدە يېڭى تىپتىكى كۆمۈر كانىدىن بىرسى قۇرۇلىدۇ.

(2) تۆمۈر رودىسى ۋە ئۇنى ئېرىتىپ تاۋلاش

① ھەر قايسى جايلارنىڭ تۆمۈر زاپىسى ۋە ئۇنىڭ سۈپىتى تەكشۈرۈلىدۇ.

② ئۈرۈمچى مېتاللۇرگىيە زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش، ئۇنىڭ چوڭچىلىك، يېڭىشىن پولات زاۋۇتلىرىدا ياسىلىدىغان ماشىنا زاپچاسلىرىنىڭ ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىگەن قىسمىنى ئامال قىلىپ يەتكۈزۈپ كېلىپ، مۇشۇ مەۋسۇم ئىچىدە قۇراشتۇرۇپ ئىشقا چۈشۈپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشى كېرەك.

(3) كان مەھسۇلاتلىرى ۋە مېتال رودىلىرى

① جايلاردىكى كان بايلىقلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى بىلەن زاپاس مىقدارى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەمدە تاللاپ قېزىپ ئېرىتىلىدۇ.

(4) نېفت

① ھەر قايسى ئاساسىي رايونلاردا نېفت زاپاسلىرى تەكشۈرۈلىدۇ ھەمدە بۇرغىلاپ، چارلاش يولغا قويۇلىدۇ.

(5) ئالتۇن كانى

ھەر قايسى جايلاردا قوللىنىۋاتقان ئالتۇن قېزىش ئۇسۇللىرى ياخشىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق مەھسۇلات مىقدارى كۆپەيتىلىدۇ.

## 6. قاتناش - ترانسپورت تارماقلىرى

(1) تۆمۈر يول: تۆۋەندىكى ھەر قايسى نۇقتىلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۆلچەپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئورۇنلاپ بولۇنىدۇ.

① لەنجۇ ـــ ئۈرۈمچى

② تۇرپان ـ قاراشەھەر ـ ئاقسۇ ـ قەشقەر كونا شەھەر.

(2) تاشيول:

پۈتۈپ بولغان تاشيوللارنىڭ سۈپىتى ياخشىلىنىدۇ.

② مۇھىم تاشيول لىنىيەلىرى ئۆلچەپ تەكشۈرۈلىدۇ. ئۇـرۇن كۆزدىن كۆچۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىلىدۇ.

(3) سۇ ترانسپورتى:

① ئىلى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىن قورغاسقىچە بولـغان دەريا قاتناش لىنىيەسى ياخشىلىنىپ، ئېكسپورت ئىشـلىرىغا قولايلىق يارىتىلىدۇ.

② تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئاۋات ئاقسۇدىن تارتىپ كورلىغىچە بولغان ئارىلىقتا سال بىلەن توشۇش يولغا قويۇلىدۇ.

(4) ترانسپورت:

① ئۆلكىلىك تاشيول ئىدارىسى قۇرۇلۇپ ئۆلكە يوللىرىدىكى ترانسپورت ئىشى بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدۇ.

② ئۈرۈمچىدە باش رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ. ھەمـدە مۇھىم نۇقتىلاردا رېمونت، پەرۋىش قىلىش پونكىتلىرى قۇرۇلىدۇ.

③ ئومۇميۈزلۈك يول ئاسراش ئۇچاستكىلىرى قۇرۇـلۇپ، كېلىپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىللارنى سۇ بىلەن تەمىنـلەيدۇ. ھەمدە ئاددىتىنكى رېمونت سايمانلىرى تەييارلاپ، ماـشىنىلارنى جىددىي قۇتقۇزۇش ئىشلىرى يولغا قويۇلىدۇ.

④ ترانسپورت قوراللىرى جەھەتتە:

A. يۈك ئاپتوموبىلى 200 دانە

B. پاسساژىر ئاپتوموبىلى 50 دانە

C. رېزىنكا چاقلىق هارۋا 500 دانە

(5) تېلېگراف — خەۋەرلىشىش ئاپپاراتلىرى

① سۆزلەشكىلى ھەم تېلېگرام بەرگىلى بولىدىغان 15 ۋاتلىق ئاپپاراتتىن 30.

② سۆزلەشكىلى ھەم تېلېگرام بەرگىلى بولىدىغان 50 ۋاتلىق ئاپپاراتتىن 2 سى قۇرۇلىدۇ.

## 7. تىببىي دوختۇرخانا، سەھىيە تارماقلىرى

(1) ئاھالىسى كۆپرەك بولغان شەھەرنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا بىردىن دوختۇرخانا قۇرۇلىدۇ. قۇرۇلۇپ بولغانلىرى ئىمكانقەدەر تولۇقلىنىدۇ.

(2) ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە سەييارە تىببىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئەترەتلىرى قۇرۇلىدۇ. ھەرقايسى شەھەر - جەڭگەللەردا ۋە كۆچمە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، ساقلىقنى ساقلاش بويىچە تەشۋىقات ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش خىزمىتى ئىشلىنىدۇ.

(3) ھايۋانات كېسەللىرىدىن تەييارلىنىدىغان دورىلار بىلەن ئادەتتىكى دورىلارنى ياساش زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ. ھەمدە بۇنىڭدا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش مەقسەت قىلىنىدۇ.

## 8. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مەمۇرى قۇرۇلۇشى

(1) پۈتۈن شەھەرنىڭ تەپسىلى خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىپ، شەھەر رايونلىرىنى لايىھىلەش خىزمىتى ئىشلىنىدۇ.

(2) شەھەر يوللىرى ۋە سۇ يوللىرى ياخشىلىنىدۇ.

(3) جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كەسپىي ئورۇنلار ياخشىلىنىدۇ ۋە كۆپەيتىلىدۇ.

پروگراما تۈزۈلۈپ بولدى. شۇنداقلا مەمۇرى پالاتانىڭ

تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىنمۇ ئۆتتى. ھەمدە بىر تۈركۈم خادىم-
لار ئۈرۈمچىگە كېلىپ لايىھەلەشنى باشلىۋەتتى. بىز بۇ-
نىڭغا تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق ۋە خام خىياللارنى قى-
لىپ يۈردۇق. بىراق مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ
كۈندىن - كۈنگە جىددىيلىشىشى، مەغلۇپ بولۇش ئالامىتى-
نىڭ روشەنلىشىشى تۈپەيلىدىن، نەنجىڭ تەرەپنىڭ بۇنىڭغا
قارىغىنچىلىك ھالىمۇ قالمىغانىدى.

## بىر قانچە كىچىك قۇرۇلۇشلار

بىرىنچى قۇرۇلۇش، خۇگېيەنچى سۇ ئامبىرىنى قۇرۇپ، تېخ-
لىق ئۆستەڭنى ئېچىش.

ئۈرۈمچى شەھىرى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە مەركىزى بولۇپ، ئا-
ھالىسى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشكە باشلاۋاتاتتى. ھەربىي
بىلەن خەلقنىڭ يەيدىغان ئاشلىقى سىرتقا قاراشلىق ئىدى. ۋا-
قىت بەكمۇ جىددىي بولۇپ، غۇلجا ئىنقىلابىي پارتلىغاندىن كې-
يىن، تەڭشەپ توشۇشنىڭ ئامالى قالمىغانىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ-
نىڭ يولى ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتناش قوراللىرى كەمچىل
ئىدى. ئەگەر لەنجۇ بىلەن خېشى كارىدورى ئارقىلىق توشۇپ
كېلىنگەندە، كىرا ھەققى ئىنتايىن قىممەت چۈشەتتى. كۆپۈنچە
ھاللاردا بىر دەن ئاشلىقنى توشۇپ كېلىش ئۈچۈن، 5 دەن ئاش-
لىقنىڭ قىممىتىدە كىرا ھەققى تۆلىنەتتى. شۇڭلاشقا ئۈرۈمچى شە-
ھىرىنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىش مەسىلىسى قانداق ھەل
قىلىش، بىر جىددىي ئىش بولۇپ قالغانىدى. بۇ ئىشتا بىزنىڭ
دىققىتىمىز، ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزىگە چۈشتى. بۇرۇن ئۈرۈمچىنىڭ يې-
نىدىكى چىڭگىداخۇ ئەتراپىدا 100 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار
بولۇپ، بۇ نىڭ سۇيىلا يوق ئىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپىدا
يەنە كىچىككىنە خۇگېيەنچى سازلىقى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا سۇ

ساقلىغىلى بولاتتى. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پەقەتلا ئۇس-
كۈنە - سايمانلار يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇ ئىشلار ئىدا-
رىسى مۇھاكىمە قىلىپ، خۇگيەنچىدە بىر سۇ ئامبىرى قۇرۇپ،
توغان قۇرۇلۇشى ياساپ، تېنچلىق ئۆستىڭى چېپىشنى ئوتتۇرىغا
قويدى. (ئۇلار مېنىڭ نامىمدا، «ھەزرىتى جاڭ ئۆستىڭى» دەپ
ئاتاشنى تەكلىپ قىلدى. مەن بۇنىڭغا قوشۇلمىدىم. ئۆزۈمنىڭ
ئارزۇسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، تېنچلىق دەپ نام بەردىم) شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىر ھەربىيلەرنىڭ بوزيەر ئۆزلەش-
تۈرۈش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، بوز يەر ئېچىش ئېلىپ بېرىلدى.
بۇنىڭدىكى مەقسەتمۇ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، ھەربىيلەرنىڭ
بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش كەسپىنى كېڭەيتىشنى تەشەببۇس قىلىش،
شىنجاڭدىكى ئارمىيە بىلەن خەلقنى، تىرىشىپ تەبىئەتنى بويسۇن-
دۇرۇشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئازد-
راق بىناق نۇقتىسى بولۇپلا قالدى، خالاس.

ئىككىنچى قۇرۇلۇش، تارىم دەرياسىدا قاتناشنى يولغا قو-
يۇش. شىنجاڭ تەڭرى تاغنى چېگرا قىلغان ھالدا، جەنۇبىي ۋە شىمالىي
شىنجاڭ دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يەر كۆل-
مى بولسا شىمالىي شىنجاڭنىڭكىدىن چوڭ، ھالبۇكى زېمىنى مۇ-
شۇنداق چوڭ بولغان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەركىزىي قىسمىدا
تەكلىماكان قۇملۇقى زور كۆلەمنى ئىگىلەپ، تارىم ئويمانلى-
قىنى ھاسىل قىلغان. ئۇزۇنلۇقى 2000 كىلومېتىر كېلىدىغان
تارىم دەرياسى مۇشۇ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ.
بۇ دەريا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى دەريا ئېقىنلىرىنىڭ
قوشۇلمىسىدىن ھاسىل بولۇپ، ئاساسىي سۇ مەنبەسى يەكەن، ئاق-
سۇ، خوتەن، كۆنچى (قاراشەھەر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى)
قاتارلىق دەريالاردىن كېلىدۇ. غەربتە يەكەن ۋىلايىتىنىڭ مە-
كىت ناھىيىسىدىن باشلاپ شەرقتە لوپقىچە (تەخمىنەن شەرقىي
مېرىدىئاننىڭ 91 - 90 - گرادۇس ئارىلىقىدا، شەرقتە گەنسۇ-

نىڭ دۆڭخۇاڭ ناھىيە شەھىرىدىن 4 گرادۇس ئارىلىق قالدۇ)
تولۇق سۇ قاتنىشى ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ئاقسۇ دەر ياسى
شىمالدا ئاقسۇ بىلەن ۋېنسۇ قاتارلىق جايلارنى تۇتاشتۇرىدۇ.
خوتەن دەرياسى جەنۇبتا خوتەننىڭ بىر قانچە ناھىيىلىرىنى
تۇتاشتۇرىدۇ. (ھەر يىلى 2 ئاي قاتناش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ)
كۆنچى دەرياسى كورلىنى تۇتاشتۇرىدۇ. ئەگەر مەكىت ناھىيە-
سىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغاندا قەشقەر، يەكەن ئىككى
ۋىلايەتنىڭ ترانسپورت ئىشىغا قولايلىق شارائىت ياراتقىلى بو-
لىدۇ. يەنە ئەگەر لوپنۇر كۆلىدىن ئۆ ئۆتۈپ، قۇرۇقلۇق
يولى ئارقىلىق دۆڭخۇاڭغا تۇتاشتۇرۇدىغان بولساق، تارىم دەر
ياسى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن دۆڭخۇاڭنى تۇتاشتۇرالاي-
دۇ، - دە بۇنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىممىتى زور بولىدۇ.
1944 - يىلى 8 - ئايلاردا، ئۈچ دانە ياغاچ كېمە بىلەن تۇ-
نجى قېتىم سىناق قاتنىشى ئېلىپ بېرىلدى. ئاقسۇدىن لوپنۇر
غا 21 كۈن ۋاقىت كەتتى. 1946 - يىلى 3 - ئايدا 5 دانە يا-
غاچ كېمە ئارقىلىق 25 ئادەمنىڭ ئىشتىراكى بىلەن، 2 - قېتىم
سىناق قىلىندى. بۇ نۆۋەتتە 35 كۈن ۋاقىت كەتتى،
ئىككى قېتىملىق سىناق قاتنىشىدىن كېيىن، مەسئۇل خادىم جاڭ
زۇگېين، دەريالارنى تىزگىنلەشنىڭ دەسلەپكى لايىھەسىنى ئىش-
لەپ چىقتى. مەن ئەسلىدە بۇنى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا
يېتەكچىلىك قىلىش ئۈمىكىنىڭ ئىشلىشىگە تاپشۇرغانىدىم. كېيىن
بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقىمۇ چولا تەگمىدى. مۆلچەرىمچە، كەلگۈ-
سىدە تارىم ئويمانلىقىدىكى قۇملۇقلارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشىپ،
قۇملۇقلارنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇدىغان چاغدا، تارىم دەرياسى
ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى بىرقانچە دەريالارنى تىزگىن-
لەش ۋە قاتناش يوللىرىنى ئېچىش بىر مۇھىم مەسىلە بولۇپ
قالىدىغۇ، دەيمەن.

ئۈچىنچى قۇرۇلۇش، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى قۇم ئېرىقتىكى، پار-

چە تاش كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشى.
ئاقسۇ ۋىلايىتىدە قۇم ئېرىق دەيدىغان بىر دەريا بو-
لۇپ، ئۇنىڭ مەنبەسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئېرىستىك تېغى-
نىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىن باشلىنىدۇ. بۇ دەريا قاقشال تاغلىرى
ئارقىلىق دۆلىتىمىز ئىچىگە كىرىپ، ۋېنسۇ ناھىيىسىنىڭ 20 كىلو
مېتىر غەربىي شىمالىدىكى پارچە تاش دىگەن يېرىگىچە كېلىدۇ.
دەريانىڭ ئۆزى چېچىلاڭغۇ (تارقاق) دەريا ئېقىنلىرى رەت-
سىز، قالايمىقان، يېڭى دەريا قىنلىرى، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
تىنىپ، دەريانىڭ ئۆزى كونادەريا قىنىدىن 10 نەچچە مېترلا ئې-
گىزلەپ كەتكەن. كونا دەريا ئېقىنلىرى مۇنبەت چۆكمە قاتلام تۈز
لەڭلىكى بولغاچقا، ئاقسۇ، ۋېنسۇ ئىككى ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق
تېرىلغۇ مەيدانى بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر دەريا قېشى بۆسۈلۈپ
كېتىدىغانلا بولسا، ئاقسۇ بىلەن ۋېنسۇدىن ئىبارەت ئىككى نا-
ھىيىگە ئېغىر سۇ ئاپىتى بولاتتى. شۇنداقلا يەنە مۇشۇ دەريا-
نىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ئاۋات ناھىيىسى، دەر ياقۇرۇپ سۇ قىس-
لىقىدىن ھەر دائىم قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراپ تۇراتتى.
شۇڭلاشقا كەلكۈندىن مودا پىئە كۆرۈدىغان بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئاق-
سۇ، ئاۋاتتىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىدىكى 200 مىڭدەك خەلقنىڭ ھا-
ياتى، مال - مۈلكىگە نىسبەتەن زور مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنى
تېزدىن ياسىماي بولمايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ياقتىن سۇ ئىش-
لار ئىدارىسى كونكرېت پىلان تۈزۈپ بوغالتىر باشقارمىسى خام-
چوت كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ يەردىكى ھەربىي —
خەلق مەسئۇل بولۇپ ئىشلەش ئۈچۈن قۇرۇلۇش ھەيئىتى تەش-
كىللىدى. بۇ قۇرۇلۇشنى ھەربىي قىسىملارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق
خەلق ئاممىسى ئۆزى ئىشلىدى. مەن جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھال
سوراش ئۈچۈن بارغاندا بۇ قۇرۇلۇشنى كۆزدىن كۆچۈردۈم. ھەر-
بىي قىسىملار بىلەن يەرلىك ئاممىنىڭ ئوبدان ھەمكارلاشقانلى-
قى، يەرلىك زاتلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن ئىكەن. شىن-

باغدا تۇرۇشلۇق ھەربىيلەرنى خەلققە بىر ئاز ياخشى ئىش
قىلدى، دەيدىغان بولساق، موشۇ بىر كىچىك ئىشنى مىسال كەل-
تۈرسەك كىپايە قىلار!

بۇنىڭدىن باشقا چەتئەللىك مېھمانلار بىلەن مۇتەخەس-
سىسلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ياسالغان تىيانشان مېھمانخانىسى
بىلەن ئاممىنىڭ يىغىن ئۆتكۈزۈشىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن
ياسالغان نەنلىياڭ زالى، گەرچە كۆپلىگەن قارشى گەپ - سۆز -
لەرنى پەيدا قىلغان، يەنى بەزىلەر: چوڭ ۋەزىيەت شۇنچىۋالا
ئېغىر تۇرسا، بۇنچىلىك كۆپ خىراجەتنى چىقىرىپ، زۆرۈرىيىتى
بولمىغان بۇ قۇرۇلۇشلارنى قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى دېگەن بول-
سىمۇ، مەن يەنىلا ياسايمىز دەپ چىڭ تۇردۇم. بىراق ئارىلىق-
تا ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ كېتەلمىگەنلىكتىن تاكى ئازات بول-
غانغا قەدەر تولۇق پۈتمىدى.

× × ×

بۇ بۆلۈمدە سۆزلەنگەن قۇرۇلۇش پىلانلىرى ئەمەلىيەتتە قۇ-
رۇق گەپ سېتىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ھېچقانچە ئىشلەنگىنى يوق.
ئۇنداق بولسا، نېمىشقا شۇنچىۋالاكۆپ سۆزلەش ھاجەت بولۇپ
قالدى؟ بىراق شۇ چاغدا پىلان تۈزگەندە، ھەقىقەتەنمۇ بىر مەھەل
يۈرەك قېنىم بىلەن كۈچۈمنى سەرپ قىلغانىدىم. ئەمدىلىكتە بۇ-
نى يېزىشىم، پەقەت شىنجاڭ خەلقىگە بولغان ئازراق كۆڭلۈم
بىلەن ئارزۇيۇمنى ئىپادىلەپ ئۆتۈشتىنلا ئىبارەت خالاس.

## بەشىنچى باب سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق
## بولۇش سىياسىتىنى ئەمەلگە قويۇش

مەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ دەسلەپىدىلا،
ئىچكى ياققا نىسبەتەن تېنچلىق يولى تۇتۇش ۋە سىرتقا نىسبە-

تەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىياسەتنى بارلىق تەدبىرلەرنىڭ ئاساسى قىلىشنى قارار قىلغانىدىم.

ئىچكى ياقىنىڭ تىنچلىق مەسىلىسىگە، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەرەپتىن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قوشۇلاتتى. پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا گۇمانلىق پوزىتسىيە تۇتاتتى. ھالبۇكى شىنجاڭدىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت، ئارمىيە كاتتىباشلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەربابلارغا كەلسەك، دەسلەپتە ئۇلار مېنىڭ تىنچلىق سىياسىتىمنى قوللاپ ماقۇللىدى. بىراق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەتتىكىلەرنىڭ تەكەببۇرلۇق پوزىتسىيىسىنى، جايلاردىكى رادىكاللارنىڭ تىزگىنلەش ھەرىكىتىدە بۆلىۋاتقانلىقىنى، جايلاردا يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن مىللىي تالاش-تارتىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن، بەزىلەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. مېنىڭ تىنچلىق سىياسىتىمدىن گۇمانلاندى، تەۋرەندى، مېنى ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ، شىنجاڭنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ، دەپ، ئاخىرى بۇ ئىش تەرەققىي قىلىپ مېنىڭ تىنچلىق سىياسىتىمگە قارشى تۇرۇش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يەتتى.

تەبىئىيكى، تىنچلىقنىڭ چوڭ ھوقۇقى مېنىڭ قولۇمدا، مېنىڭ بۇيرۇقۇمسىز ئۇرۇش قوزغاش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا گەرچە تىنچلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرغۇچىلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ مەن يەنىلا ئۇلارنى تىزگىنلەپ تۇرالايتتىم. بىراق سىرتقا قارىتا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق ئۆتۈشتەك سىياسەتنى يولغا قويۇشتا زىددىيەت بەك زور، قىيىنچىلىق بەك كۆپ ئىدى.

ئالدى بىلەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەرەپتىن ئېيتايلۇق، مەن ئەڭ ئاۋۋال جياڭ جيېشىغا چۈشەنچە بېرىپ بولغانىدىم. مەن ئۇنىڭغا، مەن شىنجاڭدا بولىدىكەنمەن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى سىياسەت قوللىنىشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئەك-

سىچە چوقۇم سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن دوستلۇق سىياسەتنى
ئىجرا قىلىدىغانلىقىمنى، شۇنداق قىلغاندىلا شىنجاڭ مەسىلىسىـ
نى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلغىلى ۋە شىنجاڭنى تىنچلاندۇرغىلى،
شىنجاڭنى قولدا تۇتۇپ تۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتـ
تۇم. ئۆز دەلىللىرىمنى تەپسىلىي بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇ
مېنى شىنجاڭغا دەسلەپ ئەۋەتىشتىلا، مېنىڭ كوممۇنىستلار بىلەن
بىرلىشىش، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇشنى ئىزچىل
تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئادەم ئىكەنلىكىمنى كۆزدە
تۇتۇپ، ماڭا: «سەن ھەل قىلىشقا تولۇق ھوقۇقلۇق» دەپ قايـ
تا ـ قايتا ئېيتقانىدى. ئۇ شىنجاڭ مەسىلىسىدە مېنى ئۆز مەيلىمـ
گە قويۇپ بەردى. لېكىن بۇ ھەم ئاسان قولغا كەلمىدى. بۇنىڭ
بىلەنلا مېنىڭ ھەرقايسى تەرەپتىكىلەر بىلەن بولغان زىددىيەتـ
لىرىمنى يوق قىلىۋەتكىلى تېخى بولمايتتى. چۈنكى گومىنداڭ
ھۆكۈمىتى ئىزچىل تۈردە سوۋېتلەرئىتتىپاقىغا قارشى بولۇپ، زور
كۆپچىلىك كىشىلەر مېنىڭ سوۋېتكە مايىل بولۇش تەشەببۇسىمدىن
گۇمانلىنىپلا قالماستىن، بەلكى بۇنىڭغا ھەدەپ قارشى تۇراتتى.
بولۇپمۇ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئۆتكەلدىن
مەن ئۆتكۈزەلمىدىم. ئۇلارنى قايىل قىلالمىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن
بىر مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەي: سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە
تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ساۋلىيوۋ ئۆز دۆلىتىگە قايتماقچى
بولغاندا، مەن ستالىنغا بىر پارچە خەت يېزىپ ئۇنىڭغا ئالـ
غاچ كېتىشكە ھاۋالە قىلدىم. خەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى،
سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ ھەل قىلىش
داۋامىدا بىتەرەپ ئورۇندا تۇرۇپ بەرگەن ياردىمىگە مىننەتدارـ
لىق بىلدۈرۈش، بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ، شىنجاڭدا ھازىرغىچە
تېخى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەسىلە، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ باشتىن
ئاخىرى ئالاھىدە ئورنىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىـ
لىپ قويۇش، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ يەنىلا ئوتتۇرىدا

تۇرۇپ بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىشنى بىشارەتلىك تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى ئورنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇنداق خەتنى يېزىش زۆرۈر ئىدى، ئەمما تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ماڭا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئەسلىدىكى خەتنىڭ كۆپىيەسىنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى ۋە بۇنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، بۇندىن كېيىن بىۋاستە خەت يېزىشقا بولمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى بىتەرەپ ئادەم دەپ ئېغىزغا ئېلىشقا بولمايدىغانلىقى، ئۇنداق بولغاندا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىش ۋاستىسىگە ئىگە بولۇپ قالىدىغانلىقى ۋەھاكازالار سۆزلەنگەن. تېلېگراممىدا تولا سۆزلەرنى ھېيىقماستىنلا ئىشلەتكەن. بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدىم. ئۇلار مېنىڭ پوزىتسىيە بىلدۈرمىگىنىمگە قاراپ، جياڭ جيېشىنىڭ نامىدا يەنە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئالدىنقى تېلېگراممىدىكى مەزمۇننى تەكىتلىدى. مېنىڭ پەرەز قىلىشىمچە ئۇلار بۇ تېلېگراممىنى جياڭ جيېشىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئەۋەتكەن.

بۇ ئىش مېنى ئىنتايىن بىئارام قىلىۋەتتى. شۇ نەرسە ئېسىمدىكى، مەن نەنجىڭگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ۋاڭشىجيې (تاشقى ئىشلار مىنىستىرى) شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە سۆزلەشكىلى ئۆيۈمگە كەلدى. تېخى بىر نەچچە ئېغىز سۆزلەشمەي تۇرۇپلا، گېپىمىز بىر يەردىن چىقماي تاكاللىشىپ قالدۇق. ئۇ شەلەپىسىنى قولىغا ئالغىنىچە ئاچچىقلىنىپ كېتىپ قالدى. مەن بولسام چېگرا رايونىغا نىسبەتەن جاۋابكارلىق ئورنىدىكى ئادەم، يەنە كېلىپ شىنجاڭ مەسىلىسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىراق دىپلوماتىيە جەھەتتە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بىردەك بولالمىدىم. ئاساسلىق مەسئۇل تارماقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدىم. بۇ ھەل قىلىش ئەڭ قىيىن بولغان

زىددىيەت ئىدى.

يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىم نەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەرەپتىن كېلىۋاتقان قارشىلىقلار ئىدى. ئەمدى شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىغا كەلسەكمۇ قىيىنچىلىقلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى رادىكاللار بىلەن كونسېرۋاتىپلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش داۋامىدا، بۇ مەسىلە كۈرەشنىڭ تۈگۈنى بولۇپ قالغان ئىدى. كونسېرۋاتىپلار ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ئىدى. رادىكاللار بولسا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن بولۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. مەن كونسېرۋاتىپ زاتلارغا نىسبەتەن قايىل قىلىش، نەسىھەت قىلىش خىزمىتىنى كۆپلەپ ئىشلەپ باقتىم. بىراق مەسىلە ھەل بولمىدى. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە ئىچىدىكى گېنېراللاردىن بەزى كىشىلەر بۇ مەسىلە ئۈستىدە كونسېرۋاتىپلار تەرەپتە تۇرۇپ ھەر ۋاقىت ماجرا تۇغدۇرۇپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى دولقۇن كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى نۇرغۇن ھەرىكەتلەر مەسىلەن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ كۈندىلىك بۇيۇم ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش سىرتقا نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن چىققان سوۋېت كونسۇلخانا خادىملىرىنى ھاقارەتلەش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سوۋېت كونسۇلخانىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ بېرىشىنى چەكلەش قاتارلىق ئىشلار يۈز بېرىپ تۇردى.

ھەيلى نەنجىڭ ياكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىچىدە بولسۇن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق ئۆتۈش سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشتىكى زىددىيەتلەر ھەقىقەتەنمۇ زور ئىدى. لېكىن مېنىڭ ئىرادەم يەنىلا قەتئىي ئىدى. مەن ھامان، بىزدە مۇئەييەن بىر كۆز قاراشنىڭ بولۇشى، يىراقنى كۆرۈشىمىز، كونا ئادەتلەر پاتقىقىغا پېتىپ قالماسلىقىمىز لازىملىقىنى ھېس قىلاتتىم. شۇڭا

كوممۇنىستلاربىلەن بىرلىشىش، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن يېقىن ئۆتۈش مېنىڭ ئىزچىل تەشەببۇسىم بولۇپ، بۇنىڭدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيتتىم. شىنجاڭدا بىر كۈن بولىدىكەنمەن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تېخىمۇ مايىل بولۇش سىياسىتىمنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيمەن. مۇبادا كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ خىل سىياسەتنى ئىجرا قىلىشقا ئامالسىز قالسام چىرايلىقچە خىزمىتىمدىن ئىستىپا بېرىپ كېتىمەن، دېگەن قارارغا كەلگەنىدىم.

خوش، سوۋېتلىك دوستلار تەرىپكە كەلسەك، مېنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرغان ئەھۋالىمنى ئۇلار ياخشى بىلەتتى ھەم مېنى چۈشىنەتتى. ئۇلارنىڭ ماڭا تۇتقان دوستلۇقى ۋە ماڭا بەرگەن مەدەتلىرىدىن چوڭقۇر مىننەتدارمەن.

مەن «جۇڭگو - سوۋېت ئىناقلىقى» نى قەتئىي ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن بەلگىلەنگەن سىياسەت بويىچە بەزى كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلىدىم. بۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭراقلىرى مۇنۇلار:

### سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭشىيا جىلغىسى ۋە قۇمۇلدا توختاپ قالغان ماددىي ئەشيالىرىنى ئېلىپ كېتىشىگە ياردەم بېرىش

ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى جۇڭگوغا زور كۈچ بىلەن نۇرغۇن ھەربىي ئەشيا، تېخنىكا ماتېرىياللىرى ياردەم قىلدى. يەنە ھاۋا ئارمىيە پىدائىي قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇپ، ياپونىيە ھاۋا ئارمىيىسىگە كۆپ قېتىم زەربە بەردى. بۇنداق دوستلۇق مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە ئەرزىيدۇ. شۇ چاغدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا مىننەتدارلىق جاۋابى يۈزىسىدىن بىر تۈركۈم ماددىي ئەشيا مەسىلەن: ۋولفرام، قەلەي، چاي، قوي يۇڭى قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلغانىدى. كېيىن بېرىپ شېڭ شىسەينىڭ ئۇشتۇمتۇت سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈۋېلىشى بىلەن تەخمىنەن

3100 توننىغا يېقىن ماددىي ئەشيا، شىڭشىڭشىيا جىلغىسى بىلەن قۇمۇلدا توختاپ قېلىپ، بۇنى يۆتكەپ كېتىشكە ئىمكانىيەت بولمىغانىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تاماملانغاندىن كېيىنمۇ، يەنە شۇ يەردە يېتىپ تۇرۇۋەردى. شىنجاڭدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرەپ بۇنى توشۇپ كېتىش تەلىپىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى. مەن شۇ زامات خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدۇم ھەمدە ئەڭ زور دوستانىلىق بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ھەرقايسى تاشيول بويلىرىدىكى پونكىتلارغا مەخسۇس خادىملار ئەۋەتىپ، ماشىنا ئەترىتىدىكى خادىملارنىڭ تاماق - قونالغۇ ئورۇنلىرىنى قايتىدىن قۇرۇپ مۇۋاپىق كۈتۈۋېلىندى. بۇ ماددىي ئەشيالار 1947 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا توشۇلۇپ بولۇندى. بىز بۇنىڭغا نىسبەتەن خېلى يامان ئەمەس ياردەم كۆرسەتتۇق. بۇ ئىشتىن كېيىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى كونسۇلى مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

## جۇڭگو - سوۋېت ھاۋا قاتناش كېلىشىمىنى ئىمزالاش مەسىلىسى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇڭگو - سوۋېت ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ، جۇڭگو - سوۋېت ھاۋا قاتناش يولى ئاچقانىدى. بۇ ھاۋا يولى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئالما - ئاتىدىن باشلىنىپ، غۇلجا، ئۈرۈمچى، ئارقىلىق قۇمۇلغىچە باراتتى. شۇ چاغدا كۆپچىلىك بۇنى ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم ھاۋا يولى دەپ ھېسابلىغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ناھايىتى ياخشى روللارنى ئوينىدى. بىراق 1948 - يىلى 4 - ئايغا كەلگەندە، مەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بىلەن قاتناش مىنىستىرلىقىنىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم.

تېلېگراممىدا، جۇڭگو - سوۋېت ھاۋا قاتناش كېلىشىمىنىڭ مۇد-
دىتى بۇ يىل 9 - ئايدا توشىدىغانلىقى، كېلىشىمنى بىكار قى-
لىش لازىملىقى ۋە قايتىدىن ئۇزارتماسلىق ئېيتىلغان. دۆلەت
مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەشەببۇسى ئەڭ كۈچ-
لۈك بولۇپ، بۇ ھاۋا قاتناش كېلىشىمىنى «ئىشىكنى ئېچىپ قو-
يۇپ ئوغرىنى تۇت» دېگەن بىلەن ئوخشاشلا گەپ دەپ ھېساب-
لىغان. ئۇلار كۆرۈنۈشتە زىيان تارتتۇق، ئادەم ئىشلىتىش ھو-
قۇقىدا تەڭسىزلىك بار دېگەننى باھانا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن
ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇلارنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش
تەك پىسخولوگىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ھاسىل بولغان.

مەن قايتا - قايتا ئويلانغاندىن كېيىن بۇنىڭغا چوڭ مەن-
پەئەت نۇقتىسىدىن، يەنى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى ۋە شىن-
جاڭ ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ تۇرۇپ، بۇ شەرتنامىنى ئەمەلدىن
قالدۇرماستىن، پەقەتلا ئەسلىدىكى شەرتنامە ئاساسىدا تەڭشەش
قىلىسىلا بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدىم. ئەگەر شەرتنامىنى ئەمەلدىن
قالدۇرۇشتا چىڭ تۇرساق، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا بەكمۇ قاتتىق
تېگىپ كېتەتتى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ياخشى بولمايتتى. ھەمكارلى-
شىش زۆرۈر بولغاندا، كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىش، ھا-
جەتتىن چىقىپ بولغاندا بىر تېپىك بىلەن ھەيدىۋېتىش تولىمۇ
ئەقىلغا سىغمايتتى. ھالبۇكى ئۇرۇشتىن كېيىن نەنجىڭ ھۆكۈمى-
تى باشقا دۆلەتلەر بىلەنمۇ ھاۋا قاتناش كېلىشىمى تۈزۈپ ھا-
ۋا يوللىرىنى ئاچتى. يالغۇز سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن تۈزگەن
كېلىشىم بىكار قىلىۋېتىلىدىغان بولسا، بۇ ھەم دوستانە ھەرى-
كەت ھېسابلانمايتتى. مەن شىنجاڭنىڭ مەسئۇلى بولۇش سۈپىتىم
بىلەن بۇنىڭغا قوشۇلمىدىم. يۇقىرىقى پىكىرىم بويىچە، نەنجىڭ ھۆ-
كۈمىتىگە دەرھال جاۋاب تېلېگرامما يوللىدىم. بىر قانچە قېتىم
تېلېگرامما ئېلىش - بېرىش ئارقىلىق ئۇلار يول قويغان بولۇپ،
ئاۋۋال كونا شەرتنامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئاندىن كېيىن

باشقا يېڭى شەرتنامە تۈزۈش كېرەك دېدى. بۇ نەنجىڭ هۆكۈمىتىنىڭ، مېنىڭ پىكرىمنى مۇهاكىمە قىلغاندىن كېيىن قوللانغان مۇرەسسە چارىسى ئىدى. كېيىنىڭ يەنە كۆپ قېتىم كېڭەشىش ئارقىلىق، ئاخىرقى هېسابتا نەنجىن هۆكۈمىتى بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. ئالاهىدە دېپلوماتىيە خادىمى لىيۇزېرۇڭ بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىلى ئۆزئارا خەت - ئالاقە قىلىش ۋاستىسى ئارقىلىق، جۇڭگو - سوۋېت هاۋا قاتناش كېلىشىمى يەنە 5 يىل ئۇزارتىلدى.

## ئۈرۈمچىدىكى جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي پائالىيىتى

ئىلگىرى ئۈرۈمچىدە جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى تەشكىلاتى بار ئىدى. كېيىن شېڭ شىسەي سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ، ئۇنى توختىتىپ قويغانىدى. تىنچلىق بېتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، مەن بۇ تەشكىلاتنى هەم ئۇنىڭ پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەكلىپ قىلدىم. مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ مۇدىرلىقىنى شەخسەن ئۆزۈم ئۈستۈمگە ئالدىم. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلى ساۋېلوۋنى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا كۆرسەتتىم. كونسۇل ساۋېلىيوۋ بىلەن بولغان سۆهبەتتە بۇنى ئوتتۇرىغا قويسام، ئۇ دەسلەپتە بىر ئاز هەيران بولغاندەك بولدى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ كۈتۈلمىگەندەك بىر ئىش بولۇپ تۇيۇلدى، لېكىن بىر ئازدىن كېيىن بۇنى ئويلىشىپ كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئېهتىمال موسكۋانىڭ يوليورۇقىنى ئالغان بولسا كېرەك، بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى هەمدە كونسۇلخانا خىزمەتچىلىرى ئىچىدىن بىر قانچە كىشىنى مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىنى ئىشلەشكە كۆرسەتتى. مەن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىل-

گەن شىنجاڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ قورۇ - جايىنى ئالايىتەن مۇشۇ جەمئىيەتكە ئاجرىتىپ بەردىم. پۇل تەستىقلاپ بەردىم. يەنە ھەر مىللەت زاتلىرى ئارىسىدىن كۆپلىگەن ئادەمنى، مۇدىرىيەت ئەزالىقىغا، يولداش چۆي ۋۇنى باش كاتىپلىققا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ئۆلمەسوف ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئابدۇلكېرىم ئابباسوۋلارنى جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا كۆرسەتتىم. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ جەمئىيەت رەسمىي قۇرۇلۇپ، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى باشلىۋەتتى. بۇ جەمئىيەت ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ، ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتتى. جۇڭگو - سوۋېت ئىككى مەملىكەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ رولى ناھايىتى زور بولدى. ئۇ يەردە داۋاملىق سوۋېت كىنو - فىلىملىرى قويۇلۇپ تۇردى. نۇرغۇنلىغان كىتاب - ژورناللار ئوتتۇرىغا چىقتى. ھەر خىل كۆرگەزمىلەر، لېكسىيە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. رۇس تىلى كۇرسى ئېچىلدى. بەزىدە يەنە غەربىي شىمال مەدەنىيەت قۇرۇلۇش جەمئىيىتىدىن توشۇپ كېلىنگەن ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن كىنو - فىلىملەر، ئىچكى جايلاردا يېڭىدىن نەشر قىلىنغان كىتاب، گېزىت - ژورناللار بىلەنمۇ تەمىنلەپ تۇرۇلدى. بۇ مەدەنىي پائالىيەتلەر ھەر مىللەت زاتلىرىنى بولۇپمۇ زىيالىي ياشلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

## «گۇيخۇا مىللىتى مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» نىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى

«گۇيخۇا مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى» — «گۇيخۇا مىللىتى مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» نىڭ قىسقارتىلمىسى. گۇيخۇا مىللىتى — روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى دەۋرىدە شىنجاڭغا قې-

چىپ كەلگەن رۇسلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇنداق ئاتاش چوڭ مىللەتچىلىك پوزىتسىيىسىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ رۇس مىللىتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماستىن، بەلكى بىزگە قوشۇلۇپ كەتكەن مىللەت دەپ قارىغانلىق بولىدۇ. سوۋېت كونسۇلى تەرەپ بۇنداق دەپ نام بېرىشكە ۋە ئۇيۇشمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئىنتايىن نارازى ئىدى. مەنمۇ بۇنى ياخشى بولماپتۇ، دەپ ھېسابلىغانىدىم. شۇڭا ئۇلار بۇ تەشكىلاتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھامان مەن ماقۇل بولدۇم. مەزكۇر ئۇيۇشمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپلا، سوۋېت گراژدانلار جەمئىيىتى تەشكىل قىلىندى. مەنمۇ بۇنى قۇۋۋەتلىدىم.

## جۇڭگو - سوۋېت ئىككى مەملىكەتنىڭ شىنجاڭدىكى سودىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مەسىلىسى توغرىسىدا

بۇ سىياسىي پروگراممىغا كىرگۈزۈلگەن مۇھىم بىر ئىش. مەن باشتىن - ئاخىر شىنجاڭ مەسىلىسىنى تولۇق ھەل قىلىش ئۈچۈن، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇق شوئارغىلا تايانماستىن، بەلكى كونكرېت تەدبىرلەرنى يولغا قويماي بولمايدۇ، دەپ ھېسابلايتتىم. بۇنىڭدىكى مۇھىم ئىش جۇڭگو - سوۋېت ئىككى مەملىكەتنىڭ شىنجاڭدىكى سودىسى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. شىنجاڭدىكى جۇڭگو - سوۋېت سودىسىنىڭ داۋاملىشىپ كەلگىنىگە ئۇزۇن زامانلار بولغان، ئەپسۇسكى بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم ئىدى. بۇنىڭ خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا پايدىسى باركى، قىلچە زىيىنى يوق ئىدى. شۇنداقلا بۇنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىمۇ قارشى ئالاتتى.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا كەلسەك، شىڭ شىسەي دەۋرىدە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى شىنجاڭدىكى مايتاغ نېفىت كېنىنى ئېچىشقا ياردەم بەردى. بايلىق مەنبەلىرىنى چارلاش قاتارلىق خىزمەتلەرگە ياردەملەشتى. شىڭ شىسەي سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى چىققاندىن كېيىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۆز خادىملىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى يۆتكەپ كەتتى. مېنىڭچە شىنجاڭدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىختىساسلىق خادىملىرى، تېخنىكلىرى، ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ياردىمىگە تايانماي بولمايدۇ. شۇڭلاشقا مەن تېنچلىق كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىنلا قول سېلىپ تەتقىق قىلىپ، شەرتنامىنىڭ دەسلەپكى ئورگىنالىنى تۈزۈپ چىقتىم. ھەمدە بۇنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللىشىغا سۇندۇم. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مەن بۇنى سوۋېت تەرەپكە سۇندۇم. كونسۇل ساۋېلىيوۋ بىلەن سودا ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئويلىشىپ كۆرىدىغانلىقىنى، لېكىن شۇنداقتىمۇ بۇ ھەقتە موسكۋادىن يوليورۇق سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كېيىن كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق (بىز تەرەپنىڭ باش ۋەكىلى ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى يولداش ليۇزېرۇڭ ئىدى) جۇڭگو سوۋېت ئىككى مەملىكەتنىڭ شىنجاڭدىكى سودىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كېلىشىمى (بۇ سودا مەسىلىسى، رەڭلىك مېتاللار بىلەن ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللارنى قېزىش مەسىلىسى، نېفىت ئېلىش مەسىلىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى) تۈزۈلۈپ ئەڭ ئاخىرىدا ئىمزا ئويۇلدى. تاكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن تۈزۈلگەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كېلىشىمى مۇشۇ لايىھىنى ئاساس قىلدى.

## ئامېرىكا ھەربىي ئايروپىلانىنىڭ «ساياھەت قىلىش» ئۈچۈن شىنجاڭغا كېلىش مەسىلىسى

1946 - يىلى، ياز ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، مەن نەن-

جۇڭگو ھۆكۈمىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدىن ئامېرىكىنىڭ بىر قانچە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەربىي ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىدىغانلىقى، مېنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش لازىملىقى توغرىسىدا ئۇشتۇمتۇت بىر تېلېگرامما تاپشۇرۇپ ئالدىم. مەن بۇ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە پايدىسىز بولغان ھەرىكەتنى دەرھال توسۇش قارارىغا كېلىپ، شىنجاڭدا ساياھەت قىلىش ئۈچۈن تەمىن ئەتكۈدەك جاينىڭ يوقلۇقى، ئامېرىكا ھەربىي ئايروپىلانلىرىنىڭ شىنجاڭغا ئۇچۇپ كەلسە بىئەپ بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىدىم. بىراق جاۋاب تېلېگراممىسى ئەمدىلا بېرىلىپ تۇرۇشىغا، ئامېرىكا ئايروپىلانىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى مەلۇم بولدى. كۈتمىگەنلىكتە ئامال يوق ئىدى، ئۇلار ئۈرۈمچىدە 2 ـ 3 كۈن تۇرۇپلا قايتىپ كەتتى. بۇ ۋەقە سوۋېت كونسۇلى تەرەپنىڭ گۇمانىنى قوزغىدى. ئۇلار مەندىن يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ: ئامېرىكا ئايروپىلانى نېمە قىلغىلى كەپتۇ؟ دەپ سورىدى. سۆزىنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا، ئامېرىكا ئايروپىلانىنى رازۋېتكا قىلغىلى ياكى باشقا بىر غەرەزدە كەلدى، دەپ گۇمانلانغان، بۇنىڭدىن شۇنى ئوچۇق كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى، ئامېرىكا ئايروپىلانىنىڭ كېلىشى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئازراق بولسىمۇ جېنىغا تەككەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا: ئامېرىكا ئايروپىلانلىرىنىڭ ئىككىنچىلەپ شىنجاڭغا كېلىشىگە رۇخسەت قىلماسلىق ھەمدە مۇندىن كېيىن، بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ تەكرارلانماسلىقىغا كاپالەت بېرىش توغرىسىدا، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىمىزغا تېلېگرامما يوللىماقچى بولۇۋاتىمەن، دەپ ئېيتتىم. شۇندىن كېيىنلا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ گۇمانى تۈگەپ، كۆڭلى ئەمىن تاپتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىمۇ جاۋاب تېلېگراممىدا ئەۋەتىپ، مۇندىن كېيىن ئامېرىكا ھەربىي ئايروپىلانلىرىنىڭ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دېگەنىدى.

# بەيتىك ۋەقەسى

1947 - يىلى ياز پەسلىدە، ئاتالمىش «بەيتىك ۋەقەسى»
يۈز بەردى. ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى مۇنداق: ئالتاي
ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى ئوسمان، ئۆزگىرىشچان بىر ئادەم بولۇپ،
ئەڭ دەسلىپىدە غۇلجا ئىنقىلابىغا ئىشتىراك قىلغان، تىنچلىق بې-
تىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن ئۇشتۇمتۇتلا غۇلجا ئىنقىلابىغا قار-
شى چىقتى. بۇنىڭ بىلەن غۇلجا تەرەپ قوشۇن چىقىرىپ ئۇنى
قوغلىدى، ئوسمان بولسا چېكىنە - چېكىنە، ئالتايدىن تاكى ئۈ-
رۈمچى ۋىلايىتىگە قاراشلىق گۈچۈڭ ناھىيىسىنىڭ چېگرىسى ئى-
چىدىكى بەيتىك تېغى ئەتراپىغا كېلىپ قالدى. نېمە سەۋەبتىن-
دۇر، ئۇ بىر مەھەل موڭغۇلىيە چېگرىسىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ،
موڭغۇل ئەسكەرلىرىدىن 8 نى تۇتۇپ كەتكەن. شۇ چاغدا ما-
ڭىشياڭنىڭ 5 - ئاتلىق كورپۇسىغا تەئەللۇق بىرىنچى لوي (بۇ-
نىڭ كوماندىرى خەن يۇۋېن ئىدى) گۈچۈڭدا تۇراتتى، ئۇلار-
دىن بىرلىيەن ئەسكەر بەيتىكتە ئىدى. بەيتىك تېغى ئەتراپىدى-
كى قارىغايلىقنىڭ ئارىسىدا گۇمانلىق ئات ئىزى كۆرۈنگەنلىكى
مەلۇم بولغاندىن كېيىن، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ لىيەنجا-
ڭى ماشىجېن ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ رازۋېتكا يۈرگۈزدى.
نەتىجىدە ئۇلار موڭغۇل ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ
قاتتىق جەڭ بولۇپ كەتتى. شۇندىن كېيىن دەرھاللا موڭغۇلىيە
چېگرا قوشۇنلىرىنىڭ قوبدادا تۇرىدىغان قىسىملىرىدىن مايور دە-
رىجىلىك ئەترەت باشلىقى ئېرىكچىننىڭ ئولتىماتومى بىز تەرەپ-
كە تاپشۇرۇلدى. ئۇنىڭدا: 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، خەنزۇ، قازاق
قوشۇنلىرى قانۇنسىزلارچە موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى بېيتىسىتون تې-
غىدىن ئۆتۈپ 8 نەپەر موڭغۇل ئەسكىرىنى تۇتۇپ كەتتى. بۇ
موڭغۇلىيىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىگە ۋە جۇڭگو - موڭغۇلىيە دوست-
لۇقىغا قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەت. 48 سائەت ئىچىدە داۋ-

تا تورت ئېغىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇچۇرتى دەرياسى ئۈستىـ
دە تۇرۇۋاتقان قىسىملارنى چېكىندۈرۈشكىلا، ھەمدە دېرەكسىز
يوقاپ كەتكەن ئەسكەرلىرىمىزنى ۋە ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىـ
نى قايتۇرۇپ بېرىشكىلا شەرت. ئۇنداق قىلمايدىكەنسىلەر بۇـ
نىڭغا مۇشۇ لىيەننىڭ كوماندىرى جاۋابكار بولىدۇ، ۋەھاكازالار
دېيىلگەن. لۇي كوماندىرى خەن يوۋېن مەلۇماتقا ئاساسەن، موڭـ
غۇل ئەسكەرلىرىنى دەرھال قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇق قىلىدۇ. بىـ
راق لىيەن كوماندىرى ماشجېن 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يەنە تېـ
لېگراممىا ئەۋەتىپ، 5 - كۈنى چۈشتە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ بەلـ
گىسى بار ○ توت ئايروپىلان كېلىپ بومباردىمان قىلدى. ماشـ
جېن لىيەنى مۇداپىئەدە كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەنلىكتىن خېلى زىيانـ
غا ئۇچرىدى، دېگەن. كېيىن ماشجېن بۇيرۇققا بىنائەن 10 چاـ
قىرىم كەينىگە يەنى قوبۇ دېگەن جايغا چېكىنىدۇ. موڭغۇل قوـ
شۇنلىرىمۇ چېكىنىپ كېتىدۇ. كېيىنچە ئايروپىلانلار كۆپ قېتىم
كېلىپ رازۋېتكا قىلغان بولسىمۇ بومباردىمان قىلمايدۇ، ئىككى
تەرەپنىڭ قوشۇنلىرىمۇ دوقۇرۇشمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ۋەقەمۇ ئاسـ
تا - ئاستا پەسىيىپ قالىدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق ئىككى نۇقتىنى ئىزاھلاپ قويۇشقا توغرا
كېلىدۇ. بىرىنچىسى، لىيەن كوماندىرى ماشجېن قۇرۇقلۇق ئارمىـ
يىسىدىن كېلىپ چىققاچقا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن موڭغۇلىيە
بەلگىسىنى ئاجرىتالمىغان. ئاتالمىش «سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ
بەلگىسى» دېگىنى ئىشەنچلىك ئەمەس. ئىككىنچىدىن، جۇڭگو -
موڭغۇلىيە چېگرىسى ئەزەلدىنلا ئېنىق ئاجرىتىلمىغان. ئۇبدا بىـ
لەن ئالتاي مەنچىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىر رايون ھېسابلىناتتى.
تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنمۇ چېگرا ئۇقۇم بېـ
كىتىلمىگەن ھەمدە بۇرۇندىنلا چېگرىدا قاراۋۇل قويۇلمىغانىدى.
مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق چېگرا مەسىلىسى ئۈستىدە بىر نەرسە دېـ
يىش ناھايىتى تەس ئىدى.

بىراق گومىنداڭ مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى بۇ ۋەقەنى مۇبالىغە قىلىپ، مۇنداق بىر بىمەنە خەۋەر تارقاتتى. خەۋەردە: «ھەربىي دائىرىلەرنىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىچە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ 4 ئايروپىلانى، 5 - چېسلا چۈش مەزگىلىدە، بىزنىڭ بەيتىك تېغىدا تۇرۇۋاتقان دۆلەت ئارمىيەسىزنى بومباردىمان قىلدى. شۇنىڭدەك تاشقى موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىمىزغا ھۇجۇم قىلغاندا ھەمايىدە بولدى. سوۋېت ئايروپىلانلىرى تۆۋەن ئۇچۇپ بومباردىمان قىلىپ ئوققا تۇتتى، نۇرغۇن بومبا تاشلىدى. بىز تەرەپتىن يارىدار بولغان، ئۆلگەن ھەربىي - خەلقنىڭ سانى خېلى كۆپ. ھازىر تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئىككى پىلك ئاتلىق قوشۇنى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىگە 600 چاقىرىم ئىچكىرىلەپ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، قوشۇنلىرىمىز بىلەن كەسكىن جەڭ ئېلىپ بارماقتا». شۇ چاغلاردا جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يامانلىشىشى تۈپەيلىدىن ناچارلاشقانىدى. گومىنداڭ تەشۋىقات ئورگانلىرى ئۈزلۈكسىز تۈردە سوۋېتكە قارشى تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، سوۋېتكە قارشى ماتېرىياللارنى ئىزدەۋاتاتتى. بۇ خەۋەر ئىچكى جايلارغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ھەرقايسى گېزىتلەر بۇنى بەس - بەستە بېسىپ تارقاتتى، ھەتتا بۇ ھەقتە باش ماقالىلەر ئېلان قىلىپ، سوۋېتكە قارشى كەيپىيات قوزغىدى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدىن مەمۇرىي پالاتا باشلىقى جاڭ چۈن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ شىجيې ئارقا - ئارقىدىن تېلېگرامما ئەۋەتىپ ۋەقەنى سورۇشتۇردى. ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق جۇڭگونىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى فۇ بىڭچاڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ۋە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئارقىلىق تاشقى موڭغۇلىيىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈشى توغرىلىق بۇيرۇق بەردى.

مەن پاكىستاننىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى ئىنقىلاپ چىقىش ۋە شىن-
جاڭ ۋەزىيىتىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن، ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشى توغ-
رىسىدىكى جىياڭ جېيشى، جاڭ چۈن ۋە ۋاڭ شىجيېلەرگە ئايرىم -
ئايرىم تېلېگرامما يوللاپ، مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى تار-
قاتقان خەۋەرنىڭ چىن ئەمەسلىكىنى، موڭغۇلىيە قوشۇنلىرى جۇڭ-
گو چېگرىسى ئىچىگە 600 چاقىرىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئار-
مىيە - خەلقىمىزنى ئېغىر دەرىجىدە ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىل-
دى، دېگەننىڭ يوق بىر ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بوم-
باردىمان قىلغۇچىلارنىڭ «سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بەلگىسى» بار ئاي-
روپىلانلار ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىزاھ-
لاپ ئۆتتۈم. مېنىڭچە بۇ قېتىمقى، ۋاقىتلىق توقۇنۇش بولۇپ،
پەقەت موڭغۇلىيىگە ياكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئارقىلىق موڭغۇ-
لىيىگە ئېتىراز بىلدۈرۈشكىلا بولاتتى. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا نارا-
زىلىق بىلدۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى مەملى-
كەت ئىچى ۋە شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ۋەقەنى
كېڭەيتىش پايدىسىز ئىدى. مەن ۋاڭ شىجيېگە يوللىغان جاۋاب
تېلېگراممىدا يەنە «باش ئەلچىمىز فۇ بىڭچاڭغا بۇنى تۈزىتىۋې-
لىش» توغرىسىدا قايتا تېلېگرامما بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. بىراق
نەنجىڭ ھۆكۈمىتى، مېنىڭ تەكلىپىم بىلەن كۆز قارىشىمغا قو-
شۇلماي، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن موڭغۇلىيىگە نارازىلىق بىل-
دۈرۈشتە چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ بۇ سوۋېتلەر ئىتتىپا-
قىنىڭ تا س س ئاگېنتلىقى، ھەرقايسى گېزىت مەتبۇئاتلى-
رى ۋە موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ قاتتىق رەددىيە بېرىشىگە ئۇچرىدى.

بۇ ۋەقە تەبىئىيكى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ جېنىغا تەككەن-
دى. يەنە مەن 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كېچە سائەت 2 لەردە
ئۇشتۇمتۇت دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بەي چۇڭشى بەيتىڭ ۋە-
قەسى تۈپەيلىدىن مەخسۇس شىنجاڭغا كېلىپ كۆزدىن كەچۈ-
رۈش ئېلىپ بارىدىغانلىقى توغرىسىدا تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالدىم.

بۇنىڭغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بېرىپ ئالالمىغاندىن كېيىن، شۇ زامات 2 سائەت ئىچىدە بەي چۇڭشىنىڭ قولىغا تېگىدىغان قىلىپ بىر تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنىڭ كەلمەسلىكىنى، ئەگەر كەلسە، شىنجاڭ ۋەزىيىتى ئۈچۈن پايدىسىز بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. چۈنكى بەي چۇڭشى، سوۋېتكە، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇشتا ئەزەلدىن مەشھۇر ئىدى. ئۆتكەندە ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ئايروپىلانى ئۈرۈمچىگە كېلىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى گۇمانغا سېلىپ قويدى. ئەمدى سوۋېتكە، كومپارتىيىگە قارشى يەنە بىر دۆلەت مىنىستىرى كېلىدىغان بولسا، بۇ ئوت ئۈستىگە ماي چاچقانلىق بولمامدۇ؟ شۇڭا مەن جىياڭ جېيشىغا تېلېگرامما يوللاپ، بەي چۇڭشىنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىگە ھەرگىز بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى دەلىللىرىمنى ئىزاھلاپ ئۆتتۈم. تېلېگرامما يوللىنىپ بولغاندىن كېيىن، مەن كېچىچە كۆز يۇمماي نەنجىڭنىڭ خەۋىرىنى كۈتتۈم. ئەۋەتكەن تېلېگرامما، بەي چۇڭشى ئايروپىلانغا چىقىشتىن بىر قانچە مىنۇت ئىلگىرىلا تەككەن ئىكەن. ئۇلار مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، شىنجاڭغا قىلماقچى بولغان سەپىرىنى توختاتقان. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام بۇ ئىشنى مەن جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىگەن ئىدىم. جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى كۈچەيتىشتە، شىنجاڭدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىيات قوزغاشقا قەتئىي قارشى تۇرماي مۇمكىن ئەمەس. مېنىڭ رەت قىلىشىم بىلەن بەي-چۇڭشى شىنجاڭغا قىلماقچى بولغان سەپىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، بۇ سوۋېتكە قارشى ئېلىپ بېرىلماقچى بولغان بىر قۇتراتقۇلۇقنى توسۇپ قالغانلىقىم بولۇپ ھېسابلىنار؛ مېنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئازراق ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويغانلىقىم ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى.

يۇقىرىدىكى بىر قانچە مەزمۇنلار سوۋېتلار ئىتتىپاقىغا مايىل سىياسەتنى يولغا قويۇشتىكى بەزى پاكىتلار بولۇپ ھېساب-

لىنىدۇ. شىنجاڭدىكى بىرقانچە يىل داۋامىدا، مېنىڭ سوۋېتلەر
ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ياخشى ئۆتتى. سو-
ۋېتلەر ئىتتىپاقى كونسۇلى ساۋدابېيوۋ، يېۋسېيېۋ قاتارلىقلار بىلەن
بولغان دوستلۇقۇممۇ يامان ئەمەس بولدى. مەن داۋاملىق ئۇ-
لارنى زىياپەتكە، تانسىغا، كىنوغا، مۇزىكا كېچىلىرىگە تەكلىپ
قىلىپ تۇردۇم. ئۇلارمۇ مېنى ھەمىشەم كونسۇلخانىغا غىزاغا،
كىنو - تانسىلارغا تەكلىپ قىلىپ تۇردى. ئۆزئارا مۇناسىۋىتى-
مىز ناھايىتى قويۇق بولدى. شۇ نەرسە ئېسىمدە تۇرۇپتۇكى،
1949 - يىلىنىڭ ئاخىرى، شىنجاڭ ئازات بولۇپ، ئۇزۇن ئۆت-
مەي، مەن گېنېرال پېڭ دېخۇەيگە ھەمراھ بولۇپ ئۈرۈمچىگە
كەلدىم. باش كونسۇل ساۋدابېيوۋ بىزنى تاماققا تەكلىپ قىلدى.
تاماق ئۈستىدە ئۇ، تەنتەنىلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز
قىلدى. ئالدى بىلەن ئۇ، ستالىننىڭ سۆزىدىن بىر جۈملە نە-
قىل كەلتۈردى. ئاساسىي مەنىسى مۇنداق: «بىر ئادەم يىراقنى
كۆرەلەيدىغان بولسا، ئۇ خاتالاشمايدۇ. مېنىڭچە گېنېرال جاڭ
جىجۇڭ يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئادەم» ئۇ يەنە بىر مۇنچە ماخ-
تايدىغان سۆزلەرنى قىلدى. مەن ئۇنىڭ مۇنچىلىك سۆزلەرنى
تاپشىغا ئەرزىمەيمەن. لېكىن شۇنداقتىمۇ بۇ مېنىڭ ئۆتكەندە،
سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا مايىل سىياسەتنى يولغا قويغانلىقىمنىڭ
توغرا بولغانلىقىنى، شۇنداقلا سوۋېتلىك دوستلارنىڭ ئىشەنچى-
گە ئېرىشكەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەن شىنجاڭدا، سوۋېتكە مايىل سىياسەت يۈرگۈزگىنىمدە
ئەڭ كۆپ كۈچ چىقارغانلاردىن سىياسىي جەھەتتە ئالاھىدە دىپ-
لوماتىيە خادىمى يولداش لىيۇزېرۇڭ، ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمى-
نىڭ ۋە قوشۇمچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى يولداش
لىيۇمېڭچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قوشۇمچە
ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى يولداش چۈي ۋۇ؛ ھەربىي ئىشلار
جەھەتتە، غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇ-

ئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى يولداش تاۋ سىيۇ، گارنىزون باش شتابىنىڭ مەسلىھەتچىسى يولداش تاۋجىنچۇلار ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى مەن بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئىچكى جەھەتتە تىنچلىق، دىپلوماتىيە جەھەتتە سوۋېتكە مايىل سىياسەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچىنى ئايىماي ياردەم قىلىپ ناھايىتى نۇرغۇن تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

## ئالتىنچى باب. بۆلۈنۈش

غۇلجا تەرەپتىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەركىبىگە قاتناشقان مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان، نازىر سەيپىددىن، مۇئاۋىن رەئىس رەھىمجان، مۇئاۋىن باش كاتىپ ئابباسوۋ ۋە باشقا ھەيئەت ئەزالار 1949 - يىل 8 - ئايدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. بۇ شىنجاڭدىكى بۆلۈنۈشنىڭ باشلىنىشى ئىدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ھەمكارلاشقان ئەھۋالنى كۆزىتىشتىن قارىغاندا، ئىلى تەرەپنىڭ قايتىپ كېتىشىدە ئۇنىڭ يىراق ۋە يېقىنقى سەۋەبلىرى بار ئىدى.

### غۇلجا تەرەپنىڭ قايتىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر

(1) ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پەۋقۇلئاددە بولۇش مەسىلىسى.

تىنچلىق بىتىمىگە ئىمزا قويۇلغاندىن كېيىن، بىتىمنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، بىر قانچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ئەمەلىي يولغا قويۇلىدىغان ئىچكى پرىنسىپلار ئۈستىدە مەسلىھەت يۈرگۈزدۇق. مەسىلەن: ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان تەمىنات مەسىلىسى؛ دۆلەت

ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە كىرىپ، دۆلەت چېگرىسىنى ساقلاش مەسىلىسى؛ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ مەۋجۇت ئورگانلىرىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش مەسىلىسى؛ ئۈچ ۋىلايەتتە مەركەزنىڭ ئورگانلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ھۆكۈمەت بۇيرۇقلىرىنى، پۇل مۇئامىلە تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى؛ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن بولىدىغان قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسى ۋە باشقىلار. بۇنىڭ ئىچىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىنغانلىرىمۇ بار ئىدى، مەسىلەن: ئۈچ ۋىلايەتنى تەمىنلەيدىغان شۆبە ئىدارىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ دۆلەت چېگرىسىغا بېرىپ ساقلاش قاتارلىق ئىككى ئىش ئۈستىدە، گەرچە تولۇق كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق غۇلجا تەرەپ ھەدەپ كەينىگە سوزغانلىقتىن، بۇنى باشتىن - ئاخىر ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمىدى. غۇلجا تەرەپ قوشۇنلىرى بۇرۇنقىغا ئوخشاش ھەربىي فورما كىيىپ، ئاي يۇلتۇزلۇق كاكار بەلگىلىرىنى تاقاپ يۈرۈۋەدى. بايرىقىمۇ ئوخشاشلا ئاستى يېشىل، ئاي يۇلتۇزلۇق بايراق ئىدى. ئادەتتىكى ئىدارىلەر مەسىلەن: ئەدلىيە، پوچتا - تېلېگراف، تاموژنا قاتارلىق ئورگانلارغا نىسبەتەنمۇ بانا تېپىپ كەينىگە سۈرەپ، مەركەزنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ، خىزمەتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يول قويمىدى. گەرچە ئۇلار ئېغىزدا شۇنداق قىلىشقا، ئۆزگىرىش بولۇشنىڭ ئالدىدىكى ھالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ ماقۇل بولغان ھەمدە ئاساسىي مەسئۇل تارماقلار بىلەن سۈلھ قىلىشقان بولسىمۇ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرى باشتىن - ئاخىر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ باقمىدى. ھۆكۈمەت بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشقا ئامال بولمىدى. غۇلجا تەرەپنىڭ غەرىزى ناھايىتى ئېنىق، يەنى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پەۋقۇلئاددە ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت. بىراق بۇنداق قىلسا بېتىمگە كاشىلا بولىدۇ، بۇنى ھەم ئېغىزدىن چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ

ياخشىسى كۆپ تەرەپلىمە بانا ـ سەۋەبلەرنى تېپىپ كەينىگە سوزۇشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. بىزنىڭ بۇنى ئۆزلۈكسىز سۆيلىشىمىز، ئۇلارغا تەبىئىي بىر بېسىم بولۇپ تۇيۇلدى، ئۆز- لىرىنىڭ ناھايىتى زىددىيەتلىك شارائىت ئاستىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

(2) مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى

نەنجىڭ ھۆكۈمىتى گۇڭچەنداڭغا قارشى ئۇرۇشنى كۈندىن- كۈنگە كېڭەيتتى. مەن شىنجاڭدا گەرچە تېنچلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرغان بولساممۇ، لېكىن غۇلجا تەرەپ قانـ داق خاتىرجەم بولالىسۇن؟ ئۇلار مېنىڭ گومىنداڭ مەركىزىگە ۋەكىللىك قىلىپ تۇرۇۋاتقان بىر ئەرباپ ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ، ھەممە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇۋاتـ قان كەيپىيات ئاستىدا شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلگەن تېنچلىق سىياسـ ىتىنى پەقەت بىردەملىك ۋەزىيەتكە ماسلىشىشتىنلا ئىبارەت، ئۇزاققا داۋام قىلالمايدۇ ھەم ئىشەنچلىك ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلار خاتىرجەمسىزلىنىپ گۇمانلىنىپ تۇرغاچقا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پەۋ- قۇلئاددە ئورنىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايتتى. قوشۇنلارنى ئۆز- گەرتىپ تەشكىل قىلىشقا ئۇنىمايتتى. دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە كىرىشىگە يول قويمايتتى. مەركەز ئورگانلىرىنىڭ بۇ جايلارغا بېرىپ ھوقۇق، ۋەزىپە يۈرگۈزۈشىگە يول قويمايتتى، بۇنى چۈشىنىشكە بولاتتى.

(3) شىنجاڭدىكى ھەربىي ـ ساقچىلارنىڭ يەرلىكلەرنىڭ ئىشـ لىرىغا ئارىلىشىشى

ھەربىيلەرنىڭ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىشىغا يول قويـ ماسلىق، بۇ مەن ئېغىزچە ھەم قەغەز يۈزىدە ئۇستى ـ ئۇستىـ لەپ ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر ئىش ئىدى. مېنىڭچە ھەر- بىيلەرنىڭ يەرلىكتىكى مەزھەپ ماجىرالىرىغا ئارىلىشىشىنىڭ زىيىـ نى ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، ھەربىيلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۆچكۈنمۇ زور

دەرىجىدە پايدىسىز. بىز چوقۇم ئاجىز - ئۇششاق مىللەتلەرگە ياردەم بېرىش روھى بويىچە، ئۇلاردا يولدىن چىقىپ كېتىدىغان سۆز - ھەرىكەتلەر كۆرۈلسىمۇ، يۇقىرى بېسىم ۋاستىسىنى ئىشلىتىپ غەزىپىنى قوزغىماستىن، بەلكى چۈشەنچە بېرىپ سۆز ئارقىلىق قايىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشىمىز لازىم ئىدى. گەرچە مەن مۇشۇنداق سەممىي سۆزلەپ تۇرساممۇ، لېكىن كونسېرۋاتىپلار بىلەن رادىكاللار ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش ۋەزىيەتنى جىددىيلەشتۈرۈپ تۇراتتى. ھەربىيلەر ھەمىشە كونسېرۋاتىپلارغا يان بېسىپ رادىكاللارغا زەربە بېرەتتى. ئوفىتسېرلار بىلەن ساقچى ئەمەلدارلىرى ئوخشاشلا ئىدى. شۇڭلاشقا جايلاردا داۋاملىق ماجىرالار يۈز بېرىپ تۇردى. مەسىلەن: 1947 - يىلى، ئۈرۈمچىدە «25 - فېۋرال» ئاممىۋى نامايىش يۈز بېرىپ، نامايىشچىلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە بېسىپ كىرىپ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەدجانغا تەھدىت سالغان. يەنە كوچىدا ئادەم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشتەك ۋەقە يۈز بەرگەن. بۇ چاغدا مەن نەنجىڭدا ئىدىم. ئىلى تەرەپ بۇ ۋەقەنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ قوللىشى ئارقىلىق يۈز بەردى دەپ قارىغان. ۋەھالەنكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىكى جىدەل - ماجىرالار تېخىمۇ كۆپ بولغان. ئىلى تەرەپ غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمە بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ، كۇچار، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ غۇلجا تەرەپنىڭ بەكمۇ جىنىغا تەككەن ۋە غەزەپلەندۈرگەن بىر ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(4) ئوسمان مەسىلىسى

ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئوسمان بولسا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى، قوشۇمچە ئالتاي ۋالىيسى ئىدى. غۇلجا تەرەپ سەككىز ھەيئەتنىڭ بىرسى سۈپىتىدە ئوسماننى ئۆل‍ـ

گىلىك ھۆكۈمەتكە ھەيئەت قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. مەن ئەزەلدىنلا
ئوسمان بىلەن ئىلى تەرەپنى بىر يولدا دەپ ھېسابلايتتىم. بى-
راق ئۇ ئۇشتۇمتۇت بىر ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن خەت يول-
لاپتۇ. ئۇنىڭ ۋەكىلى مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ-
نىڭ ئۈچۈن مەن بەكمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم. شۇن-
داقلا بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى تېگىدىن بىلىپ بو-
لالمىدىم. مەن ئوسماننى ئالتاينىڭ ۋالىسى ھەم ئىلى تەرەپنىڭ
بىرقىسمى دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭ ۋەكىلىنى مۇئاۋىن رەئىس
ئەخمەدجان، بۇرھان شەھىدىلەر بىلەن بىرگە قوبۇل قىلىش توغ-
رىسلىق تەكلىپ بەردىم. كەلگەن ۋەكىل يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ
خەتنى سۇندى. خەتتە ئەڭ ئالدى بىلەن، تېنچلىق بىتىمى ئىم-
زالانغاندىن كېيىن، ئالتاينىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن مۇنا-
سىۋەت ئورنىتىشانلىقى، شۇڭا سالام بېرىش ئۈچۈن ئادەم ئە-
ۋەتكەنلىكى ئىزھار قىلىنغان. ئۇنىڭدىن قالسا قازاق مىللىتى ئى-
چىدە نامى بار مۆتىۋەر زاتلاردىن مەسىلەن: ئەلەن ۋاڭ، جانىم-
قان، سۇلايمان قاتارلىقلارنىڭ ئالتايغا قايتىپ بېرىشى تەلەپ
قىلىنغان. ئۈچىنچىدىن، تېنچلىق بىتىمىنىڭ مەزمۇنىغا قارىتا تو-
لۇق ئىزاھات بېرىش ئۈمىد قىلىنغان. تۆتىنچىدىن، يەرلىكنىڭ
ھەر خىل قىيىنچىلىقلىرىغا نىسبەتەن قۇتقۇزۇش بېرىش تەلەپ
قىلىنغان. كىشىنى ئەڭ تەئەججۈپلەندۈرىدىغىنى خەتنىڭ بەشىنچى
مەزمۇنى بولۇپ، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ كېلىپ ئورۇنلىشىشى ئىل-
تىماس قىلىنغان. ناھايىتى روشەنكى، بۇ جەھەتتە ئىلى تەرەپ
بىلەن زور دەرىجىدە ئىختىلاپ بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۈچ-
رىشىشتىن كېيىن بۇ ۋەكىل يەنە ۋاستىلىق يوشۇرۇن ھالدا ماڭا
ئىككى مەسىلە بارلىقىنى ئىزھار قىلدى، بىرىنچى، سوۋېتلەر ئىت-
تىپاقى شەرتنامىنى بازا قىلىپ، كۆكتوقاي ناھىيىسىگە ئادەم ئە-
ۋەتىپ ۋولفرام كېنى ئاچماقچى بولغان. ئوسمان بۇنىڭغا قارشى
تۇرۇپ، ئۇلارنى قورال كۈچى بىلەن قوغلاپ چىقارماقچى بولغان.

لىقىنى ئېيتقان. ئىككىنچى، دەرھال چېگرا قاراۋۇل قىسىملىرى
دېگەن نام بىلەن قوشۇن ئەۋەتىپ ياردەم قىلىش ھەمدە قو-
رال - ياراق بېرىش تەلەپ قىلىنغان. مەن بۇنىڭغا نىسبەتەن تۆ-
ۋەندىكى جاۋابنى بەردىم: بىرىنچى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ كۆك-
توقاي ناھىيىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ ۋولفرام كېنى ئېچىش مەسى-
لىسى ئۈستىدە، مەن بۇنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرەپكە قويىمەن
دېدىم. بىراق بۇنى، جۇڭگو - سوۋېت ھەمكارلىق سۆھبىتى مۇ-
ۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىنلا قويۇشقا بولىدۇ. كۈتۈلمىگەن
ماجىرالارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئوسمان ھەر-
گىزمۇ قوراللىق ھەرىكەت قوللانماسلىقى كېرەك. ئىككىنچى، چېگ-
را قاراۋۇل قىسىملىرى مەسىلىسىگە كەلسەك، تىنچلىق بىتىمىگە
ئاساسلانغاندا، بۇ ئۈچ ۋىلايەت مەسىلىسىنىڭ بىر قىسمىغا كى-
رىدۇ. بۇنى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قى-
لىش مەسىلىسى بىلەن بىر ۋاقىت ئىچىدە ھەل قىلىشقا توغرا
كېلىدۇ. چېگرا قاراۋۇل قىسىملىرى ۋاقىتىنچە ئەۋەتىلمەيدۇ.

ئوسماننىڭ ۋەكىلى جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن، 8- ئاي-
نىڭ 28- كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئالتايغا قايتقانىدى. بىراق 9- ئاي-
نىڭ 3- كۈنى ئوسمان يەنە، يۈسۈپ ئىسىملىك ئىككىنچى ۋەكىلنى
ئەۋەتىپتۇ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بىرىنچى ۋەكىلى كېتىپ ئۇزاققىچە
خەۋەر بولمىغانلىقتىن، ئۇ ۋەكىل بولۇپ كەلگەن. ئۈرۈمچىدىن
قايتقان ۋەكىلنى يول ئۈستىدىمۇ ئۇچراتمىغان. يۈسۈپ ئىسىملىك
بۇ ۋەكىلنىڭ ئەكەلگەن ئالاقىسى ئالدىنقى ۋەكىل ئەكەلگەن
ئالاقىدىنمۇ كونكرېتراق ئىدى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەزمۇنلار
مۇنداق: بىرىنچى ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت ئارمىيىسىنى ئالتايغا كىرگۈ-
زۈشنى ئىلتىماس قىلغان. ئىككىنچى ھۆكۈمەتتىن مىڭ تالدىن
ئىككى مىڭ تالغىچە قورال - ياراق ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان.
ئۈچىنچى ھۆكۈمەت ۋەكىلى ھەمدە تېلېگرامما ئاپپاراتى ئە-
ۋەتىپ، ئالتايدا دائىملىق تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلغان. بىز باشقا

تەلەپلەرگە قوشۇلماي، پەقەت بىر تېلېگرامما ئاپپاراتىنىلا ئەۋەتتۇق. بۇ تېلېگرامما ئاپپاراتى ئوسماننىڭ تەلەپلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي يەتكۈزۈپ تۇردى. مەسىلەن: قوشۇنلارنىڭ ياردەم بېرىشى، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ ئالتايغا كىرىشى، ئوق-دورا ياردەم قىلىش، ئايروپىلان ئەۋەتىش ۋاھاكازالار

بۇ ئىككىلا قېتىمدا كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ غەرىزى ناھايىتى ئېنىق ئىدىكى، ئۇلار سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىمۇ، غۇلجا تەرەپكىمۇ قارشى تۇرماقچى بولغان. بىزنىڭ كېيىن ئۇققۇشىمىزچە، ئوسمان غۇلجا تەرەپنىڭ ئۇنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قازاقلارنىڭ يەنە بىر داھىيسى بولغان دەلىلقاننى دەسسەتمەكچى بولغانلىقىدىن گۇمانلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۈچ ۋىلايەتتىن ئايرىلىپ، باشقا بىر يول تېپىش كويىغا چۈشكەن. بۇ ئىش مېنى ناھايىتى قىيىن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. چۈنكى مەن ئالتاينى باشتىن-ئاياغ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىر قىسمى دەپ كەلگەنىدىم. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئومۇمييۈزلۈك ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئوسماننىڭ شەخسەن ئۆزگىرىشىگە قاراپلا سىياسەت بەلگىلەشكە بولمايتتى. شۇنداقلا يەنە تەكشۈرۈپ بىلىشىمىزچە، ئوسمان پەقەت بىر فېئودال خاراكتېرلىك قەبىلە ئاقساقىلى ئىكەن. ئۇنىڭ سىياسىي مەيدانى، ئىدىيە ئەھۋالى ناھايىتى قالاق بولۇپ، ئاسان ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايتتى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئالتاينىڭ ۋالىيسى ئىدى. ئۇنىڭغا قارىتا سەممىي چۈشەنچە بەرمەي بولمايتتى. شۇڭا مەن ئوسماننىڭ ۋەكىلىگە مۇلايىملىق بىلەن چۈشەنچە بەردىم. ھەمدە ئۇنى بىر قىسىم ئاشلىق، كۈندىلىك لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەپ، ئۇنىڭدىن غۇلجا تەرەپنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ھىمايە قىلىش لازىملىقىنى ئۈمىد قىلدىم.

مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان تەرەپنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ ئىش ئۇنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى. چۈنكى بۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاجىزلىق تەرەپنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى. شۇنداقلا يەنە كېلىپ ئۇنىڭ گۇمانىنى تۇغدۇردى، يەنە بىزنى ئوسمان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئۈچ ۋىلايەتنى پارچىلىماقچى بولىۋاتىدۇ، دېگەن گۇمانغا سېلىپ قويدى. گەرچە ئوسماننىڭ ۋەكىلىنى قوبۇل قىلغاندا، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان، بورھانلار سورۇندا بىللە بولسىمۇ، لېكىن ئوسماننىڭ ياردەمگە بولغان تەقەززاسى جىددىي بولغاچقا، بۇنى بىر تەرەپ قىلىشتا مەن بارغانسېرى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىم، ھالبۇكى ئىلى تەرەپنىڭ گۇمانىمۇ بارغانسېرى كۈچەيدى. مەن ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئېتىۋار بېرىش ئۈچۈن، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجانغا، بۇ بولسا ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىش، ئۆزىڭىز مەسئۇل بولۇپ مۇۋاپىق ھەل قىلىۋېتىڭىز، دەپ تەكرار ئىزھار قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. لېكىن مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجاننىڭ گۇمانى ھامان يېشىلىپ كەتمىدى. ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىكى مەسئۇل ھەربىي خادىملار ئىچىدە بەزىلەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پارچىلاش، بۆلۈۋېتىش خىزمىتىگە كىرىشىپ، ئىلى تەرەپنى ئۆزىمىزگە قايتۇرۇۋېلىش تەشەببۇسىدا بولدى. مەن بۇنى قەتئىي رەت قىلدىم. بۇ ئىش ئىلى تەرەپنى ناھايىتى زور دەرىجىدە تەڭلىكتە قويدى ھەم جېنىغا تەگكەنىدى.

(5) چۆچەك، دۆربىلجىن ئەنزىسى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۆتۈرۈلۈپ چىققان چاغدا، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى پىڭ رۇڭ باشچىلىقىدا، ھەربىي، ساقچى، خەلقتىن بولۇپ 1400 دىن ئارتۇق كىشى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئايكۆز دېگەن يېرىدىكە بېرىۋالغانىدى. تېنچلىق بېتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بويىچە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۇلارنى ئۆز ۋەتىنىگە ئەكىلىپ

قويۇش رەسمىيىتىنى ئۆتەشكە تەييارلىق كۆرىدۇ ھەمدە ئۆلكە لىك ھۆكۈمەت ئاخىرقى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىش چارىسى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 1946- يىلى 2- سىنتەبىر تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ۋەتەنگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. بۇلاردىن بىرىنچى، تۈركۈمدىكىلەر ئامما، 2-، 3- تۈركۈمدىكىلەر خىزمەتچىلەر بىلەن بىر قىسىم ساقچىلار، 4- تۈركۈمدىكىلەر جەڭچىلەر، 5- تۈركۈمدىكىلەر بولسا، پىلىك رۇك ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ساقچى ئەمەلدارلار بولۇپ، 1 - — 4 - تۈركۈم كىشىلەر چۆچەككە كىرگەندە يولبويى ھاقارەتلىنىپ تاياق يەيدۇ، 5 - تۈركۈمدىكىلەر ئەمدىلا چۆچەككە كىرىشى بىلەن، تەشكىللىك، پىلانلىق تۇپلانغان لۈكچەكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. سابىق 3- ئاتلىق تۋەننىڭ كوماندىرى لى جىنشىڭ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سۈن شاۋكاڭ، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى كې فۇجى، تارباغاتاي ئامانلىق ساقلاش قوماندانلىق شتاۋىنىڭ مەسلىھەتچى مۇدىرى شاكەيسى قاتارلىق ئەمەلدارلاردىن بولۇپ 35 كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ.

پاجىئە يۈز بەرگەندىن كېيىن، بۇ ئىشنى مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەچكە، ئۇنىڭدىن مەن سۈرۈشتۈرۈپ تېزدىن ئاخىرقى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇدۇم. ئۇ دەرھال چۆچەككە بېرىپ بىر كۈن تۇرۇپ قايتىپ كېلىپ: بۇنىڭ شۇ يەردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆتمۈشتە خەلقىنى خارلىغان ھەربىي - ساقچىلار ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان قىساسخورلۇق ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى بولۇپمۇ ساقچىلارغا نىسبەتەن خەلقنىڭ غەزىپى چوڭقۇر بولغاچقا، قىساس ئېلىشنىڭ ناھايىتى دەھشەتلىك بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتە ئاممىغا سەممىي ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنلىكىنى، ئاساسلىق قاتىل جىنايەتچىدىن ئۈچىنى تەكشۈرۈپ تېپىپ، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش ئالدى-

دا تۇرغانلىقىنى، ۋەھاكازالارنى ئېيتتى. شۇ چاغدا مەن خەلق ئاممىسى تەشكىلسىز ھالدا بۇنداق ھەرىكەتنى ئېلىپ بارالمايدۇ، شۇنداقلا، شۇ يەردىكى مەمۇرىي، ھەربىي - ساقچى خادىملار ئۆزلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىدىن باش تارتماسلىقى كېرەك، دەپ ئېيتتىم. ئەخمەتجان بېشىنى سالغىنىچە لام - جىم دېيەلمەي قال- دى. مەن يەنە ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى ليوزېرۇگنى، بۇ ئىشنىڭ تەپسىلىي جەريانىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلى ساۋېلىيوۋقا ئېيتىپ قويۇشقا تاپىلىدىم. ئۇلارمۇ بۇنى ئۇچىغا چىق- قان ۋەھشىيانە ھەرىكەت، تازا بولمىغۇر ئىش دەپ ھېسابلاپتۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شۇ زامات قارار ماقۇللاپ، بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ، چۆچەككە ئەۋەتمەكچى بولدى. مۇئاۋىن رە- ئىس ئەخمەتجانمۇ بۇنىڭغا قوشۇلدى.

تەبىئىيكى، بۇ پاجىئە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىدى. شۇنداقلا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈ- رۈپ قويۇلدىغان مۇنداق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنىمۇ راۋا كۆرمەيدۇ، بىراق بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ تارباغاتاي ۋىلايىتىنى تىزگىنلەپ تۇرۇدىغان ھوقۇقنى تېخى تولۇق قولغا كىرگۈزۈپ بولالمىغان. تەكشۈرۈش ئۆمىكى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلى تەرەپنىڭ كۆپ تەرەپتىن كەينىگە تارتىشى تۈپەي- لىدىن، بۇنى باشتىن - ئاياق ئىجرا قىلىشقا ئىمكانىيەت بولمى- دى. بىز توختىماستىن سۈيلەپ تۇردۇق، بۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى قاتتىق بېسىم بولۇپ تۇيۇلدى.

چۆچەك پاجىئەسىدىن كېيىن يەنە دۆربىلجىن پاجىئەسى يۈز بەردى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تىنچلىق بىتىمى ۋە سىياسىي پروگرامما بويىچە ناھىيىلىك سەنىيخۇي ھەيئەتلىرى بىلەن ناھىيە ھاكىملىرىنى خەلق سايلىمى ئارقىلىق تىكلىمەكچى بولۇپ، ئۇن مەمۇرىي ۋىلايەتنىڭ ھەرقايسىسىغا بىردىن سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، سايلام ئۈستىدىن نازارەت يۈرگۈز-

مەكچى بولدى. ھەرقايسى گۇرۇپپىلارنىڭ ئىسىملىكلىرىنى ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەت ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، ھەرقايسى تە-
رەپلەرنىڭ ماقۇللۇشىدىن ئۆتكۈزدى. ئالتاي ۋىلايىتى سايلامغا
نازارەت قىلىش بويىچە 6 - گۇرۇپپا بولۇپ، مەزكۇر ۋىلايەت-
نىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى ياش قازاق يىگىتى تۈركىستان گۇرۇپپا
باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى، ئۇنىڭغا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
كاتىپى قازاق كېي بىگچۈەن بىللە ھەمرا بولۇپ ماڭغانىدى.
ئۇلار 10 - ئاينىڭ ئالتىنچى كۈنى تارباغاتايغا قاراشلىق دۆر-
بىلجىن ناھىيىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، شوپۇر بىلەن بىرگە
قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان بۇ ھەق-
تىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ماڭا: بۇ دېلو
تۈركىستاننىڭ ھەمراھى دۆربىلجىن ناھىيىسىدىكى كۈلۈبتا كىنو قو-
يۇلۇۋاتقاندا، ئۈرۈمچىدىن ئالغاچ بارغان ئەكسىيەتچى تەشۋىق
بۇيۇملىرىنى تارقاتقان، بۇنىڭدىن ئامما قاتتىق غەزەپلىنىپ تۈ-
ركىستان چۈشكەن ئۆيگە كىرىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، دېدى.
مەن دەرھاللا تۈركىستاننىڭ ئەپ ماڭغىنى تىنچلىق بىتىمى، سى-
ياسىي پروگرامما، سايلامغا دائىر ھۆججەتلەر ۋە ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەتنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى قول قويغان ھۆججەتلەردىن
ئىبارەت. بۇنى ئامما ئارىسىدا تارقىتىش قانۇنغا ئۇيغۇن، ئە-
قىلغا مۇۋاپىق ھەرىكەت، ھەرگىزمۇ ئەكسىيەتچى تەشۋىقات
ۋەرەقىسى ئەمەس. لوكچەكلەرنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتى روشەنكى
مەقسەتلىك، پىلانلىق رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلغان، ھۆكۈمەت بۇ-
نىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان
بۇنى چۆچەك پاجىئەسى بىلەن قوشۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا
بولىدۇ، دەپ ئىپادە بىلدۈردى، بۇ ۋەقەمۇ ئىلى تەرەپكە نىس-
بەتەن ئېيتقاندا كۈتۈلمىگەن يەردىن كەلگەن بىسمىللارنىڭ
بىرى بولدى.

(1) مەسئۇتنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بولۇش مەسىلىسى.

مەن شىنجاڭغا ئەسلىدە گومىنداڭ ھۆكۈمەت رەئىسىنىڭ غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمە مۇدىرى قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى سۈپىتىدە كەلگەنىدىم. بۇيرۇق چۈشۈشتىن ئىلگىرى، مەن ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە ئۇنىماي، جياڭ جيېشىدىن بۇ ئىشقا شياۋلىزى ئەپەندى بىلەن جياڭ جىڭگونىڭ ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاپ قويۇشنى سورىغانىدىم. بىراق ئۇ بۇنداق قىلىشقا قوشۇلمىدى. ئىلى تەرەپنىڭ پوزىتسىيىسىدىن قارىغاندىمۇ، ئۇلار بۇ ۋەزىپىنى مېنىڭ ئۈستۈمگە ئېلىشىمنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭلاشقا بۇ ۋەزىپىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە توغرا كەلدى. بىر يىل قوشۇمچە رەئىس بولغاندىن كېيىن، مەن يەنىلا بۇ ۋەزىپىدىن ئىستىپا بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدىم. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلماقچى بولدۇم؟

بىرىنچى، مەن باشتىن - ئاخىر شۇنداق ھېسابلاپ كەلدىمكى، مېنىڭ مىللىتىم خەنزۇ، خەنزۇلار شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىچىدە ئازسانلىق مىللەت. ئۇلار ئاھالىنىڭ ئارانلا بەش پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا رەئىسلىكنى خەنزۇلارنىڭ ئۆتۈشى مۇۋاپىق ئەمەس. خەنزۇلار رەئىسلىككە قويۇلسا، بۇ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقنىڭ ۋاستىسى — گوبېرناتورلۇقتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداقلا بۇ مىللىي مەسىلىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى پرىنسىپىغا خىلاپ.

ئىككىنچى، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قوشۇمچە ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلىكىم ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش، ھەممە يەلگۈلۈكنى ماڭا ئەكىلىپ بېرىپ، ھەممە ئادەم

ئالدىدا مېنى تەڭلىكتە قويدى. بەزىدە رادىكاللار مېنى كونسېرۋاتىپلارغا يان باستى دەپ ئەيىپلىسە، يەنە بەزىدە كونسېرۋاتىپلار رادىكاللارغا يان باستى دەپ يامانلىدى. بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ تەشەببۇسى خۇددى ئوت بىلەن سۇ بىر - بىرىگە يېقىن كەلمىگەندەك، ئۆزئارا زىتلىشىپ تۇرىدۇ. كونسېرۋاتىپلار ۋەتەننى ھىمايە قىلىدۇ، مەركەزنى ھىمايە قىلىدۇ. بۇنى مەن قوللىدىم. بىراق ئۇلار ئارىسىدىكى زور كۆپچىلىك كىشىلەردە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىيات بار. بۇ مېنىڭ تەشەببۇسۇمنىڭ تامامەن ئەكسى ئىدى، بۇنىڭغا يول قويالمايتتىم. رادىكاللار دەل ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە، مەن ئۇلارنىڭ سوۋېتكە مايىل يول تۇتۇش پوزىتسىيىسىنى ياقلايتتىم. بىراق ئۇلارنىڭ ۋەتەن كۆز قارىشى، ئىچكى مايىللىقى كۈچلۈك ئەمەس. بۇ مېنىڭ ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش تەشەببۇسۇمغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى. شۇڭا بۇنىڭغىمۇ قوشۇلمىدىم. بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەملىرى ھەر خىل سورۇنلاردا بىر - بىرىنى قاغاپ كەلدى. رادىكاللار كونسېرۋاتىپلارنى خەنزۇلارنىڭ غالچىسى دەپ تىللىسا، كونسېرۋاتىپلار رادىكاللارنى چەت ئەلنىڭ قۇيرۇقى دەپ تىللايدى. شۇنداق قىلىپ كۆرەش بارغانچە ئۇلغىيىپ باردى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خەنزۇلارغا مايىل بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم سوۋېتكە قارشى تۇرىدۇ، سوۋېتكە مايىل بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم خەنزۇلارغا قارشى تۇرىدۇ، دېيىشتەك خاتا ئۇقۇم شەكىللەنگەن. ھالبۇكى، مېنىڭ تەشەببۇسۇم ھەم ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، ھەم جۇڭگو - سوۋېت ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ ئىككىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىرىنى دەپ بىرىدىن ۋاز كەچكىلى بولمايتتى. خەنزۇلارغا مايىل بولغاندا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەنمۇ يېقىن ئۆتۈش، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا مايىل بولغاندا خەنزۇلار بىلەنمۇ يېقىن ئۆتۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا مىللەتلەرنى ئىچكى جەھەتتىن ئىتتىپاقلاشتۇرغىلى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت

خەلقىنى مەڭگۈ بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ. مەن بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە گەرچە نۇرغۇن چۈشەنچە بېرىش، سۆز بىلەن قايىل قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇلارنى ياراشتۇرۇش ئاسانغا چۈشمىدى. خۇددى مەن جەنۇبىي شىنجاڭنى زىيارەت قىلغان ۋاقىتىمدا كۆرگىنىمگە ئوخشاش، بولۇپمۇ قەشقەردىكىدەك ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ كەسكىنلىكى مەندە چەكسىز ھەسرەت قوزغىدى. مېنىڭ مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ماجرالارغا چات كىرىشىۋېلىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى؟ يەنە كېلىپ ھەرقانچە ئادىل پوزىتسىيە قوللانساممۇ، ھەر ئىككىلا تەرەپتىلا مەن قوللايدىغان ۋە قوللىمايدىغان ئامىللار بار، نەتىجىدە ئىككىلا تەرەپنىڭ نارازىلىقى پەيدا بولىدىكەن؛ بۇنىڭدىن كۆرە قوشۇمچە رەئىسلىك ئورنۇمدىن چېكىنىپ چىققىنىم تۈزۈك. مۇندىن كېيىن مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەسىلىلەرگە چەتتە تۇرۇپ كۆڭۈل بۆلۈپ قويسام، بۇ ماڭا بىر ئارام بولامدۇ، ئاسانراق بولامدۇ؟

ئۈچىنچىسى، يەنە بىر سەۋەب، مەن شىنجاڭ بىر يەرگىلا باغلىنىپ، مەركەزدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، مەملىكەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر نەرسە دېيەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ ئىككى پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە، مەملىكەت ئىچىدىكى تىنچلىق مەسىلىسى، بۇلارغا نىسبەتەن مەن ئەزەلدىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن، مەن سوۋېتكە مايىل بولۇپ، كوممۇنىستلار بىلەن بىرلىشىش تەشەببۇسىمنىڭ يالغۇز بىرلا شىنجاڭدا ئەمەلگە قويۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىپ قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى مەملىكەت بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ۋاھالەنكى دەل شۇ چاغدا گومىنداڭ، گۇڭچەنداڭ ئىككى پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يامانلىشىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ كەتتى. مەن ئامالسىز قاتتىق تەشۋىش ئىچىدە قالدىم. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك

شىنجاڭ مەسىلىسىمۇ مەملىكەت ئىچىدىكى ئەھۋاللارنىڭ تەسىرىگە، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ گۇڭچەنداڭغا قارشى، سوۋېتكە قارشى سىياسىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. ئەگەر مەملىكەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ھەل بولمىسا، شىنجاڭ مەسىلىسىمۇ ھەل بولمايتتى. شۇڭلاشقا مەن ئۇزۇن مەزگىل شىنجاڭدا تۇرۇپ قېلىپ، ئۆزۈمنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى تىنچلىق ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمىدىم. مۇبادا قوشۇمچە رەئىسلىك ۋەزىپەمدىن ئىستىپا بېرىپ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇدىرلىقىدىن ئىبارەت بىرلا ۋەزىپىدە قالسام، نەنجىڭ بىلەن غەربىي شىمال ئارىلىقىدا بىر قەدەر ئەركىنرەك قاتناپ تۇرۇشقا، كۆپرەك ۋاقىت مەركەزدە بولۇشقا مۇمكىن بولاتتى.

يۇقىرىدىكى بىرقانچە نۇقتىلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بىر خىل ئەپسۇسلىنىش ۋە خىجىللىق ئىچىدە، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قوشۇمچە رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قەتئىي قۇتۇلۇشقا بەل باغلىدىم.

مەن ئورۇن بېسىشقا كىمنى قويۇش مەسىلىسىدە ئۆزۈنىچە ئەستايىدىل ئويلاندىم. ئالدى بىلەن ئەخمەتجان ۋە بۇرھان شەھىدى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلدىم. ئەخمەتجان ياش، ئىستىقبالى بار، كۈچلۈك دالالەت قىلىش كۈچىگە ۋە ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە. بىراق ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى، شۇنداقلا يەنە ئۆلكە ئىچىدىكى رادىكاللارنىڭ يولباشچىسى، ئۇنىڭغا يالغۇز نەنجىڭ ھۆكۈمىتى قوشۇلمايلا قالماستىن، ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا يەتتە ۋىلايەتتىمۇ مەسىلە بار ئىدى. بولۇپمۇ كونسېرۋاتىپ ئەربابلارنىڭ كەسكىن قارشىلىقىغا ئۇچرايتتى. بۇرھانغا كەلسەك: ئۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان، كۆپ يىللار تۈرمىدە ياتقان، ئاسانلا كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلەيدۇ. يەنە كېلىپ ئۇيغۇر، قازاق مىل-

لەتلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ بۇرۇندىنلا ئىناۋىتى بار. پروزدىتسىيە-
سىمۇ بىر قەدەر نورمال. رادىكاللار بىلەن كونسېرۋاتىپلارنىڭ
ئوڭايلا ماقۇللۇقىدىن ئۆتەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەنە ۋەتەن
كۆزقارىشىغا ئىگە، ھەم سوۋېت تەرەپكىمۇ مايىل. شۇڭا ئۇنى
بىر قەدەر مۇۋاپىق كېلىدىغان نامزات دەپ ھېسابلاش كېرەك
ئىدى. بىراق ئۇ ئەزەلدىن مەركەزگە بېرىپ باقمىغان، جياڭ-
جيېشى بىلەن بىر قېتىممۇ ئۇچرىشىپ كۆرمىگەن. مەركەزدىكى
كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن تازا تونۇش ئەمەس. ئەگەر ئۇنى رەئىس
ئىز باسارى دەپ ئوتتۇرىغا قويساق، ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزۈش
مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەخمەتجان بىلەن بۇرھان شەھىدىدىن باشقا، پەقەت
مەسئۇتلا قالدى. ئۇ شۇ مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ تەپتىش ئەمەل-
دارى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئابرويلۇق كىشى ئىدى. شېڭ-
شىسەيگە قارشى تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئىچكىرىگە قېچىپ
بېرىپ مەركەزدە ئون يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ
مەركىزىي ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسى، گومىنداڭ مەركىزىنىڭ
تەپتىش ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ
دائىم مەركەزنىڭ يىغىنلىرىدا دادىل، ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلەپ،
شېڭ شىسەينى سۆكەتتى. ھەممىدە كۈچىنىڭ بېرىچە شىنجاڭ خەلقى
ئۈچۈن دەرد تۆكۈپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكالىتەن
سۆزلەيتتى. ھەممە كىشى ئۇنى شىنجاڭنىڭ رەھبىرى بولالايدىغان
زات دەپ قارىشاتتى. شۇ يىلىنىڭ بېشىدا مەن نەنجىڭدە جياڭ-
جيېشىغا شىنجاڭ مەسىلىسىنى دوكلات قىلغان ۋاقتىمدا، جياڭ-
جيېشى ئۇنى ئېغىزغا ئالغان ھەمدە مەندىن: شىنجاڭنىڭ رە-
ئىسلىكىنى ئۇنىڭغا بەرسەك قانداق بولار؟ دەپ سورىغانىدى.
مېنىڭچە، ئەگەر ئۇنى رەئىسلىككە ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولساق
مەركەزنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئوڭايلا ئۆتۈپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ ئائىلىسى غۇلجىدا بولۇپ، ئىلى تەرەپتىن تېنچلىق سۆھ-

بىتىگە قاتناشقان ئۈچ ۋەكىلنىڭ بىرسى بولغان رەھىمجان سابىر-
ھاجى ئۇنىڭ جىيەن ئىنىسى بولىدۇ. غۇلجىدا تۇرغۇن ئادەملەر
بىلەنمۇ بىردىن - كىلىش مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بۇنىڭغا قاراپ
ئۇ كىشىنى بۇ ئورۇنغا قويساق ئۈچ ۋىلايەتنىڭمۇ ماقۇللۇقىغا
ئېرىشىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغانىدىم. يەنە ۋىلايەت تەرەپتە
ئەزەلدىن ئۇنىڭغا قارشى ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمى-
دۇق. ئۇيغۇرلار شىنجاڭنىڭ ئاھالىسى ئىچىدە 75% دىن ئار-
تۇقراقنى تەشكىل قىلىدۇ. رەئىس نامزاتلىقىنى ئۇيغۇرلاردىن
ئوتتۇرىغا قويۇش، مىللىي ئاپتونومىيە روھىغا ئۇيغۇن، شۇنداقلا
شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق كېلەتتى.

دەرۋەقە شۇ چاغدا مەن مۇنۇلارنىمۇ ئويلاپ يەتتىم: مەسئۇت
شىنجاڭدىن ئايرىلغىلى ئون نەچچە يىل بولغان، يەرلىك بىلەنمۇ
كۆپ مۇناسىۋەتتە بولمىغان، غۇلجا ئىنقىلابىغىمۇ ئىشتىراك
قىلمىغان، ئېھتىمال ئۈچ ۋىلايەتنىمۇ چاتاق چىقىپ قېلىشى
مۇمكىن، بىراق ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچىۋالا قەتئىي،
كەسكىن قارشى تۇرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىمىگەنىدىم. دەسلەپتە
مەن غۇلجا تەرەپ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈشنى ئويلاندىم.
بىراق مۇبادا ئوتتۇرىغا قويسام غۇلجا تەرەپ ماقۇل كۆرمەسە
ياخشى بولمايدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ۋەھالەنكى
تىنچلىق بىتىمگە ئاساسلانغاندا ئۆلكە رەئىسىنى مەركەز بىۋاستە
تەيىنلەيتتى. بۇ جەھەتتە ئۇلار بىلەن مەسلىھەت قىلىشىدىغان
بەلگىلىمىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار قارشى تۇرسىمۇ قانۇنىي ئاساسى
يوق ئىدى. شۇڭا نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە بىۋاستىلا ئوتتۇرىغا
قويدۇق.

مەن بۇنى يوللاش بىلەن بىرگە يەنە بۇرھاننى مەركەزگە يۆت-
كەپ، ئۇنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا
قويۇشنى تەلەپ قىلدۇق. بۇ بىر تەييارلىق خىزمىتى ئىدى.
مەن جياڭجېيشىگە يوللىغان تېلېگراممامدا: بۇرھان زور كۈچ

بىلەن يېتىشتۈرۈشكە تىرىشلىك ئىختىساسلىق ئادەم، ھازىردىن
باشلاپ بۇ كىشىنى مەركەز بىلەن تونۇشتۇرۇپ، باردى - كەلدى
قىلدۇرۇپ، كەلگۈسىدە شىنجاڭغا رەھبەر قىلىشقا تەرەددۇت قىلـ
ساق بولىدۇ، دېدىم.

تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، نەنجىڭ ھۆ-
كۈمىتى ماقۇل بولدى. 1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى
رەسمىي بۇيرۇق ئېلان قىلىندى. 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈ-
رۈمچى كوچىلىرىدا مەسئۇتقا قارشى تەشۋىق ۋەرەقىلىرى -
لوزۇنكىلار پەيدا بولدى. مەن 21 - كۈنى مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەت-
جان بىلەن كۆرۈشۈپ، مەركەزنىڭ قارارىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇردۇم.
ئۇ شۇ زامات قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە نۇرغۇن دە-
لىللەرنى كۆرسەتتى. مېنىڭ خەلق سايلىمى ئارقىلىق ئۆلكە رەئىسى
تىكلىنگەنگە قەدەر داۋاملىق ئۆلكە رەئىسى بولۇپ بېرىشىمنى تە-
لەپ قىلدى. مەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا: بۇيرۇق ئېلان قىلىـ
نىپ بولدى. بۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ - دېدىم. ھەمدە ئۆ-
زۈمنىڭ قوشۇمچە رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمىگەنلىكىمدىكى
سەۋەبلەرنى قايتا - قايتا چۈشەندۈردۈم. ئۇ ئاڭلاپ بولغاندىن
كېيىن: غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن،
پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە بولىدۇ، دېدى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت بەش سائەتتىن ئۇزاق داۋام قىلدى. مۇ-
ئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان باشتىن - ئاخىر قوشۇلمىدى. مەنمۇ
بۇ ئىش ئۈستىدە ھەر قانداق ئۆزگەرتىش ۋە يول قويۇش ئىپا-
دىسىدە بولمىدىم. 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مەسئۇتنىڭ ۋەزىپە
ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئۆلكىلىك كېڭەش
ھەيئىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى بىلەن بىرگە ئېلىپ بېرىلدى. ئىلى
تەرەپكە ۋەكالىلىك قىلىدىغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئە-
زالىرى مۇراسىمغا قاتناشمىدى. مۇراسىمدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
سەنمىنجۇيى ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەرلىك ئوسمان ۋەكالىلىك سا-

لاھىيىتى بىلەن سۆزگە چىقتى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: ئۆتمۈشتە شىنجاڭدا سەنمىنجۇيى يولغا قويۇلمىغانىدى. شۇڭا كۆپ قېتىم ئىنقىلاب يۈز بەردى. رەئىس جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنلا، مەركەزگە ۋەكالىتەن سەنمىنجۇيىنى ئىجرا قىلىپ ھەقىقىي تىنچلىق ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلدى. بۇنىڭغا پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ئىشىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۆلكە رەئىسىنى يۆتكەشنى خالىمايمىز. مەركەزنىڭ رەئىس جاڭ جىجۇڭنى شىنجاڭدا قالدۇرۇشنى، رەئىس جاڭ جىجۇڭ ئۆز قولى بىلەن ھاسىل قىلغان تىنچلىق بىتىمى بىلەن سىياسىي پروگراممىنى تەلتۆكۈس ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىمىز ۋەھاكازالار، مەقسەت روشەنكى، بۇنداق دېيىش مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشنى ياقلىمايمىز دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك سەنيىخۇي ئەزاسى ئوسمان داموللا قاتارلىق 40 تىن ئارتۇق كىشى ماڭا بىرلەشمە ئىمزا قويغان بىر پارچە خەت تاپشۇردى. ئۇلار تىنچلىق بىتىمى تېخى ئىزچىللاشتۇرۇلمىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى تولۇق ئاخىرلاشقىنى يوق، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلماسلىق لازىم، دېيىلگەن. ئۇلار يەنە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى بۇ ئىشتىن ئىلگىرى خەۋەر تاپمىغان. ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئۆلكە رەھبىرىنى يەڭگۈشلەش مۇۋاپىق ئەمەس، دەپ قەتئىي تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالدى. خەتنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىدەك:

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇمچە رەئىسى جاڭ جىجۇڭ جانابلىرىغا:

كەمىنىلىرى مۇشۇ يىلىنىڭ 5 - ئاي 28 - كۈنى غەربىي زالدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلە-

لەن سەنيىخۇي ئەزالىرى ئارىسىدا پىكىر تۇغۇلدى. سەنيىخۇي
ئەزالىرى نەق مەيداندا پىكىر بايان قىلدى. بىز شۇ پىكى-
رىمىزدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇشبۇ ئىلتىماسنامىنى ھۇ-
زۇرلىرىغا سۇندۇق. مەقسەتنى ئېيتساق، ئۆتكەن يىلى تىنچ-
لىق بېتىمىگە ئاساسەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ
تەشكىل قىلىنغان ئىدى. بىر يىل ئىچىدە گەرچە بەزىبىر
يېڭى تەدبىر - پىلانلار قوللىنىلىپ، خىزمەتلەر ئىشلەنگەن
بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغا قەدەر تىنچلىق بېتىمى بىلەن سى-
ياسىي پروگراممىنى ئىجرا قىلىشتا، خەلقنىڭ كۆڭلى -
كۆكسى قانغىدەك خىزمەتلەر ئىشلەنمىدى. خەلق ئۈمىد
قىلغان مۇشۇ مەسئۇلىيەت تېخى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ
زىممىسىدە تۇرىۋاتىدۇ. سەنيىخۇي ئەزالىرى شۇنداق دەپ ھې-
سابلايدۇكى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تىنچلىق بېتىمىگە ئاسا-
سەن ئۆزگەرتىش كېرەك. يۇقىرىدىكى ۋەزىپىلەر ئەمەلگە
ئاشۇرۇلماي تۇرۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىش ھاجەتسىز، ئەسلى-
دىكى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش زۆرۈر. سەنيىخۇي ئەزالىرى
يەنە شۇنداق دەپ ھېسابلايدۇكى، بۇ نۇقتىغا قارىماي،
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىگە ئۇقتۇرماي ھەم سەنيىخۇي
ھەيئەتلىرىنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكۈزمەي، ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەت رەھبەرلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس. بۇ-
نىڭ ئۈچۈن سەنيىخۇي ئەزالىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تىنچ-
لىق بېتىمىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى قەتئىي
ئىلتىماس قىلىدۇ. تىنچلىق بېتىمىدە خەلقىمىز ئۈچۈن ئال-
غان مەجبۇرىيەتلەرنى ئاداققىچە ئورۇنلاشنى، ھەمدە ئۆل-
كە رەئىسىنى ئاساسىي قانۇن بويىچە خەلق سايلىمى ئار-
قىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن، ھەر قانداق ئۆزگەر-
تىشلەرنىڭ بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھوزۇرلىرىغا ئا-
لاھىدە مۇشۇ ئىلتىماسنى سۇندۇق. جانابلىرىغا بىر نۇسخە

سۇنغانىنىڭ سىرتىدا، ئېلان قىلىش ئۈچۈن گېزىتخانىسىمۇ يوللىۋەتتۇق.

ئۆلكىلىك سەنيىخۇي ئەزالىرىدىن: ئوسمان دامولla قاتارلىقلار.

مەن بۇنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ناھايىتى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن جاۋاب بېرىپ: رەئىسنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇلۇشى بىلەن تىنچلىق بىتىمى ئىزچىللاشتۇرۇلماي قالمايدىغانلىقىنى؛ مەركەز تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن ئۆزى تەيىنلىگەن ھەيئەتلەرنى يۆتكەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ياشانغان، ئابرويلۇق مەسئۇد ئەپەندىنى رەئىسلىككە تەيىنلىگەنلىك دەل شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ قوللانغان مۇۋاپىق تەدبىر ئىكەنلىكىنى، مەركەزنىڭ ئوچۇق بۇيرۇقىنى ئۆزگەرتىشكە تەلەپ قىلىشقا زادىلا بولمايدىغانلىقىنى تەۋسىيە قىلدىم. مېنىڭ جاۋاب خېتىمنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئۆلكىلىك سىياسىي سەنيىخۇي ئەزاسى ئوسمان دامولla جانابلىرىغا ھەمدە سىلى ئارقىلىق ئەمەت قازى جانابلىرىغا ۋە باشقىلارغا:

ھەر قايسى جانابلارنىڭ بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ يوللىغان مەكتۇپلىرىدىن خەۋەر تاپتىم. ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە قارىتا، مەن ئەڭ سەممىي پوزىتسىيەم بىلەن تۆۋەندىكىچە جاۋاب بەرمەكچىمەن:

① تىنچلىق بىتىمى ئۆلكىمىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ھۆججەت. ئۆلكە ئىچىدىكى ھەر قانداق جاي، ھەر قانداق ئادەم بىردەك موشۇنىڭ چەكلىمىسىدە بولۇشى شەرت. بۇنىڭدىن چەتنەپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغانلىقى، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ھەرگىزمۇ

تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

② تىنچلىق بىتىمىدە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەشكىل قىلىشتا پەقەت ئىسىملىك تەقسىم قىلىش نىسبىتىلا كۆرسىتىلگەن، ئۇنىڭدا نامزات چەكلىمىسى يوق. مەركەزدىن تەيىنلەنگەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىنى مەركەز خالىغان ۋاقىتتا ئۆز ئالدىغا يۆتكەپ كېتەلەيدۇ. خۇددى غۇلجا تەرەپتىن كۆرسىتىلگەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرىنى ئىلى تەرەپ خالىغان ۋاقىتتا ئۆز ئالدىغا يۆتكەپ كەتكەنگە ئوخشاش.

③ مەركەزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭلىقلارنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا قويۇپ يۈكسەك ئىناۋەتكە ئىگە مەسئۇد ئەپەندىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەنلىكى، ھەقىقەتەنمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش يولىدا قوللانغان مۇۋاپىق تەدبىر. ناۋادا مەركەزدىن ئېلان قىلىنىپ بولغان بۇيرۇقنى ئۆزگەرتىش تەلەپ قىلىنسا، بۇ مۇتلەق بولمايدىغان بىر ئىش.

④ پېقىر گەرچە قوشۇمچە رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەمسەممۇ، لېكىن يەنىلا گومىنداڭ ھۆكۈمەت رەئىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە داۋاملىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىپ تىنچلىق بىتىمىنى تولۇق ئىجرا قىلغۇزىمەن. ھەمدە سىياسىي پروگراممىنىڭ تەدرىجى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن، سىرتتىن ياردەم كۆرسىتىشنى خالايمەن. پېقىر بۇ ھەقتە، ھەر قايسى جانابلارغا كاپالەت بېرەلەيمەن.

⑤ ھەر قايسى جانابلارنىڭ تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا نىسبەتەن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. ئۆتكەن يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن بۇيان، تېخىچە تولۇق ئىجرا

قىلىنمىغان تەرەپلەر بار. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلىمەن. بولۇپمۇ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پەۋقۇلئاددە بولۇۋېلىش مەسىلىسىگە تېخى خاتىمە بېرىلمىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈش، ئۇلارنى ساناپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، دۆلەت مۇداپىئە قوشۇنلىرىنى كىرگۈزۈش قاتارلىق ماددىلار تېخى تولۇق ئىجرا بولمىدى. ھەر قايسىلىرىنىڭ خەلق ۋەكىلى سۈپىتىدە، تېنچلىق بىتىمىنىڭ ئىجرا بولۇشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپرەك يول كۆرسىتىپ بېرىشلىرى ھەمدە ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ نازارەت قىلىشلىرىنى، تېنچلىق بىتىمىنىڭ بۇرۇنراق تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى تەقەززالىق بىلەن ئۈمىد قىلىمەن.

⑥ ئەڭ ئاخىردا ئۆلكىلىك سەنىيىخۇي يىغىنىنى ئوڭۇشلۇق ئېچىپ، دېموكراتىك سىياسەت ۋە تېنچ قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئاساس يارىتىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمەن ھەمدە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەر قايسى جانابلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن.

ئېھتىرام بىلەن: جاڭ جىجوڭ

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا مەن يەنە ئاقسۇ قاتارلىق يەتتە ۋىلايەت تەرەپتىكى بىر قانچە ئون نەپەر ئۆلكىلىك سەنىيىخۇي ئەزالىرىنىڭ بىرلەشمە ئىمزا قويۇپ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ خەتتە ئۇلارنىڭ مەركەزنىڭ قارارىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى، مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولغانلىقىنى قارشى ئالىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. شۇنىڭدەك يەنە: ① مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى؛ ② ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ بولغان ئۆلكىلىك سەنىيىخۇي ئەزالىرىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ چىقىش، ئۇلارنى تەكشۈرۈپ چىقىشتىن بۇرۇن يىغىن

ئېچىشقا بولمايدىغانلىقى؛③ جايلاردىكى ئۆلكىلىك سەنيىخۇي ئەزالىرى تولۇق كېلىپ بولغاندىلا يىغىن ئېچىشقا بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

مەسئۇدنىڭ رەئىس بولۇشىغا غۇلجا تەرەپنىڭ قارشى تۇرۇشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مەسئۇد چوڭ «پانتۈركسىست» بولۇپ، سوۋېتكە قارشى تۇرىدىكەن. بۇ ئىشتىن بۇرۇن مېنىڭ زادى خەۋىرىم يوق ئىدى ھەمدە دىققەتمۇ قىلمىغانىدىم. مەن پەقەت مەسئۇد مەركەزنى ھىمايە قىلىدۇ، سوۋېتكە قارشى پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ باققىنىمۇ يوق، دەپلا ھېس قىلىپتىمەن. ئېھتىمال بۇ مېنىڭ بىپەرۋالىق قىلغان تەرىپىم بولسا كېرەك.

ئىككى تەرەپ تالاش — تارتىشىنىڭ گىرەلەشكەن تۈگۈنى، مەسئۇدنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇش مەسىلىسىگە مەركەزلەشتى. غۇلجا تەرەپ باشتىن ئاياق قەتئىي قارشى تۇرۇۋالدى. مەن بولسام بۇيرۇقنى ئۆزگەرتمەيمەن، دەپ چىڭ تۇردۇم. مانا بۇ غۇلجا تەرەپنىڭ چېكىنىپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىدى.

(2) ئۆلكىلىك سەينخۇي يىغىنىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقمىغانلىقى

سايلام قانۇنىغا ئاساسەن، ھەر قايسى ۋىلايەتلەر ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ چىققاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك سەنيىخۇي ھەيئىتىنىڭ يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، سەنيىخۇي ھەيئىتىنى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ مۇراسىم يىغىنىنى ئېچىش تەييارلىقىنى ئىشلىدى. بىر قانچە ئاي تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق بۇ ئىش ئاساسەن ئاخىرلاشتى. 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگە قەدەر ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى، ئۆلكىلىك سەنيىخۇي ئەزالىرىنىڭ سانى 121 كىشىگە يېتىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن سانغا تولدى. بۇنىڭ بىلەن 5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا مەن ئالاھىدە تەبرىك نۇتقى سۆزلىدىم.

ئالدى بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى، شىنجاڭ ئۆلكىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا تارىخىي ئەھمىيەتلىك كاتتا يىغىن ۋە دېموكراتىك سىياسەتنىڭ ئاساسىنى سېلىپ، پۈت-تۈن ئۆلكىنىڭ تېنچلىق خىزمىتىنى مۇستەھكەملەيدىغان يىغىن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىم. «خەلقنىڭ ئۆز ۋەكىللىرى بولغاندا، ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلىدىغان ئورگان بولغاندا، سەنىيىخۇي يىغىنى-نى بىر ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ، ئېغىز بىلەن قەلەمنى توپ-مىلتىق ئورنىدا ئىشلەتكىلى، ھەممە مەسىلىلەرنى دېموكرا-تىك يىغىن ئارقىلىق ھەل ئىلىشۋالغىلى بولىدۇ. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مۇندىن كېيىن ئۆلكىمىزدە قايتا ئۇرۇش يۈز بەرمەيدۇ. مىلتىق-زەمبىرەك ئاۋازلىرى قايتا ئاڭلانمايدۇ».

بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا مەن يەنە شىنجاڭ ئۆلكىسىگە دائىر بارلىق تەدبىرلەر گەرچە تېنچلىق بىتىمى بىلەن سىياسىي پروگراممىدىن ئىبارەت ئاساسقا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بۇ پرىن-سىپلىق بەلگىلىمىلەرنى يەنىمۇ كونكرېت تۈردە ئەمەلىي يولغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئىقتىسادى، قاتناش، مائارىپ، مالىيە چەھەتلەر بويىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە بولىدۇدەپ كۆرسەتتىم «كۆپچىلىكنىڭ بارلىق ۋاقتىنى، زېھنى-كۈچىنى تېنچلىقنى مۇستەھكەملەش، قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش يولىدىكى تەتقىقات، لايىھەلەش، تەكلىپ سۇنۇش جەھەتلەرگە سەرپ قىلىش» نى ھەمدە شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش جەريانىدا، ئۆلكىدىكى ھۆكۈمەتنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى ئۈمىد قىلدىم.

ئەڭ ئاخىرىدا مەن ئۆز ئارزۇيۇمنى قايتا تەكىتلەپ: «مەن ئاللىبۇرۇنلا پۈتۈن ئۆلكە خەلقىگە خىزمەت قىلىش، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىغە يول ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن-لىكىمنى تەكرار-تەكرار بايان قىلىپ ئۆتكەنىدىم. مەن ئاچ-

ماقچى بولغان قانداق يول بولىدۇ؟ بۇ يول — تىنچلىق يولى، بىر-
لىك يولى، دېموكراتىيە يولى، ئىتتىپاقلىق يولى، شۇنداقلا يەنە
گۈللىنىش يولى. شۇڭا ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۆتكەنكى بىر يىل
ئىچىدە بۇ خىزمەتلەرنىڭ دەسلەپكى شەكلىنى بولسىمۇ ۋۇ-
جۇتقا چىقىرىۋالدۇق. بۇنىڭدىن كېيىن پىلانلىق، باس-
قۇچلۇق ھالدا باشتىن-ئاخىر بوشاشماي ئىشلەيدىغان بول-
ساقلا، بۇنى چوقۇم تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مەڭگۈ تىنچلىققا
كاپالەتلىك قىلالىغىلى، ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، دېموكرا-
دىك سىياسەتنى ئەمەلگە قويۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈ-
چەيتىپ، سەنمىنجۇيىچە يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش مەقسىتىنى ئەمەل-
گە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ھازىر پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ئىرادىسى-
گە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆلكىلىك سەنيىخۇي ھەيئىتى قۇرۇلدى.
مېنىڭ يول ئېچىش ئىشىمىز دەسلەپكى قەدەمدە ئاخىرلاشقان
ھېسابتا بولدى. ئەمدى ئۆتكۈزۈپ بەرسەملا بولىدۇ» دېدىم.
ھەممە ئېپادە بىلدۈرۈپ: «بۇنىڭدىن كېيىن مەن گومىنداڭ
ھۆكۈمىتى رەئىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شىنجاڭلىق
قېرىنداشلارنى ئاسراشتەك قىزغىنلىقىم بىلەن، ئۆلكىمىزنى تىنچ
گۈللەندۈرۈش ئىشىغا ياردەم كۆرسىتىمەن، شۇنداقلا بۇ ئىشلار-
نىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراي-
مەن» دېدىم.

مۇراسىم تۈگىگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك سەنيىخۇي ئەزالىرى
ھەرقايسى ۋىلايەتلەر بويىچە بىردىن ئادەم كۆرسىتىپ ئورتاق
پىرېزىدىيۇم تەشكىللەپ سەنيىخۇي يىغىنىغا رىياسەتچىلىك
قىلماقچى بولدى. يىغىن باشلىنىشى كېرەك ئىدى. بىراق ئۆلكى-
لىك سەنيىخۇي ئەزالىرىنىڭ سانى بىلەن سالاھىيىتىدە مەسىلە
كۆرۈلدى. مەسىلەن: ئىلى ۋىلايىتىدىن سايلىنىشقا تېگىشلىك
ئەزا 14 نەپەر ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مەلۇم قىلغىنى 18
نەپەر بولۇپ، تۆت نەپىرى ئارتۇق؛ تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن

ئالته نەپەر كىشى سايلىنىشى كېرەك ئىدى، ئۇۋزىنى مەلۇم
قىلغىنى سەككىز نەپەر بولۇپ، ئىككى نەپىرى ئارتۇق؛ يەنە
تېخى بەش كىشىنىڭ ئىسىم فامىلىسى ـ ئەسلىدىكىسى بىلەن ماس
كەلمەيدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىدىن سايلىنىشقا تېگىشلىك ئادەم 20
نەپەر ئىدى. ئەمەلىيەتتە مەلۇم قىلغىنى 22 نەپەر، بۇنىڭ
ئىچىدە يەتتە نەپەر كىشىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ئەسلىدىكىسىگە
ماس كەلمەيدۇ. ھالبۇكى ئىلى تەرەپتىن سايلاپ چىقىلغان
سەيىنخۇي ئەزالىرىنىڭ كۆپ ساندىكىسى ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان
ئەمەلدارلار ۋە ھەربىي، ساقچى كاتتىباشلار بولۇپ، سايلام
قانۇنىدىكى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن جې-
دەل ـ ماجرا باشلاندى. ئالاھىدە تەشكىللەش ئارقىلىق مۇئاۋىن
رەئىس ئەخمەتجان رىياسەتچىلىكىدىكى يەتتە كىشىلىك گۇرۇپپا تەكرار
تەكرار مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئىككى قېتىم بۇنى ھەل قىلىش-
نىڭ چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەسلىدە بۇنى ھەل قىلىشقا
بولاتتى. بىراق سەنىيەخۇي يىغىنى يەنىلا ئېچىلمىدى. بۇنىڭدىكى
ئاساسىي سەۋەب مۇنداق بولغانىدى: ئالدى بىلەن سەنىيەخۇي ئەزا-
لىرى ئىككى تەرەپكە بۆلىنىپ كېتىپ، بىر ـ بىرىگە قارىمۇ
قارشى ئىككى لاگېرنى شەكىللەندۈرۈپ قويدى. ئۇلار بىر ـ بىرى-
گە يول قويمىدى. يەنە بىرى، بەزىلەر شۇ چاغدا شەرقىي تۈركىس-
تان مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ چېكىنىپ
كېتىشىنى تەلەپ قىلىش ۋە مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى
تۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ سۇنماقچى بولدى. شۇڭلاشقا پىرېزىدې-
يومدىكى كۆپچىلىك ئەزالار، ئومۇمەن سەنىيەخۇي ئەزالىرى ئوتتۇ-
رىغا قويماقچى بولغان تەكلىپلەر: ① شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۆلەت
بىلەن بولغان مۇناسىۋەتىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ② دۆلەت
ئارمىيىسىنىڭ چېكىنىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىگى-
لىك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ؛ ③ مەركەزنىڭ ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش توغرىسىدىكى بۇيرۇق-

غا قارشى تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا پىكىر قىلدى.

بۇ ئۈچ نۇقتا، شۇ چاغدىكى ئۆلكىلىك سەنىيەخۇي ھەيئىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى داۋالغۇپ تۇرغان كەيپىياتقا قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. غۇلجا تەرەپ گورۇھىدىكى سەنىيەخۇي ئەزالىرى 1-، 2-ماددىنى پىرىنسىپ جەھەتتىن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىراق 3-ماددىغا قەتئىي قارشى چىقتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆلكىلىك سەنىيەخۇي ئەزالىرى يىغىنىدىن پايدىلىنىپ، مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى غەرىزىنىڭ توگىمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. پىرىزدىيومدا پىكىر بىرلىكى بولمىغانلىقتىن يىغىن بىر قېتىممۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلمىدى. 6-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن تارتىپ 3-كۈنىگە قەدەر كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، قاتمال ۋەزىيەتنى زادى يۇمشاتقىلى بولمىدى. ۋەزىيەت ياخشى ئەمەس ئىدى. مەن 7-ئاينىڭ 3-كۈنى يىغىن پىرىزدىيوم ئەزالىرى بىلەن يەتتە كىشىلىك گورۇپپىنى چاقىرىپ بىرلەشمە سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئىككىلا تەرەپنىڭ ئۆز ئارا يول قويۇپ قاتمال ۋەزىيەتنى يۇمشىتىشىنى مۇراجىئەت قىلدىم. ئۇدا ئۈچ قېتىم مەسلىھەتلەشتۇق. ئەمما بىر قېتىممۇ نەتىجە بەرمىدى. ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ روزى ھېيت بايرىمى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، قەشقەردىن كەلگەن سەنىيەخۇي ئەزالىرىنىڭ تەكلىپى بويىچە، كۆپ سانلىقلارنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ، يىغىن پىرىزدىيومى 7-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن باشلاپ يىغىننى ۋاقىتلىق توختىتىدىغانلىقىنى، قاچان يىغىن چاقىرىشنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەلگىلەيدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

ئۆلكىلىك سەنىيەخۇي يىغىنىدا ئىككى تەرەپ توقۇنۇشقاندا، غۇلجا تەرەپنىڭ بەزى سەنىيەخۇي ئەزالىرى ماڭا ئىككى پارچە خەت تاپشۇردى. ئۇنىڭدا ئاساسەن مەسئۇتنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولغانلىقىغا قارشى بەزىبىر گەپلەر يېزىلغانىكەن. 6-ئاينىڭ

25 - كۈنى مەن ئۇلارغا «ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىپ، بىر - بىرىگە يول قويۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن» دېگەن تېمىدا ئوچۇق جاۋاب قايتۇردۇم. بۇنىڭ تولۇق تېكىستى 1947 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىندى.

مەن شۇنداق سەمىمىي تۇردە تەپسىلىي جاۋاپ بېرىپ چۈشەندۈرگەن بولساممۇ ئۇلارنى يەنىلا قايىل قىلالمىدىم. ئۆلكىلىك سەنىيەخۇي يىغىنىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقمىغانلىقى مەن ئۈچۈن بىر چوڭ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى. ئەلى تەرەپكىمۇ بۇ ئىش قاتتىق تېگىپ كەتتى. ئەلى تەرەپنىڭ كۈچى يىغىننى تىزگىنلىيەلمىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ پىلانلىرىمۇ ئەمەلگە ئاشماي قالدى.

## (3) تۇرپان، توخسۇن، پىچان رايونىدىكى قوزغىلاڭ

تۇرپان، توخسۇن، پىچان ئۈچ ناھىيىنىڭ ھاكىملىرى خەلق سايلىمى ئارقىلىق تىكلەنگەندىن كېيىنكى بىر نەچچە ئاي مابەينىدە داۋام بولۇشچە «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابچىل ياشلار ئىتتىپاقى» بىلەن «شەرقىي تۈركىستان پارتىزانلىرى» تەشكىلاتى تاشيوللاردىكى ھەربىي ماشىنىلارنى توسۇپ، ئاشلىق بۇلاپ ترانسپورت ئىشلىرىغا توسالغۇ پەيدا قىلغان. خەلققە تەھدىت سېلىپ ھۆكۈمەتكە ئاشلىق ساتقۇزمىغان. تەمىنات ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان. داۋاملىق پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ جېدەل تېرىغان. ھۆكۈمەتكە بۆھتان چاپلىغان. شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىگە تۆھمەت قىلغان. ھەربىي قىسىملار قورال كۈچى بىلەن چەكلەشنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلسىمۇ، مەن بۇنى ئىزچىل توسۇپ قورال كۈچى ئىشلىتىشكە يول قويمىدىم. ئادىل بىلەن تېنچلىق، سەۋر قىلىش، داۋلى سۆزلەش

تەك تەسىرلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللاندىم.

مەسئۇت رەئىس بولغاندىن كېيىن، بۇ ئۈچ ناھىيىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ كەسكىنلەشكەنلىكى تۇردى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئادەم ئەۋەتىپ تەشۋىق قىلسا بۇنى قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، يەنە نۇرغۇن تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن: مەسئۇتنى رەئىسلىككە قويمايمىز دەۋاكازالار. ئۇلار داۋاملىق جاي- لاردىكى ساقچى ئورۇنلىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. ساقچىلار- نى ئۆلتۈردى. ئامبارلارنىڭ ئىشىكىنى قومۇرۇۋېتىپ ئاشلىقنى پاك - پاكىز بۇلاپ قۇرۇتىۋەتتى. ئۇلارنىڭ خورىدىكى شۇنچە ئۆر- لەپ كەتكەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئارمىيە- نىڭ مەسىلىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشنى، چەكسىز دەرىجىدە سەۋرى - تاقەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلدىم.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگە كەلگەندە ئۇلار توخسۇندىن كۆ- مۈشتە تۇرۇۋاتقان ئارمىيىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغىغان. 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى يەنە تۇرپان ناھىيىسىنىڭ سىڭگىم ئېغىزىدا تۇرۇۋاتقان ئارمىيىگە تېخىمۇ زور كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىغان. ئۇ- لار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈچ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى توپلاپ ئۆزلىرىنى «شەرقىي تۈركىستان پارتىـ زانلىرى» دەپ ئاتاشقان. شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئارمىيە زور چە- قىمغا ئۇچرىغان. ئىش مۇشۇ يەرگە يەتكەندە، ئەھۋال چىداپ تۇرغۇسىز دەرىجىگە يېتىپ، قايتارما زەربە بەرمەي ئامال بولمى- غان. بىر پەللە چەك ئارقىلىق توپىلاڭچىلار پات - پاراق بو- لۇپ كەتكەن. يەنە ئۇلارنىڭ بىر مۇنچە كاتتىۋاشلىرى ئەسىرگە ئېلىنغان ھەمدە بىر مۇنچە ھۆججەتلەر قولغا چۈشكەن.

شۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئارمىيىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، تو- پىلاڭچىلار شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرپان، پىچان، توخسۇن ئۈچ ناھىيە- دە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغانكى، بۇ ئۈچ ناھىيىنى جەنۇ- بىي شىنجاڭغا بارىدىغان قاتناشنىڭ تۈگۈنى، شىنجاڭنىڭ مەركىزى

جايى دەپ قارىغان؛ قوزغىلاڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشسە، جەنۇبىي شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتىپ، شەرقىي شىنجاڭدىن بىرلا ۋاقىتتا قوزغىلىپ ئۈرۈمچىگە تەھدىت سالغىلى، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەت بىلەن بىرلىشىپ قىسىپ ھۇجۇم قىلىش ۋەزىيىتىنى ياراتقىلى بولىدۇ. ئۇلار شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى چاقىرىق قىلىپ، قوراللىق تەشكىلات ئارقىلىق دۆلەت ئارمىيىسىنى قورال كۈچى بىلەن قوغلاپ چىقىرىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماقچى بولغان. بۇ ناھايىتى زور سۇيىقەستنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ۋە قولغا چۈشكەن نۇرغۇن ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا، غۇلجا تەرەپ بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى ئاستىرتىن قوللىغان. بىزگە ئەسىرگە چۈشكەن تۈرپاننىڭ سىگىم ئېغىزىدا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشقا قاتناشقان كاتتىۋاشتىن ئۇقتۇشىمىزچە، ئىلى تەرەپتىن كەلگەنىكەن. بىراق مەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، بۇ ئىشنى ھەرگىزمۇ ئىلى تەرەپكە چاتماسلىق، ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ، ئېغىر ماجىرالارنى تۇغدۇرۇپ پارچىلىنىپ كېتىشتەك ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇنى پەقەت تەسادىپىي يۈز بەرگەن ۋەقە سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت تەدبىرنى بەلگىلىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان بىلەن سۆزلەشكىنىمدە، بۇمەسىلە ئۈستىدە ئانچەمۇنچە توختىلىپ ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرمەيلا ئۆتۈپ كەتتىم. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدىن خاتىرجەمسىزلىك بىلىنىپ تۇراتتى. بۇمۇ ئۇلارنىڭ قايتىپ كېتىشىدىكى بىۋاستە سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

ھەربىي دائىرىلەرنىڭ مەلۇم قىلىشىچە تۈرپان، پىچان، توخسۇن قوزغىلىڭىدىن كېيىن، قەشقەر تەرەپتىمۇ يوشۇرۇن تەشكىللىنىپ مۇشۇ قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشۇش ھەرىكەتلىرى يۈز بەرگەن. قەشقەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم جاي بولغاچقا، تولۇق

تەييارلىق كۆرۈپ قويۇش ئۈچۈن، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمى-
يىسىنىڭ بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ ئالدىنى ئېلىشى توغرىسىدا ئالا-
ھىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىچە، مۇھىم
تەرەپتىن گۇمانلىق دەپ قارالغان ئۇنسۇرلاردىن ئون نەچچەي-
لەننى تۇتۇپ، رىژىم قىلىپ ئۇلارنىڭ ئەركىن ھەرىكەتلىنىشىگە
يول قويۇلمىدى. لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ كەڭچىلىكىنى بىلدۈرۈش
ئۈچۈن ئۇلارغا يەنىلا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلدى. قەتلى قىلىشتەك
جازا ئۇسۇللىرى بىلەن سوراق قىلىش مەنئىي قىلىندى. بۇ جە-
ھەتتە شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلار ئەشۇنداق ئىشلىدى. بىراق
بۇمۇ تەبىئىي ھالدا غۇلجا تەرەپنىڭ ئازىراق جېنىغا تەگدى.

بۇ قېتىمقى ۋەقە جەريانىدا مېنى ئەڭ ئازابلايدىغان ۋە
پۇشايمان قىلدۇرىدىغان ئىش شۇ بولدىكى، مەلۇم بولۇشىچە
تۇرپان قوزغىلىشىدىن كېيىن، ئىشپىيونلار سىستېمىسى مۇشۇ
جايلاردا ھەدەپ تۇتقۇن يۈرگۈزۈپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى شەپقەت-
سىز ئۆلتۈردۈۋەتكەن. ئىشپىيونلارنىڭ ئەزەلدىنلا ئۆز سىس-
تېمىسى بار بولۇپ، ئۇلار شۇ يەردىكى ھەربىي - ھۆكۈمەت
باشلىقلىرىنىڭ كونتروللىقىنى قوبۇل قىلمايتتى. مەن بۇنداق
خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قاتتىق غەزەپلەندىم، قاتتىق
ئەيىپلىدىم، بىراق بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغاندا، مېنىڭ بۇ
ئەيىپلىشىم نېمىگە كار قىلسۇن!

## بىر قېتىملىق سۆھبەت

ئۆلكىلىك سەنيىخۇي يىغىنى ۋۇجۇدقا چىقمىغان ۋە تۇرپان،
پىچان، توخسۇن قوزغىلاڭ ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۆلكە
ئىچى ۋە مەملىكەت مىقياسىدا ھەدەپ غۇلغۇلا پەيدا بولدى.
پىتنە - ئېغۋالار ئىنتايىن كۆپ تارقالدى. ھەتتا چەت ئەل مەتبۇ-
ئاتلىرىمۇ بۇنى كۆپتۈرۈپ داۋراڭ سالدى. بۇنىڭ ماڭا چېتىلى-

دىغان تەرەپلىرىمۇ بار بولۇپ، پاكىتتا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان نۇرغۇن خەۋەرلەر بار ئىدى. مەسىلەن: بەزىلەر شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەر بولۇپمۇ ئۆلكىلىك سەنيەخۇي يىغىنىنىڭ ۋۇجۇتتا چىقمىغانلىقى ۋە تۇرپان، پىچان، توقسۇن ۋەقەسىنى يالغۇز ئىلى تەرەپلا كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەمەس، بەلكى بۇ ئىش ئاستىرىتتىن سوۋېت بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان. يەنە بەزىلەر: مېنىڭ ئىزچىل تىنچلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنلىكىمنى ئاجىزلىق قىلدى، دەل ۋاقتىدا كەسكىن تەدبىر قوللانمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن جىدەل - ماجرالار كېلىپ چىقتى، دەپ ھېسابلىغان. ھەتتا بەزى كىشىلەر، ئەگەر داۋاملىق مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە كېتىۋېرىدىغان بولسا، شىنجاڭنىمۇ قولدىن كەتكۈزۈپ قويىدۇ، دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلىنى قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ خىل ئوي - پىكىرلەر شىنجاڭدىكى ھەربىي مەسئۇل كىشىلەر ئارىسىدا داۋاملىق ئىپادىلىنىپ تۇردى. چەت ئەللەردە يەنە، ئىلى تەرەپ زور كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋېتىپتۇ، دېگەن پىتنە - ئىغۋالار تارقالدى. مەن بۇ خىل ئەھۋالنى كۆرۈپ، بۇ ئىشقا نىسبەتەن داۋاملىق سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا تاقەت قىلالمىدىم. شۇڭا بىر سۆھبەت ئېلان قىلىپ، ھەممە پىتنە - ئىغۋالارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مېنىڭ ئىزچىل پوزىتسىيەمنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى شەرھىيلەپ ئۆتتۈم. بۇ مېنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان سىياسىتىم ئىدى. بۇ سۆھبەت 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بىرلا ۋاقىتتا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلان قىلىندى. تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

شىنجاڭ ۋەزىيىتى ھەققەتەنمۇ ئېغىر، ھەتتا پارچىلىنىپ كېتىش تەرىپىگە قاراپ يۈزلەنمەكتە. مەيلى قانداقلا مەيداندا تۇرۇپ سۆزلىمەيلى، شىنجاڭ مەسىلىسى جەزمەن ئۇ-

روۋش يولى بىلەن ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئىم-
كانىيەتنىڭ بىرىچە ئەڭ زور دەرىجىدە سەۋرى - تاقەت
ۋە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىلا، شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى قاتـ
مال ۋەزىيىتىنى يۇمشاتقىلى بولىدۇ. شىنجاڭدىكى زور كۆپـ
چىلىك خەلق، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويغان تىنچـ
لىق، بىرلىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق سىياسىتىدىن رازى
بولدى، ئۇلار قەلبىدە ۋەتەننى ھىمايە قىلىدۇ. ئەگەر بەزى
كىشىلەر باشقىچە غەرەز بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئۇرۇنسا،
بۇ خەلقنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ، ھەرگىز مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلـ
مەيدۇ. بۇ نۇقتا شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشـ
تىكى مۇھىم ئاچقۇچ. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ
شىنجاڭ مەسىلىسىگە دىققەت - ئېتىبارى بىلەن قارىغانلىقى
بىر ياخشى ئەھۋال. مەن گومىنداڭ ھۆكۈمەت رەئىسىنىڭ
ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ھالـ
تىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان زاتلارغا چىن قەلبىمدىن مىننەتـ
دارلىق بىلدۈرىمەن. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى گېـ
زىتلەرنىڭ مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئېلان قىلغان پىكىرلىرىـ
دىن پاكىتقا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرى كۆپ. ۋاھالەنكى كۆپـ
تۈرلۈك ھەتتاكى پاكىتقا تامامەن ئۇيغۇن كەلمەيدىغان
پىكىرلەرمۇ كۆرۈلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق خەۋەرلەر ئاسانلا
ئورۇنسىز چۈشىنىشمەسلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، شىنـ
جاڭ ۋەزىيىتىنى پايدىسىز تەرەپكە يۈزلەندۈرۈپ قويىدۇ.
بۇنداق بولغاندا، بۇ گېزىت خەۋىرى بولماستىن، بەلكى
شەخسى غەرەز بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ خىل خەۋەرلەر
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى، شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە ۋە
شەخسەن ماڭا كۆڭۈل بۆلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەمىشەم
ئارقا - ئارقىدىن سورۇشتە قىلىشى ۋە تەسەللى ئېيتىشنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. گەرچە مەن بۇ ھەقتە جاۋاب بېـ

رىشنى ئويلاشمىغان بولساممۇ، لېكىن بۇ ھەقتە يىغىنچاق بىر جاۋاب بېرىشنى لايىق كۆردۈم. بىرىنچى، دېپلوماتىيە مۇناسىۋەتتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئەزەلدىن دۇنياۋى مەسىلە ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى مەسىلەرنىڭ بىر ھالقىسى دەپ قارىماي مۇمكىن ئەمەس. يالغۇز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىلا ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار شىنجاڭغا نىسبەتەن جۇڭگونىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش غەرىزىنىڭ يوقلۇقىنى ئاللىقاچان جاكالاپ ئۆتكەنىدى. ھالبۇكى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ تەرەپتىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە تەھدىت سېلىش ئىمكانىيىتى يوق. پېقىر ئۆز ئەقىل - پاراسىتىمگە تايىنىپ شۇنى ھۆكۈم قىلالايمەنكى، ئىككى مەملىكەت شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاپ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى يېقىنلاشتۇرماي زادىلا مۇمكىن ئەمەس. پېقىرنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شىنجاڭغا كېلىپ ھۆددىگە ئالغان ۋەزىپەممۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەت بېرىش ۋە جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك ئىككى چوڭ سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ سىياسەت بىر يىلدىن بۇيان، مەلۇم ئۇنۇمگە ئېرىشكەندەك بولدى. تا ھازىرغا قەدەر مەندە بۇ سىياسەتنى قىلچە ئۆزگەرتىۋېتىدىغان غەرەز يوق. بۇنى داۋاملىق ئىزچىل ئىجرا قىلىمەن. ئىككىنچى، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەسىلىلەردىن ئېلىپ ئېيتساق، پېقىر شىنجاڭدىكى سىياسىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا تامامەن دۆلەت ئاتىمىزنىڭ تەلىمى بىلەن مەركەزنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرلىرىگە ئەمەل قىلدىم. گەرچە ھەممە تەدبىرلەرنى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، دەپ ئېيتالمىساممۇ، لېكىن شىنجاڭ بىلەن ۋەتىنىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە نىسبەتەن بىرلىككە كېلىش، ئىتتىپاقلىشىشنىڭ داغدام يولى ئېچىلدى،

شىنجاڭدىكى سىياسىي مەسىلىلەر بىلەن مىللىي مەسىلىنىڭ ئەمدى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشىنىڭ ئامىلى بولمايدىغانلىقى، ئەگەر بولمىغاندا بۇنى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشنىڭ بانىسى قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھەر قانداق كىشى ئىنكار قىلالمايدۇ. مۇبادا تەساددىپىي باشقا ۋەقەلەرنىڭ داۋالغۇتىشىدىن تېنچلىق ۋەزىيىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى دېسەك، پېقىر شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇكى، ھۆكۈمىتىمىز شىنجاڭدىكى زور كۆپچىلىك خەلقنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مۇنداق قالايمىقانچىلىقلارنى جەزمەن چەكلەپ، تېنچلىققا كاپالەت بېرەلەيدۇ، لېكىن مەركەزنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن سىياسىتى، ھەر قانداق تەسىرلەرگە ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ، قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ.

## خەت - چەكلەر

مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان 1947 - يىلى 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلغانىدى. ئۇ مېڭىشتىن ئىلگىرى، ئاددىيغىنە قىلىپ بىر نەچچە جۈملە سۆز يېزىپ بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدا، ئۆزىنىڭ قايتىپ كېتىپ روزى ھېيتنى غۇلجىدا ئۆتكۈزىدىغانلىقى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي قايتىپ كېلىدىغانلىقى يېزىلغان، كېيىن باشقا ھەيئەت ئەزالىرىمۇ جىم - جىملا ئارقا - ئارقىدىن كېتىپ قېلىشتى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، مەن مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان بىلەن مۇئاۋىن نازىر رەھىمجانغا بىر پارچە ئۇزۇن خەت يازدىم. بۇنىڭ مەزمۇنى بىرقانچە قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

(1) مېنىڭ يول قويۇشۇم ۋە سەۋرچانلىق قىلىشىم. بۇنىڭدا تېنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىنكى ئۇرغۇن مۇھىم ۋەقەلەرنى تىزىپ كۆرسەتتىم. مەسىلەن: تېنچلىق بىتىمىدىكى ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلارغا دائىر مۇھىم ماددىلارنى غۇلجا تە-

رەپىنىڭ ئىجرا قىلماي ۋاتقانلىقى؛ چۆچەك پاجىئەسى؛ دۆربىلجىن پاجىئەلىرىنىڭ يۈز بېرىشى؛ خەنزۇلارغا مايىللارنىڭ ھۇجۇم - ھاقارەتكە ئۇچرىشى، ئۇرۇلۇشى، «خەنزۇلارنىڭ غالچىسى»، «مىل-لىي مۇناپىق» دەپ ھاقارەتلىنىشى؛ مەخپىي تەشكىلاتلارنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشى، تۇرپان، پىچان، ، توقسۇن قوزغىلىڭىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشى، ھۆكۈمەتكە قارشى، خەنزۇلارغا قارشى، مەركەزگە قارشى نامايىش ۋە تەش-ۋىقاتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ........ مانا بۇلار ئارقىلىق غۇلجا تەرەپنىڭ ئىزچىل ھالدا ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭ بولسا ھەر قاچان چەكسىز دەرىجىدە سەۋرى - تاقەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىمنى ئىسپاتلىدىم.

(2) بىزدە بولۇشقا تېگىشلىك ئورتاق تونۇش، بۇنىڭدا شىنجاڭ مەسىلىسىگە قارىتا غۇلجا تەرەپتە توغرا تونۇشنىڭ يې-تەرسىزلىكىنى، بۇنىڭ ئاساسەن مۇنۇلاردا ئىپادىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم: (A) غۇلجا تەرەپنىڭ مەيلى ئاغزىدا، مەي-لى ھۆججەتلىرىدە ياكى كۆڭلىدە بولسۇن،پەقەت بىرلا شەرقىي تۈر-كىستان» بار، جۇڭخۇا مىنگو يوق؛ (B) غۇلجا تەرەپ پەقەت كىشىلەرنىڭ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ، سوۋېتكە مايىل بولۇ-شىغىلا يول قويىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەم خەنزۇلارغا، ھەم سوۋېت-كە مايىل بولۇشىغا يول قويمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار: (C) سوۋېتكە مايىل بولۇپ خەنزۇلارغا قارشى تۇرغانلارنى «ئىنقى-لاۋى يولداش»، خەنزۇلارغا مايىل بولۇپ سوۋېتكە قارشى تۇر-غانلارنى «ئەكسىيەتچى» دەپ ھېسابلايدۇ. مەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتىم: (D) جۇڭگو شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتىنى، ۋاھالەنكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بولسا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوست خوشنىسى، شۇڭا چوقۇم سوۋېتكە مايىل بولغاندا خەن-زۇلارغىمۇ مايىل بولۇشى، خەنزۇلارغا مايىل بولغاندا سوۋېتكىمۇ

مايىل بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئىناق كەيپىيات ئىچىدە، راۋاج تېپىپ، تىنچ، دېموكراتىيەلەشكەن، ئەركىن، بەختىيار تۇرمۇشنىڭ مەڭگۈ بەھرىمان بولغىلى بولىدۇ.

(3) مەن بۇندىن كېيىنكى ئورتاق قوللىنىشقا تېگىشلىك ئۇسۇلىمىز ئۈستىدە مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. (A) ئۆتكەندە كەتكۈزۈپ قويغان تەرەپلەرگە نىسبەتەن ئۆزىمىزنى ئوخشاش تەكشۈرۈپ، تىنچلىق بىتىمىنى تەلتۆكۈس ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز؛ (B) سىياسىي پروگراممىدا بەلگىلەنگەن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەت بېرىش، ۋەتەن بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، دېموكراتىك سىياسەتنى ئەمەلگە قويۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت تۆت پرىنسىپ ئاساسىدا يېڭى شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشىمىز؛ (C) كۈرەشتىن ۋاز كېچىپ، گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز (E) ۋەتەن بىرلىكىنى ساداقەتلىك بىلەن ھىمايە قىلىپ، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئالغا سۈرۈشىمىز لازىم.

(4) مېنىڭ سوئالىم ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىم: (A) ھەممىڭلارنىڭ قايتىپ كەتكىنىڭلار تىنچلىق بىتىمىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا يىرتىپ تاشلىغانلىق بولامدۇ — قانداق؟ (B) ئەگەر بىر تەرەپلىمە ھالدا يىرتىپ تاشلىغانلىقىڭلارنى جاكالىساڭلار، ئۇ چاغدا يەنە بىر نۆۋەت قورال كۈچى بىلەن قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، تىنچلىقنى بۇزغۇنچىلىق سالامسىلەر — قانداق؟ (C) دۇبادا مەقسىتىڭلار يۇقىرىدا ئېيتقاندەك بولمىسا، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، ئەقىلغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ چىقىش ئۈستىدە كېڭەش ئېلىپ بېرىشنى خالامسىلەر — قانداق؟

1947 - يىلى ئەخمەتجان بىلەن رەھىمجان ئىككىسى ماڭا بىر پارچە جاۋاب خەت يازدى. بۇ ئۇلارنىڭ مېنىڭ خېتىمگە بەرگەن جاۋابى ھەم رەددىيىسى ئىدى. ئۇلار ئەۋەتكەن خېتىمدىكى ھەر قايسى

نۇقتىلارنى تامامەن «قىلچەئاساسسى يوق»، «ئەمەلىيەتكە ئۇيـ
غۇن بولمىغان» ئىپىپلاش دەپ كۆرسەتكەن. بەلكى يەنە بەزى
بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزلىرىنى بىز
تىنچلىق بىتىمىنى ئىجرا قىلىۋاتىمىز، خەنزۇلار بولسا تىنچلىق
بىتىمگە بۇزغۇنچىلىق سېلىۋاتىدۇ، دەپ بايان قىلغان. بۇنىڭ
ئىچىدە، يەرلىك ھەربىي — ساقچىلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
تەرەققىيپەرۋەر زاتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ، دىپ
تەكىتلىگەن.

ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار تۆت تۈرلۈك تەلەپ قويغان: (A)
شىنجاڭ خەلقى ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى بېسىش ۋە
خورلاشتەك ئىشلار دەرھال توختىتىلسۇن؛ (B) قاماپ قويۇلغان
مۇسۇلمان جامائەت تەشكىلاتلىرىنىڭ بارلىق خادىملىرى قويۇپ
بېرىلسۇن ھەمدە بۇلارنى قاماققا ئالغان خادىملار قاتتىق جاـ
زاغا تارتىلسۇن؛ (C) مەسئۇد ئەپەندى ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىـ
پىسىدىن قالدۇرۇلسۇن؛ (D) 1946 ـ يىلى، 6 ـ ئاي مەزگىلىدە
ئىمزالانغان بىتىمنىڭ بارلىق ماددىلىرىغا تولۇق ئەمەل
قىلىنسۇن.

خەتنىڭ ئاخىرىدا: «بىزنىڭ مۇشۇ تەلەپلىرىمىز مۇبادا
ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، مۇسۇلمانلارغا ۋەكىللىك قىلغۇچى كەمىنىلەـ
رى بارلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزالىرى دەرھال ئۈرـ
ۈمچىگە قايتىپ بېرىپ سىلىنىڭ رەھبەرلىكلىرىدە ئىشلەشنى
خالايمىز» دېيىلگەن.

مەن ئۇلارنىڭ 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى جاۋاب خېـ
تىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، قايتا ـ قايتا مۇھاكىمە قىـ
لىپ 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۇلارغا يەنە بىر پارچە خەت
يازدىم.

مەن خېتىمدە ئالدى بىلەن مۇنداق دېدىم: سىلەرنىڭ
ئەۋەتكەن خېتىڭلاردا ئىلى تەرەپنىڭ تىنچلىق يولىدا ھەمكارلىـ

شىش ئۇمىدىدىن ۋاز كەچمەيدىغانلىقى ئىزهار قىلىنغان. بولۇپمۇ تېنچلىق بېتىمىگە، پروگراممىغا هۆرمەت قىلىدىغانلىقىڭلار، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىدىن ئايرىۋېتىش غەرىزىڭلارنىڭ زادى يوقلۇقى تەنتەنىلىك بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن بىز ناهايىتى خاتىرجەملىك هېس قىلماقتىمىز. ئىشىنىمەنكى شىنجاڭ مەسىلىسى، بىردەك ئورتاق ئاساسىي تونۇشقا ئىگە بولغاندىن كېيىنلا هەل قىلىنىش يولىنى تاپالايدۇ. هازىر يەنە بىر مۇنچە ئۇششاق - چۈششەك مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ لېكىن ئۇلار بىزنىڭ تۈپ ئەقىدىمىزگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. تەبىئىيكى، مەسىلىلەرنىڭ هەل قىلىنىشىغا توسقۇن بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەممىي پوزىتسىيەم بىلەن سىلەرگە يەنە بىر نۆۋەت خەتيېزىۋاتىمەن.

بۇ خەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈندى (1) ئۇلاردىن كەلگەن خەتتە كۆرسىتىلگەن هەرخىل «پاكىت» لار ئۈستىدە تەهلىل يۈرگۈزدۈم. هەمدە ئۇنىڭغا بىر بىرلەپ رەددىيە بەردىم. (2) ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان ئاتالمىش تۆت تۈرلۈك ئالدىنقى شەرتكە جاۋاب بەردىم.

(3) ئاخىرىدا مەن يەنە ئىككى ماددىلىق تەكلىپ قويدۇم. (A) ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىشىنى ياكى نەنجىڭگە بېرىشىنى، هەر ئىككى تەرەپنىڭ تېنچلىق بېتىمىگە ئاساسەن بىر نۆۋەت ئۆزىنى ئۈزۈل - كېسىل تەكشۈرۈشنى ۋە مەسىلىنى هەل قىلىشنى، هەمدە ئۆلكە باشلىقىنى خەلق سايلىمى ئارقىلىق تۇرغۇزۇش چارىسىنى مۇهاكىمە قىلىشنى ئۈمىد قىلدىم. (B) نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى هەر قايسى نۇقتىلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدىم:

(a) ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پەۋقۇلئاددە بولۇۋېلىشىنى بىكار قىلىش تەدبىرىنى قوللىنىش؛ (b) ئەسكەر قوبۇل قىلىشنى توختىتىش

ۋە قوشۇنلارنى قىسقارتىش؛ (c) «شەرقىي تۈركىستان» تەشۋى-
قاتىنى توختىتىش، دۆلەتكە قارشى تۇرىدىغان، خەنزۇلارغا قار-
شى تۇرىدىغان، گومىنداڭ ئارمىيىسىگە قارشى تۇرىدىغان سۆز-
لەرنى توختىتىش؛ (d) ماناس دەرياسىدىن ئۆتىدىغان قاتناش-
نى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تەكشۈرۈشنى توختىتىش، ھۆكۈمەت ۋە
سودىگەرلەرنىڭ تۇتۇپ قېلىنغان ماشىنىلىرىنى قويۇپ بېرىش؛
(t) ئۈچ ۋىلايەتتىكى خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق (خەنزۇلارغا مايىل)
زاتلىرىغا قارىتىلغان زۇلۇم ۋە كەمسىتىشنى توختىتىش.

خېتىمنىڭ ئاخىرىدا تولۇپ - تاشقان ئۈمىدۋارلىق بىلەن
ئۇلارنىڭ تولۇق جاۋاب بېرىشىنى، ئۇلار بىلەن شاد - خورام-
لىق ئىچىدە ئۇچرىشىشنى كۈتىدىغانلىقىمنى ئىزھار
قىلدىم.

ئۇلجا تەرەپ 1948 - يىل 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگە
كەلگەندە، مېنىڭ 2 - قېتىم ئەۋەتكەن خېتىمگە قارىتا يەنە
بىر نۆۋەت جاۋاب بەردى. ئۇلار پەقەت ئومۇملاشتۇرۇپلا مۇن-
داق تۆت مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇنىڭ بىرىنچىسى، ئۇلار بىزنى ھەققەتەن ئوسمان بى-
لەن قالىبەكنى قوللىدى دەپ ھېسابلىغان. سۇڭ شىيلەننى
بولسا ئوسمان بىلەن قالىبەكنىڭ شۇنداق قىلىشىغا يېتەكچىلىك
قىلغان ۋە تەشكىللىگەن دەپ كۆرسەتكەن.

بۇنىڭ ئىككىنچىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ، ئۈرۈمچى، قومۇل
قاتارلىق جايلاردا ھەققەتەنمۇ ئۆزىنى مەدەنىيەتنى راۋاجلان-
دۇرۇشقا، دېموكراتىيىنى يولغا قويۇشقا بېغىشلىغان ناھايىتى
نۇرغۇن زاتلار تۈرمىدە قامىلىپ ياتماقتا دەپ
قارىغان.

بۇنىڭ ئۈچىنچىسى، قىسقا مۇددەتلىك ئىپادىسىدىن قارى-
غاندا، مەسئۇتنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇش لاياقىتى يوق، دەپ
قارىغان.

بۇنىڭ تۆتىنچىسى، ئۆزلىرىنىڭ تۇرپان، پىچان، توخسۇن قوزغىلىڭى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى قەتئىي ئىنكار قىلغان.

ئەڭ ئاخىردا مېنىڭ ئەۋەتكەن خېتىمدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپلەرنى يەنى ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ئۈرۈمچىدە تېنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن ئۆتكەنكى ئىشلار ئۈستىدە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ياقلايدىغانلىقىنى، بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇنۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىملىقىنى بىلدۈرگەن: تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى چەتكە قاقىدىغان ھەرىكەتلەرنى توختىتىش؛ مەسئۇتنى ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش؛ قاماپ قويۇلغان ئالغار زاتلارنى قويۇپ بېرىش ھەمدە قولغا ئالغۇچىلارنى قاتتىق جازالاش. ئۇلار بۇنىڭغا يەنە مۇنداق بىر ماددىنى قوشقان: يەنى ھەممىگە ئورتاق مەلۇم بولغان باندىت قاراقچى ئوسمان ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى خەلقنىڭ ئومۇمىي سوتىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ھەمدە بۇ ئىشنى مېنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشلىشىمنى ئۈمىد قىلغان. ئەگەردە خەلقنىڭ تەلىپى قاندۇرۇلمىسا، ئۈرۈمچىدە ھەر قانچە سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەن بىلەنمۇ، بەربىر ئۇلار قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان نەتىجە ئەمەلگە ئاشمايدىكەن.

مەن ئۇلارنىڭ 1948 - يىلى 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى جاۋاب خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن، شۇ يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇلارغا قىسقىلا قىلىپ بىر پارچە جاۋاب خەت يازدىم. بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ پاكىتلارنى تۈپتىن كۆزدە تۇتمىغانلىقى، مېنىڭ سەمىمىيەت كۆرسىتىۋاتقانلىقىمنى كۆزدە تۇتمىغانلىقى، ئەۋەتكەن خېتىمدە ئوتتۇرىغا قويغان بەش تۈرلۈك كونكرېت چارە ئۈستىدە ئويلاشمىغانلىقى، پەقەت بىر تەرەپلىمە ھالدىلا ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تۆت تۈرلۈك ئالدىنقى شەرتىنى ئورۇنلاشنى تەلەپ قىلغانلىقى ۋە بۇنداق قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى

كۆرسىتىپ بەردىم. مەن ئاخىرى چىقمايدىغان مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشنى خالىمىدىم. ئۇلارغا مەن ئوتتۇرىغا قويغان بەش تۆرلۈك چارىنى ئىجرا قىلالامسىلەر - قىلالمامسىلەر؟ سىلەردە تېنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن قانۇنغا مۇۋاپىق كېلىدىغان يولغا ئەمەل قىلىپ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان سەمىمىيەت بارمۇ يوق؟ دەپ سوئال قويدۇم.

ئۇلار مېنىڭ 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەۋەتكەن خېتىمگە 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنىلا 3 - قېتىملىق جاۋاب خېتىنى ئەۋەتتى. بۇ خەتتە مەن ئوتتۇرىغا قويغان بەش تۆرلۈك چارىغا نىسبەتەن مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندىن باشقا، ھېچقانداق يېڭى مەزمۇن يوق ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار پەقەت مۇنۇلارنى ئېيتقان: گېنېرال جاڭ جىجۇڭ مۇبادا سىز ئۆلكىمىزنىڭ ۋەزىيىتىنى ياخشىلاش ئارزۇسىدا بولسىڭىز، سىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ قانۇنى، توغرا دەپ قارالغان تەرەپلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشىڭىزنى، ھەمدە بۇ ھەقتە تولۇق جاۋاب قايتۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. سىزنىڭ ھەققانىيەت، دېموكراتىيە يولىدا قازانغان ئىناۋىتىڭىز، جەزمەن پات يېقىندا، بىزنىڭ بارلىق تالاش — تارتىشتا تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز ئۈچۈن ئۈمىد بېخشىلىغۇسى.»

يۇقىرىدىكى باردى - كەلدى خەتلەردىن قارىغاندا، بىزنىڭ ئىلى تەرەپكە قويغان تەلىۋىمىز ئاساسەن ئۇلاردىن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پەۋقۇلئاددىلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، «شەرقىي تۈركىستان» تەشۋىقاتى بىلەن يەنە شوغۇللانماسلىقنى تەلەپ قىلىش بولدى؛ ئىلى تەرەپنىڭ بىزگە قويغان تەلىپى بولسا، ئاساسەن، مەسئۇتنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، ھەربىي - ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. تېنچلىق بىتىمى مەسىلىسىدە بولسا ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ، مەن ئۇنى ئىجرا قىلمىدىڭ دېسەم، ئۇ مېنى ئىجرا قىلمىدىڭ دېيىشتىن ئىبارەت بولدى. لېكىن شۇن-

داۋاملىق ئىدى تەرەپنىڭ ئۈچ قېتىملىق جاۋاپ خېتىدىن قارىغاندا، ئۇلاردىمۇ مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئارزۇسى بار ئىدى گەرچە ۋەزىيەت ئۇساللىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇرۇش قىلىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن ئىدى. گومىنداڭ تەرەپتىن ئالساق، بەزىلەر گەرچە ھەربىي يول بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەن تىنچلىقنى ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇرۇش شەرت دەپ، بۇنداق قىلىشقا قەتئىي قوشۇلمىدىم.

بۇ مەزگىلدە، ماڭا خوشاللىق بولۇپ تۇيۇلغىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ماڭا ناھايىتى كۆپ ياردەم كۆرسىتىپ، ئىككى تەرەپنىڭ كۆز قارىشىنى ياراشتۇرۇپ قويغانلىقى بولدى. باش كونسۇل ساۋىلىيوۋ 1948 - يىلى 10 - ئايلاردا موسكۋاغا خىزمىتىدىن دوكلات قىلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە مەن لەنجۇدا ئىدىم. ساۋىلىيوۋ - تاۋسىيۇ، ليۇ مېڭچۈن، چۈي ۋۇ، ليۇزېرۇڭ قاتارلىق يولداشلارغا مۇنۇ بىر نەچچە نۇقتىنى بىلدۈرگەن، بۇنى يولداش ليۇ مېڭچۈن ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا مۇنداق دەپ دوكلات قىلدى:

① مۇشۇ قېتىم مەن سوۋېت ھۆكۈمىتىگە خىزمىتىمدىن دوكلات قىلغىلى بارغىنىمدا، گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا يىراقنى نەزەر سالغانلىقىنى، سىياسىتىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى، نۆۋەتتە شىنجاڭدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر قانچە مەسىلەلەرنىڭ گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ تىرىشچانلىقى ئاستىدا بىردەك ھەل بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدىغانلىقىنى، پەقەت ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىگە نىسبەتەن ھۆكۈم چىقىرىشقا مۇمكىنچىلىك بولمايۋاتقانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتتۈم. سوۋېت ھۆكۈمىتى مېنىڭ بۇ كۆز قارىشىمغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

② شىنجاڭ مەسىلىسى خۇددى گېنېرال جاڭ جىجۇڭ

ئېيتقاندەك ئاساسەن دىپلوماتىيە مەسىلىسى بىلەن مىللىي مەسىلىدىن ئىبارەت. دىپلوماتىيە جەھەتتە، جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇرۇش سىياسىتى ئاستىدا ئانچە زور مەسىلىلەر كۆرۈلمەيدۇ؛ بىراق مىللىي مەسىلە جەھەتتە بولۇپمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. مەن پانتۈركىستلارنىڭ جۇڭگودىن ئايرىلىپ كېتىش ھەرىكىتىگە قەتئىي ھېسداشلىق قىلمايمەن. ھەر قانداق دۆلەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ھەرگىزمۇ پارلاق چىقىش يولىغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئۆز ۋەتىنىدىن بۆلۈنۈپ چىقىشتەك بۇ ھەرىكەت ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن پەقەت زىيان كەلتۈرىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا مۇۋاپىق سىياسەت قوللىنىش ئارقىلىق ئۇلارنى دۆلەتتىن ئايرىلالمايدىغان بىر گەۋدە قىلىش لازىم. بۇ جەھەتتە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مىللىي سىياسىتىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

③ ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر خىل مەسىلىلەرنى جىددىي ھەل قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. بىز گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بەل باغلىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمىز، بىراق ۋاقىتنى بەك كېچىكتۈرۈۋەتسەك مۇۋاپىق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا ئۈچىنچى بىرسى (بۇ زادى كىمنى دېمەكچى، بۇ ھەقتە كونكرېتنى چۈشەنچە بېرىلمىدى. — تېلېگىراما بەرگۈچىنىڭ ئىزاھاتى) پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىغۋاگەرچىلىك يۈرگۈزۈشى، بۇنىڭ بىلەن مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىشى مۇمكىن.

④ ئالدىنقى يىلى غۇلجا مەسىلىسى توغرىسىدىكى تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى

تەرەپنىڭ ياراشتۇرغۇچى بولۇش مۇناسىۋىتى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئىككى تەرەپنىڭ بىۋاستە كېڭەش ئېلىپ بېرىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھازىر توقۇنۇشۇپ تۇرىۋاتقان ۋەزىيەتنى دەرھال ئۆزگەرتىشنى چوڭقۇر ئۈمىد قىلىدۇ. مۇبادا ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ پىكىر ئىختىلاپلىرى ئېشىلىپ كېلىۋېرىپ، يېقىنلىشىشنىڭ ئامالى بولمىغاندا، ھەر ئىككى تەرەپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى ئوتتۇرىغا چىقىپ ياراشتۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلسا، مەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن يولىيورۇق سورايمەن. ئۆزۈمگە كېلىدىغان بولسام، سىزلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن.

⑤ مەن ئۆز مەملىكىتىمگە قايتىشتىن بۇرۇن، باش كاتىپ ليۇمېڭچۈن مەن بىلەن سەمىمىي ھالدا كونكرېت سۆھبەتلەشكەندى، بۇنىڭ مەزمۇنىنى دەرھال غۇلجا تەرەپكە يەتكۈزۈپ قويدۇم. ئەپسۇسكى، ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق ئىنكاس كۆرۈلمەپتۇ. شۇڭا مەن بۇ قېتىم غۇلجىغا بېرىپ ئۆتكەن چېغىمدا (گەپلەردىن قارىغاندا بۇ قېتىم ئۇ غۇلجىغا چۈشمىگەن ۋە غۇلجا تەرەپنىڭ خادىملىرى بىلەنمۇ ئۇچراشمىغان — تېلېگراممىا بەرگۈچىنىڭ ئىزاھاتى) غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىمىزنىڭ، ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى ليۇزېرۇڭ غۇلجىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئەخمەتجان بىلەن ئۇچرىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈڭلار، دەپ تاپىلاپ قويدۇم. ليۇزېرۇڭ 2 ـ 1 كۈن ئىچىدە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. دېمەكچىمەنكى، ئىلى تەرەپنىڭ مەقسىتىنىڭ قايسى تەرەپكە يۈزلىنىدىغانلىقى ھەققىدە توغرا ماتېرىياللارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. مەن بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشنىڭ تولۇق نەتىجىگە ئېرىشىشىنى خۇشاللىق ئىچىدە كۈتۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. شۇ ۋاقىت كەلگەندە، مەن

بۇ ھەقتە يەنە تەپسىلىي توختىلىمەن.

ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى لىيۇزىرۇڭ، جۇڭگو - سوۋېت
ھاۋا قاتناش شىركىتىنىڭ دىرېكتورلار يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن
ئالمۇتىغا بارغانىدى. ئۇ قايتىش سەپىرىدە غۇلجا ئايرودرومىدا
مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان بىلەن سۆزلەشكەن. يولداش لىيۇمىڭ-
جۇندىن كەلگەن تېلېگراممىدىن قارىغاندا، ئەخمەتجان لىيۇزى-
رۇڭغا تەپسىلىي، كونكرېت پىكىرلەرنى ماڭا ئەۋەتكەن خېتىدە
يازغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن يەنە مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى بايان
قىلغان: ① ئىلى تەرەپنىڭ مۇتلەق جۇڭگودىن بۆلۈنۈپ چىقىش
غەرىزى يوق. شارائىت يار بەرگەندە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پەۋقۇل-
ئاددىلىكىنى بىكار قىلىشقا بولىدىكەن. ② ئىلى تەرەپ بارلىق
مەسىلىلەرنى تېنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىكەن.
③ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە كېڭەشكەندە سې-
نىڭ دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىم تە-
كىتلىنگەن.

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، شىنجاڭدا ئۇرۇش بو-
لۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن قاتماللىق ھالەت داۋاملى-
شىپ كېتىۋېرەتتى. لېكىن مەن ئىلى تەرەپنىڭ ئارزۇسىنى قان-
دۇرۇش، ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كېلىپ ھەمكارلىقنى ئەس-
لىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ زور دەرىجىدە يول قويۇش ھەق-
قىدە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى ئىزدىنىشكە ئەستايىدىل كىرىشتىم.

## يەتتىنچى باب لەنجۇدا قونۇش

ئىلى تەرەپنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى قايتىپ كەتكەندىن كې-
يىن، ئۇلارنىڭ قاچان كېلىشى توغرىسىدا بىر نېمە دېگىلى بول-
مايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسئۇل رەئىس بولغاندىن كېيىن، تاش-
قىرىدا مەسئۇد دېگەن قورچاق، جاڭ جىجۇڭ بولسا يەنىلا تە-

تىراۋان ئۇستىدىكى رەئىس دەيدىغان پىتنە ـ ئىغۋالار تارقىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ ئۇرۇمچىدە يەنە قېلىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى، شۇ سەۋەبلىك مەن نەنجىن هۆكۈمىتىگە بىرەر ۋاقىت دەم ئېلىش ئۈچۈن نەنجىنگە قايتسام دېگەن ئىلتىماسنى قويدۇم.

مەن بۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ئۆزۈمنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدىن قېچىش نىيىتىمنىڭ يوقلىقىنى، داۋاملىق قىزغىنلىق بىلەن مەسئۇل بولىدىغانلىقىمنى ئەگەر ئىلى تەرەپ ئۆرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ داۋاملىق هەمكارلىشىشنى خالايدىغان بولسا مەنمۇ شىنجاڭغا قايتىدىغانلىقىمنى، هازىر ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىشى توغرىسىدا هېچقانداق خەۋەر يوقلۇقىنى، شۇڭلاشقا مېنىڭ ئۇرۇمچىدىن نەنجىنگە قايتىپ كېتىشىمنىڭ تۈزۈك ئىكەنلىكىنى، هەمدە مەمۇرى ئىشلار پالاتاسى بىلەن شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى مەسىلىسى ئۇستىدە سۆزلىشىدىغانلىقىمنى ئەسكەرتىپ ئۆتتۈم. مەن يەنە، مېنىڭ غەربىي، شىمال مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرلىكىگە تەيىنلىنىشىم شىنجاڭ مەسىلىسىنى هەل قىلىش ئىدى. كەلگۈسىدە مېنىڭ شىنجاڭغا بولغان رولۇم يوق بولغاندا، مەنمۇ شىنجاڭدىن ئايرىلىمەن. بىراق شىنجاڭ مەسىلىسى هازىر تېخى ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ يەتمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمىتىمدىن ئىستىپا بېرىش توغرىلىق يېنىكلا بىر نېمە دېيەلمەيمەن. پەقەتلا هازىر ۋەزىيەت بارغانسېرى جىددىيلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ، بۇنى بۇرۇنلا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدىم، بۇ مېنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە ئۇستۇمگە ئالغان مەجبۇرىيىتىم، شۇنداقلا شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن بەرگەن تېنچلىق سىياسىتى يۈرگۈزۈش ۋەدەمنى ئاداقلىشنى ئەمەلدە كۆرسىتىش بولىدۇ، دېدىم.

نەنجىن هۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىپ، مەن 1947 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەنجىنگە قايتىپ كەلدىم.

# كېتىش نىيىتىمنىڭ پەيدا بولۇشى

مەن نەنجىڭگە بارغاندىن كېيىن شىنجاڭ ۋەزىيىتى قاتمال-
لىققا پېتىپ قالدى. ئىچكىرىدىكى گومىنداڭ - گۇڭچەنداڭ ئىككى
پارتىيىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش چارىسىمۇ تېپىلماي قالدى.
شۇنىڭ بىلەن مەن پەرىشانلىققا چۈشۈپ، غەم - غۇسسەم چېكى-
گە يەتتى. مۇشۇ سەۋەبلەردىن ساياھەتكە چىقىپ كۆڭۈل ئارا-
مى قىلماقچى بولدۇم. ئالدى بىلەن ۋۇشى، سۇجۇ، شاڭخەي،
خاڭجۇغا بېرىپ، ئاندىن تەيۋەنگە باردىم. مەن جاڭ شۆلياڭ-
نىڭ تەيۋەندىكى شىنجۇدا نەزەربەنتتە ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم
شۇڭا زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئالدىغا بېرىپ بىر كۈن
پاراڭلاشتۇق. بۇ مېنىڭ ئۇ نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنغاندىن كېيىن
ئۇنى ئۈچىنچى قېتىم زىيارەت قىلىشىم ئىدى.

نەنجىڭدىكى چاغدا مەملىكەت ئىچىدىكى تىنچلىق مەسىلىسى
ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك ئەرباپلار بولۇپمۇ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن
كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ سۆزلەشتىم.

بۇ قېتىم نەنجىڭدە بەش ئايدىن كۆپرەك تۇردۇم.

1948 - يىلى باشلاندى، جياڭجيېشى مېنى غەربىي - شى-
مالغا قايتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلغىلى تۇردى. مەن نەنجىڭدىمۇ
ھېچقانداق رول بولمىدى، ئۈرۈمچىگە قايتسام ھېچقانداق
مەنىسى يوق دەپ ئويلاپ، ئالدى بىلەن لەنجۇغا بېرىپ ئازۋا-
قىت تۇرماقچى بولدۇم. بۇ چاغدا گومىنداڭ، گۇڭچەنداڭ ئىككى
پارتىيە مەسىلىسى، شىنجاڭ مەسىلىسى، گومىنداڭنىڭ ئىچكى
قىسمىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ زادى ئىمكانىيىتى يوق
ئىدى. بۇنىڭدىن مەن قاتتىق بىزار بولۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا
نۇرغۇن ئاچچىق سۆزلەرنى قىلىۋەتتىم. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقان-
دا ئۇلار: گومىنداڭ ئىنقىلاب قىلمىدى، سەنمىنجۇيىنى يولغا

قويمىدى، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز باشقىلار ئەمەس، دەل ئۆزىمىز، گومىنداڭنىڭ ئۆزى بولىدۇ، دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى.

مەن نەنجىڭدىن لەنجۇغا كەلگەندە، كۆڭلۈمدە كېتىش توغرىلىق پىكىر پۈككۈلگەن ئىدى. بۇ چاغدا جىياڭ زۇڭتۇڭلۇققا ئولتۇرماقچى ئىدى، گومىنجېڭفۇنىڭ رەئىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلماقچى بولدى. رەئىس مەمۇرى مەھكىمىسى تىنچلاندۇرۇش مەھكىمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىدىغان بولدى، بۇ ئىش ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. مەن ئەزەلدىنلا قورال كۈچى ئۇسۇلى بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا قارشى ئىدىم، يىگىرمە يىلدىن بۇيانقى كومپارتىيىگە قارشى قوزغىتىلغان ئۇرۇشلاردا ئۆزۈمنى ئىلاجى بار دالدىغا ئالدىم، ئەمدى ھازىر مەن قانداق قىلىپ كومپارتىيە ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى نىشان قىلغان تىنچلاندۇرۇش مەھكىمىسىگە مۇدىر بولۇپ تۇرالايمەن؟ بۇ چاغدا مەن لەنجۇدا گەرچە كومپارتىيىگە قارشى ھەربىي ئىشلارنىڭ سىرتىنى قالسىمۇ، ھەممە مەمۇرى مەھكىمىدە مۇئاۋىن مۇدىر گوجىچىياۋ مەسئۇل بولۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن چۈشۈرگەن بۇيرۇقلاردا يەنىلا مېنىڭ ئىسمىم يېزىلاتتى، مەسىلەن: گەنسۇنىڭ شەرقىدە ئېلىپ بېرىلغان كومپارتىيە ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش مانا شۇنداق بولغان، بۇ مېنىڭ يۈرۈكۈمدىكى بىر تۈگۈنچەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نىڭشيا بىلەن چىڭخەيدىكى ماقىسىملارنىڭ مىللىتارىستلىق ئىستىلى، ئەسكىلىكلىرى ئۆچىغا يەتكەن بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا ئامالسىز ئىدىم، تۇرۇۋاتقان ئەھۋالىمۇ زىددىيەتلىك ئىدى، بۇ مەندە قاتتىق ئازاب پەيدا قىلدى. مەن تەكرار ئويلىنىش ئارقىلىق، تۆۋەندىكىچە سەۋەبلەرگە ئاساسەن چوقۇم كېتىش نىيىتىگە كەلدىم.

بىرىنچى، مېنىڭ غەربىي - شىمالغا كېلىشىم شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ئەكسىچە جۇڭگو كومپارتىيە ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس. ھازىر شىنجاڭ

مەسىلىسى تېخى تۈپتىن ھەل قىلىنغىنى يوق. لېكىن ئاتال
ھالەت ئاستىدا نىسبەتەن تېنچ بولۇش ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ،
(ئۇنىڭ تۈپتىن ھەل قىلىنىشى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى
بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، مەسىلەن: نەنجىڭ ھۆكۈمىتى داۋام-
لىق سېۋېتكە، كومپارتىيىگە قارشى تۇرسا، ئىككى پارتىيە مە-
سىلىسى داۋاملىق جىددىيلەشسە، شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ تۈپتىن
ھەل قىلىنىشى مۇمكىن بولمايدۇ.)؛ مەن قەيقالسامۇ پەقەتلا ھا-
زىرقى ھالەتنى ساقلاپ تۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. كەتكەن تەغ-
دىردىمۇ ھېچقانچە تەسىر قوزغىمايدۇ.
ئىككىنچى، مېنىڭ ئۈرۈمچىگە قايتىشىممۇ پايدىسىز، پەقەت-
لا لەنجۇدا تۇرسام بولىدۇ. بىراق لەنجۇدا تۇرسام مېنىڭ ۋەزى-
پەم شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن، كومپارتىيە ئارمىيىسىگە
قارشى ئۇرۇش قىلىشقا يۆتكىلىدۇ. ئاتاقتىكى، ھەتتاكى ھەرى-
كەت جەھەتتىكى زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن مەندە ھاسىل بولغان
كۆڭۈل ئازابى كۈنسېرى چوڭقۇرلىشىپ، مەن ئۆزۈمدە ئېتىقات،
كىشىلىك ئىززەت مەسىلىسى پەيدا بولىۋاتقانلىقىنى ھېس
قىلدىم.
ئۈچىنچىسى، مەۋرى مەھكىمىنى، غەربىي - شىمال تېنچلان-
دۇرۇش مەھكىمىسى قىلىپ ئۆزگەرتىش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپ-
شۇرۇۋالغاندىن كېيىن مېنىڭ، ئورنۇممۇ مەركەزنىڭ ۋەكالىتى-
دىن يەرلىكتە تېنچلاندۇرۇشقا مەسئۇل باشلىق بولۇپ ئۆز-
گەردى، ۋەزىپەممۇ ئوخشىمايتتى، ھەممىلا نەرسە ئۆزگەرگەن
ئىدى. شىنجاڭغا نىسبەتەن رەھبەرلىك رولۇمنىڭ بولماسلىقى،
مەسئۇلىيەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇسى مېنىڭ كېتىشىمنى
مەجبۇر قىلاتتى.
تۆتىنچى، مەن لەنجۇدا داۋاملىق تۇرغىنىمدىمۇ، تارىخنى
مۇھىتنى، ۋە ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشكە ئىمكانىسىز مەن، شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۆزۈمنىڭ ئىنقىلابىي تەشەببۇسلىرىمنى تاشلاپ قويۇشتىن باشقا

ئامالىم يوق، پەقەتلا فېئودال كۈچلەر بىلەن مۇرەسسە قىلىمەن خالاس. چۈنكى غەربىي-شىمال بولۇپمۇ گەنسۇنىڭ ئەھۋالىدىن ئالغاندا، ھەربىي جەھەتتىن كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، فېئودال ماجىمەتىنىڭ ھەربىي كۈچىدىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بارلىق تەدبىرلەردە يول قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا فېئودال كۈچلەرنىڭ خورىكى ئاشىدۇ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپ كېلىدۇ. مېنىڭ ۋىجدان جەھەتتە پەيدا بولغان زىددىيەت ۋە ئازابىمنى تېخىمۇ چوڭقۇرلىتىدۇ.

بەشىنچى، ئەنجىن ھۆكۈمىتى سوۋېتكە قارشى سىياسەت تۇتىدۇ، مەن بولسام شىنجاڭدا سوۋېت بىلەن يېقىنلىشىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋاتىمەن، بۇ ناھايىتى چوڭ زىددىيەت. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدا بۇ زىددىيەت پەقەتلا كەسكىنلىشىدۇكى ھەرگىز يوقىمايدۇ، بۇمۇ مېنىڭ كېيىنكى ئىرادە باغلىشىمدىكى بىر ئامىل.

ئەستايىدىل ئويلانغاندىن كېيىن، 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مەن ئەنجىن ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما يوللاپ، مېنى ھازىرقى ۋەزىپەمدىن ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلدىم. مەن يەنە بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا نوقۇل ھالدىلا ئىستېپا بېرىشنى تەلەپ قىلسام نامۇۋاپىق بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىچە ئۇقۇشماسلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، مېنى ب د ت دا تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى قىلىپ يۆتكەشنى تەلەپ قىلدىم (ئۆمەك باشلىقى خېيىڭچىن بۇ چاغدا مەملىكەتكە يۆتكەپ كېلىنىپ، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىدى). مەن يەنە، ئەگەردە ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ئادەم سەپلىنىپ بولغان بولسا، مېنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ بىر يىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمغا رۇخسەت قىلىڭلار، دېدىم.

تېلېگرامما ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، 29 - چېسلا جياڭنىڭ جاۋاب تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، ئۇنىڭدا: سەل بۇرۇن

تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، ئامېرىكىغا بېرىپ خىزمەت قى-
لىش توغرىلىق، بۇندىن كېيىنكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىنىڭ
ئاساسلىق شەخسلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن ھازىرچە بىر نېمە دېمەيمەن، ئەھۋال سەل بوشىغاندىن
كېيىن سىز نەنجىڭگە كەلسىڭىز، مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن
ئاندىن بېكىتەرمىز» دېگەن. تېلېگراممىدىكى سۆزدىن قارىغاندا
يۆتكىلىش توغرىسىدا مەزمۇن چىقىپ تۇراتتى، لېكىن 6-ئاينىڭ
12-كۈنى تۇساتتىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى خې يىڭچىننىڭ
رەسمىي تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، ئۇنىڭدا: «سىزگە ئا-
يان بولسۇنكى، غەربىي-شىمالنىڭ ئىشى ناھايىتى مۇھىم، نۆ-
ۋەتتە پەقەت سىزلا ئولتۇرۇپ بېسىپ تۇرسىڭىز بولىدۇ. كۆپ-
رەك مۇشەققەت تارتىدىغان بولدىڭىز. ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باش-
لىقى ماۋباگچۇ بولىدىغان بولدى» دېيىلگەن. 6-ئاينىڭ 23-
كۈنى مەن يەنە جياڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، بۇرۇنقى ئىلتى-
ماسنى قايتا تەكىتلىگەندىن باشقا، ئۆزۈمنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە چو-
قۇم ئۆمەك باشلىقى بولىمەن دېگەن نىيىتىمنىڭ يوقلۇقىنى، پە-
قەتلا چەت ئەلگە بىرلا چىقىپ كىرسەم دەيدىغانلىقىمنى چۈشەندۈر-
دۈم. يەنە، مېنىڭ ھازىرقى روھىي كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس،
قاتتىق غەش-غۇسسىدە قالدىم، ۋەزىپەمدە داۋاملىق تۇرۇۋەرگەن
تەقدىردىمۇ ۋەزىيەتكە ھېچقانداق پايدىسى بولماسلىقى مۇمكىن،
غەربىي-شىمالدىن قىسقا ۋاقىت ئايرىلىپ چەت ئەلگە چىقىپ بىر
سەپەر قىلىپ كۆرسەم، يېڭى مۇھىتتا بىر ئاز ياخشى بولۇپ قې-
لىشىم مۇمكىن، شۇنداقلا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۇنيا ۋە-
زىيىتىنى كۆزىتىپ كۆپرەك نەرسىدىن خەۋەردار بولسام؛ ئورۇن-
باسارغا ھازىرچە قويىدىغان كىشى بولمىسا، شۇ بويىچە تۇرۇپ
تۇرسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، مەن يەنىلا ئاتاقتىكى مەسئۇلىيىتىنى ئۈس-
تۈمگە ئالاي، مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىر تاۋسىيۇ مەسئۇل بولۇپ
ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ، دېدىم. بىراق جياڭ يەنە

تېلېگرامما ئەۋەتىپ تەسەللىي بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنجىن ھۆكۈمىتى تېلېگرامما ئەۋەتىپ غەربىي-شىمال تىنچلاندۇرۇش مەھكىمىسى توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى قايتۇرۇۋالدى ۋە غەربىي-شىمال ھەربىي-مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسى قىلىپ ئۆزگەرتتى. بۇ ماڭا قىلىنغان ئەڭ چوڭ يول قويۇش ئىدى. باشقا جايلارنىڭ ھەممىسىدە تىنچلاندۇرۇش مەھكىمىسى، پەقەتلا غەربىي-شىمالدىلا پەۋقۇلئاددە ھالدا ھەربىي-مەمۇرىي باشلىق مەھكىمىسى قۇرۇلدى. ئىش مۇشۇ يەرگە يېتىپ ئايرىلالماس ئەھۋالغا قالدىم، نېمە ئامال، دائىم غەش-غۇسسىگە تولغان ھالدا لەنجۇدىن 60 كىلومېتىر نېرىدىكى شىڭلۇڭشەن تېغىغا چىقىپ چوڭقۇر خىياللارغا پاتىدىغان بولۇپ قالدىم.

## ھەر خىل سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىش

كۆپچىلىكنىڭ ۋەزىيەتكە، غەربىي-شىمالنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇش مەسىلىسىگە بولغان ئېتىبارىنى قوزغاش ۋە كۆپچىلىكنىڭ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشى ئۈچۈن، مەن لەنجۇدا بىر نەچچە خىل سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرغان ئىدىم. مەسىلەن: سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىجتىمائىي مەسىلە قاتارلىقلار، ھەربىر سۆھبەت يىغىنىدا ئىككى نەپەر يىغىن رىياسەتچىسى سايلىنىپ يىغىن باشقۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە غەربىي-شىمال مەدەنىيەت جەمئىيىتى ئارقىلىق قىسمەن ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، مۇتەخەسسىس-ئالىملارنى مەخسۇس تېمىدا نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدۇق. ئايرىم سۆھبەت يىغىنلىرىنى مەن ئۆزۈم باشقۇردۇم، بەزى دوكلات يىغىنلىرىغا بېرىپ دوكلات ئاڭلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، پىلان تۈزۈپ چىقىپ مەملىكەت ئىچىدىكى مەدەنىيەت ئىلمىي ساھەسىنىڭ داڭدار ئەربابلىرىنى لەنجۇ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ دوكلات

بىرىشكە تەكلىپ قىلماقچى بولدۇق، لېكىن بۇ ئىش ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمىدى.

سۆھبەت يىغىنىدا نۇقتىلىق ھالدا ۋەزىيەت مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى. ئۇ چاغدا مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت كۈنسايىن جىددىيلىشىپ، ۋەزىيەت مەسىلىسى كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. مەن ئاڭلىق لېكىن بەكمۇ ئاشكارا بولمىغان ھالدا كۆپچىلىكنى غەربىي - شىمالنى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىدىم. بۇ مېنىڭ كېيىنكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى باشلىشىم ئىدى. چۈنكى مەن گومىنداڭنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ چوقۇملۇقىغا قەتئىي ئىشىنەتتىم. يىراق غەربىي - شىمال خەلقىنى نەزەردە تۇتقاندا، تىنچلىق يولى بىلەن تاپشۇرۇشنى ئېلىپ بېرىشتا غەربىي-شىمال خەلقىنىڭ ھايات ۋە مال مۈلكىنى ساقلاپ قالالىسام، يەرلىكنىڭ ھاياتى كۈچىنى زىيانغا ئۇچراتمىسام ئاندىن مەن غەربىي - شىمال خەلقىگە يۈز كېلەلەيتتىم. ئەلۋەتتە، شۇ چاغدا مېنىڭ بۇنداق گەپلەرنى بىرىنىمۇ قالدۇرماي كەڭ - كۇشادە قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مەدەنىيەت ئىشلىرى ھەققىدىكى سۆھبەتمۇ مېنى قىزىقتۇردى. مەن ئەزەلدىنلا ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىگە ھەۋەس قىلاتتىم، مەسىلەن دىراما، مۇزىكا، دېكلاماتسىيە قاتارلىقلار، چۈنكى ئۇلار خەلق تۇرمۇشىدا تەڭكەش قىلىش رولىنى ئوينايتتى، خەلقنىڭ سىياسىي كەيپىياتىنىمۇ ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى ئوينايتتى. ئەلۋەتتە شۇ چاغدا مەنمۇ پەرىشانلىق كەيپىياتىنى سۇسلاشتۇرۇشنى ئىزدىنەتتىم. دىراما بايرىمى بولۇۋاتقان بىر كۈنى مەن لەنجۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى نەچچە يۈز كىشىنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ غەربىي - شىمال مېھمانخانىسىدا تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزدۈم، سوغات تەقدىم قىلدىم. ھەممە سۆز قىلىپ ئۇلارنىڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىگە ۋە ئىجادى-

بېتىگە ئېھتىرام بىلدۈردۈم. گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا،
بولۇپمۇ چەت - يىراق رايوندىكى غەربىي - شىمالدا بىر يۇقىرى
دەرىجىلىك مەسئۇلنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنى مۇنداق
چوڭ كۆرۈشى، سالام بېرىشى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن تېخى تۇنجى
قېتىم ئىدى. كۆپچىلىك قاتتىق ھاياجانغا چۆكتى. كېيىن مەن
شىنجاڭدىكى چاڭ شىياڭ دىرامما ئۆمىكىنى لەنجۇدا ئويۇن قويۇش-
قا تەكلىپ قىلدىم، بۇ لەنجۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ قىزغىن قار-
شى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. مەملىكىتىمىزدىكى مەشھۇر يۇق-
رى ئاۋازلىق ئايال ناخشىچى پىروفېسسور گۇەن يۈ شيەن ئىلگىرى-
كېيىن بولۇپ لەنجۇ ۋە ئۈرۈمچىدە كۆپ قېتىم يالغۇز كىشىلىك
ناخشا كېچىلىكى ئۇيۇشتۇردى. ئۇ يەنە ۋۇ چۇەن شەن جىلغىسىدا
چوڭ كۆلەملىك يالغۇز كىشىلىك ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزگەندە
قاتناشقۇچىلار 20 — 30 مىڭدىن ئارتىپ، قالتىس قىزىپ كەت-
تى. بۇنى ئىچكىرىدىكى، مەسىلەن: شاڭخەي، نەنجىن گېزىت-
لىرىمۇ قالتىس ماختاپ كەتتى، بەزىلەر: «گۇەن خانىمنىڭ
ناخشىسى غەربىي - شىمال خەلقىنى مەس قىلدى!» دېگەن
سەرلەۋھىلەرنىمۇ ئىشلەتكەنىدى. بۇنداق كۆلەمدىكى مۇزىكا
پائالىيىتىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى مەملىكەت ئىچىدە ئاز ئۇچرايتتى،
شۇنداقلا ئەزەلدىن مەشھۇر بولۇپ كەلگەن ناخشىچىمۇ ئۇچۇقچى-
لىقتا ئويۇن كۆرسىتىشكە ھەرگىز ئۇنىماسىدى.

ئۇندىن باشقا، مەن يەنە شاڭخەيدىكى ياش مۇزىكانتلار ئۆمىكىنىمۇ
لەنجۇغا ئاساسەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئويۇن كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىلدىم
مەسىلەن: رىئالچى ۋۇ لېيى، ئەرلەرچە ئىسكىرىپكىچى ماسىخۇڭ
يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى خۇاڭ يۈەن يىنقاتارلىقلار ھەر قېتىم ئويۇن
كۆرسەتكەندە قىزغىن قارشى ئېلىندى. بۇنداق يۇقىرى سەۋىيىلىك
مۇزىكا ئۆمەكلىرىنىڭ چېگرا رايونغا كېلىپ ئويۇن قويۇشى
ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. سوۋېتلىك دىرىتلارمۇ ماختىشىپ
كەتتى ۋە ئۇلارنى ئىككى قېتىم باش كونسۇلخانىغا تەكلىپ

قىلىپ ئويۇن قويغۇزدى ۋە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى.

مەن شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش خىزمىتىگىمۇ دىققەت قىلدىم ۋە تىيانشان ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنى نەنجىن، شاڭخەي، خاڭجۇ، تىيەنجىن، بېيجىڭ، تەييۈەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا ئۇيۇشتۇردۇم. ئۆمەك ئەزالىرى ئىچىدە داڭلىق ئۇسسۇلچى قەمبەرخان، مۇنەۋۋەر قاتارلىقلار بار ئىدى. ئىچكىرىدىكى خەلقلەر شىنجاڭنىڭ ئۇسسۇلىنى بۇرۇندىنلا ئاز كۆرگەچكە، بولۇپمۇ بۇنداق نۇرغۇن ئادەملىك ۋە نومۇرلىرى خىل ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنى كۆرۈپ، قاتتىق ھوزۇرلاندى، باشقا جايلارمۇ زىلزىلىگە كەلدى.

يادىمدا قېلىشىچە، مەن ئۆزەمنىڭ خېلى كەملەردىن بېرى مۇناسىۋەتتە بولۇپ كېلىۋاتقان بۇرادىرىم تىيەن خەن ئەپەندىنى لەنجۇغا كېلىپ غەربىي-شىمالنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىش-لىرىغا رەھبەرلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدىم، ئۇ ماقۇل بولدى. مەنمۇ كۆپ خوش بولدۇم ۋە ئۇنىڭغا تۇرارجاي ھازىرلاپ ئوبدانراق كۈتۈۋېلىشقا تەرەددۇتلەندىم. بىراق ئۇ شاڭخەيدىن ئۇچۇش ۋاقتىنى قايتا-قايتا ئۆزگەرتىپ، ئاخىرى كەلمىدى. مەنمۇ نېمە سەۋەب ئىكەنلىكىنى سورىمىدىم، بەلكىم ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك.

## خېشى كارىدورىنى كۆزدىن كەچۈرۈش

شىڭاۋۇڭ شەن تېخىدا تەنھا تۇرۇۋېرىپمۇ زېرىكتىم ۋە خېشى كا-رىدورىدىكى ناھىيىلەرگە بېرىپ كۆرۈپ كېلىشنى خىيال قىلدىم. لەنجۇدىن دىخۇاغا قانچە قېتىملار بېرىپ كېلىپ يۈرگەن بولسام-مۇ لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھاۋادا بولغاچقا ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خېشىدا بۇرۇندىنلا ئالتۇن جاڭ-يې، كۆمۈش ۋۇۋېي دېگەن سۆز بار، دۇڭخۇاڭ، يۈمېندىك

مەشھۇر جايلارمۇ بار، بۇ جايلارنى مەن خېلى بۇرۇنلا ساياھەت قىلىش نىيىتىدە ئىدىم.

بۇ قېتىم يۇڭدېڭ، شەن دەن، ۋۇۋېي، جاڭ يې، جيۇچۇەن، يۇمېن، ئەنشى، دۇڭخۇاڭ قاتارلىق ئوننەچچە ناھىيىگە بېرىپ، يول ئۈستىدە نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم، تەسىراتىممۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بولدى.

بىر قەدەر ياخشى تەسىرات قالدۇرغىنى مائارىپ بولدى. مەن بارغانلا ناھىيىدە مائارىپقا دىققەت قىلدىم، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆردۈم، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭمۇ نۇرغۇنلىرىنى كۆردۈم. بۇلارنىڭ ئىچىدە دېڭشىن بىلەن گۇلاڭ ئىككى ناھىيىدە ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقاندىن تاشقىرى، باشقا ھەممە ناھىيىلەردە بىردىن ئوتتۇرا مەكتەپ بار بولۇپ، دائىرىسى كىچىك ئەمەس ئىكەن. ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوقۇتۇش ۋە خىزمەت قىلىش روھىمۇ يامان ئەمەس ئىكەن. بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلار ساغلام، چىرايلىق، تېتىك ۋە ئوماق چوڭ بولۇۋېتىپتۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ ھەمرالىرىمغا: «بۇنداق چىرايلىق ئەۋلادلىرىمىز تۇرسا بىزنىڭ قايغۇرىدىغان نېمە ئاساسىمىز بار» دېگەنىدىم.

لېكىن ماڭا يامان تەسىر بەرگەن جايلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. مەسىلەن، پارتىيە ئىشلىرى جەھەتتە مەن بارغان ھەر بىر ناھىيىنىڭ داڭبۇلىرىنىڭ خىزمىتى پۈتۈنلەي توختاپ قالغان ھالەتتە ئىدى. ھەر ئايلىق خىزمەت خىراجىتى بىر يۈەنگىمۇ بارمايتتى، بۇ ھالدا بىرەر پارچە گېزىتكە يېزىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. داڭبۇنىڭ خىزمەتچىلىرى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ياكى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە قوشۇمچە خىزمەت قىلىش بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايتتى. بۇنداق پارتىيە تەشكىلاتى نېمە رول ئوينىسۇن؟ قانداق پارتىيىگە ئايلىنىپ قالغان؟

مېنى ھەممىدىن تەشۋىشكە سالغىنى خەلق تۇرمۇشىنىڭ يا-

مانلىقى ئىدى. ئۇرغۇنلىغان يوقىرالار ھايۋان كەبى تۇرمۇش
كەچۈرەتتى، شەندەن، ئەنشى، ھەنلى قاتارلىق ناھىيىلەر تېخىمۇ
ناچار ئىدى. ھەتتا بەزى بىر ئائىلىلەرنىڭ يېپىنىدىغان بىرەر
يوتقىنىمۇ يوق بولۇپ، يەيدىغىنى ياڭيۇ ۋە قارا ئاشلىق ئىدى.
بەزىدە سېرىق توپا ئارىلاشتۇرۇپمۇ يەيدىكەن. ياتار جايى ناچار
بولغىنى ئۈچۈن، تازىلىق ئەھۋالىمۇ ئوخشاشلا ناچار ئىدى.
مەن لەنجۇ داشۆ ۋە غەربىي-شىمال سىفەن شۆيۈەننىڭ ئىككى
پىروفېسسورى يەنى لى خۇافاڭ، گۇباۋ ئەپەندىلەرنى شەندەندە
ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش قىلىشقا تەكلىپ قىلغان ئىدىم. ئۇلار
ماڭا دېھقانلارنىڭ مۇشەققەتلىك ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى- بۇنىڭ
كىشى ھاياتى ئىكەنلىكىگە، ھازىرقى زامان دۆلىتىدىكى خەلقنىڭ
تۇرمۇشى ئىكەنلىكىگە كىمنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كەلسۇن؟

نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ سەۋەبى سۇنئىي ئاپەت ۋە تەبىئىي
ئاپەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ھالبۇكى سۇنئىي ئاپەت تەبىئىي
ئاپەتتىن تېخىمۇ ئېغىر. مەسىلەن: ئالساق، ئېغىر ئالۋاڭ-ياساق-
تىن باشقا يەنە جازانىخورلۇقمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. باھار-
دا بەش كۈرە ئاشلىق تارقىتىپ، كۈزدە بىر دادەن ( ھەتتاكى
بىر يېرىم دادەن ) ئاشلىققا سۇندۇرۇپ يىغىۋېلىش، باھاردا با-
ھا قويۇپ، كۈزدە پۇلغا سۇندۇرۇپ پۇل قايتۇرۇش، باھاردا باھا
قويۇپ، كۈزدە ئەمگەك ھېسابىغا سۇندۇرۇپ ھەق بېرىشتەك
ئۇسۇللار بىلەن زور ئۆسۈم شىلىۋالاتتى، مۇشۇ تەرىقىدە ئۇ يان-
دىن- بۇيانغا ئۆتۈپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىقى ئەمدىلا قولغا چې-
قىشى بىلەن پۈتۈنلەي دېگىدەك تۆلىنىپ كېتەتتى. تەكشۈرۈشكە
قارىغاندا، بىر يېزىدا بىر يۈز ئوتتۇز نەچچە ئوپۇس بولۇپ،
جازانىخورلار ئاران 5 — 6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن، 90 نەچچە
پىرسەنت كېلىدىغان كىشىلەر ئىزىلىشكە ئۇچراپ ھايۋان تەرىقىدە
ئېچىنارلىق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، بۇ كىشىلەر بىلەن كىشىلەر
ئوتتۇرىسىدىكى ئېزىش، ھاللىقلارنىڭ نامراتلارنى ئېزىشى بولى-

دۇ. خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇمنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن
چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شەندەن ناھىيىسىنىڭ تەزكى-
رىسىدە يېزىلىشىچە، چيەنلۇڭ دەۋرىدە شەندەندە 240 مىڭ نو-
پۇس ئائىلە بار بولۇپ، توڭجىڭ دەۋرىگە كەلگەندە 90 مىڭغا
چۈشۈپ قالغان، ھازىر ئارانلا 30 مىڭ نوپۇس بار ئىكەن. چى-
يەنلۇڭ دەۋرىدىن ھازىرغا تېخى 300 يىل بولغىنى يوق. توڭجىڭ
دەۋرىدىن ھېسابلىغاندىمۇ 70 — 80 يىلغا بارمايدۇ. ئائىلە نوپۇ-
سىنىڭ مۇشۇ تەرىقىدە تېز ئازلاپ كېتىشىدىن، سۈنئىي ئاپەت
بىلەن تەبىئىي ئاپەتنىڭ خەلققە ئېلىپ كەلگەن ئاپىتىنى تەسەۋۋۇر
قىلىپ ئېلىش مۇمكىن.
بۇ قېتىمقى كۆزدىن كەچۈرۈشتە يەنە يۇمېن نېفىتلىكىگە
باردۇق، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ جاپالىق ئەمگەك ئەھۋالىنى
كۆردۇق. ئۇلار شۇنچە جاپالىق ئىشلىسىمۇ، مۇئامىلىسى يەنىلا
تۆۋەن ئىدى. ياخشى يېرى پاراۋانلىق ئىشلىرى ئوبدان يولغا
قويۇلۇپتۇ. ئۇلار ئۇيۇشتۇرغان پاراۋانلىق ھەيئىتى ئىشچى-خىز-
مەتچىلەر كۆرسەتكەن ۋەكىللەر تەرىپىدىن تەركىب تاپقان بو-
لۇپ، يىغىن بولغاندا ھەممەيلەننىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇ-
قى، پاراۋانلىقتىن بەھرىمان بولۇش ھوقۇقى بار ئىكەن. ئىشچى-
خىزمەتچىلەرنىڭ ياتىقى گەرچە بىر قەدەر ناچارراق بولسىمۇ،
لېكىن خىزمەتچىلەر بىلەن ئىشچىلارنىڭ ياتاق بىناسىنىڭ ئارى-
لىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىكەن، بۇنىڭدىن مۇئامىلىدىكى با-
راۋەرلىكنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ، ئۇلار يەنە تۇرمۇشتىمۇ
ئاپاق-چاپاق بولۇپ يۈرىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرى تەسىس قىلغان
ئوتتۇرا مەكتەپ خېلىلا مۇكەممەل بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوقۇيدىغانلار
ئىچىدە ئىشچىلارنىڭ پەرزەنتى 70% — 80% نى ئىگىلەيدىكەن.
بۇ مېنى ناھايىتى ھاياجانلاندۇردى. بۇرۇن نامرات خەقنىڭ پەر-
زەنتى ئوقۇش پۇرسىتى بولمايتتى، بىراق بۇ مەكتەپتە
بولسا ئىشچى پەرزەنتلىرى خېلى نىسبەتنى ئىگىلەيدىكەن، بۇ

باشقا جايلاردا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

نېفىت كانىدا ئىككى كۈن ئېكسكۇرسىيىدە بولۇپ، قۇدۇق قېزىشتا، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدا ئىشچىلار بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشتۇم، ئىشچىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدىم. ئەڭ ئاخىرىدا مەن تەكلىپكە بىنائەن كۇلۇبتا ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە سۆز قىلدىم. مەن نۇقتىلىق ھالدا سىياسىي ئەركىنلىك ۋە ئىگىلىكتىكى دېموكراتىيەنىڭ مۇھىملىقى ئۈستىدە توختالدىم. بۈگۈنكى يۈمېن نېفىتلىكىنىڭ بىرمۇنچە ياخشى تەرەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى جارى قىلدۇرۇش كېرەكلىكىنى ۋە ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ ئۇزاققا قالماي ھەل قىلىنىدىغانلىقىنى، نېفىتلىكنىڭ كۆلىمى، ئۇسكۈنە ۋە رولىنىڭ كەلگۈسىدە زور ئېشىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇلارنىڭ جاپا چېكىشىنىڭ بىھۇدە ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەسسە قوشقانلىقىنى ۋە ئۇلاردىن ئۈمىد بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئۈمىدىنى كەلگۈسىگە، ئوغۇل-قىزلىرىغا بېغىشلاشنى ئېيتتىم.

مېنىڭ سۆزۈمنى ئۇلار ئادەم ئەۋەتىپ خاتىرىلەپتۇ ۋە نېفىتلىكنىڭ «چېگرا گېزىتى» دە ئېلان قىلىپتۇ، ماڭىمۇ بىر نۇسخە ئەۋەتتى. بەكمۇ تولۇق ۋە توغرا خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، ئاساسىي مەزمۇنى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك ئىدى. بۇنىڭدىن شۇ مەزگىلدە مېنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىغا ۋە ئىشچى ئاممىغا تۇتقان ئاساسىي پوزىتسىيەمنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

گېنېرال جاڭ ۋېنبەينىڭ يۈمېن نېفىتلىكىدىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قىلغان سۆزىنىڭ تولۇق تېكىستى

37 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 9 دا

ئىنژېنېرلار، خىزمەتچى ئەپەندىلەر، ئىشچى دوستلار!

پېقىر بۇ قېتىم يۈمېن نېفىتلىكىگە ئېكسكۇرسىيىگە كېلىپ،

ھەرقايسىڭلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. يا-
پونىيا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە يولمىن نېفىتلىكىدىكى بار-
لىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئورتاق تىرىشچانلىقى كۆرسىتىپ،
نۇرغۇن ئەجىر قىلىپ دۆلەتكە ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى.
ياپونىيا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، ئاز دېگەندىمۇ غەربىي -
شىمالدىكى ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئىشچى - خىزمەتچىلەر
كۆپ كۈچ چىقاردى، ياپونىيا قارشى ئۇرۇش غەلىبە
قىلغاندىن كېيىن، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان،
غەربىي - شىمال، بېيجىڭ ۋە شاڭخەي ئارىلىقىدىكى
بارلىق قاتناش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ قالغان
ئىدى، بىردىن - بىر لۇڭخەي تۆمۈر يولىمۇ ئۈزۈلۈپ قالغان
ئىدى. غەربىي - شىمالنىڭ بارلىق قاتناش ترانسپورتى،
مەيلى ئۇ ئادەتتىكى ئىگىلىك جەھەتتىكى بولسۇن، بولۇپمۇ
ھەربىي قاتناش ترانسپورت جەھەتتە پۈتۈنلەي يولمىن نېفىت-
لىكىنىڭ ياغ ماتېرىيالى يەتكۈزۈپ بېرىشىگە قاراشلىق بو-
لۇپ قالغان ئىدى. يەنى دېمەكچى بولغىنىم يولمىن نېفىت-
لىكىدىكى ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچى قىممەتلىك تۆھ-
پىلىرىنى قوشتى. شۇڭلاشقا بۈگۈن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدى-
لىنىپ ھەر قايسىڭلارغا سالام بېرىمەن ۋە رەھمەت
ئېيتىمەن.

ئىككى كۈندىن بۇيان جايلارنى ئاساسىي جەھەتتىن
كۆرۈپ چىقتىم. مەن بىلەن بۇ قېتىم بىللە كەلگەنلەرنىڭ
ھەممىسى، بۇ يەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىنجا-
دىيەت كۈچى، ئىگىلىك يارىتىش كۈچى جەھەتتىكى كون-
كرېت ئىپادىسىگە نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىراتتا بولدى. نېفىت
دەرياسى، بۇ تارىختىن قېپقالغان ئاتالغۇ، ئەمەلىيەتتە پە-
قەتلا قاقاس چۆللۈكتىن ئىبارەت ئىدى. كۆپچىلىكنىڭ
ئۈزلۈكسىز ئىجاتكارلىقى، ئىچىشى بىلەن ھازىر غەربىي -

شىمالدىكى چوڭ نېفىت شەھىرىگە ئايلاندى. بۇنداق بىر نېفىت شەھىرىنىڭ بىنا بولۇشى ئەمەلىيەتتە خالايىقنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىدۇر.

يەنە بىر جەھەتتىن ئالسام، بۇنداق بىر چوڭ دائىرىدىكى نېفىت شەھىرى داۋاملىق يۈكسىلىش يولىدا كېتىپ بارىدۇ، بىز كان، زاۋۇتلارنىڭ جىددىي ھەقىقىي تۇردە ئىش ئىلىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردۇق. بىز خۇددى ئۆزىمىزنى ئۇلۇغ پىلان خەرىتىسى ئالدىدا تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قاتتىق تەسىرلەندۇق. بىز يەنە پاراۋانلىق تارماقلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى پاراۋانلىقتىن بەھرىمەن قىلىش چارىسىنى ئاڭلىدۇق. بۇ يېڭى نېفىتلىكتىكى بىر خىل دېموكراتىيە روھىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ بىر خىل ئىجتىمائىي سىياسەتكە يېقىن، شۇنداقلا دېموكراتىزملىق سىياسەتكە يېقىن روھ. مەن دائىم دۆلەت ئىچىدىكى ھەر خىل ئىشلارغا، ھەر خىل قۇرۇلۇش تارماقلىرىغا قارىتا ئۆزۈمنىڭ پىكرىمنى بايان قىلىمەن، يەنى مېنىڭچە، بىر خىل ئىشنى كېڭەيتىپ ئۇنى تەۋرەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنى ئۇڭۇشسىزلىققا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، ھەقىقىي ئىشنىڭ يېتىلىشى ۋە راۋاج تېپىشى، مىليونلىغان خەلقنىڭ ئىشى بولۇشىغا ئاساس سېلىش ئۈچۈن، ئەڭ ئاساسلىق شەرت شۇكى، دېموكراتىك تۈزۈم ۋە دېموكراتىك روھنى يولغا قويۇش كېرەك. دېموكراتىك تۈزۈم بىلەن دېموكراتىك روھنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك. تۇرمۇش جەھەتتىن ئېيتساق باراۋەرلىك بولىدۇ. سىياسىي جەھەتتىن ئېيتساق ئەركىنلىك بولىدۇ. سىلەرنىڭ پاراۋانلىق جەھەتتىكى تەقسىمات چارەڭلەر، ئىشچى ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرار جاي، ئۇسكۈنە قاتارلىق جەھەتلەردە شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ،

بەكمۇ ئاددىي ۋە ئۆلچەمگە لايىق ئەمەس. بىراق خىزمەت-
چىلەر بىلەن ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش ئارىلىقى ناھايىتى يې-
قىن. كۆپچىلىكنى باراۋەرلىك ئاساسىدا ئورتاق تۇرمۇش
كەچۈرۈشكە، ئورتاق خىزمەت ئېلىپ بېرىشقا سەۋەبچى بول-
غان، بۇ قانداق كۈچ؟ ئۇ بولسىمۇ دېموكراتىيە روھىدۇر!
بىز سەنمىنجۇيىلىق دۆلەت. بىز ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپى-
تالىستلار سىنىپى زىتلىشىدىغان كاپىتالىزم يولىغا ماڭساق
بولمايدۇ، بەلكى خەلق تۇرمۇشى توغرىسىدىكى مەسلەكنى
ئەمەلدە يۈرگۈزۈشىمىز، ئالدى بىلەن ئەمگەكچىلەر بىلەن
كاپىتالىستلار تىنچمۇ - تىنچ تۇرىدىغان چېگرىنى بۇزۇپ
تاشلىشىمىز لازىم. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى قۇرغۇچىلاردۇر،
ئىجاد قىلغۇچىلاردۇر، ئەمما ھەر بىرەيلەننىڭ ئوقۇش سە-
ۋىيىسى ۋە تېخنىكىسى، شۇنداقلا خىزمىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى
ھەر خىل نام - ئاتاقلار بىلەن ئاتىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان
تارماق ۋە ئېھتىياجلارغا ئايرىلىدۇ. مانا بۇ خىل مۇئامىلە
ۋە ئېھتىياج جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىقتىن دۇنيادىكى ھەرقاي-
سى ئىلغار مەملىكەتلەر، يەنى ئىجتىمائىي سىياسەت يۈر-
گۈزۈۋاتقان ئەنگلىيە بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىمۇ خالى
بولالمايدۇ. بۇ قېتىم ئاڭلىشىمىزچە يۈمېن نېفىتلىكىدىكى
ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش مۇئامىلىسى ۋە دېموك-
راتىيىلىشىش جەھەتتە ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە ئىسلاھات
توختىماي ئېلىپ بېرىلىۋېتىپتۇ. كاندىكى پاراۋانلىق ھەي-
ئىتى خىزمەتچىلەر ۋە ئىشچى بۇرادەرلەر ئارىسىدىن ساي-
لانغان ئىكەن، يېقىندا كۆپچىلىكنىڭ پىكىر بېرىش ۋە پا-
راۋانلىق تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار ئىكەن. ئەگەردە بۇنى-
دىن كېيىن پاراۋانلىق جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەش ۋە
تولۇقلاش توغرا كەلسە، ئۇنداقتا بىزنىڭ يۈمېن نېفىتلى-
كى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە دۆلەت قۇرۇشتىكى نەمۇنە

بولۇشقا تېگىشلىك بولىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلۇش ئىشلىرى، پاراۋانلىق تارماقلىرىغا نىسبەتەن، دېموكراتىيە روھىغا نىسبەتەن، — بۇ كۆپچىلىكنىڭ دېموكراتىيە روھى — ئور-تاق تۇرمۇش، ئورتاق خىزمەت قىلىش ئىشلىرى مەملىكەت ئىچىدىكى باشقا ئىشلارغىمۇ نەمۇنە بولۇشقا ئەرزىيدۇ، خەلق تۇرمۇشى مەسلىكى سىياسىتى ئۈچۈنمۇ بىر ئوبدان ئاساس يارىتىش بولىدۇ. ھازىر قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى تې-خى تولۇق ھازىرلانمىدى، قاتناشمۇ ناھايىتى قىيىن، ئۇ-نىڭ ئۈستىگە ئاشخوت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ھازىر قان-داق كېڭەيتىش، ئۆزىمىزنىڭ غايىسى بويىچە قانداق ئىش-لەشتە ئەلۋەتتە ئوبيېكتىپ شەرت - شارائىتنىڭ چەكلىمى-سىگە ئۇچرايمىز. بىراق كۆپچىلىك غەم قىلمايلى، ھازىر بىز ئوبدان ئاساسقا ئىگە بولۇپ قالدۇق، ئىستىقبالىمىز چەكسىز. لۇڭخەي يولى تيەنشۈيگىچە باردى. ئىككى يىل-غىچە ئۇرۇش بولمىسا لەنجۇغا ياكى جيۇچۈەنگىچە چىقۇم يېتىپ بارالايدۇ. بۇ ئىش توغرىلىق مەن نەنجىندە مەر-كەزگە تەلەپ قويغان، ئۈچ يىل ئىچىدە قۇمۇلغا، بەش يىل ئىچىدە ئۈرۈمچىگىچە يەتكۈزۈش مۇمكىن، زۇڭتۇڭ 37 - يىلىنىڭ يىل ئاخىرى لەنجۇغا ئاپىرىشقا ماقۇل بولدى. مىنگونىڭ 40 - يىللىرى ئەنشىگە بارالايدۇ. قاتناش مى-نىستىرلىقىنىڭ مەسئۇللىرى جيۇچۈەنگىچە ئاپىرىشقا ماقۇل بولغان. يۇمېن نېفىتلىكىگىچە ئاپىرالىغان بولساق نېفىتلىك-نىڭ تەرەققىياتىدا ئەلۋەتتە گەپ يوق ئىدى. يۇمېن نې-فىتلىكىنىڭ نېفىتى ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ۋە ھا-زىر غەربىي شىمالدىكى بىر نەچچە ئۆلكىنى تولۇق تەمىن-لەپ كېلىۋاتىدۇ. بىراق يۇمېن نېفىتلىكى جۇڭگو بويىچە دائىرىسى ئەڭ چوڭ، خەزىنىسى مول نېفىتلىك، مۇشۇ بىر-دىن - بىر چوڭ نېفىتلىكنىڭ ماشىنا سايمانلىرى تولۇق-

لانغاندىن كېيىن، يۇمېن نېفىتلىكىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى شەرقىي - جەنۇب، شىمالىي جۇڭگو ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە يەتكۈزۈش مۇمكىن. بۇنىڭدىن بىز يۇمېن نېفىتلىكىنىڭ ئىستىقبالىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالاي-مىز. مېنىڭ بۇ سۆزلەرنى دېيىشىمدىكى سەۋەب، مەن سۆزلەشكەن ئىنژېنېرلار ھەل قىلىش ئاسان بولمىغان نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە غەم قىلىشىۋېتىپتۇ. بۇ خىل روھتىن قايىل بولۇشقا ئەرزىيدۇ. شۇنىسى جۇڭگو-دىكى ئورۇش ئۇزاققا بارمايدۇ. تىنچلىق ئەمەلگە ئاشقان-دىن كېيىنكى تەرەققىياتمۇ تېز بولىدۇ. مانا شۇ چاغدا ھەر-قايسى ئىنژېنېرلار ئۈچۈن ماھارەت كۆرسىتىدىغان ئىمكانى-يەت يارىتىلىدۇ.

يەنە بىرسى مەكتەپلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم. ئوتتۇ-را مەكتەپ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى نا-ھايىتى تولۇق ئىكەن. ئوقۇغۇچىلارنىڭ 70% — 80%ى ئىشچى بۇرادەرلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىكەن. بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خوش بولدۇم. بۇرۇنقى فېئودالىق دەۋردە كى-تاب ئوقۇش پەقەت پۇلى بار ئائىلىلەرنىڭلا ئىشى ئىدى. نامى-راتلارنىڭ پەرزەنتلىرى مەكتەپكە كىرىدىغان پۇرسەت ناھايىتى ئاز ئىدى، كىتاب ئوقۇشقا شەرت - شارائىت يوق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. نېفىتلىكتىكى مەكتەپتە، سىنىپتا خىزمەتچىلەرنىڭ بالى-لىرى بار ئىكەن، ئىشچىلارنىڭ بالىلىرىمۇ بار ئىكەن. ئىشچى بۇرا-دەرلەر بۇنى ناھايىتى ئاددىي ئىش دەپ چاغلىماڭلار. بۇرۇنقى فېئودالىق دەۋردە ئىشچى ۋە دېھقانلارنىڭ كىتاب ئوقۇش ئىمكانىيىتى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئەمەلدارلارنىڭ، پۇلى بارلارنىڭ كىتاب ئوقۇش ئىمكانىيىتى كۆپ ئىدى. بۇ ھە-قىقەتەنمۇ فېئودالىق دەۋرنىڭ يامان ئىللىتى، ئۇ بىزنىڭ دۆلەت، مىللىتىمىز مەدەنىيىتىنىڭ يېمىرىلىشىگىمۇ سەۋەبچى

بولىدۇ. ئاتالمىش «كىتاپ ئوقۇشنىڭ ئۆزى ئەمەلدار بو-
لۇش» دەۋرى بۇرۇنقى زامان بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى 20 -
ئەسىر خەلقنىڭ ئەسرى بولىدۇ. بىزنىڭچە دۆلەت، مىل-
لەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئاساسەن ھەر بىر ئادەم
ئۆزىگە تۇشلۇق بىلىم ۋە ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى ۋە دۆ-
لەت، مىللەتكە ھەسسە قوشۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا
بۇنداق دۆلەت ۋە مىللەت ئاندىن راۋاج تاپالايدۇ، ئىل-
گىرىلىيەلەيدۇ، ئاندىن بىر ئەۋلاد يەنە بىر ئەۋلادنى بې-
سىپ چۈشەلەيدۇ. ھەرقايسى ئىشچى بۇرادەرلەرنىڭ ئائىلى-
سىنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇمۇ ناھايىتى مۇھىم مەسىلە. ھازىر
بىز پەقەت ئاددىلا تېخنىكا ئىشچىسىدىن ئىبارەت، لېكىن
بىز دۆلىتىمىزنى سەنئەتلەشتۈرۈش ۋە زامانىۋىلاشقان مەملى-
كەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئىشچى تەربىيىلەش
ئاسان ئىش، لېكىن ئېنژېنېر يېتىشتۈرۈش ئاسان ئەمەس.
ھازىر ئىشچى ۋە تېخنىكا ئىشچى بولغانلار ئۆز بالىلىرىنىڭ
ئېنژېنېر بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشى كېرەك. ئۆزى گەرچە
يېشى چوڭىيىپ قېلىپ مەكتەپكە بېرىپ يۇقىرى بىلىم ۋە
تېخنىكا ئۆگىنىش پۇرسىتىدىن قەپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن
ئوغۇللىرىنىڭ كېلەچەكتە يۇقىرى بىلىم ۋە يۇقىرى ماھا-
رەت ئۆگىنىشىنى چوقۇم تەلەپ قىلىش لازىم، بالدۇر چىق-
قان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئەلا دېگەندەك، بۇ
ئاتا-ئانىنىڭ ئۆز بالىلىرىغا بولغان ئۈمىدى بولۇپ قېلى-
شى لازىم. بۇ يەردە، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، مەن بىر چوڭ
ئەمەلدار، ھەرتىۋەم خېلى يۇقىرى ھەربىي كىشى، بىراق
مەن شۇنى سەممىي ئېيتىپ ئۆتۈمەنكى، مېنىڭ ئائىلەممۇ
دېھقان ئائىلىسى بولىدۇ، دادام ئىشچى، بوۋام دېھقان.
ئاتا-ئانام نۇرغۇن يىللار جاپا تارتىپ مېنى ئوقۇتۇپ
ئەمەلدار قىلماقچى بولدى. شۇ چاغدا دادام بىلەن بوۋام-

نىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئىدىيىدە ئىدى. ھازىر بۇ دەۋرگە
ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، پەقەتلا شۇ دەۋرنىڭ ئىدىيىسىگە ۋەكىل-
لىك قىلىدۇ. ئەينى چاغدا مەنمۇ خىيالى جاپا تارتقان.
خۇسۇسلار مەكتىپىدە ئوقۇغاندا خىيالى ئەقلىلىق ئىدىم،
ئوبدان ئوقۇيتتىم. كېجۈي تۈزۈمى بىكار قىلىنغاندىن كې-
يىن شۇ چاغدىكى ئەجنەبىلەرچە مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش
ئىمكانىيىتى بولماي ئەسكەر بولدۇم، شىڭخەي ئىنقىلابى
ۋە گومىنداڭ پارتىيىسىگە قاتناشتىم. قۇرۇقلۇق ئارمىيە
مەكتىپىگە كىردىم، شۇندىلا ئازىراق پەننى ساۋاتقا ئىگە
بولدۇم. ئۆزۈمچە ئالغاندا مەن ھېچقانچە تايىنى يوق بىر
ئادەم ئىدىم، بىراق تەقدىر ئوڭدىن كېلىپ قالدى، نەچچە
مىڭ يىللىق مۇستەبىتلىك ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن مەن
ئىنقىلابىي ھەربىي ۋە ئىنقىلابىي پارتىيەنىڭ ئەزاسى بولۇپ
قالدىم. بۇندىن كېيىن بىزنىڭ دۆلىتىمىز يېڭى ياچە بىرلى-
دۇ، دەۋرىمۇ يېڭى ياچە بولدى. دۆلىتىمىزنىڭ پەننى سا-
نائەت جەھەتتە دۇنيادىكى ئىلغار ئەللەر بىلەن چوقۇم رىقابەت-
لىشىشكە توغرا كېلىدۇ. زامانىۋىلاشقان ئەللەر بىلەن رىقابەت-
لىشىپ جۇڭگونى بۈيۈك دەۋرنىڭ ئارقىدا قويماسلىق لازىم.
بۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەتنى قۇرۇپ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش لازىم.
دۆلەتنى قۇرۇپ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتە ئۈمىدنى بىز
كېيىنكى ئەۋلادلارغا قويىمىز. بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەر دۆلەت
قۇرۇش ئاساسى سېلىپ بەردۇق. ھەقىقىي تۇردە دۆلەتنى
قۇرۇپ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش، دۆلەتنى ئەڭ ئاخىرقى
قەدەمدە گۈللەندۈرۈپ بولۇش، بۇ بىزنىڭ كېيىنكى ئەۋ-
لادلىرىمىزغا مەنسۇپ، بىز كېيىنكى ئەۋلاد ئوغۇل-قىزلار-
نىڭ ئىنژېنېر بولۇپ چىقىپ زاۋۇتلاردا، مەدەن تاغلىرىدا،
تەجرىبىخانىلاردا ئىشلىشىنى، پروفېسسور ۋە ئىنژېنېر بولۇشى-
نى، ئىنقىلاب ئۈچۈن دۆلەت قۇرۇشتا تىرىشىپ خىزمەت

قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ لازىممۇ- لازىم ئەمەسمۇ؟ مەن بۇ يەردە ئىشچى بۇرادەرلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ھا- زىرقى تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقىدىن چۈشكۈنلىشىپ كەتمەڭ- لار. ئىشچى بولۇش ناھايىتى ئىستىقباللىق، ناھايىتى چوڭ ئىستىقباللىق بولىدۇ.

بۈگۈنكى يۈمىن نېفىتلىكى كىمگە مەنسۇپ؟ قانۇندىن ئالغاندا، دۆلەتكە مەنسۇپ، ئەمەلىيەتتە سىلەرگە مەنسۇپ. ئىنژېنېر ۋە ئىشچى بۇرادەرلەرگە ئورتاق مەنسۇپ، ھەر بىر ئىشچى بۇرادەرنىڭ بىردىن نېسىۋىسى بار. بۇندىن كېيىن نېفىتلىكنىڭ تەرەققىياتىدا مېنىڭچە، دۆلەت بۇ يەر- دىن پۇل تاپماقچى ئەمەس، پەقەتلا تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش ۋە دۆلەت مۇداپىئە بايلىقلىرىنى ئېچىشنى مەخ- سەت قىلغان. بىراق بارلىق مەنپەئەتتىن ئىنژېنېرلار ۋە ئىشچى- بۇرادەرلەر بەھرىمەن بولىشى كېرەك ۋە مۇشۇ پۇر- سەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز بالىلىرىنى ئوبدان يېتىشتۈرۈپ چىقىشى لازىم. چەت ئەللەردە زاۋۇتلار مۇشۇنداق قىلغان، ئۆزى ئىشچى، لېكىن بالىلىرىنى ئىنژېنېر قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن نېفىتلىكتىكى بۇرادەرلەرنىڭ جاپا- مۇشەققەت تار- تىشى سەۋەبسىز ئەمەس. بىراق ئۈمىد كۆز ئالدىمىزدا ئە- مەس، بەلكى كېلەچەكتە، بۇ يىل ئەمەس كېلەر يىلدا، بەلكىم كېيىنكى ئەۋلادلاردا بولىشى مۇمكىن. ئىشىنىمەنكى، بىزنىڭ دۆلىتىمىز يالپۇنغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئالدىمىزدىكى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ بوھرانى ئۆت- مۈشكە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇندىن كېيىن دۇنيادا ياپون جا- ھانگىرلىكىگە ئوخشاشلار بىزنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلالمايدۇ. مەسىلە قانداق قىلىپ دۆلىتىمىزنى قۇرۇپ چىقىشتا، يەر ئاستىدىكى بايلىقلارنى ئېچىپ، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش سە- ۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە. پۈتكۈل دۆلەت، مىللەتنىڭ

مەدەنىيىتى تەرەققىي تاپسا، ھازىرقى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكى بەش چوڭ دۆلەتنىڭ بىرسى بولغان جۇڭخۇا مىنگو ئىسمى جىسمىغا لايىق بولىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەت ئاساسەن بىزنىڭ ئۈستىمىزدە، ھەرقايسى ئىشچى بۇرادەرلەرنىڭ بۇ بۈيۈك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۆمىنىڭ ئېكسكورسىيىدىن كېيىنكى تەسىراتىم بولۇپ كۆپچىلىككە دوكلات قىلىپ ئۆتتۈم. ئەلۋەتتە مەن كەسىپ ئەھلى ئەمەسمەن، مەخسۇس تېخنىكا ۋە كەسپىي بىلىملەردىن خەۋىرىم يوق. ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ئېكسكورسىيىدىن كېيىنكى تەسىراتىنى ھەرقايسى خىزمەتچى، ئىشچى بۇرادەرلەرگە بېغىشلىماقچىمەن،

بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە مۇۋەققەت دىرېكتور گېن ئېيتقان بەزى مەسىلىلەر، مەسىلەن ھەربىي مەجبۇرىيەت مەسىلىسى، ئاشلىق مەسىلىسى، ئۆي-جاي، ماتېرىيال سېتىۋېلىش مەسىلىسى، نېفىت ماتېرىياللىرىنى يۆتكەش ۋە پۇل تاپشۇرۇش مەسىلىسى قاتارلىقلارغا مەن كۆپ دىققەت قىلدىم. مەن خالايىققا شۇنى ئېيتىپ ئۆتەيكى، باشلىق مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇق كۈچى يەتكەن ئورۇنلارغا مەن چوقۇم ياردەم قىلىمەن. كۆپچىلىك غەربىي - شىمالنىڭ قاتناش - ترانسپورت ۋە ئىقتىسادىي ھەربىي ئىشلىرىدا كۆپ مىننەت قىلدى، بۇ جەھەتتە غەربىي - شىمالدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ۋالىي مەھكىمىلىرىمۇ ياردەم بېرىشى كېرەك. بۇ قېتىمقى ئېكسكورسىيىدىن كېيىن مەن كۆپچىلىك بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرۇشنى، دائىملىق مۇناسىۋەتتە ۋە ھەمكارلىقتا بولۇپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇندىن كېيىن غەربىي - شىمالدىكى ھەربىي - خەلقلەر سىلەرنى ھەر زامان قارشى ئالىدۇ، ئۇلار سىلەرنىڭ قاتناش، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئەجرىڭلەرگە مۇھتاج. مەن بىزنىڭ بۇ قېتىمقى مۇناسىۋەت ۋە ھەمكارلىقىمىزنىڭ سەمىمىي ئىكەنلىكىگە، بۇندىن كېيىن

چوققۇم يەنىمۇ چوڭقۇرلايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇمۇ مېنىڭ بىر تەسىراتىم. خۇسۇسەن كۆپچىلىكنىڭ مەندە قالدۇرغان تەسىراتى ناھايىتى ياخشى بولدى.

ئەڭ ئاخىرىدا بىللە كەلگەنلەرگە ۋاكالىتەن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن. يۇمېن نېفىتلىكىنىڭ مۇۋاپپەقىيەت قازىنىشىغا ۋە ئۇلۇغۋار تەرەققىياتىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

كېيىنچە باشقىلارنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، مېنىڭ بۇ قېتىمقى نېفىتلىكتىكى سۆزۈم ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپتۇ. ئۇلار: «گومىنداڭنىڭ ئىچىدىمۇ بىز ئىشچىلارغا بۇنداق تەكەللۇپ قىلىدىغان گېنېرال بار ئىكەن!» دېيىشكەن. ئەينى ۋاقىتتا يۇمېن نېفىتلىكى چەت بىر جاي ئىدى، باردىغانلارمۇ ئاز ئىدى، بولۇپمۇ ئالىي دەرىجىلىك ھەربىي-مەمۇرىي مەسئۇل خادىملارنىڭ بېرىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋاھالەنكى، مەن باردىم، ئۇلار بىلەن رەسمىگە چۈشۈپ قىزغىن سۆھبەت ئېلىپ باردىم، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلدۈم، شۇڭا ئۇلارنىڭ خۇشال بولۇشى تەبىئىي ئىدى.

## مەسئۇدنى ئالماشتۇرۇۋېتىش

مەن لەنجۇدا ئىلى تەرەپنىڭ 2-ئاينىڭ 17-كۈنى ئەۋەتكەن جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى، بىرى مەسئۇدنى ئېلىۋېتىش ياكى قالدۇرۇش مەسىلىسى يەنە بىرى شىنجاڭ گارنىزون ئورگىنىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى قىلىۋاتقانلىق مەسىلىسىدە بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋالدىم. ئىلى تەرەپ مەسئۇدقا ئاشكارە قارشى تۇراتتى، ئۇلار شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى سۇڭ شىليەنگە دەسلەپتە ئوچۇق-ئاشكارە قارشى تۇرمىغان بولسىمۇ لېكىن ئارمىيە-ساقچى ئورگىنىنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى قىلىۋاتقانلىقىغا سۇڭ ئالدى بىلەن مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆپ قېتىم غەيرىي-رەس-

مىي ئىپادىلىگەنىدى. ھازىر ئەمدى ئۇلار سۆزنى ئاشكارە
ئەيىپلەشكە باشلىدى. ئىلى تەرەپ سۆزنى مېنىڭ «يېقىن يار-
دەمچىم» دەپ قاراپ، سۆزنىڭ مېنىڭ تېنچلىق سىياسىتىمگە
قاتتىق قارشىلاشقۇچى ۋە قارشى تۇرغۇچى ئىكەنلىكىمنى بىلمەيت-
تى. ئۇنىڭ بەزىبىر خاتا ھەرىكەتلىرى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ
قىلىدىغان چاغلاردا مېنى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى.
ئەگەر بۇ تۈگۈن يوقۇتۇلمايدىكەن ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىنىشى
مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا مەن شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قى-
لىشتا ئىككى تەرەپ قايتىدىن ھەمكارلىشىشقا توغرا كەلسە ئال-
دى بىلەن مەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن يول قويۇپ كەسكىن ھە-
رىكەت قوللىنىپ، بۇ ئىككى كىشىنى ئالماشتۇرۇۋەتمىسەم بولماي-
دىكەن دېگەن تونۇشقا كەلدىم.

لېكىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدە مەسئۇدنى جېنىنىڭ بېرىچە قول-
لايدىغانلارنىڭمۇ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ۋەزىپىگە تەيىن-
لەنگەنلىكىگە ئەندىلا بىر قانچە ئاي بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇبادا
ئۇنى ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلىنغاندا، ماقۇللاش
تەسكە توختايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن سۇڭ
شىلىيەننى ئالماشتۇرۇۋېتىش لازىملىقىنى ئويلاپ، جياڭ جيېشىغا
ئۇ ھەقتە تەكلىپ سۇنۇپ، ماقۇللىقىنى ئالدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي-
لا سۇڭ ئىچكىرىگە يۆتكەلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا تاۋسىيۇ غەربىي-
شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇم-
چە شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى بولدى.

بىرىنچى قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلى تەرەپ-
نىڭ 1948 - يىلى 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئەۋەتكەن خېتىنى تاپ-
شۇرۇپ ئالدىم. مەن ليۇ مىڭچۈن، چۈ يۈۋ، ليۇ زېرۇڭلارنى
ئېلىپ لەنجۇغا بېرىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل يۈرگۈزۈش ئارقى-
لىق مەسئۇدنى ئالماشتۇرۇۋېتىشنى قارار قىلدۇق. لېكىن مەن،
تېلېگراممىنى ئەۋەتكەندە بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىق بولىدىكەن دەپ

ئويلاپ ئۆزەم بىۋاسىتە نەنجىڭگە بېرىپ، ئالدى بىلەن جىياڭغا
شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا چوقۇم مەسئۇدنى ئالماشتۇرۇ-
ۋېتىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدىكى سەۋەبلەرنى چۈشەندۈردۈم.
كېيىن يەنە ئالاقىدار تەرەپلەرگىمۇ چۈشەندۈردۈم. بۇنىڭ بى-
لەن كۆپچىلىك مۇشۇنداق قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنىڭ ھەقىقىي
سەۋەبلىرىنى ئاندىن چۈشەندى. شۇ چاغدا بەزىلەر مېنىڭ يەنە قو-
شۇمچە ئۆلكە رەئىسى بولۇشۇمنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ لې-
كىن مەن ئۇنى قەتئىي رەت قىلىپ، بۇرھاننى بۇ ۋەزىپىگە قو-
يۇشقا كۆرسەتتىم. بۇرھاننىڭ نەنجىڭگە يۆتكىلىپ ھۆكۈمەت ھەيئە-
تى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان ئىدى، ئۇ خەنزۇ-
چە سۆزلىيەلەيتتى، كىشىلەرگە خۇشخۇي - مۇلايىم مۇئامىلە قى-
لاتتى، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىدە ئۇنى بىلىدىغانلار ئاز ئەمەس
ئىدى، ئەگەر مۇشۇنداق چاغدا ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىس-
لىكىگە قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىلسە ئاسانلا ماقۇللىناتتى.
لېكىن شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئىش كېيىنگە سۈرۈلۈپ قېلىۋەردى - دە
1948 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن رەسمىي بۇيرۇق
ئېلان قىلىندى①.

بۇ يەردە مەن مەسئۇد توغرىسىدا ئازراق قوشۇمچە قىلىپ
ئۆتەي. ئۇ شىڭ شىسەي دەۋرىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن
قورقۇپ مەركەزگە قېچىپ كېلىۋالغىنىغا 10 يىلدىن ئاشقان بو-
لۇپ، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن باردى - كەلدى قىلىشىپ
باقمىغان، پەقەت بەزى يىغىنلاردا ئۇنىڭ سۆزلىگەن سۆزىنى
ئاڭلىغانمەن. مەن 1946 - يىلى شىنجاڭغا بېرىشتىن ئاۋال، ئۇ
جىياڭغا ئۈچ تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنداقلا ما-
گىمۇ بىر پارچە خەت يېزىپ، خەتكە جىياڭغا يوللىنىدىغان بىر

① «مىنگو چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» دا خاتىرىلىنىشىچە
1949 - يىلى 1- ئاينىڭ 10 - كۈنى جىياڭ زوڭتۇڭ بۇيرۇق چىقى-
رىپ: بۇرھاننى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى.

پارچە تەكلىپنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتىپتۇ. خەتتە مەركەزنىڭ ھەل قىل-
غۇچ تەدبىرلىرىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە مېنىڭ بۇ قې-
تىم شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن يەرلىك خەلقنىڭ ئارزۇسىنى
قاندۇرۇشۇمنى، خەلققە مۇۋاپىق سىياسىي ئورۇن بېرىشىمنى
ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. جياڭغا سۇنغان 15 ماددى-
لىق تەكلىپتە، ئاساسەن مەركەزنىڭ چېگرا رايوننىڭ ئۆز-ئۆ-
زىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، يەرلىك خەل-
قنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى بېجىرىش، بىگۇناھ تۇتقۇن قىلىنغانلار-
نى قويۇپ بېرىش، مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈكلەرنى ئېنىق-
لاپ بىردەك قايتۇرۇپ بېرىش، خەلقنىڭ باج سېلىقىنى يەڭگىل-
لىتىش قاتارلىقلار تەلەپ قىلىنغان. خەتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ
ۋەتەننى، مىللەتنى سۆيىدىغان ئادەملىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا
مەن شىنجاڭغا بېرىپلا ئۇنى شىنجاڭنىڭ مۇپەتتىشلىكىگە كۆرسە-
تىم ھەمدە مەن قوشۇمچە رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا
بەرسەم بۇ ئورۇنغا ئۇنى قويارمىز دەپ ئويلىغانىدىم.

ۋاھالەنكى ئۇ رەئىس بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاجىزلىق-
لىرى بارا-بارا ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن ئۇ،
ئۆزىنىڭ جاھىل ھەم قابىلىيەتسىزلىكىنى ئىپادىلىدى، ئۇ پۈتۈن-
لەي ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان
ئىدى. ئۇ سوۋېتكە قارشى تۇرۇپلا قالماي يەنە بارا-بارا
خەنزۇلارغا، مەركەزگە قارشى تۇرۇشقا ھەتتا «يۈكسەك دەرىجى-
دە ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش» دېگەن مۇقاملارنى تىنۋۇلاشقا
باشلىدى. مەن، ئۇنىڭ بىلەن ئەيساغا بىر پارچە شەخسىي خەت
يېزىپ، ئۇلارنىڭ خاتا قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. ئەسلى
خەت مۇنداق يېزىلغان:

مەن شىنجاڭدىن ئايرىلغىلى بىر يىلدىن ئاشتى، بۇ بىر
يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە مەن، شىنجاڭدا دىققەت
قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى

ئاگىلىدىم. پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، دېموكراتىك سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن بېكىتىلگەن سىياسەتلەرنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتماسلىق، مېنىڭ سىلەر ئۈچۈڭلار② بىلەن بولغان دوستلىقىمىنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۆزەم بىر قەدەر چوڭ مەسىلە دەپ قارىغان ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىلەر بىلەن بىللە مۇزاكىرە قىلىشنى ئويلىغانىدىم. ھازىر ئۇنى ماددىلارغا ئايرىپ تۆۋەندىكىچە يازماقچىمەن:

ئا. خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. بۇ مەسىلىنىڭ پايدا - زىيىنى توغرىسىدا مەن بۇرۇن ناھايىتى كۆپ سۆزلىگەنمەن. سىلەر ئەلۋەتتە ئۇنى ئوبدان بىلىسىلەر، شۇڭا ھازىر بۇ توغرىدا كۆپ سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ھازىر مۇزاكىرە قىلىدىغىنىمىز: ئەيسا ئەپەندى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئۇيغۇرچە گېزىتتە ئېلان قىلىنغان سۆزلەردە ئىپادىلەنگەن پوزىتسىيە بولۇپ، ئۇنىڭدا يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ خىزمىتى كاشىلىغا ئۇچرىدى دېيىلگەن، ھەمدە خەلقنىڭ دۆلەت ئارمىيىسىگە بولغان ھېسسىياتىدا ئارىنى بۇزىدىغان بىرمۇنچە پاكىتلار ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، بۇ سۆزلەردە خەنزۇلارغا قارشى مەنا بارمۇ - يوق؟ جايلار ۋە ھەر دەرىجىلىكلەرگە بېرىلگەن يوليورۇقتا خەنزۇلارغا قارشى مەزمۇن بارمۇ - يوق؟ بۇ توغرىدا كۆپچىلىكنىڭ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆپچىلىكنىڭ بۇ مەسىلىگە قارىتا چوڭقۇر ئويلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى

② ئۈچ كىشى: مەسئۇد، ئەيسا ۋە مۇھەممەت ئىمىنلارنى كۆرسىتىدۇ.

خەنزۇلارغا قارشى ئىدىيىلەر داۋاملىق ئۇلغىيىپ كېتىۋەرسە، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا نىسبەتەن ناھايىتى ئېغىر خەۋىپ كەلتۈرۈپلا قالماي، سىلەر بىر قانچىڭلار رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھاكىمىيەتمۇ ئىنتايىن زور تەسىرگە ئۇچرىشى مۇمكىن دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ. سىلەر ئۇيغۇرچە گېزىتتە «خەنزۇلارغا قارشى تۇرغانلىقنى ئەتەي بىر خىل جىنايەت قاتارىغا قوشۇۋالدىڭلار» دېدىڭلار، سىلەرچە بۇ ئادىل تەنقىت بولامدۇ؟ مېنىڭچە، ئەيسا ئەپەندى خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ دېگەن بۇ سۆز ئورۇنسىز، شۇنداقتىمۇ يەنە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتەيكى، كۆپچىلىك سەممىي ھالدا خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈشى ۋە ئويغىنىشى لازىم.

ب. مەركىزىي ھۆكۈمەتكە نارازى بولۇش مەسىلىسى.

دەرۋەقە، ھازىر مەركەز بەزى جەھەتلەردە بىزنىڭ تەلىپىمىز بويىچە بىزنى كۈچلۈك تۈردە قوللىيالمايۋاتىدۇ ۋە تولۇق ياردەم بېرەلمەيۋاتىدۇ. بۇ توغرىدا مەن ھەر دائىم غەم يەيمەن ۋە ئەپسۇسلىنىمەن. لېكىن كۆپچىلىك شۇنى بىلىشى كېرەككى، ھازىر مەركىزىي ھۆكۈمەت ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىدۇ، مەركەز شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى خالىمايدۇ ئەمەس بەلكى ئارمانى بولسىمۇ دەرمانى يوق ھالەتتە تۇرىۋاتىدۇ؛ بۇ ئەھۋالنى كۆپچىلىك ئەپۇ قىلىش ئاساسىدا ئويلايدىغان بولسىلا چۈشىنىدۇ. ئەگەر ئادەتتىكى نورمال ئەھۋالدا بولغان بولسا، مەركەز شىنجاڭنى چوقۇم ناھايىتى زور كۈچ بىلەن قوللىغان ۋە كۆللەندۈرگەن بولاتتى، دەپ ئويلىشىڭلار كېرەك. ھازىر يەنە بەزىلەر ئاما ئارىسىدا مەركەزگە نىسبەتەن ھەر خىل نارازىلىقلارنى ئىپادىلىمەكتە، بۇنى قانداقمۇ ئادىللىق دېيىشكە بولىدۇ؟

س. يۈكسەك دەرىجىدە ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش

مەسىلىسى بۇ مەسىلە توغرىسىدىمۇ مەن كۆپ سۆزلىگە-
مەن، سەنمىنجۇيىنىڭ مىللىي مەسىلىكى «يۇكسەك دەرىجى-
دە ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش»نى يولغا قويۇشقا بو-
لىدۇ دەپلا قارىماستىن، كەلگۈسىدە «مۇستەقىل» بولىدىغان
بولسىمۇ ئۇنى قوللايدۇ. ۋاھالەنكى بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭ-
دا يۇكسەك دەرىجىدە ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى يول-
غا قويۇشقا بولامدۇ - يوق؟ ئەگەر دەرھاللا شىنجاڭدا ئۆز -
ئۆزىنى ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلسا، دۆلەت ئارمىيىسىنى
ھەتتا مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق ئورگانلىرىنىمۇ قايى-
تۇرۇپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنى بىزنىڭ ئىنقىلابىي ھۆ-
كۈمىتىمىزنىڭ مەيدانىدىن ئېيتقاندا قىلالايمىز. لېكىن شىن-
جاڭنىڭ ئۆز ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ھەر-
بىي ئىشلارنى ئالايلى، مۇبادا سىلەر دەرھال ھەربىي قى-
سىملارنى قۇراللىغىنىڭلار بىلەنمۇ يۇكسەك دەرىجىدە ئۆز -
ئۆزەڭلەرنى ئىدارە قىلىشنى يولغا قويالىشىڭلارغا ئىشەنچ
قىلالامسىلەر؟ ھازىرچە بۇنى تىلغا ئالماي تۇرايلى، ئىقتى-
سادتىنلا ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى
ئىشلەپچىقىرىش ۋە بارلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋەزىيىتى
بويىچە قارىغاندا، مەركەزنىڭ زور كۈچ بىلەن مەدەت بې-
رىشى ۋە قوللىشى بولغان تەقدىردىمۇ، 10 يىل ھەتتا 30
يىلچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغاندا ئا-
ندىن ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئۆلكە قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى،
ھازىرقى دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر
مەركەزنىڭ قوللىشى بولمىسا، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلمىسا، ئىش-
لەپچىقىرىش ئارقىدا قالغان، قاتناش - ترانسپورت قىيىن،
كۆپ ساندىكى خەلقلەر جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان،
باج يىغىش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشقا بولمايدىغان شىنجاڭ-
نىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدا قانداقمۇ پۇت تىرەپ تۇرغىلى بول-

سۇن؟ دەرۋەقە، ھازىر شىنجاڭ ئۆز ئالدىغا قەغەز پۇل تار-
قىتىۋاتىدۇ، لېكىن سىلەر يەنە مەركەز شىنجاڭغا نىھايىتى
ئاز قوشۇمچە ياردەم بېرىدۇ دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا
قويۇۋاتىسىلەر. ئەگەر مەركەز بۇرۇن يېڭى پۇل بىلەن كونا
پۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت قىممىتىنى بەرمىگەن بولسا،
ھازىرقى يېڭى پۇل بىلەن دوللار ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت
قىممىتى بويىچە ئوبوروت جەريانىدا يىغىلغان پۇلنى تاپ-
شۇرۇپ بېرىشكە يول قويمىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ ھازىر-
قى ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا قەغەز پۇل تارقىتىشقا بولات-
تىمۇ؟ بۇنى ئەلۋەتتە مەركەزنىڭ شىنجاڭنى كۈچلۈك قول-
لىغانلىقى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يە-
نە شۇنى سۆزلەپ ئۆتەي، مەركەز شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشى توغرىسىدا، بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا تېخ-
نىكا جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈمىكىنى قۇرۇش ھەققى-
دىكى ئىلتىماسىمىزنى ماقۇللىدى. ئۈمەك باشلىقىمۇ ئېلان
قىلىندى. بۇ، لايىھىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى مەركەزنىڭ تېخ-
نىكا، ئىقتىسادلىق خادىم ۋە مالىيە كۈچى ئارقىلىق شىن-
جاڭنى گۈللەندۈرۈپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخ-
شىلاپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى
مەقسەت قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنى مەركەز شىنجاڭ
كەلگۈسىدە «مۇستەقىل» بولسۇن، «يۇكسەك ئاپتونومىيە» گە
ئىگە بولسۇن دەپ قىلغانمۇ؟ شۇنى بىلىش كېرەككى، يۇك-
سەك ئاپتونومىيە، مۇستەقىللىق دېگەنلىك قۇرۇق گەپ ئە-
مەس، بۇنىڭ ئۈچۈن شەرت - شارائىت، ئىقتىدار كېرەك.
يەنە بىر نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي ئەگەر شىنجاڭدىكى
دۆلەت ئارمىيىسى قايتۇرۇپ كېتىلسە، مەركىزىي بانكا ئىش-
تىن توختىتىلسا، شىنجاڭ بىردەمدىلا قالايمىقان ھالەتكە
چۈشۈپ قالىدۇ - دە، ئۇنى ئوڭشاش تەس بولىدۇ. بۇ ھال-

دا يۈكسەك ئاپتونومىيىدىن ئېغىز ئېچىشقا بولامدۇ؟ جۇڭ-
خۇا مىنگو — يەنى شىنجاڭنىڭ ئانا ۋەتىنىنىڭ خەلقئارادىكى
ئورنىنىڭ، شىنجاڭغا كەلتۈرىدىغان پايدىسى ھەققىدە سۆز-
لەپ ئولتۇرۇش تېخىمۇ ھاجەتسىز.

د. دېموكراتىك سىياسەت ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مە-
سىلىسى، دېموكراتىك سىياسەتنىڭ شىنجاڭدىكى كونكرېت
ئىپادىلىرى مۇنداق: ئۆلكىلىك، ناھىيىلىك سەنيىخۇي ھەيئى-
تى قۇرۇلدى، ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىلىرى ۋە نا-
ھىيىنىڭ ھاكىملىرى خەلق تەرىپىدىن سايلاندى. بۇ خىل
دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى مەڭگۈ تىنچلىقنى
ئورنىتىشقا ئاساس ۋە چوڭ مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئەل-
ۋەتتە، دېموكراتىك تۈزۈم سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇل-
ۋاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئانداق - ياكى مۇنداق خاتا-
لىقلاردىن خالىي بولۇش تەس، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بى-
لەن خەلقئارا بارا - بارا ئۇنى چۈشىنىدىغان، تەبىئىي ھال-
دا سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىدىغان بولىدۇ. خەلقنىڭ كۈ-
چىدىن پايدىلىنىپ دېموكراتىك سىياسەتلەرنى يولغا قو-
يۇش جەريانىدا يۈز بەرگەن يېتەرسىزلىك ۋە نۇقسانلارنى
ئاستا - ئاستا ئازايتقىلى ۋە ئۇنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. ئۆ-
ۋەتتە ئەڭ مۇھىمى ۋە تۇتۇشتا تېگىشلىك بولۇۋاتقىنى —
دېموكراتىك سىياسەتكە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمگە سەمىمىيەتلىك بىلەن ھۆر-
مەت قىلىشى، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ھۆرمەت قىلىشى كې-
رەك، دېموكراتىك سىياسەتنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا
قويۇۋاتقان دەسلەپكى مەزگىلدە يۈز بەرگەن كادىرلار ئىش-
جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرنى دەپ دېموكراتىك تۈزۈمگە
خىلاپ كېلىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز ئالدى بىلەن قىلما-
لىقىمىز كېرەك. ئەگەر بۇنداق ئىشلارغا يول قويۇلسا، ئۇ

ھالدا جىمىزنىڭ قاتتىق جاپا چېكىپ تۇرغۇزغان بۇ تۈزۈمىمىز بىر دەمدىلا بۇزۇۋېتىلىدۇ، ھەتتا ئىچكى قىسىمدا ماجرا كېلىپ چىقىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇ خىل دېموكراتىك تۈزۈم جەزمەن ئالغا باسىدۇ، خەلقنىڭ ئەركىنلىك ئىرادىسى ھامان باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. يۇقىرى بىسىم بىلەن سوبيېكتىپ ھالدا كادىرلار ئىشىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، بۇ دېموكراتىك تۈزۈم روھىغا خىلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ھاكىملارنى ناھىيىلىك سەنپىخۇي ھەيئىتى سايلايدۇ، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىن تۆۋەن بولغان خادىملارنى ناھىيىنىڭ ھاكىمى ناھىيىلىك سەنپىخۇي ھەيئىتىگە سۇنۇپ ماقۇللاتقاندىن كېيىن ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ، ۋەزىپىدىن ئېلىۋېتىدۇ. بۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللاپ ئەنگە ئالدۇرىدۇ. بۇ بىر ئېنىق بەلگىلىمە بولۇپ، قانۇنغا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ لېكىن ھازىر بەزىلەر ھاكىمنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايلا ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرى ۋە ناھىيە ئىچىدىكى باشقا ئەمەلدارلارنى بىۋاسىتە خالىغانچە يۆتكىمەكتە. ئەگەر بۇنداق يامان ئىشقا يول قويۇۋېرىدىغان بولساق، كەلگۈسىدە ئۇنى تۈزەش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، نۆۋەتتىكى مەسىلىلەرگە قارىتا بىر تەرەپلىمە كۆرۈپ، كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى نەزەردە تۇتمىساق بولمايدۇ، بولمىسا پايدىسى زىيىنىنى قاپلىيالماي، پايدىسى يوق زىيىنى كۆپ ئىشلار يۈز بېرىدۇ. ئەگەر سىلەر دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى دەپ قارىساڭلار، ئۇ بىر خىل ئېقىمغا قارشى ئىدىيە ۋە سوبيېكتىپ كۆز قاراش بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى دېموكراتىك تۈزۈمنى تۈپتىن ئىنكار قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىشقا بولمايدۇ. سىلەر ئېھتىمال بەزى تەرەپلەرنىڭ ئىشلارغا ئارىلىشىۋالغانلىقى ئۈچۈن ھوقۇقۇڭلارنى

تولۇق جارى قىلدۇرالماي، تۈزۈم مەسىلىسىدىن گۇمان
قىلىۋاتقانسىلەر. بىرىنچى نۇقتىغا كەلسەك، ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەت توغرا سىياسەتلەرنى چىڭ ئىگىلەپ بارلىق مەس-
لىلەرنى ئادىل پوزىتسىيە بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغانلا
بولسا، يەرلىكتىكى ھەر خىل ناچار ھادىسىلەر ئۆزلۈكى-
دىن يوقاپ كېتىدۇ. ئىككىنچى نۇقتىغا كەلسەك، مەن ئۇ-
نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمەن، ئۇ
ئېھتىمال بەزى جايلاردا يۈز بەرگەندۇر، ئۇ تۈزەتكىلى
بولمايدىغان ئىش ئەمەس. دىققەت قىلىشقا تېخىمۇ تېگىش-
لىك بولغان ئەھۋال شۇكى، ئەگەر قايسىبىر تەرەپ كادىر-
لار مۇناسىۋەتتىدىن پايدىلىنىپ يەرلىكتە ماجىرا تۇغدۇرۇش-
قا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇ دېموكراتىك تۈزۈمدىن ئىبارەت بۇ
ئاساسىي مەزمۇندىن پۈتۈنلەي ئايرىلغانلىق، ئۆزىنىڭ
مەيدانى ۋە سىياسىتىدىن ئىككىلەنگەنلىك بولىدۇ. دېموك-
راتىك سىياسەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىغا كەلسەك، بىزدە
يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن تونۇش بولۇشى كېرەك يەنى ئۆكتى-
چى پارتىيە ۋە ئوخشىمىغان پىكىردىكىلەرگە يول قويۇش
كېرەك. بۇ، شىنجاڭنى بىر ئېقىمدىكىلەرلا كونترول قىل-
ماستىن بەلكى دېموكراتىك شەكىلدىكى رەھبەرلىك بولۇ-
شى لازىم دېگەنلىكتۇر. بۈگۈنكى جۇڭگو دېموكراتىك سى-
ياسەت يۈرگۈزىدىغان دۆلەت بولغاچقا بارلىق مەسىلىلەر-
دە خەلقنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى قوزغاش، جامائەتنىڭ
ئارزۇسى بويىچە ئىش كۆرۈش لازىمكى، ھاكىمىيەت كۈ-
چىدىن پايدىلىنىپ باشقا پىكىردىكىلەرنى چەتكە قاقماسلى-
قى كېرەك. بۇ يەردە مەن يولداشلارنىڭ كاللىسىنى سە-
گەك تۇتۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۈگۈن، بىر تەرەپتىن فې-
ئودالىزمغا قارشى تۇرۇپ، دېموكراتىيىنى يولغا قويايلى
دەپ قويۇپ يەنە بىر تەرەپتىن كاللىمىزدا يېڭى فېئودال-

لىق پىكىر ئېقىمىنى ئۇلغايتىۋالساق بولمايدۇ. بۇنى تۈزە-
تىش لازىم. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق مەسىلىسىگە كەل-
سەك، ئەگەر توغرا دېموكراتىك سىياسەت توغرا يولغا قو-
يۇلىدىغان بولسا ئۇ هالدا مىللىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئا-
شۇرغىلى بولىدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقىمۇ ئەلۋەتتە ياخ-
شىلىنىدۇ. بۈگۈن ئەگەر مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا
ياكى هەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا يەنە ئىتتىپاق-
سىزلىق ئىشلىرى بولسا، ئۆلكىلىك هۆكۈمەت تەرەپ ئۇنى
ئويلىنىپ كۆرۈش كېرەك. سىياسىي جەهەتتە يەنە دېموك-
راتىيە بولمىغان جايلار بارمۇ - يوق، كۆپچىلىكنىڭ يې-
راققا نەزەر سېلىش ۋە ئاق كۆڭۈللۈك پرىنتسىپە تۇتۇش
ئاساسىدا بۇ مەسىلىنى تونۇشنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

يۇقىرىدىكى بىر قانچە مەسىلە مېنىڭچە ئىنتايىن مۇ-
هىم بولغاچقا، ئۇنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سىلەر بىلەن بىر-
لىكتە مۇزاكىرە قىلىشىش كېرەك دەپ ئويلىدىم. مەمۇرىي
ئۈنۈم مەسىلىسى، ئەمەلدارلارنىڭ پارىخورلۇق مەسىلىسى
ئۈستىدە كۆپ سۆزلىمىسەممۇ بولار. مېنىڭ ئېيتىدىغىنىم
هەممە ئىشتا ئۆلكىلىك هۆكۈمەت رەهبەرلىرى باشلامچى
بولۇش، هەممە ئىشنى ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ يۇقىرى دە-
رىجىلىك خادىملىرىدىن باشلاش، نەمۇنىلىك رول ئويناش،
ئۆزى باشلامچى بولۇش لازىم، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۈنۈم-
نى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. پارىخورلۇقنى تۈگەتكىلى
بولىدۇ. هازىر يەنە شۇنى تەنتەنىلىك هالدا بايان قىلى-
مەنكى، مېنىڭ بۇ خەتنى يېزىشتىكى مەقسىتىم پۈتۈنلەي
بىزنىڭ دوستانىلىقىمىز ئۈچۈندۇر. چۈنكى سىلەر شىنجاڭنىڭ
رەهبەرلىرى، سىلەرنى مەن كۆرسەتكەن، سىلەر بىلەن مې-
نىڭ ئوتتۇرامىدىكى مۇناسىۋەت مەنىۋى جەهەتتىكىلا مۇنا-
سىۋەت بولۇپ قالماستىن، يەنە شەرەپ بىلەن نومۇسنى تەڭ

ئارتىدىغان مۇناسىۋەتتۇر. مەن پەقەت سىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلارنى، شىنجاڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، تىنچلىق، بىرلىككە كەلگەن، دېموكراتىك، ئىتتىپاقلىق داغدام يولىدا مېڭىشىڭلارنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەنكى، مەغلۇب بولۇشۇڭلارغا ھەرگىزمۇ تىلەكداش ئەمەسمەن. مېنىڭ بۇ سۆزلىرىم بىر ئاز ئېغىر كەتكەندۇر، لېكىن ھەممىسى پۈتۈنلەي ياخشى نىيەتلىك بىلەن ئېيتىلدى. ئەگەر سىلەر مېنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىمگە ئاساسەن ئۆزۈڭلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، ئەمەلىيەتتە، ھەرىكەتتە بىر ئاز ئىپادا كۆرسىتەلىسەڭلار، بۇ مېنىڭ ئەڭ سەمىمىي ئۈمىدىم بولۇپلا قالماي يەنە پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى خەلقلەرنىڭمۇ ئۈمىدى ھېسابلىناتتى.

ھازىر مەن يۇقىرىدا ئېيتقان سۆزلىرىمنى يىغىنچاقلاپ قايتا سۆزلەپ ئۆتەي.

(1) خەنزۇلارغا قارشى پىكىرلەر ھەمدە مەخپى ھەرىكەتلەر ئەگەر داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ناھايىتى خەتەرلىك بولىدۇ، شۇڭا سالماقلىق بىلەن ئويلىشىپ كۆرۈش ۋە دىققەت قىلىش لازىم.

(2) مەركىزىي ھۆكۈمەتكە رازى بولساڭلار، بىر تەرەپتىن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى قىيىنچىلىقىنى توغرا چۈشىنىشىڭلار كېرەك، يەنە بىر تەرەپتىن سىلەرنىڭ ھازىرقى شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇشۇڭلار كېرەك.

(3) يۈكسەك ئاپتونومىيە مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنىڭغا مەركەز يول قويمايدۇ ئەمەس دېگەن گەپ يوق، لېكىن ئۇ بىر قۇرۇق گەپ بولماسلىقى كېرەك، ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ ھازىرقى شەرت - شارائىتى ۋە ئىقتىدارىنى ئۈزۈل - كېـ

سىل بىلىش كېرەك، يۈكسەك ئاپتونومىينى ئىدارە قىلىپ كېتىشكە ئىشەش بارمۇ - يوق؟

(4) شىنجاڭدا دېموكراتىك سىياسەتنىڭ ھۇلى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزۇلدى، ئۇنى ئاسانلىقچە بۇزۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دېموكراتىك تۈزۈمگە سەممىيلىك بىلەن ھۆرمەت قىلىپ، خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇشى لازىمكى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئالدى بىلەن دېموكراتىيىنى بۇزىدىغان تەدبىرلەردە بولماسلىقى كېرەك.

ئاخىرىدا مەن سىلەرنىڭ تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا قارىتا راست سۆزۈڭلەرنى قىلىشىڭلارنى سەممىيلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمەن.

(1) سىلەرنىڭ ھازىر مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دۆلەت ئارمىيىسىدىن نارازى بولۇشقا زادى قانچىلىك پاكىتىڭلار بار؟ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ياخشىلاش ۋە تۈزىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشكە قولاي بولسۇن ئۈچۈن بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويساڭلار.

(2) سىلەر ئۈمىت قىلىۋاتقان يۈكسەك ئاپتونومىينى زادى قايسى ۋاقىتتا ئىشقا ئاشۇرۇشنى خالايسىلەر؟ شۇنداقلا يۈكسەك ئاپتونومىينى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەركەزدىن ئۈمىد قىلىدىغىنىڭلار قانداق شەرت؟ سىلەرنىڭ راستچىللىق بىلەن قىلچە قالدۇرماي يېزىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن. مەن سىلەرنىڭ پىكىرىڭلارنى جەزمەن ئوبدان ئويلىشىپ مەركەزگە يوللاپ بېرىمەن.

(3) سىلەر ئەگەر يۈكسەك ئاپتونومىينى يولغا قويماقچى بولساڭلار قانداق شەكىلنى قوللىنىسىلەر؟ سىياسىي،

ئىقتىسادىي، تاشقى ئىشلار ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى پىلانلار قانداق؟ يۈكسەك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا ئىشەنچىلار قانداق؟ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىككە ئىتتىپاقلىقىدا قالايمىقانچىلىق چىقماسلىققا ئىشەنچىلار بارمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە بولغاچقا، مەن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشۈم، ئېنىق بىلىشىم كېرەك. شۇنداقلا ئۇمۇ سىلەر ئالدىن ـ ئالا ئويلاشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەردۇر. سىلەرنىڭ راستچىللىق بىلەن ئۇنى ماڭا ئېيتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

(4) سىلەر كۈتكەن يۈكسەك ئاپتونومىيىنى مەركىزىي ھۆكۈمەت قىلالمايدۇ ئەمەس، ئۇنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى بىر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ھەققانىي تەلىپى ۋە ئارزۇسىغا مەن ئەزەلدىن ھېسداشلىق قىلىپ كەلگەنمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەركەزنىڭ ئويلىشىپ كۆرۈشكە يوللاپ بېرىشىنى خالايمەن. لېكىن بارلىق ئارزۇ ۋە تەلەپلەر خەنزۇلارغا قارشى پىكىر (مەسىلەن ئەيسا ئەپەندى ۋە باشقا ئەربابلار) ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتكە نارازى بولىدىغان تەشۋىقاتلارنى ۋاستە ۋە شۇئار قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى بۇنداق پىكىر ۋە تەشۋىقاتلار ھەرگىزمۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى ئەمەس. بەلكى ئۇ ناھايىتى ئوڭايلا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ ھەمدە خېيىم ـ خەتەرگە ئۇچرىتىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ بۇنى چۈشىنىدىغان ياكى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى، بۇ خىل پىكىر ۋە تەشۋىقاتلاردىن ۋاز كېچەلەيدىغان ياكى كېچەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن. بۇنى ھازىر سىلەرگە سەممىيلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويىمەن، ھەمدە سىلەرنىڭ سەممىيلىك بىلەن ماڭا جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

يۇقىرىدا ئېيتقان سۆزلىرىمدە ئېھتىمال بەزى ئېغىر كەتكەن جايلىرى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مەن ئۇلارنى سەممىيلىك ۋە ياخشى نىيەت بىلەن قىلدىم. بۇنى چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەر قايسىڭلارغا سالامەتلىك تىلەپ، جاڭ جىڭ جۇڭ.

مىنگونىڭ 37 - يىلى 10 - ئاي لەنجۇ

يەنە مەسئۇدنىڭ ئوغلى ئەر توغرۇل (مەي خۋەنشىن - ت) جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغان تەشۋىق قىلىش - ھال سوراش، كۆزدىن كەچۈرۈش ئۆمىكىنىڭ نامىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بىر مۇنچە قانۇنسىز ئىشلارنى قىلغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەرلىك ئەسكەر ۋە ساقچىلار مەسئۇللىرىنىڭ دوكلات قىلىشىچە، ئەر توغرۇل يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئالماشتۇرۇۋەتكەن، يەرلىكتىكى خەلق پىكىرلىرىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئورۇنلارنى كۆزگە ئىلمىغان. يەرلىكتىكى ئاتاغلىق ئەربابلارنى ھاقارەتلىگەن، يەرلىك ئەدلىيە مەمۇرىيىتىگە ئارىلاشقان، ئارمىيە بىلەن خەلق ۋە ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بۆلگۈنچىلىك سالغان. تارمىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى تارقىتىپ، چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنى ئاشكارا ھالدا چەتكە قاققان، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ ئەنسىزلىك - پاراكەندىچىلىك ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىلى تەرەپ قارشى تۇرمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئالماشتۇرۇۋېتىش كېرەك ئىدى. ئۆزۈمنىڭ دەسلەپتىلا ئادەملەرنى بىلىشتە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلماسام بولمايدۇ.

مەركەزنىڭ ئالماشتۇرۇۋېتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى چۈشكەندىن كېيىن، مەن يەنە مەسئۇدقا بىر پارچە تېلېگرامما ئەۋەتتىم، ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ يېزىلدى: بۇ قېتىم

پۈتۈنلەي شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە ئىستىقبالى نەزەردە تۇتۇلۇپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى. 1945 - يىلى لەنجۇدا سىز بىلەن تونۇشقان چېغىمنى ئەسلىگىنىمدە سىزنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، مەركەزنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىڭىزگە ئېلىپ، ئۆلكىگە رەئىس بولغىنىڭىزدىن كېيىن، ئۆزىڭىزنىڭ رەھبەرلىك ئورنىڭىز ۋە ئىناۋىتىڭىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭ خەلقىنى تىنچ، بىرلىككە كەلگەن دېموكراتىيە، ئىتتىپاق بولغان بەختلىك تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە قىلىدۇ دەپ سەمىمىي ئۈمىد قىلغان ئىدىم. ئەپسۇسكى بۇ ئىككى يىلدىن بۇيان سىزنىڭ ئەمەلىي ئىپادىڭىز ۋە ئىستىلىڭىز مېنىڭ دەسلەپتە ئويلىغىنىمدىكىدەك بولمىدى. يېرىم يولدا ئۆزگىرىپ قالغانلىقىڭىزغا چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىمەن. ھازىر مەركەز ئەمەلىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن زۆرۈر بولغان تەدبىرلەرنى قوللانمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا ئورۇنسىز ماجىرالارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، نەزەر دائىرىڭىزنى كەڭرەك تۇتۇپ قوبۇل قىلىشىڭىزنى، كۆڭلىڭىزدە غوم ساقلىماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سەمىمىي نەسىھىتىم ھەمدە ئۇنى ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرسۇن دېگەن ئۈمىدىم ئىدى.

بۇ چاغدا بۇرھان ئەپەندى نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن بولۇپ، مەن بۇيرۇق ئېلان قىلىنغاندا، دەرھال ئۇنىڭغا تېلېگرام بېرىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشى ــ شىنجاڭ ئۆلكىسىدە تىنچلىق، بىرلىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق سىياسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەممە ئىشتا مۇئاۋىن باشلىق تاۋسىيۇ بىلەن يېقىندىن ئالاقىلىشىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد

قىلىدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى تاۋنىڭ قوغدايدىغانلىقىنى
ئۇقتۇرۇپ قويدۇم. بۇنىڭدىن سەل بۇرۇنراق ئالدى بىلەن
مۇئاۋىن باشلىق تاۋغا تېلېگرام سوقۇپ ھەممە ئىشنى پۇختا
بېجىرىشنى ئۇنىڭغا تاپىلىغان ئىدىم. يەنە شىنجاڭنىڭ ھەر
قايسى جايلىرىدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ كاتتىباش-
لىرى ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتنىڭ ۋالىيلىرىغا تېلېگرام سوقۇپ،
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنىڭ سەۋەبلىرىنى
چۈشەندۈردۈم ھەمدە ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئىشلەپ، يەرلىكنى
قوغداپ ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈشىنى ئۈمىد
قىلدىم. كۆپلىگەن زۆرۈر تەدبىرلەر قوللىنىلغانلىقتىن، ئىشلار
ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىپ ھېچقانداق مەسىلە چىقمىدى.

قەتئىي نىيەتكە كېلىپ سۇڭ شىلىيەن بىلەن مەسئۇدنى
ئالماشتۇرۇۋېتىش بىر مۇھىم تەدبىر ھېسابلىناتتى. ئەينى ۋاقىتتا
ئاشۇنداق قىلىش، ئاساسەن شىنجاڭدىكى بۆلۈنۈش ۋەزىيىتىنى
تۈزەشكە يول ئېچىش ئۈچۈن ئىدى، كېيىنچىرەك ۋەزىيەت تە-
رەققىي قىلىپ، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشقا تېخى-
مۇ زۆرۈر شەرتلەر ھازىرلاندى، ئەگەر سۇڭ شىلىيەن يۆتكەپ
كېتىلمىگەن بولسا، تاۋسىيۇ شىنجاڭغا كېلەلمەيتتى، جاھىل ئەك-
سىيەتچى كۈچلەرنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا ھەقىقەتكە قايتىشنى
قوزغاش ناھايىتى تەس ئىدى. ئەگەر مەسئۇد ئالماشتۇرۇۋېتىل-
مىسە، بۇرھان رەئىسلىكنى ئۆتكۈزۈۋالمايتتى، مەسئۇدمۇ ھەقىقەت-
كە قايتىشقا قوشۇلمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان
ۋەزىيەتتە شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كونسېرۋاتىپلار بولۇپ-
مۇ بىر قىسىم چوڭ تۈركىزمچىلار چوقۇم ۋەزىيەتنى تېخىمۇ
جىددىيلەشتۈرۈۋېتىشتەك يامان رول ئويىنىشى مۇمكىن ئىدى. گەر-
چە سۇڭ شىلىيەن ۋە مەسئۇدلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جان تالىش-
شى جەزمەن مەغلۇپ بولىدىغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ ۋە شىن-
جاڭدىكى ئارمىيە بىلەن خەلق يۈزغۇنچىلىقتا ئۇچراشتىن ۋە قان

تۆكۈش، قۇربان بولۇشتىن خالى بولالمايتتى. مەن بىر قانچە
يىلدىن بۇيان ساقلاپ كېلىۋاتقان شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋەزىيە-
تى ۋە ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بۇيان كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان
تىنچلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئارزۇيۇممۇ يېقىن چىقىشتىن
خالى بولالمايتتى. شۇڭا تاۋسىيۇنى سۇڭ شىلىيەننىڭ ئورنىغا
قويۇش، بۇرھاننى مەسئۇدنىڭ ئورنىغا قويۇشتىن ئىبارەت بۇ
تەدبىر، شۇۋاقىتتىكى ئويىمىز ياكى كېيىنكى رولى جەھەتتىن
ئېيتقاندا زۆرۈر ۋە توغرا ئىدى.

## بۇرھاننىڭ دوكلاتى

بۇرھان رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن،
مەسئۇلىيىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، تىنچلىق، بىر-
لىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق سىياسىتىنى يولغا قويدى. بۇن-
دىن كېيىنكى سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش فاكتىدا: پۈ-
تۈن ئۆلكىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تىنچلىق پۈتلىكاشالىرىنى
تۈگىتىش ئۈچۈن، سوۋېت بىلەن، خەنزۇلار بىلەن يېقىن ئۆتۈش-
نىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالدى بىلەن تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە
بىلدۈردى. ئۇ 1949 - يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ماڭا بىر پارچە
دوكلات سۇندى ھەمدە بىرقىسىم ھۆججەتلەرنى قوشۇپ ئەۋەتتى.
دوكلاتنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

بۇيرۇققا بىنائەن يېڭى ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ، ئىشقا
چۈشكەندىن كېيىن، يولغا قويغان مۇھىم سىياسىي تەدبىرلەرنى
قىسقىچە قىلىپ، ھۆرمەت بىلەن جانابىلىرىغا سۇنىمەن:

(1) يېڭى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، «پۈتۈن شىن-
جاڭ خەلقىگە مۇراجىئەت» نى ئېلان قىلىپ، جانابىلىرى ئو-
چۇق كۆرسەتكەن تىنچلىق، دېموكراتىيە، بىرلىك، ئىتتىپاق-
لىقتىن ئىبارەت تۆت چوڭ تەشەببۇسنى چاقىرىق قىلدىم. بۇ

مۇراجىئەتنامىلەر خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، موڭغۇلچە تۆت خىل يېزىقتا بېسىلىپ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەرگە ھەمدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە تارقىتىلدى.

(2) جانابلىرى تۈزۈپ ئېلان قىلغان سىياسىي پروگراممىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، مىنگونىڭ 38 ـ يىللىق سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش فاڭجېنىنى ئالاھىدە تۈزۈپ چىقىلىپ 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئىككىنچى قېتىملىق ئۆلكىلىك ھەيئەتلەر يىغىنىدا ماقۇللىنىپ يولغا قويۇلدى.

(3) ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ خىزمەتكە كىرىشكىنىمدىن كېيىنكى ئىككىنچى ھەپتىدە، ئۆلكىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ھەمدە ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ ئوفىتسېر ـ جەڭچىلىرىنى يىغىپ يوليورۇق بەردىم. جانابلىرىنىڭ تۆت چوڭ سىياسىي تەشەببۇسى، ئۈچ تۈرلۈك مەنئى قىلىش بۇيرۇقى ھەمدە ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار، ئامانلىق ساقلاش ساقچى خادىملىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك تونۇش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆز قىلدىم. شۇنداقلا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىپ، بۇندىن كېيىنكى سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش فاڭجېنىدا، پۈتۈن ئۆلكىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تىنچلىق پۈتۈل كاشىلىلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، سوۋېت بىلەن، خەنزۇلار بىلەن يېقىن ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالىي بىلەن تەلەپ قىلىدىغانلىقىمىزنى شەرھىيلىدىم.

(4) ئۆلكىمىزدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار مال باھاسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن ۋە تەمىناتى ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلكىمىزنىڭ مالىيە كۈچى يېتىشمىگەچكە، مەركەز بەلگىلىگەن ئۆلچەم بويىچە ۋاقتىدا تەڭشەش ئېلىپ بېرىلمىغاچقا، شۇڭا ئۇلار

تۇرمۇشتا تولىمۇ قىيىنلاشماقتا. مەن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن دەرھال ياخشىلاش چارىسى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردىم. ئىككىنچى قېتىملىق ئۆلكىلىك ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن، خامچوت دائىرىسىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ئاساسىدا. ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا ماددىي نەرسىلەرنى تارقىتىپ بەرمەكچى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت چۇڭچىڭنىڭ غەربىدىكى رايونلاردىن ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىپ يۆتكىمەكچى ھەمدە تەمىنلەش بۇيۇملىرى بىلەن تەدرىجىي ھالدا ئۆز - ئۆزىمىزنى قامداشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆلكىمىزدىكى كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلەتمەكچى بولدۇق.

(5) مەمۇرىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك ئورگانلارنى ھەقىقىي تۈردە تەرتىپكە سېلىش، ئالاقىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش جەھەتتە ئۆزلىشىپ قالغان ئادەتلەرنى تۈگىتىپ، مۇۋاپىقتىراق بولۇش، تەمىناتنى ئامال قىلىپ ياخشىلاش، خىزمەتتە ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىق توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق چىقاردىم.

(6) ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تەمىنلەيدىغان ماددىي نەرسىلەرنى تەييارلاش ۋە خامچوتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ قارار چىقىرىشى بىلەن كاتىۋات باشقارمىسى، بوغالتىرلىق باشقارمىسى، مالىيە نازارىتى، تەمىرات نازارىتى، يېزا ئىگىلىك باشقارمىسى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسى، ئۆلكىلىك بانكا، شەھەرلىك ھۆكۈمەت، كوپېراتىپ قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرى قاتناشقان مالىيە گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، پىلاننى پات - پات مۇزاكىرە قى-

لىپ تۇرۇشنى بېكىتتۇق ھەمدە مەركەزنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئورگىنىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى لىيوزېرۇڭنى تەكلىپ قىلدۇق.

(7) خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنى ئازايتىپ، دېموكراتىك سىياسەتكە ئاساس تۇرغۇزۇپ، جەمئىيەتنىڭ چىرىك، رەزىل كۈچلەرنى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتىش، يۈرگۈزۈلۈۋاتقان مەمۇرىي بۇيرۇقنىڭ تېزرەك ئۈنۈم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پەقەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەتلەر بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ، ھازىرقى يېزا، بازارلار ۋە نوپۇس ئارقىلىق باشقۇرۇش (باۋجيا) تۈزۈمىنى تەرتىپكە سالماقچى ھەمدە نوپۇس ئارقىلىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ھەرقايسى يېزا - بازارلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى يېزا مەمۇرىيىتىنى قوشۇمچە باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلماقچى بولدۇق. بۇ پىلاننى ئۆلكىلىك ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ بېكىتىش كۆرۈپىسى تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلىۋاتىدۇ، كونكرېت لايىھە تەييار بولسا، جانابلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ - يوليورۇق بېرىشلىرى ئۈچۈن يوللايمىز (1-، 2-، 3- قېتىملىق ئۆلكىلىك ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ خاتىرىسى بىر پارچىدىن قوشۇمچە قىلىندى.)

بۇ دوكلات ۋە بىر قىسىم ھۆججەتلەردىن قارىغاندا بۇرھان مېنىڭ سىياسىتىمنى چۈشەنگەن، قوللىغان ۋە ئۇنى سەمىمىيلىك بىلەن ئىجرا قىلغان. ئۇ ئادىمەتچىلىك ۋە ئىستىلدىمۇ ئاق كۆڭۈل، جانلىق، زېرەك ۋە قابىلىيەتلىك، ھەقىقىي ياخشى رەھبەر ئىدى. شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن مۇۋاپىق ئادەمنى ئىشقا سالغانلىقىم ئۈچۈن، كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشتى ۋە خاتىرجەم بولدۇم.

# سەككىزىنچى باب  تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىش

## بارغان ـ كەلگەن تېلېگراممىلار

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ماۋجۇشى مېنى چاقىرتىپ، ئازادلىق زور قوشۇنىمىز لەنجۇ ۋە چىڭخەيدىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى، سىزنىڭ شىنجاڭدىكى ئارمىيە ـ ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىغا ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدا تېلېگرام بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن دېدى، ئۇ يەنە مەن شىنجاڭدىن ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىز تېلېگرام بېرىدىغانلا بولسىڭىز ئۇلار چوقۇم شۇ بويىچە ئىشلەيدىكەن دېدى. مەن ماۋجۇشىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھاياجانلانغان ھالدا: مەنمۇ خېلى بۇرۇنلا شۇنداق نىيەتكە كەلگەن ئىدىم. لېكىن مەن 5 ـ ئايلاردا تاۋسىيۇ ۋە بۇرھانلاردىن ھال سوراپ ئەۋەتكەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىنلا خەۋەر ـ ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى، ھازىر ئۇلار بىلەن قانداق ئالاقىلىشىشنى ئۇقمايمەن دېدىم. ماۋجۇشى: بىز غۇلجىدا رادىئو ئىستانسىسى قۇردۇق، سىز ئاۋۋال تېلېگراممىنى غۇلجىغا بەرسىڭىز ئۇلار ئۈرۈمچىگە توغرىلاپ بېرىدۇ، مەن بۇنى غۇلجىدىكى مەسئۇل يولداش دېڭ لىچۈنگە ئېيتىپ قويسام بولىدۇ دېدى، مەن ئۇنداق بولسا ياخشى بولىدۇ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى گېنېرال تاۋسىيۇ، رەئىس بۇرھانغا بىر پارچە تېلېگرام ئەۋەتتىم، تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

ئۈرۈمچى شەھىرى قېرىندىشىم مۇئاۋىن قوماندان مىنيۇ، قېرىندىشىم رەئىس بۇرھان: سىلەرنىڭ تېلېگراممالارنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن غەربىي ـ شىمالنىڭ كا-

دىرلار ئىشىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقى يەنە ۋاقىت ئىس
بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالاقىلىشىپ تۇرالمىدۇق. مەن 6 -
ئاينىڭ 26 - كۈنى بايانات ئېلان قىلدىم، ئۇنى بېيپىڭنىڭ
شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئاڭلاتتى، خەۋەر تاپقانسىلەر. ھازىر
ئومۇمىي ۋەزىيەتتە پەيدىنپەي ئۆزگىرىش بولماقتا.
ۋەزىيەت مۇقىملاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە لەنجۇ ئازاد بولۇپ،
شىنجاڭ ئۆزى يالغۇز خەۋپ ئەھۋالدا قالدى. ئىنقىلابنىڭ
بۈيۈك مەقسىدىنى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تىنچلىقىنى نە-
زەردە تۇتۇپ ھەممە پۈتۈن ئۆلكىدىكى خەلقلەر ۋە بارلىق
ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇپ،
ئۆز ۋاقتىدا ئىپادە بىلدۈرۈپ، گوۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان
ئالاقىلەرنى ئۈزگەنلىكلىرىنى رەسمىي جاكالاپ خەلق
دېموكراتىيىسى لاگېرىغا قايتىپ كېلىڭلار. مەركىزىي خەلق
ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى خەلق ئىنقى-
لابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى
قوبۇل قىلىڭلار. مەن ماۋجۇشىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى
ھەر مىللەت خەلقلىرى، بارلىق ئوفىتسېر - جەڭچىلەر،
ئارمىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرىغا دائىم كۆڭۈل بۆلىدىغان-
لىقىنى، ئىشلارنى مۇۋاپىق ۋە قانائەتلىنەرلىك ھالدا بىر تە-
رەپ قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. مەن تەكلىپكە بىنا-
ئەن پات يېقىندا ئېچىلىدىغان يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭە-
شىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىمەن ھەمدە ماۋجۇشى بىلەن يۈزمۇ-
يۈز تۇرۇپ كېڭىشىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالىسام ئۆ-
زۈمنىڭ شىنجاڭغا بېرىش نىيىتىم بارلىقىنى ئېيتىمەن.
ماقۇل كۆرسە تاپشۇرۇقىنى ئاڭلاشنى خالايمەن. سىلەر دەرھال
قەتئىي قارارغا كېلىپ، بارلىق قىيىنچىلىق ۋە غەم - ئەن-
دىشىلەرنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھەممە ئىشنى ئەتراپلىق
ئويلاشتۇرۇپ، كەسكىن ھەرىكەت قىلساڭلار كۆپرەك ئا-

دەمنى ساقلاپ قالغىلى، كۆپرەك تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ. ھەرقايسى ئارمىيە - دىۋىزىيە باشلىقلىرى ياكى ئالاقىدار ئارمىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرىغا زۆرۈر تېپىلسا مېنىڭ نامىمدا ۋەكالىتەن تېلېگراممىغا بەرسەڭلار، ئۇلار ئەھۋالنى چۈشىنىپ قوبۇل قىلىدۇ. يولداش شاۋجىۋ (لىيۇزىرۇڭ)، مىڭ چۈن (لىيۇ مېڭچۈن)، جىڭ ۋېن (چۈيۈۋ) لارغا سالام ئېيتىڭلار، سەھەرنىڭ پىكىرىڭلار قانداق؟ تېزدىن جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلارنى كۈتىمەن. جاڭ جىڭ جۇڭ، بىپىڭ.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگە كەلگەندە يەنە بىر مۇنچە مەسىلىلەر ئېسىمگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن قايتىدىن تاۋسىيۇغا بىر پارچە تېلېگرام بەردىم.

ئۈرۈمچى شەھىرى قېرىنداشىم مۇئاۋىن قوماندان مىنيۇ: ئېسىمگە بىر قانچە ئىشلار كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئالاھىدە يەنە تېلېگراممىغا بىرىپ سىز بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچىمەن: (1) مازىشياڭ ئاتا - بالا (مابۇفاڭ ئاتا - بالىنى كۆرسىتىدۇ — ت) ۋە ئۇلارنىڭ قالدۇق قىسىملىرى ھازىر قەيەردە؟ ئۇلارنىڭ خىۋاڭ زۇشۇن، جۇۋجيابىن قىسىملىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانداق، ئۇلارنىڭ ئورنى قەيەردە؟ (2) ماچىڭ شياڭنىڭ پوزىتسىيىسى قانداق؟ زىشياڭ ئۇنىڭغا بىرەر ئىشتىن بىشارەت بەرگەنمۇ - يوق؟ ئەگەر ئۇنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشى گۇمانلىق بولسا، سىلەر ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرماقچى؟ مېنىڭچە ئۇنى ئەڭ ياخشىسى نەسىھەت بىلەن قايىل قىلىش لازىم. بولمىسا مەزكۇر قىسىمنى قارا شەھەر ۋە بۈگۈرگە، جۇڭ زۇيىڭنىڭ دىۋىزىيىسىنى تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئەتراپىغا يۆتكەپ، ئۇلارنى خاتىرجەم بۇيرۇق كۈتۈش، كېيىنكى ئىشلارنى نەزەردە تۇتۇش، بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىشلىرىنى قىلماسلىق توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇر-

سىڭىزمۇ بولىدۇ.(3) ھازىر خۇاڭ، جۇۋ قىسىملىرىنىڭ خېـ
شىدا ئىككەنلىكىنى بىلىمىز، ۋاڭ جىڭجىنىڭ قىسىملىرى
غەربكە يۆتكەلدىمۇ - يوق؟ سىز ئۇ تەرەپ بىلەن ئالاقىـ
لىشىشقا ئادەم ئەۋەتتىڭىزمۇ؟ زۆرۈر تېپىلغاندا مېنىڭ
نامىمدا تېلېگرامما بېرىپ، مەزكۇر ئۈچ قىسىمنىڭ بۇندىن
كېيىن سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنى ئاڭلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا
بۇيرۇق چۈشەرسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار چىڭخەيدىكى
ما قىسىملىرىدىن ئايرىلغان بولسا، ئەڭ ياخشىسى شەرقىي
شىنجاڭدا مۇھاپىزەت قىلىپ، ما قىسىملىرىنى شىنجاڭغا
كىرىش نىيىتىدىن ياندۇرۇپ ئۇلارنى جاڭيې، جيۇچۈەن،
يۈمېن ئەتراپىدا تىزگىنلەپ تۇرساق قانداق؟ (4) شىنجاڭـ
دا تۇرۇشلۇق يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلەر ئىچىدە،
بۇرۇن بىر تەرەپلىمىلىك تەشۋىقاتنى ئاڭلاۋېرىپ قايمۇقۇپ
قالغانلارنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئېنىق چۈشەنـ
مەيدىغان، خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئويغانمىغان ياكى
گۇرۇھۋازلىق ھېسسىياتىغا بېرىلىپ كەتكەنلەرنى يوق دېگىـ
لى بولمايدۇ، شۇڭا سىز بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ئۇلارغا
نەسىھەت قىلىپ باقسىڭىز قانداق بولار؟ كۆپچىلىكنىڭ مەن
بىلەن جاپا - مۇشەققەتنى تەڭ تارتىشنى ئۈمىد قىلىمەن،
ئەگەر بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىدىغان بولسا، مەنسۇپ جەھەتـ
تىكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىپ، كۆپچىلىكنى قايتىـ
دىن ھەرگىز خاتا يولغا باشلىمايمەن ۋە زىيانغا ئۇچراتـ
مايمەن، ئاخىرىغىچە جاھىللىق قىلىدىغانلار بولۇپ، قۇتقۇزۇ-
ۋېلىش مۇمكىن بولمىغانلارنى ئالدى بىلەن ئالماشتۇرۇۋېتىپ،
ئىشنى بۇزۇپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. (5) ئۆلـ
كىدىكى كونسېرۋاتىپلارنى كۆپ يىللاردىن بۇيان ھەر
تەرەپتىن تىزگىنلەپ ھەم ئۇلارغا تەربىيە بېرىپ كەلگەن
بولساقمۇ لېكىن يەنە ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرى بار،

شۇڭا ئۇلارغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە
قازاقلارنىڭ ئىچىدە سوۋېتتىن، كوممۇنىستلاردىن قورقۇش
كەيپىياتى ئاشكارىلىنىپ تۇرىدۇ. مېنىڭ ۋە ئۆزىڭىزنىڭ
نامىدا مۇراجەتنامە ئېلان قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھا-
زىر يۈرگۈزۈۋاتقىنىنىڭ كوممۇنىزمۇ ئەمەس، سوتسىيالىزممۇ
ئەمەس، بەلكى يېڭى دېموكراتىزم ۋە سەنمىنجۇيىنىڭ
ئاساسلىق مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئاز
سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا باراۋەرلىك - ئىتتىپاقلىق
سىياسىتىنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى ھەمدە دىنىي - ئېتىقاد
ئەركىنلىك سىياسىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى، شىن-
جاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركەز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئۆز-
گىرىش بولغان بولسىمۇ لېكىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سى-
ياسىي پروگراممىسى بويىچە تۈزۈلگەن تىنچلىق، دېموكراتىيە،
بىرلىك، ئىتتىپاقلىق سىياسىتىدە زادى ئۆزگىرىش بولماي-
دىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۇلارنىڭ گۇمان قىلىش، قور-
قۇش تۇيغۇسىنى تۈگىتىشىمىز، ھەمدە رەئىس بۇرھاننىڭ
سېيىت، ئۆمەر، يولۋاس، مەسئۇد، ئىمىن، جانىمقان ① قا-
تارلىقلارنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئۇلارغا
ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، توسالغۇ-
لۇق قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. (6) ئىلى
تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇشنىمۇ توختىتىپ قويۇشقا
بولمايدۇ، ئالاقىلىشىپ تۇرۇلدىمۇ يوق؟ ئەڭ ياخشىسى
سوۋېتلىك قوشنىلار بىلەن بولغان ئۇچرىشىشنى داۋاملاش-
تۇرۇش لازىم. (7) بۇ ئىشنى ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ دېپ-

① سېيىت — ئۆلكىلىك مەسلىھەتچىلەر ھەيئىتى، ئۆمەر — قەشقەرنىڭ ۋالىيسى، يولۋاس — قۇمۇلنىڭ ۋالىيسى، جانىمقان مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، مەسئۇد سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، ئىمىن — تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى ئىدى.

لوماتىيە خادىملىرىدىن ئىنتايىن مەخپىي تۇتۇپ، ئىشتىن كېيىن قوغداش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلسا بولىدۇ. مۇۋاپىق خەلقئارالىق رەسمىيەتلەر ۋە مۇئامىلىنى ساقلاش لازىم. (8) ھەربىي ئاشلىق، قىشلىق كىيىم - كېچەك ۋە مائاش خىراجىتى قاتارلىقلارنىڭ تەييارلىنىشى قانداق بولدى؟ مەن بۇنىڭدىن غەم قىلىۋاتىمەن، رەئىس بۇرھان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ۋاقتىنچە ئۆلكە دائىرىسىدىن ھەل قىلىشقا تىرىشساڭلار. غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئەسلىگە كەلسىلا مەسىلە ھەل بولۇپ كېتىدۇ. ئۆتكۈنچى دەۋردە تۇرۇۋاتقاندا قىيىنچىلىقتىن ساقلىنىش تەس، شۇڭا بۇ ئىشقا ئۆز ۋاقتىدا ئەھمىيەت بېرىشىڭلارنى سورايمەن. (9) ئۇقۇشۇمچە جۇڭگو بىلەن سوۋېت شىنجاڭ ئۆلكىسىدە سودا ۋە ئىقتىسادىي توختام تۈزۈشكە قوشۇلۇپتۇ، لېكىن گوۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى ئىمزا قويۇشقا رۇخسەت قىلمىدى، بۇ بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى، شۇنداقتىمۇ يېڭى مەركىزىي ھۆكۈمەت كېيىنكى ئايدا قۇرۇلماقچى، پەرەز قىلىشىمچە سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۇنى ئالدى بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ كېلىشىم ئۈستىدە داۋاملىق سۆھبەت ئېلىپ بېرىلىپ ئىمزا قويۇلىدۇ، ئىقتىسادىي ئەھۋال يېڭى تۈسكە كىرىدۇ. يۇقىرىدىكى ئىشلارنى ئويلىشىپ مەسلىھەت قىلىش يۈزىسىدىن ئوتتۇرىغا قويدۇم. سىزنىڭ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ ھەربىي ۋە خەلقلەرنى قوغداپ قېلىش يۈزىسىدىن ئىنقىلابىي ھەرىكەت قوللىنىشىڭىزغا، ئەتراپلىق ئويلىشىپ، ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى پۇختا ئىشلەپ، سالماقلىق، ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىشىڭىزغا ئىشىنىمەن. سىلەردىن خوش - خەۋەر كۈتىمەن. جاڭ جىژجوڭ، بېيپىڭ.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا تاۋسىيۇ، بۇرھانلارنىڭ 9 - ئاينىڭ 17 -

كۈنى ئەۋەتكەن جاۋاب تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، ئۇلار
تېنچ يول بىلەن ئۆزگىرىش ياساشقا ئېھتىياتچانلىق بىلەن
مەسلىھەت قىلىشىۋاتقانلىقىنى، دۆلەت زېمىنىگە كاپالەتلىك قىلىش،
پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىنى قوغداپ، ئورۇنسىز قۇربان بېرىشتىن
ساقلىنىش پىرىنسىپى ئاستىدا، ھەرىكەت قوللىنىپ تېزدىن گۇاڭ-
جۇ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ خەلق ئىن-
قىلابىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى
بىلدۈرۈپتۇ، تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

گېنېرال ۋىنبەي جانابلىرى: 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى
بېيجىڭدىن ئەۋەتكەن تېلېگراممىلىرىدىن خەۋەر تاپتۇق. شىن-
جاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا تەپسىلىي يوليورۇق
بېرىپلا، بىز بۈنىڭدىن چوڭقۇر مىننەتدارمىز. مەملىكەتنىڭ
تىنچلىق ۋەزىيىتى ئىشقا ئاشمىغانلىقتىن جانابلىرى بېيجىڭ-
دە قەپ قاللا، بىز مۇشۇ يېرىم يىلدىن بۇيان شائجۇ ۋە
مىڭ چۈن، جىڭ ۋېن قاتارلىق قېرىنداشلار بىلەن ھەر
دائىم ئېھتىياتچانلىق بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۇرۇۋاتىمىز،
دۆلەت زېمىنىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئۆلكىمىزنىڭ تىنچ-
لىقىنى قوغداش ھەمدە قىسىملاردا ئورۇنسىز قۇربان بېرىش-
لەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئۈچ پىرىنسىپ ئاستىدا
مۇۋاپىق پەيت تاللاپ تېنچ يول بىلەن ئۆزگىرىش ياسى-
ماقچى بولدۇق. ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان تىرىشچانلىق كۆر-
سىتىش ئارقىلىق بۇ تەشەببۇس پۈتۈن شىنجاڭدىكى زاتلار
ۋە پۈتۈن ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ ھىمايىسى-
گە ئېرىشتى. ئاز ساندىكى فاشىستلار جۈملىدىن ماچېڭ-
شياڭ، يې چېڭ، لوشۇرېن① قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ خا-

---

① ماچېڭشياڭ — 5 - ئاتلىق ئارمىيىنىڭ باشلىقى، يې
چېڭ ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن دىۋىزىيىنىڭ باشلىقى، لوشۇرېن — لۈي-
جاڭ قوشۇمچە ئۈرۈمچى گارنىزونىنىڭ قوماندانى.

ھېشى بويىچە ئاز سانلىق كادىرلارنى باشلاپ يېقىندا پۈر-
سەتتىن پايدىلىنىپ ئۇرۇمچىدىن ئايرىلىپ چەتكە چىقىپ
كەتتى. جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭدىكى قالغان بارلىق قى-
سىملار ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ داۋاملىق يەرلىكنىڭ تەر-
تىپىنى ساقلىماقتا. ما قاتارلىقلار كەتكەندىن كېيىنلا تاۋ-
سىيۇ رەھبەرلىكىدە گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇنا-
سىۋەتنى ئۈزۈپ، دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تېنىچلىق
كېلىشىمى بويىچە، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتې-
تىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىمىزنى جاكالىدۇق.
ھۆكۈمەت تەرەپ بولسا ستراتېگىيىدە ئۆزگىرىش ياسىلىشى
بىلەن تەڭلا جانابلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن
تۈزگەن تىنچلىق ماددىسىغا ئاساسەن، ئۈچ ۋىلايەتتىن ئەس-
لىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ھەيئەت بولغانلارنى ئۈرۈمچىگە
قايتىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ، ھەمكارلىقنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈپ، تۈزۈلگەن تىنچلىق، بىرلىك، دېموكراتىيە، ئىت-
تىپاقلىق سىياسىتىگە ھەمدە ئۆلكىمىزنىڭ سىياسىي پروگ-
راممىسىغا بىنائەن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشتىن
ئاۋۋال ۋاقىتىنچە يەرلىكنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى بىر تەرەپ
قىلىپ تۇرماقچىمىز. مەركەزنىڭ ئۆلكىمىزدە ۋاقىتلىق خەلق
ھۆكۈمىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى كۈتىۋاتىمىز. مۆل-
چەرلىشىمىزچە، يېقىندىكى خىزمەتلەرنى مۇشۇ ئاي ئىچىدە
پۈتۈنلەي تولۇقى بىلەن ئورۇنلاشقا بولىدۇ. بىز شۇنىڭغا
ئىشىنىمىزكى، ئىنقىلابىنىڭ بۈيۈك مەخسىتى بىلەن ئۆز
بۇرچىنى ئېنىق بىلگەن كىشى سىياسىي جەھەتتە باشقىچە
تەلەپ قويمايدۇ. پەقەت پۈتۈن ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىنىڭ كا-
پالەتكە ئىگە بولۇشىنى، خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە
قالماسلىقىنى، قىسىملارنى قۇربان قىلماسلىقنى، دۆلەتكە، ھەر

مىللەت خەلقلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى ئويلايدۇ. ماۋجۇشىنىڭ ۋە جانابلىرىنىڭ ئۈمىـدىنى يەردە قويمايدۇ. شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى پىكرىمىزنى يېزىپ ئۇنى جۇشىغا بېرىپ قويۇشى ئۈچۈن دېڭ لىچۈن ئەپەندىگە تاپـشۇرۇپ بەردۇق. ئىزاھ بېرىش يۈزىسىدىن بۇ تېلېگرامـمىنى ئەۋەتتۇق، تاپشۇرۇپ ئالارسىز. ھازىر خەلقلەر جاـنابلىرىنىڭ بالدۇرراق قايتىپ كېلىپ رەھبەرلىك قىلىشلىـرىنى سەممىيلىك بىلەن كۈتمەكتە. قاچان يول ئالىسىز، ئالـدىن تېلېگرامما بىلەن خەۋەر بېرىۋېتىشىڭىزنى سەممىيلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمىز. تاۋسىيۇ، بۇرھان (9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى)

شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە گېنېرال تاۋسىيۇنىڭ ماڭا ئەۋەتـكەن شىنجىن تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم:

گېنېرال ۋېن بەي جاناپلىرى: شىنجىن تېلېگراممىڭىزدىن خەۋەر تاپتىم. ھازىر ئاساسلىق ھەل قىلغۇچ سىياسەتلەرنى رەئىس بۇرھان بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرىگە تېلېگرام ئارقىـلىق يوللىدۇق، يولىيورۇق بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمىز. ئۆزلىرى تېلېگرام ئارقىلىق سورۇشتۇرغان ئىشلارنى تۆۋەندىكىچە دوكلات قىلىمەن:

1 - مازىشياڭ ئاتا - بالا ئائىلە - تاۋاباتىنى ئېلىپ ھەج قىلغىلى چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قالدۇق قىسىملىرى چىڭخەيدە ئاساسەن دېگۈدەك تىرە - پىرەن بو-لۇپ تۈگەشتى. ھەر دەرىجىلىك قوماندانلىرى خەلق ئازاتـلىق ئارمىيىسىگە تەسلىم بولدى. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېـشى چېگرىسى ئىچىدە چىڭخەي قىسىملىرى قالمىدى. خۇاڭ، جۇ قىسىملىرى، ما قىسىملىرى بىلەن خېلى بۇرۇنلا ئالاقە قىلىشماس بولغان.

2 - ماچىڭ شىنجاڭدىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ماچىڭ شىياڭغا يوليورۇق بەرمىگەن. ماچىڭ شىياڭنى سۆز بىلەن قايىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇ ئۆزى بىلەن ئاز ساندىكى كادىرلارنى باشلاپ، ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ چەت ئەلگە ھەج قىلغىلى بارىدىغان بولدى. ئۇنىڭ قىسىملىرى بىزنىڭ رەھبەرلىكىمىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

3 - ۋاڭ جىڭچى قىسىملىرى غەربكە يۆتكەلگىنى يوق. خېشى تەرەپ توغرىسىدا ھازىر زىلىڭ جىن ۋۇ① ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىز بىلەن يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ مەسلىھەتلىشىپ تورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان بولدى. شىنجاڭ مەسىلىسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، مېنىڭ رەھبەرلىكىمدە ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. يات - يېقىندا لەنجۇ دائىرىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ قالارمىز. شۇ چاغدا جۇ بىلەن بىۋاستە سۆھبەت قىلىشىنىڭ ئامالىنى قىلىمەن.

4 - شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارلاردىن ماچېڭ شىياڭ، يې چېڭ، لوشۇرىنلارنىڭ ئاز ساندىكى كادىرلارنى باشلاپ قىسىمدىن ئايرىلىپ شەرق تەرەپكە كېتىپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىدا مەسىلە چىقمايدۇ. ئۇلار ئۈرۈمچىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى، ئايرىم خەۋەر قىلىمەن.

5 - ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئېقىمىدىكىلەرنى باشلاپ پاكىستانغا كېتىشنى قارار قىلدى. كونسىرۋاتىپلارنىڭ كاتىباشلىرىدىن جانىمقان، خادىۋاڭ② مەسئۇد قاتارلىقلارمۇ شىنجاڭدىن ئايرىلىشنى قارار قىلدى. پېقىر رەئىس بۇرھان بىلەن تەپسىلىي مەسلىھەتلىشىپ ئۇلار-

① زىلىڭ جىن ۋۇ — غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرى ئەمەلدارلار مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇباڭى.

② خادىۋاڭ — ئۈرۈمچىنىڭ ۋالىسى.

غا توسقۇنلۇق قىلماي بىخەتەر كېتىشىگە يول قويىدىغان بولدۇق. ھەر مىللەت ئاممىسىغا مۇۋاپىق ھالدا تەشۋىق قىلىپ ئۇلاردىن ھال سوراپ تۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلار خۇشال - خۇرام ئىتائەت قىلىشتى.

6 - ئىلى تەرەپ بىلەن ئالاقىلىشىشنى رەئىس بۇرھان بېجىرىۋاتىدۇ. تېنچلىق بىتىم، سىياسىي پروگراممىا بويىچە ھەمكارلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. لېكىن ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ھەر قايسى تەرەپ ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ مەركەزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈپ ھەر قانداق تىگىشلىك بولمىغان ئۇقۇشماسلىقلاردىن ساقلانماقتىمىز.

7 - ئامېرىكا كونسۇلخانىسى چېكىنىپ چىقىپ، پەقەت بىر نەپەر مۇئاۋىن كونسۇللا قېپ قالدى. ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ ھازىرچە ھېچقانداق رولى قالمىدى، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇلارنى قوغدايمىز.

8 - ھازىر ھەربىي خىراجەت مەسىلىسىدىن تولىمۇ قىينىلىۋاتىمىز. 7 - ئايدىن كېيىن ھەربىي تەمىنات تارقىتىلمىغاچقا قىسىملاردىمۇ تېنچسىزلىق خېلى كۈچلۈك. بىر قانچە ئايدىن بۇيان گۋاڭجۇ بىلەن ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە سۆزلىشىپ يۈرۈپ پۈتۈن قىسىملارنى شەرققە يۆتكەيمىز دېگەننى بانا قىلىپ كۆرسىتىپ، ھەر خىل خىراجەتلەردىن ئازراق ھەل قىلدۇق. يېقىندا بۇ پۇلنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئېلىپ كەلمەكچىمىز. ئەگەر ھەممىسىنى (تەخمىنەن 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن كۈمۈش تەڭگە) ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلەلىسەك نۆۋەتتىكى ئەھۋالنى ياخشىلاشقا بولىدۇ. بىر قانچە ئايدىن بۇيان ئوچۇق ئىپادە بىلدۈرلمەي كەلگەنلىكىمدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى مۇشۇ رەئىدى. چۈنكى ئۆلكىنىڭ غەزىنىسىدە ھېچنەرسە قالمىغانلىقى ئۈچۈن، رەئىس بۇرھانمۇ ئامالسىز قالغانىدى.

9 - جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق مۇناسىۋىتىدە يېقىندىن بۇيان ئىلگىرىلەشلەر بولۇۋاتىدۇ. سودا ۋە ئىقتىسادىي توختام كېلىشىمى تېخىچە ئىمزالانغىنى يوق، بۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى مەسئۇللارنىڭ مەسىلىسى ئەمەس. بۇ نۇقتىنى سوۋېت تەرەپ پۈتۈنلەي چۈشىنىدۇ. يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ھەل قىلىشقا بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمىز. قىسقىسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە، ھەممە ئىشنى ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن تەڭ كۆرۈشكە بولمايدۇ، بۇنى جانابلىرى ئوبدان بىلىلا. ھازىرقى مەسىلە، كەلگۈسىدە تەمىنلەش مەسىلىسىدە مەركەزنىڭ مۇۋاپىق ياردەم بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغاندىن سىرت قىشنى ۋاقتىنچە يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئۆتكۈزۈپ كەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا مەن زادى ھېچقانداق ئىككىلەنمەيلا ھەرقانداق مەسئۇلىيەت بولسا ئۈستۈمگە ئالالايمەن. بۇندىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەسىلىسىدە يەنىلا مىللىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتىكى ئىشلار نەزەردە تۇتۇلۇپ، خەلقنىڭ رايى بويىچە ئىش كۆرۈلۈپ، جانابلىرى تۈزگەن سىياسەتلەر ئىجرا قىلىنىدۇ، بۇنى ماۋجۇشى ئوبدان ئويلىشىپ، رەھبەرلىك قىلغۇسى. دۆلەت ئۈچۈن چېگرا رايونىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇلۇق پىلاننى ۋۇجۇتقا چىقىرىش، ھەقىقەتەنمۇ كۆز ئالدىمىزدىكى جىددىي ۋەزىپە بىر زىپ ھېسابلىنىدۇ. ھەر ۋاقىت يوليورۇق بېرىشلىرىنى سورايمىز. ھۆرمەت بىلەن تاۋسىيۇ. 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى.

بۇ ئىككى تېلېگراممىدىن قارىغاندا، تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشتا مەسىلە كۆرۈلمەيتتى. مەن 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بۇرھانغا بىر پارچە تېلېگرام ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ توغرا، تەدبىرلىرىنىڭ مۇۋاپىق بولغانلىقى ئۈچۈن خاتىرجەم بولغانلىقىمنى بىلدۈردۇم، مېنىڭ قاچان ئۈرۈمچىگە يول

ئالدىغانلىقىم توغرىسىدا ماۋجۇشىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن يولغا چىقىش ۋاقتى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئاندىن تېلېگرام ئارقىلىق خەۋەر قىلىدىغانلىقىمنى ئۇختۇرۇپ قويدۇم. تېلېگراممىنىڭ تېكىستى مۇنداق يېزىلغان:

ئۈرۈمچى شەھىرى مۇئاۋىن قوماندان مىنيۇ ۋە سىز ئارقىلىق رەئىس بۇرھانغا، 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئەۋەتكەن 2 پارچە تېلېگراممىدىن خەۋەر تاپتىم. سىلەرنىڭ پوزىتسىيەڭلەر توغرا، تەدبىرلىرىڭلار مۇۋاپىق بولغانلىقى ئۈچۈن خاتىرجەم بولدۇم. ماۋجۇشى تېلېگراممىنى كۆرۈپ ئاپىرىدىن ئوقىدى. ما، يې، لو قاتارلىقلار ئۈرۈمچىدىن ئايرىلدىمۇ - يوق، بىلەمدۇق؟ خۇاڭ، جۇ قىسىملىرى بىلەن ئالاقە باغلىيالىدىڭىزمۇ - قانداق؟ مېنىڭ نامىمدا ئۇلار ئىككىسىگە تېلېگرام ئارقىلىق سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزنى قوبۇل قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئۇختۇرۇپ قويۇشىڭىزنى ھەمدە ئادەم ئەۋەتىپ ئازادلىق ئارمىيەنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى قوماندانلىرى بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارغا سەممىي نىيىتىنى بىلدۈرۈپ قويۇشلىرىنى، ئەمدى يەنە ئىككىلىنىپ تۇرماسلىقلىرىنى ھەمدە پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. يەنە سىز، ئادەم ئەۋەتىپ قوماندان پېڭ دېخۇەي بىلەن سۆزلەشسىڭىز ياخشى بولاتتى. بېيجىڭ مەسلىھەت كېڭىشى تۈنۈگۈن ئېچىلدى، يىغىن ۋاقتى سەككىز كۈن بولۇشى مۇمكىن، يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ماۋجۇشىنىڭ يولىيورۇقىغا بىنائەن ئۈرۈمچىگە بېرىش مەسىلىسىنى ئاندىن بېكىتىمەن. بىرەر ئىش بولسا ھەر ۋاقىت تېلېگرام ئارقىلىق خەۋەر قىلىشىڭلارنى سورايمەن. جاڭ جىجۇڭ، بېيپىڭ.

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكالىدى. باش قوماندان تاۋسىيۇ-

نىڭ باشلامچىلىقىدا ھەر قايسى دىۋىزىيە، بىرىگادىلارنىڭ كوماندىرلىرى بىرلىكتە ماۋجۇشى ۋە خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا تېلېگرامما يوللاپ، گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تېلېگرامما تېكىستى مۇنداق:

ماۋجۇشى، باش قوماندان جۇدې، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ھەمدە سىلەر ئارقىلىق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەر قايسى دالا ئارمىيە قوماندانلىرى مۇئاۋىن قوماندانلىرى، سىياسىي كومىسسارلىرى ھەمدە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 1 - نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرىگە: بىز شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئوفىتسېر — جەڭچىلەر ئۈچ يىلدىن بۇيان گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىچكى جەھەتتە تىنچلىق، سىرتقا قارىتا سوۋېت بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياسىتىنى ھىمايە قىلىپ كەلدۇق. گېنېرال جاڭ جىجۇڭ غەربىي - شىمالدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئىچكىرىنىڭ ۋەزىيىتى يېڭى تۈسكە كىرگەن بولسىمۇ لېكىن گېنېرال جاڭ جىجۇڭ چېگرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن، ئىنقىلابنىڭ بۈيۈك مەقسىتىنى ئەمەلدىن مۇھىم بىلىپ، پۈتۈن ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنى تېزدىن خەلق دېموكراتىيىسى لاگېرى تەرەپكە ئۆتۈشكە، دۆلەتكە تۆھپە قوشۇشقا دەۋەت قىلدى. تاۋسىۋ قاتارلىقلار ھەربىي كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن دۆلەتكە، خەلققە پايدىلىقلا بولىدىكەن، ئۆزلىرىنىڭ شان - شۆھرىتىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن ھەرگىز ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ. ھازىر دەل جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك يىغىنى ئېچىلىۋاتىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە،

يېڭى جۇڭگونى تىنچ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت پارلاق يولغا قاراپ ماڭماقتا. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار دۆلەت چېگىرىسىنى قوغدايدىغان قوراللىق كۈچ، بىز دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى، گۈللىنىشى، رىۋاجلىنىشى ۋە ئىستىقبالىغا قىزغىن تىلەكداشمىز. خەلق ئىنقىلابىي ئىشلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل ئورۇنلاش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ تېگىشلىك تىرىشچانلىقىمىزنى كۆرسىتىشنى خالايمىز. تاۋسىيۇ قاتارلىق كىشىلەر پۈتۈن ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرگە ۋاكالىتەن تەنتەنىلىك بىلەن جاكالايمىزكى: بۇگۈندىن ئېتىبارەن گوۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، ماۋجۇشى تۈزگەن سەككىز ماددىلىق تىنچلىق باياناتى ۋە دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسىمدىكى تىنچلىق كېلىشىمنى سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىمىز، پۈتۈن ئارمىيە ئەسلىدىكى تۇرۇۋاتقان ئورۇننى مۇداپىئە قىلىپ، يەرلىكنىڭ تەرتىپىنى ساقلاپ، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتىمىز. مەزكۇر تېلېگراممىنى يوللىدۇق، يوليورۇق بېرىلىشىنى كۈتىمىز. شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزوننىڭ باش قوماندانى تاۋسىيۇ، مۇئاۋىن قوماندان قوشۇمچە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان 42 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى جاۋشىڭگۇاڭ، ۋاقىتلىق تەشكىللەنگەن 1 - ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى خەن يۇۋېن، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن 78 - دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى مو ۋورو، بىرىگادا كوماندىرى جۇڭ زۇ يىڭ، لى زۇتاڭ، تىيەنزى مىي، خەن رۇڭ فۇ، گۇچۇەنلىياڭ، جۇمىڭ گاڭ، لورۇجىڭ، لىيۇلۇن سەي، ياڭ يەن يىڭ، ما پىڭ لىن ھەممىمىز تەڭ تازىم قىلىمىز.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

مەن ماۋجۇشىنىڭ قېشىدا يۇقىرىدىكى تېلېگراممىنى كۆر-

گەندىن كېيىن، كۆڭلۈم بىردىنلا ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتتى. چۈنكى مېنىڭ ئىزچىل تۇردە شىنجاڭنى ئامان - ئېسەن ساقلاپ قېلىش، تىنچلىقتا كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىم بۈگۈنگە كەلگەندە كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقتى. دۆلەتكە، شىنجاڭ خەلقىگە مەسئۇلىيەت جەھەتتە، مەنىۋى جەھەتتە ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم. بۇندىن كېيىنكى شىنجاڭ مەڭگۈ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى بولىدۇ. شىنجاڭ خەلقى مەڭگۈ ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ تىنچلىق، ئەركىنلىك، بەختلىك سىياسىتىدىن بەھرىمان بولىدۇ. بۇ تىنچ يول بىلەن ئۆزگىرىشنى ئىلى تەرەپنىڭمۇ قوللايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۇلارنىڭ جەزمەن ۋەتەننىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىپ، قايتىدىن ھەمكارلىشىشقا، كومپارتىيە ۋە ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇ شەك - شۈبھىسىز. 1945 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولۇپمۇ 1946 - يىلدىن 1948 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىلنى ئەسلەيدىغان بولساق، شىنجاڭ ۋەزىيىتى شۇنچە جىددىي بولدى، خەلقنىڭ كۆڭلى شۇنچە داۋالغۇپ تۇردى، كۆپ قېتىملىق بۆلۈنۈش ۋە جەڭ بولۇۋېرىپ، كىشىنىڭ روھى دۇنياسىنى زىل - زىلىگە سېلىپ، تۇرمۇشتا خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلدى. ئەمدى ھازىر بارلىق مەسىلىلەر ئوڭايلا ھەل بولدى، بارلىق مەسىلىلەر ئۆتمۈشكە ئايلاندى.

## ھەقىقەتكە قايتىش جەريانى

شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنىڭ جاكالىنىشى جاپالىق ھەم ئەگرى - توقاي جەرياننى باشتىن ئۆتكۈزدى. جاھىل ئۇنسۇرلاردىن، مەسىلەن: ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ كاتتىبېشى يې چېڭ، لوشۇردىن، ماچېڭشىياڭ قاتارلىقلار بىر قانچە قېتىم تەۋرىنىپ، قايتا ئېلىشىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان بولۇپ،

ھەر قاچان قان تۆكۈلۈش ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بار ئىدى، بەختكە يارىشا گېنېرال تاۋسىيۇ ئەپچىللىك بىلەن مۇۋاپىق تەدبىر، ياخشى چارە ئىشلەتتى، كۆپ كۈچ چىقاردى. لىيۇ مېڭچۈن، چۈيۇۋ، لىيۇزېرۇڭ قاتارلىق يولداشلارمۇ كۆپ تەرەپلىمە پىلان تۈزۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن خىزمەت ئىشلىدى، بۇ تۈپەيلىدىن لو، ما، يې قاتارلارنىڭ قەست قىلىشىغا ئۇچراشتا تاس قالدى. بۇنى ئاللاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

مەن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، گېنېرال تاۋسىيۇ ۋە يولداش لىيۇ مېڭچۈندىن شىنجاڭ قىسىملىرىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش ۋە تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى جەريانلارنى سوراپ كەلگەن ئىدىم، ئۇلار ئومۇمەن تۆۋەندىكىچە جاۋاب بەردى:

1949 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئەنجىن تەرەپ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق غەربىي - شىمال ھەربىي - مەمۇرىي قوماندانلىق مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى گېنېرال تاۋسىيۇغا شىنجاڭدا مۇداپىئە ئىشلىرى ئۈچۈن پەقەت بىر بىرىگادا قالدۇرۇپ، قالغان قىسىملارنى ئىچكى ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئىچكىرىگە يۆتكەش توغرىسىدا تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق قىلغان. تاۋ ئىچكىرىگە قايتىشقا قارشى ئىدى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق گارنىزونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى قوشۇمچە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن دىۋىزىيىنىڭ كوماندىرى جاۋشىگۋاڭمۇ ئىچكىرىگە قايتىشقا قارشى ئىدى. لېكىن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 5 - ئاتلىق كورپۇسىنىڭ كوماندىرى ما چېڭشياڭ، بىرىگادا كوماندىرى لوشۇرېن بولسا ئىچكىرىگە قايتىشنى قۇۋۋەتلەيتتى، دىۋىزىيە كوماندىرى يې چېڭ ئانچە قۇۋۋەتلەپمۇ كەتمەيتتى.

ئەنجىندىن يەنە تېلېگرامما كېلىپ گېنېرال تاۋسىيۇنى

نەنجىنگە چاقىرىتقان بولۇپ، تاۋسىيۇ ۋە لىيۇمېڭچۇن، چىو يۈۋ،
لىيوزىرۇك دىن ئىبارەت ئۈچ يولداش مەسلىھەت قىلىشىپ،
تاۋسىيۇنىڭ بارماسلىقىنى قۇۋەتلىگەن. لى زۇڭرىن نەنجىڭدىن
گۇاڭجۇغا بېرىپ، يەنە تاۋسىيۇنى چاقىرتىپ تېلېگرامما ئەۋەتكەن.
تاۋسىيۇ يەنىلا بېرىشنى خالىمىغان. بارماسلىقنىڭ قانداقلا بولمىسۇن
بىرەر سەۋەبى، قىسىملارنى ئىچكىرىگە يۆتكىمەسلىكنىڭمۇ سە-
ۋەبي بولۇشى كېرەكتە. شۇنىڭ بىلەن گېنېرال تاۋسىيۇ ئۇرۇم-
چىدىن لەنجۇغا كېلىپ، قىسىملارنى ئىچكىرىگە يۆتكەش پىلانىنى
تۈزۈپ، كۆپلەپ ئاپتوموبىل، بېنزىن، ۋە كۆمۈش تەڭگە تەلەپ قىلغان.
بۇ ئىش شۇ چاغدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدىن كەلمەيدى-
تى. شۇ چاغدا مابۇفاڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق نامىدا لەنجۇغا كەل-
گەن بولۇپ، دائىملىق لەنجۇدا تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن باشلىق گو-
بى شەن، ما بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىماي چىقا گۇاڭجۇغا كەت-
مەكچى بولغان، تاۋسىيۇ بۇ پىلانىنى ئالغاچ كېتىڭ دەپ دەرھال
ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

تاۋسىيۇ ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېلىپلا مەخپىي ھالدا پائال
تۈردە تىنچلىق ھەرىكىتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يول-
داش لىيۇمېڭچۇن ۋە لىيوزىرۇك (چۈيۈۋ شۇ چاغدا تىنچلىق ۋەكى-
لى ئۈرۈمچىگە قاتنىشىپ بېيجىڭدە تۇرۇۋاتقان ئىدى) يولداشلار
بىلەن شىنجاڭ ۋەزىيىتىگە بولغان كۆز قاراش مەسلىسى ئۈس-
تىدە مەسلىھەتلەشكەن. تاۋسىيۇ بۇ سىياسىي مەسلە بولماستىن
بەلكى ھەربىي ئىشلار مەسلىسى، شۇڭا ھەربىي قىسىملارنى قانداق
قىلىپ ئۆزگەرتىش تەرەپكە قاراپ بېتەكلەش چوڭ مەسلە دەپ
قارىغان ھەمدە ئۇلارغا پۈتۈن ئارمىيىنى ئىچكىرىگە يۆتكەش
توغرىسىدىكى زور پىلانىنى گوجىشەننىڭ ئالغاچ كېتىشى ئۈچۈن
تاپشۇرۇۋەتكەنلىكىنى، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئۆزىنى قاچۇرۇش ئىكەن-
لىكىنى ئېيتقان.

7 - ئايلاردا رەئىس بۇرھان، تاۋ، لىيۇ، چۈي، لىيۇ قاتارلىق

لارنى ھەمدە سوۋېتلىك دوستلارنى تەكلىپ، قىلىپ نەنسەندە بىر قانچە كۈن تۇرۇپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا غەيرى رەسمىي ھالدا پىكىر ئالماشتۇرغان. ئۇندىن كېيىن تاۋ، لىيۇ قاتارلىقلارنى يەنە رەئىس بۇرھان ۋە سوۋېتلىك دوستلار شەھەر سىرتىدىكى كۆل بويىدا بىر قانچە كۈن تۇرۇپ كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ، پىكىر ئالماشتۇرغان، قىلىشقان سۆزلەر ئانچە كونكرېت بولمىغان بولسىمۇ لېكىن بىر قەدەر ئېنىق بولغان.

8 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا كەلگەندە گېنېرال تاۋسىيۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جاۋشىگۇۋاڭنى قارا شەھەرگە ئالاھىدە چاقىرتىپ كۆرۈشكەن، ھەربىي تەمىنات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى خاۋ جىيا جۈن، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ بىرىگادا كوماندىرى جۇڭ زۇيىڭ تاۋ بىلەن بىللە بارغان بولسىمۇ، لېكىن يالغۇز تاۋ بىلەن جاۋ ئىككى كىشىلا سۆزلەشكەن بولۇپ، خاۋ، جۇڭ ئىككىسى سۆھبەتكە قاتناشمىغان. تاۋ بىلەن جاۋ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق جاۋ جەنۇبىي شىنجاڭغا، تاۋ شىمالىي شىنجاڭغا مەسئۇل بولۇپ، دەسلەپكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە قوشۇلغان ھەمدە (1) ئازادلىق ئارمىيە يېقىنلاشقاندا ئاندىن ئۇچرىشىش، تاۋ بىلەن جاۋ ئايرىم - ئايرىم ھالدا قىسىمنى تاپشۇرۇش. (2) قىسىملارنى ئازادلىق ئارمىيە شەرتسىز ھالدا ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى نۇقتىنى بېكىتكەن.

تاۋنىڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتىگە قويغان تەلىپى بەك يۇقىرى بولغاچقا، گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز قالغان. تاۋ 8 مىليون يۈەن كۈمۈش تەڭگە تەلەپ قىلغان بولۇپ، گۇاڭجۇ تەرەپ ئاران 1 مىليون كۈمۈش تەڭگە بەرگەن. بۇنىڭدىن مابۇفاڭ 200 مىڭ يۈەننى تۇتۇپ قالغان، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي تاپشۇرۇپ ئالغىنى 800 مىڭ يۈەن بولغان، جاۋشىگۇاڭغا 200 مىڭ يۈەن بېرىپ، قالغان 600 مىڭ يۈەننى قۇمۇلدا ساقلاپ كېيىن 7،8 ئايلىق ھەربىي تەمىناتقا ئىشلەتكەن.

بۇ چاغدا شىنجاڭ ئازاد قىلىنغان بولۇپ، لەنجۇ جىددىي ئەھۋالدا قالغانىدى، شىنجاڭدىكى ھەربىي قىسىملارنى ئىچكىرىگە يۆتكەش مەسىلىسى يەنىلا كەينىگە تارتىلىپ كېلىۋاتقاچقا، ئۈرۈمچىدىكى ھەربىيلەر قانداق قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كۈندە دېگۈدەك مۇزاكىرە ئېلىپ بارغان، شۇ چاغدا ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈش شەكىللەنگەن؛ بىرىگادا باشلىقى لوشۇرىن ۋە 5 - ئاتلىق كورپۇسنىڭ كوماندىرى ماچېڭ شىياڭ ئىچكىرىگە قايتىمىز دېگەن. دېۋىزىيە كوماندىرى يې چېڭ پىكىر قىلمىغان. يې خوزۇڭنەنگە يېقىنلاشماقچى بولغان، مانىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى چىڭخەيدە بولغانلىقى ئۈچۈن مابۇفاڭغا يېقىنلاشماقچى بولغان، لو بولسا گۇاڭجۇنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، ئاڭلىشىمىزچە جۇنتۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمەلىي مەسئۇلى ئىكەن. ئۇ ماچېڭ شىياڭ بىلەن ياخشى ئۆتىدىكەن. تاۋ ئىچكىرىگە قايتىشقا بولمايدۇ دەپ چىڭ تۇرۇۋالمىغان بىلەن، ئاپتوموبىل، بېنزىن، نەق پۇل بولمىسا قانداق يولغا چىقىمىز دېگەن ئەمەلىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە: «سىلەرنىڭ زادى كېتىمىز دېگىنىڭلارغا مەن قارشى تۇرمايمەن، لېكىن مەن كەتمەيمەن. يەنە قول ئاستىمدا ئارمىيە - ھۆكۈمەتتىكىلەردىن 100 مىڭچە ئادەم بار، مەن ئۇلارنى چۆلگە تاشلاپ كەتسەم بولمايدۇ» دېگەن. بۇ ھەقتە ئىككى تەرەپ بىر قانچە ئاي تالاش-تارتىش قىلغان.

لەنجۇ بىلەن شىنىڭ ئازات بولغاندا لو، ما، يې لار تاۋدىن گۇمان قىلىشقا باشلىغان. ئۇلار ئۈچى مانىڭ ئۆيىدە يىغىن ئېچىپ، تاۋنىڭ ئىككىلىنىپ بىر پىكىرگە كېلەلمەسلىكىدىكى سەۋەب، ئۇ لىيۇمىڭ چۈن، چۈيۈۋ (چۈي بېيپىڭدىن نەنجىڭ ئارقىلىق ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەنىدى) ۋە لىيۇ زېرۇڭ تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان. شۇڭا لىيۇ، چۈي، لىيۇ ئۈچىنى نەزەربەنت قىلىۋېلىپ، جايلىۋەتمەكچى بولغان. يې چېڭ ئۇنىڭغا قوشۇلغان

بولسىمۇ لېكىن، ئالدى بىلەن تاۋنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىش كېرەك دېگەن. لو بىلەن ما ئىككىسى ئۇنداق بولسا سىز بېرىپ تاۋ بىلەن كۆرۈشۈڭ دېگەن. يى تاۋنىڭ يېنىغا بېرىپ: «سىز ئادەت-تە ھەممە ئىشقا قىزىقاتتىڭىز، لېكىن يېقىندىن بۇيان لۇ، مالار-غا ئانچە قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدىڭىز، بۇنى لىۇ، چوي، لىۇ ئۇچى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا بىز ئۇلارنى نەزەربەنت قىلىش-نى قارار قىلدۇق» دېگەن. تاۋ، يېغا مۇنداق دېگەن: «مەن سى-لەرنىڭ ئىچكىرىگە قايتىشىڭلارنى توسمايمەن. لېكىن مەن سىلەر-نىڭ مەنپەئەتىڭلارنى ئويلىمىسام بولمايدۇ. سىلەر ئۇلارنى نەزەر بەنت قىلىشنى قارار قىلىپسىلەر. نەزەربەنت قىلغاندىن كېيىن قانداق قىلماقچى؟ قانداق پۈتۈشمەكچى بولدۇڭلار؟» «ھازىر كۆپچىلىك ھايات - ماماتلىق ئۆتكەلدە تۇرۇۋاتىدۇ، دېگىلى بولمايدىغان يەنە قانداق گەپ بار؟ مەن كۆپچىلىكنى ئويلايمەن. ئىشنى يېغىشتۇرالماي قالماڭلار يەنە، مەن لو، ما ئىككىسىنى تېلېفون بىلەن چاقىرتاي، كۆپچىلىك بىللە ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى» دېگەن. لو بىلەن ما، تاۋنىڭ تېلېفونىنى ئالغاندىن كېيىنلا يېتىپ كېلىپ ئۇلار بىر قانچە سائەت سۆزلەشكەن. تاۋ گېپىنى باشلاپلا: «بۈگۈن بىز مەھبۇسلار بىز، بىزگە قاراپ يىغلاپ ھەسرەت چەككەندەك ئىش قىلماي، جەزمەن مەسىلىنى ئېنىق سۆزلىشىمىز كېرەك ئېدى. سىلەر مېنى قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدىڭىز دەۋاتىسىلەر. ئۇنداق ئىش يوق. ئارىمىزدىكى يۇقىرى - تۆۋەنلىك مۇناسىۋە-تىنى بىر ياققا قايرىپ قويايلى، بىز يەنىلا كۆپ يىللار بىرگە يۈرگەن دوستلارمىز، ھازىر كۆپچىلىك ھايات - ماماتلىق پەيتىدە تۇرۇۋاتقاچقا بىر - بىرىمىزگە مۇھەببىتىمىز بولمىسا بولامدۇ؟» «بۈگۈنكى ئىشنى مۇھەببەت - نەپرەت، ھەق - ناھەق ۋە پايدا - زىيان تەرەپلەردىن قاراپ باقايلى، مۇھەببەت - نەپرەت بىلەن ھەق - ناھەق مەسىلىسىنى ئېغىزغا ئالمىغان تەقدىردىمۇ پايدا - زىيان مەسىلىسىنى سۆزلىمىسەك بولمايدۇ. سىلەر ئىچكىرىگە قايت-

ماقچى، مەن ئەزەلدىن سىلەرنى تونۇسىمىدىم، بەلكى ئىمكانىيەتىنىڭ يارىچە ئاپتومى بىل، بىنزىن ۋە نەق پۇل تەييارلاپ بېرىشنىڭ ئامالىنى قىلدىم. ئەپسۇسكى ئادەملىرىمىز كۆپ، ئارمىيە، ھۆكۈمەت خادىملىرىنى قوشقاندا 100 مىڭغا يېتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، مەن ئۇلارنى چۆلگە تاشلىۋېتىپ كارىم بولمىسا بولامدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا قانداق چىدايمەن!» «سىلەر بۇنداق قىلساڭلار بولمايدۇ، ھازىرقى مەسىلە مەن بىلەن سىلەر بىرقانچەڭلارنىڭ مەسىلىسى بولماستىن بەلكى 100 مىڭ ئادەمنىڭ ھايات - ماماتى مەسىلىسى. شۇڭا يېنىكلىك بىلەن ئىش قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىسا ئىشنى قانداق يىغىشتۇرۇش كېرەك؟ 100 مىڭ ئادەمگە قانداق يۈز كېلىمىز؟»

شۇنىڭ بىلەن، قايتا - قايتا بىرنەچچە سائەت سۆزلەشكەندىن كېيىن، لۇ، ما، يې لار ئاندىن لىۋ، چوي، لىۋ ئۈچ ئادەمنى نەزەربەند قىلىش پىلانىدىن ۋاز كەچتى.

بۇ ئۆتكەلدىن شۇنداق قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن، ئىككىنچى كۈنى تاۋ يەنە ماچىڭشياڭنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا: «سىلەر كەتمەن دېسەڭلار مېنىڭ نېمە ئامالىم؟ سىلەر مېنى نېمە قىل دېسەڭلەر شۇنى قىلالايمەن، لېكىن مەن سىلەر بىلەن بىللە كېتەلمەيمەن!»، «ئەندى ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ، جەزمەن ئۈچ ۋىلايەت بىلەن مۇرەسسە قىلىشىمىز كېرەك، مەن ئۆزۈمنىڭ ھايات - ماماتىمنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ھاياتىم بىلەن كۆپچىلىككە كاپالەت قىلىمەنكى، مەندە ھەرگىزمۇ سىياسىي مەقسەت يوق!» دېگەندە ما سۆز قىلالمىغان.

ماچىڭشياڭ نېمە ئۈچۈن جەزمەن كەتمەكچى بولىدۇ؟ ئەسلىدە شىنىڭ ئازاد بولغاندا، ما ئۆز ئائىلە، تاۋابئاتلىرىنىڭ خەۋپىنى ئالالمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئىچكىرىگە قايتىپ چىڭخەي ۋە چارقىلىق، دۇڭ خۇاڭ ئەتراپىدا پارتىزانلىق قىلىمەن دېگەن. بۇنىڭ بىلەن تاۋسىيۇ يەنە يالغۇز لوشورۇننى چاقىرىپ: «ما بول-

سا چىڭخەيلىك، ئۇ ئۆز يۇرتىدا ۋاقتى كەلگەندە كىچىك ئەترەت-
لەرگە بۆلۈنۈپ بىر مەزگىل پارتىزانلىق قىلالىشىمۇ مۇمكىن؛
سەن بولساڭ چىڭخەيلىك ئەمەس، ھازىر ما بىلەن مۇناسىۋىتىڭ-
مۇ ناھايىتى ياخشى، ۋاقتى كەلگەندە شەخسى ھېسسىيات بىلەن
مۇناسىۋەتىنى ساقلاپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا ياخشىراق
ئويلاپ ئىش قىلىش كېرەك» دېگەن.

بۇ بىر قانچە قېتىملىق خەتەرلىك دولقۇن ئارقىلىقمۇ ۋە-
زىيەتتە ياخشىلىنىش بولمىغان. بىر كۈنى ماچىڭ شياڭ ئۇش-
تۇمتۇت دادىسىدىن كەلگەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغان، دادىسى
ئۆزىنىڭ ساق - سالامەت شياڭگاڭغا يېتىپ بارغانلىقىنى ئېيت-
قان. بۇنىڭدىن ما نىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشكەن. بۇ بىر بۇرۇ-
لۇش پەيتى بولغان. ئەسلىدە شۇ چاغدا، ئۈرۈمچى ئەتراپىدا
ماچىڭشياڭنىڭ ئىككى ئاتلىق ئەسكەر بىرىگادىسى بىلەن لوشۇز
نىنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر بىرىگادىسى بولۇپ، ما تەۋرىنىپ قال-
غان، يېڭى بىر پىكىرگە كەلمىگەن ئىدى، ئەگەر لو ئەيۋەشكە
كەلتۈرۈلسىلا مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدىكەن. شۇ چاغدىكى
ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇخەندۇڭ لو، مالار بىلەن نا-
ھايىتى ئەپ بولۇپ، ليۇمېڭچۈن قاتارلىقلار ليۇ خەندۇڭ ئارقىلىق
لو، مالارغا خىزمەت ئىشلىگەن، بەزى چاغلاردا بىۋاسىتە ئۇلار
بىلەن سەممىي سۆزلەشكەن. بىر كۈنى ليۇ خەندۇڭ گېنىرال تاۋ-
سىيۆ نى يوقلاپ بېرىپ: «ماچىڭ شياڭ قىسىملارنى تاپشۇرۇپ كەت-
مەكچى بولدى، لو شۇرىنىمۇ ئاسان قوشۇلدى» دېگەن. تاۋ
دەرھال لو، ما لارغا: «سىلەر كېتىدىغان بولساڭلار مەن قوشۇلت-
مەن، چىرايلىقچە كېتىشىڭلارنى، ھەممە ئىشنى ياخشى ئورۇنلاش-
تۇرۇپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن» دېگەن، ما بىلەن لو
ئۇنىڭغا قوشۇلغان.

بۇ چاغدا جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن يولداش دېڭلىچۈن
غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ پارتىيە ۋە ماۋجۇشىنىڭ مەقسىدىنى

يەتكۈزگەن ھەمدە مەن تاۋسىيۈ بىلەن بورھانغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىنى كۆرسەتكەن، تاۋ بىلەن ليۇمىڭچۈن، چۈيۇۋ قاتارلىقلار ئىشلىگەن خىزمەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن مەن ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپكە ئۇيغۇن ئىدى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگە كەلگەندە خۇزۇڭنەن ئايرىم - ئايرىم تاۋ بىلەن يې، لوغا تېلېگرامما ئەۋەتكەن. تاۋغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىدا: خەۋەرلەرگە قارىغاندا، سىز خېشىدىكى شىنجاڭ قىسىملىرىنى باشلاپ كوممۇنىست باسمىچىلىرىغا تەسلىم بولۇپسىز، تولىمۇ ھاماقەتلىك قىلىپسىز! زادى ئەھۋال قانداق بولدى؟ تېزدىن تېلېگرامما ئارقىلىق خەۋەر قىلىڭ! دېيىلگەن، يې بىلەن لوغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىدا ئۇلارنى: «ئۈرۈمچىدىكى توپىلاڭچىلارنى تازىلاپ، قىسىمنى جەنۇبقا - يۆتكەڭلار، كېيىن ھاۋادىن ياردەم بېرىمىز دېيىلگەن. يې بىلەن لوتېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە بىر مەزگىل ئىككىلىنىپ قالغان بولسىمۇ لېكىن ماچېڭشياڭ يېڭىلىشكە كۆزى يەتكەنلىكتىن بۇ ئىشقا ئانچە قىزىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، يې بىلەن لو مۇ پىكىردە بىرلىككە كېلەلمىگەن.

تاۋ تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا خۇزۇڭنەنگە جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتكەن، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: مېنىڭ شىنجاڭدا قىلىشىمدىكى ئاساسلىق سەۋەب ھازىر قىسىملار جەڭ قىلالمايدۇ ياكى ئۇلارنى يۆتكەشكە بولمايدۇ. بۇ يەردە 100 مىڭدىن ئارتۇقراق ئادەم بار، ئۇلار بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ. مەندە باشقىچە نىيەت يوق، 100 مىڭ ئادەمنى چۆلگە تاشلاپ قويۇپ كارىم بولمىسا بولمايدۇ دېيىلگەن، تاۋ يەنە لو، يې، مالارغا: سىلەر كېتەمدىغان بولساڭلار ئىككىلىنىپ ئولتۇرماڭلار دېگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ خۇ غا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىنى ئۇلارغا كۆرسەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاندىن كېتىشنى قارار قىلغان. ماچېڭشياڭ، لوشۇرسىن 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، يې چىڭ 25 -

كۈنى ئەتىگەندە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق پاكىستانغا كەتكەن.

ئۇلار ئۇرغۇن ئەجرە - مېھنەت قىلىش ۋە كۆپلىگەن ئوڭۇشسىزلىقلاردىن كېيىن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش يولىدىكى ئەڭ زور توسالغۇنى ئېلىپ تاشلىغان.

تىنچلىق ئۇستىدە كېڭەشىۋاتقان مۇشۇ مەزگىللەردە گېنېرال تاۋسيۈ يولداش زېڭ جېنۋۇنى ئۈرۈمچىدىن جيۇچۈەن ئارقىلىق لەنجۇغا بېرىپ، قوماندان پېڭ دېخۇەي بىلەن كۆرۈشۈش، ئالاقىلىشىش ۋە يوليورۇق سوراشقا ئەۋەتكەن.

ۋەزىيەت تەرەققىي قىلىپ شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، گېنېرال تاۋسيۈ 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى باش بولۇپ ئىمزا قويۇپ ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشنى جاكارلىدى.

26 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن رەئىس بۇرھان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ جىددىي يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ دەرھال ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسىنى جاكارلىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى - ئالدى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازاد بولغانلىقى بولۇپمۇ ئازادلىق زور قوشۇنىنىڭ خېشى كارىدورىنى بويلاپ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن بولدى. ئىككىنچىدىن، بىز 1946 - 1948 - يىللىرى ئىجرا قىلغان تىنچلىق دېموكراتىيە سىياسىتىمىز، مىللىي ئۆچمەنلىكنى پەسەيتىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن ئاساس ياراتتى. ئۈچىنچىدىن، ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ رايى تىنچلىققا يۈزلەنگەچكە كۆپچىلىك تىنچلىق ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، شۇڭا ئاز سانلىق كىشىلەر تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ يەنىلا ئارىسالدى بولۇپ تۇراتتى. تۆتىنچىدىن شىنجاڭدىكى ئارمىيە - ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بولغاچقا داۋالغۇپ، بىرقانـ

چە قىيتىم خەتەرلىك ۋەزىيەتكە قالغان ۋەزىيەت تىنچلىنىپ قالغان
ئىدى. ھەربىي ئىشلار تەرەپتە يولداش تاۋسىيۇ، جاۋشىڭۋاڭ، زاڭ
جىيىنۋۇ، تاۋجىىن چۇ قاتارلىقلار، بولۇپمۇ گېنېرال تاۋ سىيۇنىڭ
ئېغىر بېسىقلىق، پەم - پاراسەتلىك بىلەن، كەسكىن تەدبىر قول-
لىنىشى، ئۆز ئابرويى ۋە شەخسى مۇھەببىتى بىلەن يېڭى چىڭ،
لوشورىن، ماچىڭ شياڭلارنى مەنىۋى جەھەتتىن يۇمشىتىش ۋە
ئىشنىڭ يۈلىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرى ئۇلارنى قالايمى-
قان ھەرىكەت قىلىشتىن توختىتىپ چىرايلىقچە يول-
غا سېلىپ قويىشى بۇ، شىنجاڭنىڭ قىسمەتلىرىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىغا
يول ئېچىپ بەردى. سىياسىي جەھەتتە يولداش ليۇمېڭچۈن، چىۋ-
يىۋۇ، ليۇزىرۇڭ قاتارلىقلار ئەڭ كۆپ كۈچ چىقاردى ھەمدە كۆپ-
لىگەن خەتەرلىكلەرگە يولۇقتى. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا
تېگىشلىك ئىش 1948 - يىلى ئاخىرىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆز-
گەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ بۇرھان رەئىس بولغاندىن كېيىن. شى-
جاڭ ۋەزىيىتى ياخشىلىنىپ، شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد
قىلىش ئۈچۈن سىياسىي شارائىت ھازىرلاشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

### ماۋجۇشى بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسى ئۈستىدە سۆزلىشىش

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، مەن
ماۋجۇشى بىلەن شىنجاڭدىكى بىرقانچە ئاساسلىق مەسىلە ئۈستىدە
سۆزلەشكەن ئىدىم (بۇ ھەقتە جۇئىنلەي زۇڭلى بىلەنمۇ سۆز-
لەشكەن):

بىرىنچى، مىللىي ئاپتونومىيە مەسىلىسى توغرىسىدا. مېنىڭچە
ئەڭ ياخشىسى ئالدى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىگە تەييارلىق كۆرۈش
ھەيئىتىنى تەسىس قىلىش كېرەك، تەييارلىق خىزمىتىگە كېتىدىغان
ۋاقىت ۋە شەرت - شارائىت ھازىرلانغاندا ئاندىن ئاپتونومىيىنى

يولغا قويۇش مەسىلىسىنى، ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كېڭىشىپ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلغاندىن كېيىن تەكشۈرۈپ بېكىتىش كېرەك. ماۋجۇشى شۇنداق قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، پرىنسىپ جەھەتتە ھەممە ئىشنى ئورتاق پروگراممىدىكى مىللىي سىياسەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىش لازىم دېدى.

ئىككىنچى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا مەن، تاۋسىيۈ، بۇرھان ۋە ئىلى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ يېڭى ئىسىملىكنى ئوتتۇرىغا قويسا، مەركەز تەكشۈرۈپ بېكىتىپ ئېلان قىلسا دېگەن تەكلىپنى بەردىم. ماۋجۇشى بۇ ئىشنى مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي بىلەن سىز شىنجاڭغا بېرىپ مۇزاكىرىلەشكەندىن كېيىن ئاندىن ئىسىملىكنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار، ھازىر ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق دېدى. يەنە شىنجاڭدا ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېت تەسىس قىلىپ، ھەربىي - مەمۇرىي ئىشلارنى ئومۇمىي باشقۇرۇش لازىم دېدى. مەن بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقمىكىن دېدىم. ئۆلكە رەئىسلىك ۋەزىپىسى توغرىسىدا ماۋجۇشى، جۇئىنلەي زۇڭلى مەن بىلەن بىر قانچە قېتىم سۆزلىشىپ، يەنىلا بۇرھاننى قويۇش كېرەكلىكىنى ئېيتقاندا مەن بۇنىڭ ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى مۇۋاپىق بولغانلىقىنى ئېيتتىم.

ئۈچىنچى، قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈش مەسىلىسى توغرىسىدا. مەن، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئوفىتسېر - جەڭچىلەر كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىشلەپ كېلىۋاتقاچقا كۆپ قىسمى ئۆز يۇرتلىرىنى سېغىنماقتا، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۇلارغا ئازراقتىن خىراجەت بەرسەك يۇرتىغا قايتىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانسا دەپ تەكلىپ بەرگەن ئىدىم، ماۋجۇشى بۇنىڭغا قوشۇلمىدى، كۈلۈپ تۇرۇپ: ئەڭ ياخشىسى ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ئەكەلدۈرۈپ بەرسە ياكى كۆپرەك ئاياللارنى كېلىشكە سەپەرۋەر قىلسا، ئۇلار شىنجاڭدا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، ئىشلەپچىق-

ۋىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەڭگۈ يىلتىز تارتىپ قالسا بولاتتى دەدى.

تۆتىنچى، مالىيە مەسىلىسى توغرىسىدا، مەن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مالىيە، ھەربىيلەرنىڭ ئاشلىق - مائاشى، كىيىم - كېچەك، خىراجەت جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى بايان قىلىپ، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى بىلەن دەرھال ئۇ تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئايرىم - ئايرىم بىر تەرەپ قىلسا دېگەن تەكلىپنى بېرىۋىدىم، ماۋجۇشى بۇ ئىشنى مۇئاۋىن قوماندان پېڭ دېخۇەي بىلەن مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمغا بۇيرىدى.

بەشىنچى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەسىلىسى توغرىسىدا. مەن، مەركەز قۇرۇلۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئۆمىكىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، كۆپرەك ئىقتىسادلىق خادىم ۋە خىراجەت بىلەن تەمىنلىسە، غەربىي - شىمال خەلق تۇرمۇشى سودا - سانائەت شىركىتى بىلەن، غەربىي - شىمال مەدەنىي گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش - قالماسلىقنى ئويلىشىپ كۆرسەك دەپ تەكلىپ بەرگەن ئىدىم. ماۋجۇشى بۇ توغرىسىدا ئېنىق - كونكرېت يوليورۇق بەرمىدى. بۇ، كېيىنرەك بىر قارارغا كېلەيلى دېگەنلىكتۇر؟

ئالتىنچى، سوۋېت بىلەن بولغان شەرتنامە مەسىلىسى توغرىسىدا، مەن ئالدى بىلەن: جۇڭگو - سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى سودا - ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كېلىشىمى ئۈستىدە داۋاملىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئىمزالاش كېرەكمۇ يوق؟ جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ ھاۋا قاتناش شەرتنامىسىگە ھاۋا لىنىيىسىنى لەنجۇ ياكى شىئەن ۋە ياكى بېيجىڭغىچە ئۇزارتىش توغرىسىدا تولۇقلاش كىرگۈزۈشكە بولامدۇ - يوق؟ ياكى ئۇ كەلگۈسىدىكى جۇڭگو - سوۋېت يېڭى شەرتنامىسىگە كىرگۈزۈلەمدۇ؟ دەپ سورىغان ئىدىم، ماۋجۇشى، ئۇ ئېھتىمال پۈتكۈل جۇڭگو - سوۋېت شەرتنامىسىگە

كىرگۈزۈلۈشى مۇمكىن، ھازىرچە ئۇ توغرىدا قارار چىقىرىشقا بولمايدۇ دەپ جاۋاپ بەردى.

ئۇنىڭدىن باشقا مەن، شىنجاڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز - ئۆزۈمنى تەكشۈرۈپ ئۆتتۈم، شۇنىڭ بىلەن بىللە نۆۋەتتىكى بىر قانچە مەسىلە ئۈستىدە ئۆز پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مەسىلە» دېگەن يازما دوكلاتنى يېزىپ چىقىپ ماۋجۇشىغا يوللاپ بەردىم. «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيە، تارىخىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تەرەققىيات جەريانى»، «ئىلى ۋەقەسى ۋە تىنچلىق كېلىشىمى»، «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىشى ۋە ئىلى تەرەپنىڭ چېكىنىشى»، «شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا ئۆز-ئۆزۈمنى تەكشۈرۈشۈم»، «بىر قانچە مەسىلە ۋە پىكىر» دېگەن بىر قانچە تېما ئۈستىدە ئۆز پىكرىمنى يىغىنچاقلاپ بايان قىلغان ئىدىم. «بىر قانچە مەسىلە ۋە پىكىر» دېگەن بۇ قىسىمنىڭ كۆچۈرمىسى مۇنداق:

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇلغان ۋە جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭەشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسىدا مىللىي سىياسەت ۋە دىپلوماتىيە سىياسىتى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ بۇرۇنقى مەسىلىلىرىدىكى بارلىق ئاساسلىق نېگىزلىك زىددىيەتلەر تۈگىتىلدى، باشقا ئىشلاردىمۇ ئەلۋەتتە كۆپ مەسىلە قالمىدى، لېكىن نۆۋەتتە بىرمۇنچە رېئال ياكى لاۋازىمەت خاراكتېرلىك مەسىلىلەر بار، بۇنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ توغرىدا ئۆزۈمنىڭ يۈزەكى پىكرىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن:

(1) مىللىي ئاپتونومىيە مەسىلىسى. شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ، ئۇلار پۈتۈن ئۆلكە نوپۇسىنىڭ 70% نى ئىگىلىگەن بولۇپ تەخمىنەن 3 مىل-

يۈن چىقىدۇ. قازاقلار 10% نى ئىگىلىگەن بولۇپ، تەخمى-
نەن 400 مىڭ چىقىدۇ، قەيسەر كېلىدۇ. ئۇلار ھازىرغىچە
كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدۇ. خەنزۇ بىلەن خۇيزۇ-
لار قوشۇلۇپ 10% نى ئىگىلىگەن بولۇپ 410 مىڭ چىقىدۇ.
ئۇلاردىن دېھقانچىلىق، سودىگەرلىك قىلىدىغانلار، ھۆكۈمەت
ئىشىنى قىلىدىغانلار ئەڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. قالغان-
لىرى مانجۇ، موڭغۇل، شىبە، سولون، تاتار، تاجىك، قىر-
غىز، ئۆزبېكلەر بولۇپ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس، ھەممىسىنى
قوشقاندا تەخمىنەن 10% نى ئىگىلەيدۇ. بۇرۇن ئىلىدىكى
رادىكاللار ۋە چوڭ تۈركىزمچى كونسېرۋاتىپلار ئاپ-
تونومىيىنى تەشەببۇس قىلغان ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىسىنى
«شەرقىي تۈركىستان»، «چىنى تۈركىستان» ياكى «تۈرك-
لەر جايى» دەپ ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى.
ئىككى گۇرۇھنىڭ مەيدانى ۋە ئىدىيىسى بىر - بىرىگە ئوخ-
شىمىسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيىنى تەشەببۇس قىلىش
ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسى دېگەن نامغا بولغان يىرگىنىش كەي-
پىياتىدا ھېچقانداق پەرق يوق. مەن بۇرۇن ئۇلارغا ئو-
چۇق - ئاشكارا ھالدا: مېنىڭ يولغا قويۇۋاتقىنىم ــ سەن-
مىنجۇيىي ئاساسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يار - يۆلەكتە
بولۇش سىياسىتى، سىلەر كەلگۈسىدە ئۆز - ئۆزۈڭلەرنى ئې-
دارە قىلىپلا قالماي، شەرت - شارائىت ھازىرلانغاندا يەنى
بىر قانچە 10 يىل ياكى بىر قانچە 100 يىلدىن كېيىن
مۇستەقىل بولساڭلارمۇ بولىدۇ» دېگەن ئىدىم. ھازىر مەر-
كىزىي ھاكىمىيەت ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شىنجاڭمۇ ئازاد بول-
دى، لېكىن بۇندىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ئاساس-
لىق مەسىلە يەنىلا مىللىي ئاپتونومىيە مەسىلىسى بولۇپ ھې-
سابلىنىدۇ. پرىنسىپ جەھەتتە بىزنىڭ ئورتاق پروگرام-
مىمىزدىكى مىللىي سىياسەتكە ئاساسەن شەكسىز ھالدا ئۇ-

لارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇشقا يول قويۇلۇشى كېرەك
ئىدى (ۋەھالەنكى بۇ قېتىم ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىلى ئاپتو-
نومىيە مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىدى)، لېكىن شىنجاڭ
ئۆلكىسىدە مىللەتلەرنىڭ كۆپ ۋە ئەھۋالىنىڭ مۇرەككەپلى-
كىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا خېلى ئۇزاق ۋاقىت تەي-
يارلىق كۆرۈش لازىمدەك تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار يەنىلا ئاپ-
تونومىيىنى تەلەپ قىلىدىغان بولسا، ئەڭ ياخشىسى ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەندىن كېيىن، ئالدى
بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى تە-
سىس قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەر مىللەت ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇ-
رۇش كېرەك. قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقى ۋە قانداق
شارائىت ھازىرلانغاندا ئاندىن ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش-
قا بولىدىغانلىقىنى ياخشىسى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەندىن
كېيىنكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئالدىرىماي مەسلىھەتلىشىپ مەر-
كەزنىڭ قارار قىلىشىغا يوللاش لازىم.

(2) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسى-
لىسى. بۇرۇنقى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت گەرچە مىللىي بىرلەش-
مە ھۆكۈمەت بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىچكى قىسمىغا بىر
مۇنچە كونسېرۋاتىپلار كىرىۋالغان ئىدى. بۇ قېتىم ئازاد
بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى كېتىپ قالدى،
قالغانلىرىنى شاللىۋېتىش لازىم. لېكىن ئۆزگەرتىپ تەش-
كىللەش ۋاقتىدا ئەزالارنىڭ ئىسىملىكى، نامزاتى قاتارلىق
ئىشلاردا ئالدى بىلەن ئىلىنىڭ ۋەكىلى ۋە تاۋسىيۇ، بۇرھان-
لارنىڭ پىكرىنى ئېلىش كېرەكمۇ يوق، بۇنى مەركىزىي
خەلق ھۆكۈمىتى ئەھۋالغا قاراپ تەستىقلىسا، ئەلۋەتتە مەر-
كىزىي خەلق ھۆكۈمىتىمۇ ئادەم قاتناشتۇرۇشى كېرەك.

(3) قىسىملارنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى. ھۆ-
كۈمەتنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى بۇ يىل 3-

ئاينىڭ ئالدىدا ئەسلىدە ئىككى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن دىۋىـ
زىيە بولۇپ، ھەر بىر دىۋىزىيىدە ئۈچتىن بىرىگادا، ھەر بىر
بىرىگادىدا ئىككىدىن پىيادە ئەسكەرلەر پولكى ۋە بىر ئاتـ
لىق ئەسكەرلەر پولكى بار ئىدى. بىر تەرتىپكە سېلىنغان
ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىدە ئىككىدىن بىرىگادا بولۇپ، دىـ
ۋىزىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق قىسىملار بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي
5 پولك بار ئىدى. ئۇندىن باشقا يەنە ئىككى ئاتلىق ئەسـ
كەرلەر بىرىگادىسى بولۇپ، ھەر بىر بىرىگادىدا ئىككىدىن
پولك بار ئىدى. يەنە 4 مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەرلەر پولـ
كى (موڭغۇل، قازاق، خۇيزۇ، خەنزۇلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ) ھەمدە توپچىلار، قۇرۇلۇش، ھەربىي لازىمەتلىكـ
لەر، ئالاقىلىشىش قاتارلىق قىسىملاردىن بىر قانچىسى بار
ئىدى. لېكىن ھەرقايسى قىسىملاردا ئادەم تولۇق ئەمەس
ئىدى. ئىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي قىسىملىرىدا ئەسلىدىكى بەلـ
گىلىمە بويىچە 6 پولك بار ئىدى، لېكىن ھازىر ھەقىقىي سا-
نى ئېنىق ئەمەس. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۆز-
گەرتىپ تۈزۈش خىزمىتى ئىشلىنىۋاتىدۇ. قارىشىمچە، ھۆكۈ-
مەتنىڭ شىنجاڭ قىسىملىرىغا قارىتا: (ئا) ئەسلىدە يەرلىك
مىللەتلەردىن تەشكىللەنگەنلىرى يەرلىك جامائەت خەۋپـ
سىزلىك قىسىملىرى قىلىپ ئۆزگەرتىلسە. (ب) قالغان ئىچـ
كىرىدىن يۆتكەپ كېلىنگەنلىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيىـ
سى قىلىپ ئۆزگەرتىلسە، ئۆزگەرتىپ تۈزۈش ئۇسۇلىدا، قىـ
سىملارنىڭ سانىغا قاراپ ئىدىيە ۋە تېخنىكا جەھەتتە ئۆز-
گەرتىش ئېلىپ بېرىلسا، بۇنى تاۋسىيۆ مۇئاۋىنى باش قو-
ماندان پېڭ دېخۇەينىڭ يولىيورۇقىغا بىنائەن مەسلىھەتلىشىپ
مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلسا. لېكىن (س) ئوفىتسېر - جەڭچىـ
لەر ئارىسىدا چېگرىدا ئۇزۇن يىل ئىشلىگەنلەر ئۆز يۇرتىـ
نى سېغىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى خاتىر-

جەم ئەمەس؛ ئەگەر ئۇلارنىڭ يۇرتى ئازاد بولغان بولسا
ئۆزلۈكىدىن قايتىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلساق ھەمدە ئائى-
لىسىگە قايتىش خىراجىتى، يەر بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا شارائىت ھازىرلاپ
بەرسەك. (د) ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەندىن كېيىنكى قىسىملارغا
مەركەز ياردەم بەرسە، ئۇلار سۇ ئىشلىرى، بوز يەر ئېچىش
بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈپ ھەربىي
ئاشلىق يۆتكەش قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللەتسە. (ئە) چېگرا را-
يونىدىكى قىسىملارنىڭ ۋاقىت ئۇزىراش بىلەن يۇرتىنى سې-
غىنىش كەيپىياتى تۇغۇلۇپ جەڭگىۋارلىق روھىغا تەسىر
يېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇندىن كېيىن نۆۋەت بى-
لەن ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش ئۇسۇلى بەلگىلەنسە. ئۈچ ۋىلا-
يەت مىللىي قىسىملىرىغا نىسبەتەن، پرىنسىپ بويىچە يەنىلا
ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ تۈزۈمى بويىچە ئۆزگەرتىش ئېلىپ
بېرىلسا ياكى يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك قىسىملىرى
قىلىپ ئۆزگەرتىلسە، بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ پىكرىنى
ئېلىش لازىم.

(4) مالىيە (ھەربىي ئاشلىق، كىيىم - كېچەك راسخودى
قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەسىلىسى. بۇ نۆۋەتتە
ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولۇۋاتقان مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ. شىنجاڭ بىر نامرات ئۆلكە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن
باشلاپلا ئىچكىرىدىكى 18 ئۆلكە بۇ جايغا ياردەم بېرىپ
كەلگەن ئىدى. بۇرۇن ئۆز ئالدىغا پۇل تارقىتىش (ئۆلكە
پۇلىنى تارقىتىش) تۈزۈمىگە تايىنىپ ئۆزىنى قامداپ كەل-
گەن، ھازىر بولسا مالىيىدە خۇددى ئىككى پۇتى بىر ئۆ-
تۈككە تىقىلىپ قېلىۋاتقاندەك ئەھۋال يۈز بەرمەكتە. قى-
سىملارنىڭ ئاشلىق - مائاش، كىيىم - كېچەك، خىراجەت
قاتارلىقلىرىنى ئەزەلدىنلا پۈتۈنلەي مەركىزىي ھۆكۈمەت بې-

رىپ كەلگەچكە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن يەرلىك ئۇنى ئۈستىگە ئالمىغان. يېقىندا دوكلات قىلىشىچە 7 ـ ئايدىن باشلاپ ئايلىق مائاش تارقىتىلماپتۇ. چېگرىدا بالدۇر قىش چۈشىدۇ. شۇڭا قىشلىق كىيىم ـ كېچەكلەرنىمۇ بالدۇرراق تارقىتىپ بېرىش كېرەك. ھەربىي ئاشلىق جەھەتتە ھەر يىلى مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭ، گەنسۇغا پۇل ئاجرىتىپ بېرەتتى، ھازىر كۆزلۈك يىغىم تۈگەپ قالدى، شۇڭا بۇنىڭغا بالدۇرراق تۈتۈش قىلىش كېرەك. بۇ مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تۈردە، ئۈگۈشلۈك تۈردە ھەل قىلىش ئۈچۈن، خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى ئادەم ئەۋەتىپ نەق مەيداندا ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ، ئۆز جايىدا ئايرىم ـ ئايرىم بىر تەرەپ قىلسا بولارمۇ قانداق؟

(5) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەسىلىسى. شىنجاڭ ئارقىدا قالغان بىر ئۆلكە، كەڭ خەلق ئاممىسىغا جىددىي ھەل قىلىپ بېرىشكە تېگىشلىك بولىۋاتقىنى تۇرمۇشنى ياخشىلاش مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدا گەرچە بايلىقلار كۆپ بولسىمۇ لېكىن ماددىي ئەشيالار تولىمۇ قىس. مەسىلەن: كەڭ يەرلىرى بولسىمۇ سۇ ۋە قاتناش ئىشلىرى كەمچىل، قوي يۇڭى مول بولسىمۇ (خېلى كۆپ مىقداردا پاختا چىقىدۇ) توقۇمىچىلىق ئىشلىرى يوق دېيەرلىك، چارۋىچىلىقى تەرەققىي تاپقان بولسىمۇ كۆن ـ خۇرۇم سانائىتى يېتەرسىز ... ئۆلكىنىڭ ئۆزىدىن چىقىدىغان ئاشلىق (بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭدا) يېتىشمەيدۇ. يېنىك ـ ئېغىر سانائەت ئاساسى يوق. كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە بارلىق سانائەت بۇيۇملىرىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ۋە ئىچكىرى تەمىنلەيدۇ. مال باھاسى تولىمۇ ئۈستۈن، خەلق تۇرمۇشى جاپالىق. بۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن

ئەمەس. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى قانداق قىلىپ تېز ئېلىپ بېرىپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ھەقىقەتەنمۇ نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش. لېكىن ئۆلكە ئىچىدە ئىختىساسلىق خادىم، تېخنىكا، ئۈسكۈنە، خىراجەت قاتارلىقلارنى ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا ئادەتتىكى ئىنژېنېرلاردىن بىرەرسىمۇ يوق دېيەرلىك. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى مەركەزنىڭ مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى قۇرۇلۇشتا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن كىشىدىن بىرنى تەشكىللەپ كۆپلەپ مۇتەخەسسىس ۋە خىراجەت ئاجرىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرسە، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پىلانىغا ماسلىشىشى كېرەك. لېكىن ھازىر شىنجاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەممىدىن مۇھىم بولىۋاتقىنى — سۇ ئىشلىرى، قاتناش (بولۇپمۇ تۆمۈر يول)، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، دورىگەرلىك، سەھىيە، خەلق تۇرمۇشى سانائىتى، شەھەر مەمۇرىيىتى قاتارلىقلاردۇر. بۇ يېتەكچىلىك قىلىش ئۆمىكىگە سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئىنژېنېرلىرىنى تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ، لېكىن يەنىلا پېشقەدەم ئاكا بولغۇچى خەنزۇ مۇتەخەسسىس - ئىنژېنېرلارنى ئاساس قىلىش لازىم، چۈنكى بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە تەسىر كۆرسىتىشتە ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە. (مەن بۇرۇن نەنجىن ھۆكۈمىتىگە تەكلىپ بەرگەنىدىم، ئۇ قوبۇل قىلىنىپ، بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر ۋە باشقۇرغۇچىلارمۇ ئۇرۇمچىگە كەلگەنىدى، ئەپسۇسكى راسخود مۇناسىۋىتى بىلەن، خىزمەتلەر باشلانمىدى. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى خەلقلەرگە قىلغان ۋەدىسىنى بەجا كەلتۈرمىگەنلىكى بولىدۇ.

مەدەنىي - مائارىپ قۇرۇلۇشىمۇ ئەلۋەتتە ئىقتىسادىي

قۇرۇلۇشقا ئوخشاشلا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىش. مائارىپ مەسىلىسىنىلا ئالىدىغان بولساق، ئۆلكە ئىچىدە ساۋاتسىزلار ئېھتىمال پۈتۈن ئۆلكە نوپۇسىنىڭ 85% دىن كۆپرەكىنى ئىگىلىشى مۇمكىن، باشقا مەدەنىي - مائارىپ ئەسلىھەلىرىمۇ ئىنتايىن كەمچىل. ئەلۋەتتە بۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەسئۇل بولىدىغان ئىش، مەركەز پەقەت يېتەكچىلىك قىلسا ھەمدە ياردەملەشسىلا بولىدۇ.

بىز دەسلەپ شىنجاڭغا كەلگىنىمىزدە، ئۆلكىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن، دۆلەت بىلەن بىرلىشىپ باشقۇرىدىغان «غەربىي - شىمال خەلق تۇرمۇشى سودا - سانائەت شىركىتى» ۋە ئىجتىمائىي كوللېكتىپ خاراكتېرىدىكى «غەربىي - شىمال مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتى» گە ئوخشاش تەشكىلاتلاردىن بەشنى تەشكىللەپ ئايرىم - ئايرىم مەسئۇل بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسى بىلەن ئىچكىرى ئوتتۇرىسىدا ماددىي ئەشيالارنى ئالماشتۇرۇش ۋە گېزىت - ژۇرناللارنى تەھرىرلەش — يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولساقمۇ، لېكىن راسخود، قاتناش، ئىختىساسلىق خادىم ۋە ھەر خىل ئوبيېكتىپ - سۇبيېكتىپ شەرت - شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسى بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئۈنۈمى كۆپ بولمىغانىدى. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئىشلەش، قايتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش كېرەكمۇ - يوق، مەركەزنىڭ قارارىنى كۈتىمىز.

(6) سوۋېتلەر شەرتنامىسى مەسىلىسى توغرىسىدا. شىنجاڭ سوۋېت بىلەن ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. تارىختا 1871 - يىلى (تۇڭجىنىڭ 10 - يىلى) چار رۇسىيە ئىلىدا 10 يىل ئەسكەر تۇرغۇزغان ھەمدە ئىلى شەرتنامىسىنى تۈزگەن. جۇغراپىيىلىك جەھەتتە سوۋېت بىلەن شىنجاڭ چېگرىسى ئۇزۇنلۇقتا 3000 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ-

نىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ ئۆلكىسى بىلەن ئىچكىرى ئوتتۇرىسى-
دىكى قاتناش، بىۋاستە سوۋېت چېگىرىسى ئىچىگە بېرىشتىكى-
دەك قولايلىق ئەمەس. مىللەتلەر جەھەتتە شىنجاڭ ئۆلكى-
سىدىكى تۈركىي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ يەتتە مىللەت
سوۋېتتىمۇ بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەشى رېسپۇبلىكا قۇر-
دى. ئىقتىسادىي جەھەتتە شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى كۈندىلىك
بۇيۇملار ۋە سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ كۆپ قىسمى سوۋېتتىن
كەلتۈرۈلىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتە، ئۆلكىدىكى ھەر قايسى
مىللەتلەردە سوۋېت مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بار، سوۋېتنىڭ
تەربىيىسىنى ئالغانلارمۇ بىر قەدەر كۆپ. مانا بۇ ھەر خىل
ئامىللار شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە مۇ-
ناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەن، شۇڭا بىز شىنجاڭ مەسىلىسىنى
بىر تەرەپ قىلىشتا بۇ نۇقتىغا سەل قارىساق ئىنتايىن
نامۇۋاپىق بولىدۇ. بۇرۇن جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئوتتۇرىسى-
دىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە دائىر ھەرتنامىلەر ئىچىدە بىرىن-
چى جۇڭگو سوۋېت ھاۋا قاتنىشى شەرتنامىسى بولۇپ،
قاتناش لىنىيىسى سوۋېتنىڭ ئالمۇتىدىن ئۈرۈمچى — قۇمۇلغا
تۇتىشاتتى. ئۆتكەن يىلى 9 - ئايدا ۋاقتى توشۇپ قالغان-
لىقى ئۈچۈن ئىككى تەرەپ كېڭىشىش ئارقىلىق بەش يىلغا
ئۇزارتتۇق، ھازىر قاتناش لىنىيىسىنى لەنجۇ ياكى شىئەنگە
ياكى بىۋاستە بېيجىڭغا ئۇزارتىشقا بولامدۇ - يوق، مەركەز
قارار قىلسا، ئۇندىن باشقا يەنە بىر مۇھىم شەرتنامە بار،
يەنى جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى سودا ۋە ئىقتى-
سادىي ھەمكارلىق كېلىشىمى بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ
ۋەكىللىرى بۇ يىل ئەتىيازدا ئۈرۈمچىدە كېلىشىم ھاسىل
قىلىشقانىدى. ئەپسۇسكى ئەڭ ئاخىرىدا گوۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى
تۈيۈقسىزلا ئىمزا قويۇشقا ئۇنىمىدى. بۇ ئىنتايىن ئەپسۇس-
لىنارلىق بىر ئىش بولدى. لېكىن بۇندىن كېيىن جۇڭگو

بىلەن سوۋېتنىڭ سودا ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مەسىلىسى ئۈستىدە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئومۇمىيۈزلۈك بىر پۈتۈن كېلىشىم ھاسىل قىلماقچىمۇ ياكى جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى قىسمەن ھەمكارلىق مەسىلىسى ئۈستىدە ئالدى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ شەرتنامە تۈزەمدۇ؟ تەكشۈرۈپ بېكىتىلسە.

## قانداق ئۆزگەرتىش كېرەك

1949 - يىلى 9 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مېنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلىدى. ئارقىدىنلا مېنى يەنە غەربىي - شىمال ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىلىپ ئەۋەتتى. گېنېرال پېڭ دېخۇەي رەئىس ئىدى، ئۇ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارماقچى بولۇپ مېنى بىرگە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. مېڭىشتىن بۇرۇن ماۋجۇشى، جۇزۇڭلىمۇ ماڭا قايتا - قايتا، گېنېرال پېڭ دېخۇەي بىلەن بىر بېرىپ كېلىڭ، بۇندىن كېيىن كۆپرەك غەربىي - شىمالدا ئىشلەيسىز، شىئەن بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدا بېرىپ - كېلىپ تۇرىسىز دەپ ئېيتتى. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى مەن بېيجىڭدىن مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن بىۋاسىتە لەنجۇغا بارماقچى بولۇپ تۇراتتىم، ئۇچۇشتىن ئاۋۋال جۇزۇڭلى يەنە ئۆزى بىۋاسىتە ئايرودرومغا ئۇزىتىپ چىقتى ھەمدە سەمىمىي نەسىھەت قىلغاچقا مەن چىن قەلبىمدىن ھاياجانلاندىم. لەنجۇغا كەلگىنىمدە گېنېرال پېڭ دېخۇەي، گېنېرال خېلوڭ. سىياسىي كومىسسار شى جۇڭشۈن ۋە كۆپلىگەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى (ئۇلار يىغىن ئېچىۋاتقان ئىكەن). بۇ پارتىيىنىڭ ماڭا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكى، مەن ئۇنى مەڭگۈ ئەستە ساقلايمەن.

لەنجۇدا بىر قانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، گېنېرال پېڭ دېخۇەيگە ھەمراھ بولۇپ ئۈرۈمچىگە قاراپ ئۇچتۇم. گېنېرال پېڭ دېخۇەي بۇ قېتىم غەربىي - شىمالنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرى سۈپىتىدە كۆزدىن كۆچۈرۈشكە ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش فاڭجېنىنى تۈزۈپ چىقىشقا كېتىۋاتاتتى. ئۇ چوڭ - كىچىك بىر قاتار يىغىنلارنى ئاچتى، ھەممىسىگە مېنى تەكلىپ قىلدى، بەزىدە مەنمۇ ئازراق سۆز قىلدىم، بەزى تەكلىپلەرنى بەردىم.

ئەڭ ئاساسلىقى، ھەقىقەتكە قايتقان ئوفىتسېر ۋە ئورگان كادىرلىرىنى يىغىپ تۆت سائەت تەپسىلىي ۋە سەمىمىي سۆز قىلدىم، بۇ سۆزنىڭ تېمىسى «قانداق ئۆزگەرتىش كېرەك؟» مەزمۇنى: بىرىنچى قىسمى: مېنىڭ بېيجىڭدە تۇرغان ۋاقتىمدىكى سەككىز ئايلىق كەچۈرمىشلىرىم؛ ئىككىنچى قىسمى: دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى؛ ئۈچىنچى قىسمى: شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغانلىقى ھەققىدە تەسىرات، تۆتىنچى قىسمى: بىر قانچە نۇقتىلىق پىكىردىن ئىبارەت. ھازىر تولۇق تېكىستىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن:

## قانداق ئۆزگەرتىش كېرەك؟

(1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئورگىنىدىكى كادىرلارغا قىلىنغان سۆز)

گېنېرال تاۋسىيۆ، ھەر قايسى ئوفىتسېر يولداشلار: بۈگۈن مەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گېنېرال تاۋسىيۆنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەقىقەتكە قايتىشقا قاتناشقان قىسىمدىكى يولداشلار بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم.

بۇ ئىنتايىن خۇشاللىق ئىش بولدى.

مەن بۇ قېتىم ئۇرۇمچىگە، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەيگە ھەمراھ بولۇپ، يولداشلارنى يوقلاپ كەلدىم. مەن يولداشلارنىڭ ھەر دائىم مېنى ئەسلەپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىمەن، مەنمۇ ئوخشاشلا يولداشلارنى ھەمىشە ئەسلەپ تۇرىمەن. بۈگۈن مۇشۇ پۇرسەتتە كۆرۈشكىنىمىز، بولۇپمۇ دەۋر ئۆزگەرگەندىن كېيىنكى مۇشۇنداق پەيتتە كۆپچىلىك بىلەن كۆرۈشىشىمىز ھەقىقەتەنمۇ كەم ئۇچرايدىغان ئامەتلىك پۇرسەت، شۇڭا مەن ئالدى بىلەن يولداشلاردىن ھال سورايمەن.

## 1 - مېنىڭ بېيجىڭدىكى سەككىز ئايلىق كەچۈرمىشلىرىم

بۈگۈن كۆپچىلىك بىلەن كۆرۈشتۈم، گەپنى قەيەردىن باشلىسام بولار؟ ئالدى بىلەن ئۆزۈمنىڭ بۇ بىر قانچە ئايدىن بۇيانقى كەچۈرمىشلىرىم يەنى بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەنجىندىن بېيجىڭغا بېرىپ جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن قىلغان سۆھبەت ھەمدە سۆھبەت بۇزۇلغاندىن كېيىن بېيجىڭدە تۇرۇپ قالغان سەككىز ئايدىن بۇيانقى كەچۈرمىشلىرىمنى كۆپچىلىككە دوكلات قىلماقچىمەن. ئەلۋەتتە گېزىتتە، گۇاڭجۇ، تەيۋەنلەردىكى مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى ئېلان قىلغان خەۋەرلەردە، مېنى بېيجىڭدە قېپ قالدى، ئۇ بولدى، بۇ بولدى دېگەندەك خەۋەرلەرنى ئاڭلاتتى، كۆپچىلىك ئېھتىمال كۆرگەندۇ؟ بۇ پەقەت بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ يوقىلاڭ گەپ - سۆزلىرىدىنلا ئىبارەت. بۈگۈن مەن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ھەقىقىي ئەھۋالنى قىسقىچە دوكلات قىلىپ ئۆتەي. بۇ ئەلۋەتتە كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، مەن بۇ يىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا لەنجۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەنجىڭگە قايتا بارماس-

لىق ھەمدە دۆلەت ئىچىدىكى تىنچلىق سۆھبىتى مەسىلىسى-گە قاتناشماسلىق نىيىتىگە كەلگەنىدىم. لېكىن نەنجىن تەرەپ مېنى ئالغىلى ئىككى قېتىم ئايروپىلان ئەۋەتتى، ھەر كۈنى تېلېگرامما ۋە تېلېفون بېرىپ، نەنجىنگە بارمىسام بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىنچلىق سۆھبىتىگە قات-ناشمىسام بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. نەنجىنگە بارغاندىن كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېڭىشىش ئارقىلىق، مەن تىنچلىق سۆھبىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باش ۋەكىلى سۈپىتىدە 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەنجىندىن بېيپىڭغا قاراپ ئۇچتۇم، 20 كۈنلۈك سۆھبەت ئاخىرى بۇزۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى جەريانلارنى كۆپچىلىك گېزىتتىن كۆردى، خەقلەرنىڭ ئاغ-زىدىن ئاڭلىدى. مەن يەنە شۇنى كۆپچىلىككە ئېيتىمەنكى، ئۇ چاغدا نەنجىن تەرەپ مەسئۇلىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە تۇتقان پو-زىتسىيىسى قانداق بولدى؟ ھەقىقىي يوسۇندا تىنچلىقنى كۆز-لەش ھەمدە ماۋجۇشىغا يېزىلغان خەتنى رەسمىي ئېلان قىلىش، ماۋجۇشى ئوتتۇرىغا قويغان سەككىز ماددىنى سۆھبەتنىڭ ئاساسي قىلىشنى ئېتىراپ قىلىش ئىدى، لېكىن قايتا-قايتا تالاش-تارتىش قىلىش نەتىجىسىدە، بىز كۆپرەك قاتتىق تۇرۇۋالدۇق، جۇڭگو كومپارتىيىسى تەرەپ ناھايىتى كۆپ يول قويدى، ۋەكىللەر ئۆمىكى كۆپ قېتىم ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىل-غاندىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان «دۆلەت ئىچىدىكى تىنچلىق كېلىشىمى» دىن ئىبارەت سەككىز ماددىلىق 24 تارماقلىق تەكلىپنى قوبۇل قىلىشنى قارار قىلدى. ۋەكىل خۇاڭ شاۋخۇڭ بى-لەن مەسلىھەتچى چۈيۈۋنى نەنجىنگە ئەۋەتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ قوبۇل قىلىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردۇق. لېكىن ئۇلار نەنجىنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، نەنجىن ھۆكۈمىتىنىڭ

پوزىتسىيىسى بۇرۇن بىزگە ئىپادىلىگەن ھەقىقىي يوسۇندا
تىنچلىقنى كۆزلەش پوزىتسىيىسىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمىغان،
ئۇلار تەكلىپنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىشان. شۇنىڭ بىـ
لەن بىللە بەزىبىر جاھىللار ۋەكىللەر ئۆمىكىگە، بولۇپمۇ
ماڭا ھەدەپ ھۇجۇم قىلغان. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ بۇرۇن
مېنى بېيپىڭغا ئەۋەتىپ تىنچلىق سۆھبىتىگە قاتناشتۇرۇشىنىڭ
سەمىمىي ئەمەسلىكىنى، پۈتۈنلەي بىر ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى،
ئۇ پەقەت ۋەكىللەر ئۆمىكىگە قىلغان ئالدامچىلىق بولۇپلا
قالماي پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە نىسبەتەن تېخىمۇ ئالـ
دامچىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالدىم. بۇگۈن خەلق ئازادـ
لىق ئارمىيىسىنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك غەلىبىسى پاـ
كىت بولۇپ قالدى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز ئوتتۇرىغا قويـ
غان پىكىرنىڭ مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆتكەن ئۈمىدى ۋە
تەلىپىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇـ
گۈنكى شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش پاكىتـ
لىرىدىن قارىغاندىمۇ بىزنىڭ تىنچلىق تەشەببۇسىمىز، «دۆـ
لەت ئىچىدىكى تىنچلىق كېلىشىمى» نى قوبۇل قىلىش
توغرىسىدىكى پىكىرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.
تىنچلىق سۆھبىتى بۇزۇلغاندىن كېيىن، ۋەكىللەر ئۆـ
مىكى ئەلۋەتتە نەنجىڭگە قايتىپ بۇيرۇق كۈتۈشى كېرەك
ئىدى. نەنجىن تەرەپمۇ بىزنى ئالغىلى ئايروپىلان ئەۋەتـ
تى. لېكىن بىز يەنە نەنجىن ئەۋەتكەن يولىيورۇقنى تاپشۇـ
رۇپ ئالدۇق. يولىيورۇقتا بىزنى شاڭخەيگە بېرىڭلار دېگەن
ئىكەن، بۇ چاغدا ئۇلار نەنجىندىن كېچىشنى قارار قىلـ
غان ئىدى. شۇ چاغدا جۇڭگو كومپارتىيىسىدىكى يولداشـ
لار بىزگە: «ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قايتىپ كېتىش زۆرۈرـ
يىتى قالمىدى، سىلەر بېيپىڭدا قېپ قېلىڭلار، ھازىر نەنـ
جىن ھۆكۈمىتى گەرچە تىنچلىق كېلىشىمىنى قوبۇل قىلمىـ

خىنى بىلەن، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ۋە ئا-
زادلىق ئارمىيە چاقچىياقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار كې-
لىشىمگە ئىمزا قويۇشقا قوشۇلسىلا بىز ھەر ۋاقىت ئىمزا
قويۇشنى خالايمىز» دەپ ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە
بەزى دوستلاردا باشقىچە بىر خىل كۆز قاراش بولۇپ، ئۇ
بولسىمۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى شاڭخەيگە ياكى گۇاڭجۇغا قايت-
سا گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ۋە ئەكسىيەتچىلەر زىيانكەش-
لىك قىلماي قويمايدۇ، خەۋپ ناھايىتى زور دەيتتى. بۇ
نۇقتىنى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزدە بولۇپمۇ شەخسەن مەن ئۆ-
زۈم ئانچە ئويلاپ كەتمەيتتىم. لېكىن ۋەزىيەتنىڭ تەرەق-
قىياتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئەسلىگە كېلىپ تىنچلىق
كېلىشىمى ئىمزالىنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ۋەكىللەر ئۆمىكى-
دىكى ھەممىمىز رازى بولغان بولاتتۇق. شۇنداق قىلىپ
بىز بېيپىڭدە تۇرۇپ قالدۇق.

بېيپىڭدە تۇرغان ۋاقىتتا، مەن ھەر دائىم بەزى مەس-
لىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزدۈم. تىنچلىق سۆھبىتى توخ-
تاپ قېلىشى بىلەنلا مەن بىخارامان يۈرىدىغان بولۇپ
قالدىم. ئەڭ ئاز دېگەندە 30 نەچچە يىلدىن بۇيان مەن
بۇنداق دەم ئېلىپ باقمىغان ئىدىم. ئۆيدىكىلەر ماڭا
چاخچاق قىلىپ: «تەڭرى سىزنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان
بەك جاپا چەككەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ، سىزگە ئالاھىدە بۇ
قېتىمقى دەم ئېلىش پۇرسىتىنى ئاتا قىپتۇ» دېيىشتى. ئۇ-
زۇن ئۆتمەيلا، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بىرلىك سەپ
خىزمىتى بۆلۈمى مەن ئۈچۈن بېيجىڭدا خېلىلا ھەشەمەت-
لىك غەربچە بىر قەۋەتلىك ئۆي ھازىرلاپ بەردى. بۇ
جايدا گۈللۈك، چىملىق ۋە يېڭى پاسوندا ئۈسكۈنىلىرى
بار ئىكەن، ئۇ بۇ يەردىكى يېڭى بىنا (شىندالۇنى دېمەك-
چى — ت) دىن خېلىلا ياخشى ئىدى. بۇ ئۆينى بۇرۇن

بىر گېرمانىيىلىك سالدۇرغان بولۇپ، كېيىن قاتناش زۇڭسەيى بولغان بىر ياپونلۇق ئولتۇرغان، ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىن كېيىن، سون ليەنجۇن تۇرغان ئىدى. مەن بۇ قورودا ئالتە ئايدىن كۆپرەك، يەنى ئۆتكەن ئاينىڭ 22 - كۈنى بېيجىڭدىن لەنجۇغا كەلگەنگە قەدەر تۇردۇم. 26 - كۈنى مۇئاۋىن قوماندان پېڭ دېخۇەيگە ھەمراھ بولۇپ لەنجۇدىن جيۇچۈەنگە 27 - كۈنى بۇ يەرگە كەلدىم.

بېيپىڭدە تۇرغان بىر قانچە ئايلىق تۇرمۇشۇمنى دوكلات قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا دەسلەپكى ئۈچ ئايدا، بېيپىڭنىڭ مەنزىرىسى، مەشھۇر يادىكارلىقلارنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقتىم، بېيپىڭدىكى داگو نەغمىسىنى پات - پات بېرىپ ئاڭلاپ تۇردۇم. پېكىجوۋي تىياتىرىدىكى ئايال رولىنى ئالغۇچى تۆت چوڭ داڭلىق ئارتىست — مېي لەنفاڭ، چېڭ يەنچيۇ، شاڭ شياۋيۈن، شۈن خۇيشېڭلارنىمۇ كۆردۈم. بىر مەزگىل ھەر كۈنى دېگۈدەك داگۇ نەغمىسىنى ئاڭلىغىلى بېرىپ تۇردۇم. (بۇ چاغلاردا ئېھتىمال شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق يولداشلار خىزمەت ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ چارە - تەدبىرلەرنى ئويلىشىۋاتقاندۇ؟)، چۈنكى كومپارتىيىسىدىكى دوستلارمۇ پات - پات ئۆيۈمگە كېلىپ پاراڭلىشىپ تۇراتتى، جۇئېنلەي ئەپەندى، لىن بوچۈي ئەپەندى، بولۇپمۇ ماۋجۇشى ۋە باش قوماندان جۇ دېلار شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ بىۋاستە كېلىپ مېنى يوقلاپ تۇردى. ئۇلار ھەمىشە مېنى بېيجىڭدا قولى قىسىلىپ قالدىمىكىن، ئەتراپىمىق كۈتۈلمىگەن جايلار بارمىكىن دەپ پات - پات سوراپ تۇراتتى. بۇ خىل دوستلۇق ۋە قىزغىنلىق مېنى ھەقىقەتەنمۇ ھاياجانغا سالاتتى.

كېيىنكى ئۈچ ئايدا مەن ئانچە بىكار يۈرمىدىم. چۈنكى

خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىن ئاچقاندىن كېيىن، ئارقىسىدىنلا مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ھەر قايسى تەرەپلەردىن كەلگەن دوستلىرىمۇ كۆپەيدى، يىغىن، زىياپەتلەر كۆپ بولۇپ تۇرغاچقا، بۇ بىر قانچە ئايدا مەن چوڭ داگۇ نەغمىسىنى ناھايىتى ئاز ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدىم. جۇڭنەنخەيدىكى خۇەيرېنتاڭ زالىدا ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىملىق كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگىمۇ قاتناشتىم.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۇرمۇشقا دائىر پارچە - پۇرات دوكلاتلارنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق. مېنىڭ ھازىر ئالاھىدە دوكلات قىلىدىغىنىم، مەن بېيجىڭدا تۇرغان 4 -، 5 -، 6 - ئاي ئىچىدە، كۆڭلۈم ئىنتايىن پەرىشان بولۇپ، كاللامدا يېشىلمەي كېلىۋاتقان ناھايىتى كۆپ مەسىلىلەر يىغىلىۋالغان ئىدى. مەسىلەن، بىرىنچى مەسىلە: مەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۈچۈن كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باش ۋەكىلى تۇرسام، تىنچلىق سۆھبىتى بۇزۇلغان ئىكەن مەن نېمىشقا قايتىپ كەتمەيمەن؟ بېيجىڭدا قېلىپ نېمە قىلىمەن؟ بۇ زادى نېمە ئىش؟ ئەجەبا مەن بېيجىڭدا تۇرۇپ كۈندە داگۇ نەغمىسىنى ئاڭلىسام مەسىلە ھەل بولۇپ كېتەرمۇ؟ مەن بۇ مەسىلىلەرنى كۈندە ئويلايتتىم، چۈنكى كومپارتىيىسى ئىچىدىكى دوستلاردىن جۇئېنلەي ئەپەندىنى ئالىدىغان بولساق، بىز 20 نەچچە يىللىق دوستلارمىز، ئارىمىزدا قىلىشمايدىغان ھېچقانداق گەپ يوق. مېنىڭ پەرىشان بولۇپ يۈرگىنىمنى ئۇ ئاللىقاچان بىلىپ بولغان ئىدى. بىز ئىككىمىز پات - پات گەپ تالىشىپ قالاتتۇق. ئۇ مېنى تەنقىتلەپ: «سىزدە فېئوداللىق ئەخلاق بار، سىز نېمىشقا مەلۇم ئادەملەرگىلا ئۈمىد باغلاپ پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن باش قاتۇرمايسىز؟ نېمە ئۈچۈن ئىنقىلاب

ئىشلىرىنى ئويلىمايسىز؟» دەيتتى. ئۇ بۇنداق
گەپلەرنى ناھايىتى كۆپ قىلاتتى، بىزنىڭ گەپ تالىشىش-
مىزمۇ كۆپ بولاتتى. مەن: «ئىنقىلاب داۋلىسىنى مەنمۇ
بىلىمەن، لېكىن ئىنقىلاب قىلىشتىمۇ ئادىمگەرچىلىكنى ئۇنتۇپ
قالماسلىق كېرەك» دەيتتىم. كېيىن مەن كۆپ قېتىم جۇئېنلەي
ئەپەندىدىن: «مەن بېيجىڭدا ئۇزۇن تۇرۇۋەرسەم ھېچقان-
داق پايدىسى يوقتەك تۇرىدۇ، سوۋېتكە بارسام قانداق؟
ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا خېلى بۇرۇنلا
كۆپ قېتىم بېرىش نىيىتىدە بولغان بولساممۇ لېكىن با-
رالمىغان ئىدىم. ھازىر مانا پۇرسەت ھازىر بولدى.» دې-
دىم. ئۇ: ھازىر سوۋېت بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا دىپ-
لوماتىيە مۇناسىۋىتى ئورنىتىلمىغان تۇرسا، سىز قايسى
مەيدان بىلەن بارىسىز؟ خەقنىڭ سىزنى كۈتۈۋېلىشىمۇ قو-
لايسىز بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئادەتتىكى ئادەم ئە-
مەس دېدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە بىر مۇنچە سەۋەبلەر-
نى كۆرسىتىپ ھازىرچە مېنىڭ سوۋېتكە بارالمايدىغانلى-
قىمنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بارالمى-
غاندىكىمەن دەپ يىغلىۋەردىم! خىيالنى قىلىۋەردىم! تاماقتى-
مۇ، ئۇيقۇلۇقتىمۇ بۇ خىل خىياللار مەندىن نېرى كەتمە-
دى، جۈملىدىن ئىنتايىن پەرىشان ئەھۋالغا چۈشۈپ قال-
غان ئىدىم.

توپتوغرا ئۈچ ئاي پەرىشانلىقتا يۈردۈم. قۇرۇق
خىيال بىلەن پەرىشان يۈرۈۋېرىش چارە ئەمەس ئىدى.
ئەتىدىن - كەچكىچە ئويلاۋېرىپمۇ بىرەر نەتىجە چىقىرىش
مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن كىتاب كۆرىدىغان بولدۇم.
«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نى، «سوۋېت ئىتتىپاقى
كومپارتىيىسى (بولشېۋىك) تارىخىدىن قىسقىچە دەرسلىك»
نى، كادىرلار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق دېگەن كىتابتىمۇ بىر قان-

چىنى كۆرۈپ چىققان بولساممۇ، لېكىن كاللامدىكى كونـ
كرېت مەسىلىلەر زادى ھەل بولمىدى. 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ
كۈنىگە كەلگەندە گۇاڭجۇنىڭ مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتـ
لىقى «جاڭ جىڭجۇڭنىڭ بېيپىڭدا نەزەربەنت قىلىنغانلىقىـ
نىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى» دېگەن تېمىدا تېلېگرامما خەۋىرىـ
نى ئاڭلاتتى. 20 ـ ۋە 22 ـ كۈنلىرى يەنە تېلېگرامما
خەۋىرى ئاڭلىتىپ مېنى بېيپىڭدىن جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ
«كۈشكۈرتۈشى بىلەن تىنچلىق نەيرىڭىنى ئىشقا سېلىۋاتـ
دۇ، بېيپىڭدىن ئايرىلىپ ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كېتىپتۇ»
دەپ، ماڭا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي گۇاڭـ
جۇدىكى گومىنداڭ پىرقىسى بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويـ
يۇپ مۇزاكىرە قىلىشىپ ئىككى تەرەپكە ئايرىلغان: بىر
تەرەپتىكىلەر، جاڭ پارتىيىگە ئاسىيلىق قىلدى، ئۇنىڭغا
پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسىنى بېرىش كېرەك دېسە، يەـ
نە بىر تەرەپ، جاڭ بېيپىڭدە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىـ
نىپتۇ، ۋاقىتىنچە توختاپ تۇرۇپ كېيىن بىر نېمە دې..ك
دېگەن (10 ـ ئاينىڭ بېشىغا كەلگەندە ئاندىن مېنى پارـ
تىيىدىن رەسمىي چىقىرىۋەتكەنلىكى ھەمدە تۇتۇش كېرەكـ
لىكىنى ئېلان قىلغان). بۇ ئىشلار مېنى خېلى كۆپ ئويغىـ
تىپ قويدى. مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى ئۈچ پارچە تېلېـ
گرامما خەۋىرى ئاڭلاتقاندىن كېيىن مەن نائىلاج 6 ـ
ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ۋەزىيەت ھەققىدە بايانات ئېلان قىلـ
دىم. تېكىستىنى ئېھتىمال كۆپچىلىك كېزىتتىن كۆرگەندۇ؟
ئەلۋەتتە بۇ باياناتنىڭ ئاساسلىق قىسمىنىڭ مەزمۇنىنى
بېيجىڭدىلا سۆزلىگەن ئەمەسمەن، ئەنجىندە ئۇنى خېلى بۇـ
رۇنلا سۆزلىگەن ئىدىم، چۇڭچىڭدا ياپونغا قارشى ئۇرۇش
مەزگىلىدىمۇ سۆزلىگەنمەن. بۇنى مەن دوستلار بىلەن پاـ
راڭلاشقاندا مۇنداقلا ئېيتىپ قويغان بولماستىن، بەلكى

كۆپ قېتىم گومىنداڭنىڭ رەھبەرلىرىگە ئېيتقانىمەن.
ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇللىرىغا ئېيتقانىمەن. كۆپ
يىللاردىن بۇيان ۋەزىيەت ھەققىدىكى كۆز قارىشىم ۋە تە-
شەببۇسۇم مۇنداق ئىدى: گومىنداڭدىن ئىبارەت بۇنداق
پارتىيە مەغلۇپ بولماسلىقى كېرەكمۇ؟ گومىنداڭ سۇن
جۇڭشەن ئەپەندى قۇرغان، ئىنقىلابىي سەنمىنجۇيىنى يولغا
قويىدىغان پارتىيە ئىدى. 1924 - يىلىدىكى بىرىنچى قې-
تىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا سوۋېتلەر ئىتتى-
پاقى بىلەن، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش ۋە ئىشچى دېھ-
قانلارنى يۆلەشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسەت ماقۇللانغان
ئىدى، لېكىن گومىنداڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن
قانداق قىلدى؟ ئىنقىلابىي سىياسەتنى ئىجرا قىلدىمۇ؟
ياق. ئىنقىلاب قىلمىدى، ئەكسىل ئىنقىلابچى بولۇپ كەتتى،
سەنمىنجۇيىنى يولغا قويدىمۇ؟ ھۆكۈمەتنىڭ قايسىبىر تار-
ماقى سەنمىنجۇيىلىق سىياسەتنى يولغا قويدى؟ سەنمىنجۇ-
يىغا پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلدى! سەنمىنجۇيىدىن ۋاز كەچ-
تى! ئىنقىلاب قىلىشنى چاقىرىق قىلغان بىر پارتىيە كې-
يىن بىردىنلا ئىنقىلاب قىلمايدىغان ئەكسىل ئىنقىلابچى پارتى-
يىگە ئايلىنىپ قالدى. «قوي گۆشىنى ئېسىپ قويۇپ ئىت
گۆشىنى ساتتى»، مەغلۇپ بولماي باشقا يول يوقتۇ! ئۇلار
جاڭ پارتىيىگە ئاسىيلىق قىلدى دېيىشتى، زادى كىم پار-
تىيىگە ئاسىيلىق قىلدى؟ ئىنقىلاپتا كىم ئاسىيلىق قىلدى؟
كىم سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىنقىلابىي سىياسىتىگە،
ئىنقىلاۋىزمىغا ئاسىيلىق قىلدى؟ بۇرۇن بۇنداق سۆزلەرنى
ئادەتتىكى يولداشلارغا قىلىشقا پۇرسەت ناھايىتى ئاز ئې-
دى. بۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر يولداشلارغا سۆزلى-
گەنمەن، بۈگۈن مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان يولداشلارنىڭ بىر
مۇنچىسى ئاڭلىغان ئىدى. نەتىجىدە، چوڭچىڭدىكى پارتىيە

يىغىنلىرىدا ئۆز كۆڭۈللۈك بىلەن سالىقىراق قىلىپ سۆزلىگەن ئىدىم ھەمدە كۆپ قېتىم يازما قىلىپ پارتىيە رەھبەرلىرىگە سۇنغان ئىدىم. كەلگۈسىدە پۇرسەت بولسا مەن بۇ ھۆججەتلەرنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى تاللاپ ئېلان قىلىمەن.

مەن بېيجىڭدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئىستىلى ۋە كادىرلىرى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ روھىي قىياپىتىنى كۆردۈم. بىز گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئىستىلى ۋە كادىرلىرى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ روھىي قىياپىتىگە قارايدىغان بولساق، خىجالەتتە قالىمىز! مەن بولسام گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ بىر مەسئۇل كادىرى، خەقنىڭ دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن قانداق جاپالىق كۆرەش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بىز بۇرۇن قانداق قىلدۇق؟ ئۆزىمىزنىڭ خاتالىقى ئۈستىدە ئويلانمىساق، يەنىمۇ خىجىل بولمىساق بولامدۇ؟ كۆپچىلىككە مەلۇمكى، مەن ئەزەلدىنلا تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدىم. گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلەرنى سىياسىي ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشنى، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدىم. لېكىن مېنىڭ تەشەببۇسلىرىم جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلماستىن بەلكى گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەن خېلى بۇرۇنلا گومىنداڭ مۇشۇنداق چىرىپ كېتىۋەرسە، ئەكسىيەتچىلىشىپ كېتىۋەرسە بۇ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە تاقىلىدىغان مەسىلە بولۇپلا قالماي يەنە گومىنداڭنىڭ ئۆز مەنپەئەتىگىمۇ تاقىلىدىغان مەسىلە، بۇنىڭغا بىز ئوبدان دىققەت قىلىشىمىز لازىم دەپ قارىغان ئىدىم. شۇڭا مېنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان پىكرىم — كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ،

گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ھەمكارلىقىدىن پايدىلى-
نىپ گومىنداڭ پارتىيىسىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش، گو-
مىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئالغا بېسىشىغا تەسىر كۆرسىتىش،
ئىككى پارتىيىنىڭ ھەمكارلىقى ئارقىلىق دۆلەتنى ياخشى-
لاش، ئىنقىلاپ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشنى تەشەببۇس قىلىش-
تىن ئىبارەت ئىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىز ئو-
زۇل - كېسىل مەغلۇپ بولغان بولساقمۇ لېكىن
بەزىلەر يەنىلا ئۇنى گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ھەر-
بىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيىتى كەلتۈرۈپ چىقاردى دەپ
قاراۋاتىدۇ. ئۇلار پەقەت مەسىلىنىڭ بىر تەرىپىنى ياكى
يېرىمىنىلا كۆرۈپ مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى چۈشەنمىگەن. راس-
تىنى ئېيتقاندا گومىنداڭنىڭ مەغلۇبىيىتى كۆرۈنۈشتە ھەر-
بىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتتەك بىلىنگىنى بىلەن ماھىيەت-
تىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ سىياسىي جەھەتتىكى مەغ-
لۇبىيەت. سىياسىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت بولمىسا نەدە
ھەربىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت بولىدۇ؟ گومىنداڭ گۇاڭ-
دۇڭدا جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ قەسەمىيات
قىلىپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھاكى-
مىيىتىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئەگەر ئىزچىل ئىنقىلاب
قىلىپ سەنمىنجۇيىنى يولغا قويغان، بىرىنچى قېتىملىق
مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان سىياسەتلەر-
دە چىڭ تۇرغان بولسا، جۇڭگو بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى-
نىڭ دوستلۇقى، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ھەمكار-
لىقى تەبىئىي بولماسمىدى؟ دۆلەتنىڭ ئالغا بېسىشى تەبىئىي
بولماسمىدى؟ جۇڭگو ئىنقىلابىي ئىشلىرىنىڭ ئورۇنلىنىشى تە-
بىئىي بولماسمىدى؟ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە گومىنداڭ
پارتىيىسىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى باشقىلاردىن كۆرسەك بولماي-
دۇ! بۇ ئۆزىمىز تاپقان بالا، ئۆزىمىزنىڭ شورى! ئىنقىلاب

قىلىشنى چاقىرىق قىلغان پارتىيە، ئىنقىلاب قىلمايدىغان
پارتىيىگە ئايلىنىپ قالسا، يالغان ئىنقىلابى پارتىيە بولۇپ
قالسا، ئەلۋەتتە ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن تۈكۈرۈپ تاشلىنىدۇ،
تارىخ تەرىپىدىن شاللىۋېتىلىدۇ! بۇ ناھايىتى تەبىئىي قائىدە.
بېيپىڭدە مەن گەرچە ئۈچ ئايچە ئىنتايىن پەرىشان ھا-
لەتتە يۈرگەن بولساممۇ، ھېلىمۇ ياخشى مەن ئەڭ ئاخىرىدا
ئۆز - ئۆزەمنى تەنقىتلەش روھى بويىچە ئۆز خاتالىقىم ئۈست-
ىدە قاتتىق ئويلىنىپ، ئۆزەمنى تەكشۈرگەندىن كېيىن،
ئاخىرى ئىدىيەمنى دەسلەپكى قەدەمدە ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدىم.
روھى جەھەتتە ئازاد بولدۇم. دەسلەپ، جۇڭگو كومپارتى-
يىسىدىكى دوستلار مېنىڭ سىياسىي كېڭەش ۋە مەركىزى
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىشىمنى ئۈمىد قىل-
غان، ماۋجۇشى ۋە جۇئېنلەي ئەپەندىمۇ ئۇ ھەقتە ماڭا
كۆپ قېتىم ئېيتقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ياخشى نىيىتىگە مەن
چىن قەلبىمدىن تولىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن. لېكىن مەن دا-
ئىم مۇنداق ئويلايتتىم: بۇرۇن بىر مەزگىل مەن رەھبىرى
كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدىم، بۇ مەزگىل ئۆتۈپ كەتتى، ئەل-
ۋەتتە مەنمۇ ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالدىم، بۇرۇنقى مەسئۇ-
لىيەتنى بىز ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك، بىز مەغلۇپ
بولدۇق. بۇندىن كېيىنكى مەسئۇلىيەتنى ئۇلار ئۈستىگە
ئالدى، مەن ئۇلارنىڭ مۇۋاپپەقىيەتكە ئېرىشىشىنى ئۈمىد
قىلىمەن. ئۇلارنىڭ مۇۋاپپەقىيىتىنى ھىمايە قىلىمەن. لېكىن
مېنى يەنە ئىشلە، رەھبەر بول دېسە مەن ئۇنىڭغا قىزىقماي-
مەن. بىر كۈنى مەن ماۋجۇشىنىڭ قېشىغا بارسام باش قو-
ماندان جۇدې ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بىر قانچە يۇ-
قىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىمۇ شۇ يەردە ئولتۇرۇشقان ئىكەن،
ماۋجۇشى ھېلىقى مەسىلىنى يەنە ئېغىزغا ئالغان ئىدى.
مەن يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك جاۋاب بەردىم. ئۇ كۈلۈپ

تۇرۇپ: « بۇرۇنقى مەزگىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇندىن كېيىن
كۈنلەر يېڭى يىلنىڭ 1- كۈنىدىن باشلىنىدۇ!» دېدى،
ئۇنىڭ سۆزى ناھايىتى يۇمۇرلۇق ئىدى، ئۇنىڭ پوزىتسى-
يىسى مېنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرىۋەتتى. ئۇلۇق جۇڭگو
خەلقىنىڭ داھىسى بولغان ماۋجۇشى، مەندەك كىچىككىنە
جاڭ جىرجۇڭنى بۇنداق ئەتىۋارلاۋاتسا، ماڭا بۇنداق نە-
سىھەت قىلىۋاتسا، تەسەللى بېرىۋاتسا، ئىلھام بېرىۋاتسا،
مەن ھەقىقەتەنمۇ نېمە دېيەلەيتتىم. يەنە باشقا دوستلارمۇ
كېلىپ ماڭا: « سىز ئىنقىلابچىمۇ، ئەمەسمۇ؟» دەپ سوراش-
تى. مەن ئەلۋەتتە مەن ئىنقىلابچى ئەمەس دەپ ئېيتالمايمەن
دە! باشقىسىدىن كېچەلەيمەنكى، ئىنقىلاب قىلىشتىن كېچەل-
مەيمەن. ئۇلار يەنە: « بۇغۇ شۇنداق بولسۇن، جۇڭگو كوم-
پارتىيىسى ئىنقىلابىمۇ- ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن
جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھاكىمىيەتنى
ئىنقىلابىي ئەمەس دېيەلەيمەنمۇ؟ دېيەلمەيمەن. مەن ئۇلار-
نىڭ ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئەلۋەتتە
ئۇلار يەنە: « ناھايىتى ياخشى، سىز ئىنقىلابىي دەپ ئېتى-
راپ قىلدىڭىز، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابچى ئىكەن-
لىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلدىڭىز. يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ ئىنقىلابىي
ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدىڭىز، يەنە نېمىشكە ئۇنىڭغا قات-
ناشمايسىز؟ » دەپ ئېيتتى. بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرگە
مەن ھېچنېمە دېيەلمەيتتىم، ئاخىرىدا ئۇنى قوبۇل قىلغان
بولدۇم. ئوبدان، بولدۇ مەن قاتنىشاي! كېيىن مەن سىيا-
سىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ
سايلاندىم، يەنە مەركىزى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى
بولۇپ سايلاندىم. ئاخىرىدا يەنە جۇڭگو خەلق
ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندىم.
بۇ ئۈچ كومىتېتقا ماۋجۇشى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلاتتى،

مەن بۇرۇن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىكى كادىرلارنىڭ بىرى بولغانلىق مەرتىۋەم بويىچە بولسا دۆلەت، خەلق ئالدىدا ئەيىپنى بويىنىمغا ئېلىپ خىزمەتتىن چېكىنىسەم بولاتتى، لېكىن جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ماۋجۇشى دېموكراتىك بىرلىكسەپ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، مېنى ئەتىۋارلاپ، يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتناشتۇردى. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ھەم خىجىل بولىمەن ھەم ئۆزەمنى شەرەپلىك ھېس قىلىمەن!

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، بىر مۇنچە يولداشلاردا مەندە بۇرۇن يۈز بەرگەنگە ئوخشاش ئىددىيە، پەرىشانلىقلارنىڭ بولغانلىقى ماڭا مەلۇم ئىدى. شۇڭا مەن ئۆزەمنىڭ بۇرۇن قانداق ئىددىيىۋى كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىمنىڭ جەريانىنى كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە سۆزلەپ ئۆتتۈم. كۆپچىلىك مېنىڭ بۇنداق ئويلىغانلىرىم، بۇنداق قىلغانلىقىمنى خاتا دېمەس! كۆپچىلىككە ئېيتىپ قويايكى، مېنىڭ قىلغىنىم توغرا، پۈتۈنلەي توغرا! بۇ مەندىكى ئىددىيىۋى كۈرەشنىڭ خۇلاسىسى.

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنى ئېچىلىشتىن بۇرۇن، ماۋجۇشى كەلگۈسىدە سىز يەنە غەربىي-شىمالغا بېرىپ «پېڭ دېخۇەي بىلەن ھەمكارلىشىسىز»، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەينىڭ «ياردەمچىسى» بولىسىز دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كادىرلىرىغا ئىنتايىن سەممىي پوزىتسىيە تۇتاتتى، قىلچە قۇرۇق رەسمىيەتچىلىك قىلمايتتى. يەنە ئۆزىنىڭ ھەزىلچىلىكىنى ھەمىشە ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئۇ ھەمىشە يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئىسمىنى يۈزمۇ-يۈز تۇرۇپ ئاتايتتى. ئۇ شۇ چاغدا ناھايىتى تەكەللۇپ قىلغان ھەم يۇمۇرلۇق ھالدا: «سىز يەنە

بىر قېتىم گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ ھەمكارلىقىنى
ئىشقا ئاشۇرايلى!» دېدى، مەن: «ھازىر سىز رەھبەرلىك
قىلىۋاتىسىز، گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيەنىڭ ھەمكارلىقى
ئۈستىدە بىر نېمە دېگىلى بولماس؟ لېكىن غەربىي - شىمال-
دىكى خەلقلەر ۋە سەبداشلار ھەمىشە مېنى ياد ئېتىپ تۇ-
رىدۇ، مەنمۇ ھەر دائىم ئۇلارنى ياد ئېتىپ تۇرىمەن، سىز
ئەگەر مېنىڭ غەربىي - شىمالغا بېرىپ كېلىشىمنى زۆرۈر
دەپ قارىسىڭىز، ئۇ تەرەپكە بېرىپ مۇئاۋىن باش قوماند-
دان پېڭ دېخۇەينىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇشنى خالايمەن»
دېدىم. ئۇ: سىز بېرىپ پېڭ دېخۇەيگە ياردەمچى بولسىڭىز،
ئەلەم قىلماسمۇ؟ سىز بۇرۇن غەربىي - شىمالدىكى تۆت
ئۆلكىنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي باشلىقى بولغان تۇرسىڭىز،
ھازىر ياردەمچى بولۇپ قالسىڭىز سىزگە ئەلەم قىلمامدۇ؟
دېدى، ئۇنىڭ بۇ سۆزى مېنى ناھايىتى خىجىل قىلىۋەتتى.
بىز ئىنقىلابچىلار ئەزەلدىن مەرتىۋە مەسىلىسىنى ئويلىمىغان
ھەم ئويلىماسلىقىمىز لازىم. ئۇ يەنە: مەن چىڭ سۇڭيۈن
ئەپەندىنى لىن بياۋنىڭ ياردەمچىسى بولۇشقا تەكلىپ قىل-
دىم، مېنىڭچە بۇ ئۇنىڭغا بىرئاز ئەلەم قىلىشى مۇمكىن.
لىن بياۋ شۇنچە ياش، چىڭ سۇڭ يۈن ئەپەندىنىڭ ئۇس-
تازى شۇنچە ئۇزۇن تۇرسا، ئۇنىڭغا ياردەمچى بولسا قان-
داق بولىدۇ؟ لېكىن سىزگە مەلۇمكى، لىن بياۋ ھازىر بىر
مىليونلۇق چوڭ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىۋاتىدۇ، چىڭ
سۇڭ يۈن ئەپەندى قوماندانلىق قىلالارمۇ؟ شۇنداقتىمۇ چىڭ
ئەپەندى پۈتۈنلەي ماقۇل بولدى. ئۇ بۇنداق دەپ تۇرۇۋات-
سا، مەن يەنە نېمە دەيمەن؟ چىن كۆڭلۈمدىن قوبۇل قى-
لىپ، بۇيرۇق ۋە تاپشۇرۇققا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىمنى
بىلدۈردۈم. مەن بۇ قېتىم مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ
دېخۇەيگە ھەمراھ بولۇپ شىنجاڭغا كېلىپ كۆپچىلىكنى

يوقلاش ئارقىلىق، ئۆزەمنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى تىلىكىمنى ئىشقا ئاشۇردۇم، يات - يېقىنىدا لەنجۇغا قايتىمەن. بۇندىن كېيىن بىز بىر - بىرىمىزدىن يىراق جايدا تۇرساقمۇ، كۆپچىلىكنىڭ تىرىشىپ ئۇلۇغۋار ئىنقىلابىي ئىستىقبالغا ئاتلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن!

## 2 - دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

ئىككىنچى، مەن خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى ئۈستىدە توختىلىمەن. دۆلەت ئىچىدە، ھازىر خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مەملىكەت مىقياسىدا غەلىبە قازىنىشى مۇقەررەر بولۇپ قالدى ۋە مۇقىملىشىپ قالدى. گۇييالڭ، چۇڭچىڭ، نەننىڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، پۈتكۈل غەربىي - جەنۇبتا مەسىلە چىقمايدۇ. مەن لەنجۇدا گېنېرال خې لۇڭنى ئايرودرومغا ئۇزىتىپ چىققىنىمدا، چېڭدۇغا قاچان بارىسىز دەپ ئۇنىڭدىن سورىسام ئۇ: «چېڭدۇغا كېلىپ چاغان ئوينارمەن!» دېدى. چېڭدۇ ئازاد بولغاندىن كېيىن، كۇنمىڭ ھەم شىكاڭنىڭ ئازاد بولۇشىدىمۇ گەپ يوق. شىزاڭ ۋە تەيۋەنگە كەلسەك بۇندىن كېيىنكى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى بەك بالدۇر مۆلچەرلەشنىڭ ھاجىتى يوق، مەيلى ھەربىي ياكى سىياسىي ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ھەل قىلىنسۇن، بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى قالدى. شۇڭلاشقا مەملىكەت مىقياسىدا غەلىبە قازىنىشقا قىل سىغمايدۇ. بۇ ھازىر جۇڭگودىكى مەسىلىلەرنى ھەربىي جەھەتتە ھەل قىلىشتا مەسىلە چىقمايدۇ دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

سىياسىي جەھەتتىمۇ مەسىلە چىقمايدۇ. بوگۇنكى كۈندە كىم مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنى ھىمايە قىلمايدۇ؟ ماۋ-

جۇڭنىڭ رەھبەرلىكىنى كىم ھىمايە قىلمايدۇ؟ يېڭى دې-
موكراتىزمنى كىم ھىمايە قىلمايدۇ؟ يېڭى دېموكراتىزم دې-
گەن نېمە؟ ئۇ — ئىنقىلابىي سەنمىنجۇيىدىن ئىبارەتتۇر. ئىك-
كىسىنىڭ ئاساسلىق مۇھىم ئۇقتىلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ
كېتىدۇ، بۇ ئۇقتىنى ماۋجۇشى: «يېڭى دېموكراتىزم ھەق-
قىدە» دېگەن ماقالىسىدا ناھايىتى ئېنىق سۆزلىگەن، لې-
كىن ئۇ، بۇنى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن پرو-
گراممىسى دەپ ھېسابلىغان. بۇندىن كېيىن يېڭى جۇڭگودا
يېڭى دېموكراتىزم يولغا قويۇلىدۇ. بىزنىڭ كۆزقارىشىمىز
بىلەن قارىغاندا ئۇ ئىنقىلابىي سەنمىنجۇيىدۇر. بۇندىن كې-
يىن يېڭى دېموكراتىزم قاچانغىچە يولغا قويۇلغاندا ئاندىن
سوتسىيالىزمغا يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ھازىرچە مۆلچەرلەش
تەس. ماۋجۇشى بىر كۈنى بىزگە: بىز 50 نەچچە ياشقا
كىرگەنلەر ئېھتىمال سوتسىيالىستىك جۇڭگونى كۆرەلمەسلى-
كىمىز مۇمكىن، دېگەن ئىدى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: ئېھتى-
مال بىر قانچە 10 يىل، ھەتتا 30 يىل ياكى 20 يىل كې-
تەمدۇ؟ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ دېگەندىن ئىبارەت. بېي-
جىڭدىكى چېغىمدا بەزىلەر 15 يىل بولۇشى مۇمكىن دېگەن
ئىدى. لەنجۇغا بارغاندا مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭدېخۇەي:
«ئوتتۇردا خاتالىق يۈز بەرمىسە، ئېھتىمال 20 يىل
كېتەر» دېدى. شۈبھىسىزكى، مەن بۇ يىل 60 ياشقا كىرىپ
قالدىم، مەن 80 ياشقىچە ياشالايمەنمۇ؟ مېنىڭ ئۆمرۈم-
نىڭ ئالدىنقى 40 يىلىدەك ۋاقتى سەنمىنجۇيىنى يولغا قو-
يۇش بىلەن ئۆتتى. بۇندىن كېيىنكى 20 يىلدا يېڭى دې-
موكراتىزمنى يولغا قويسام، بۇ مېنىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيەم
ۋە ئېتىقاتىمغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھېچقانداق پەرق ئەمەس-
مۇ؟ ھازىر پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئېتىقات قىلىۋاتقىنى،
ھىمايە قىلىۋاتقىنى يېڭى دېموكراتىزم، بۇنىڭدا مەسىلە

يوق. راستىنى ئېيتقاندا، جۇڭگو كومپارتىيىسى تەشەببۇس
قىلىشۋاتقان، يولغا قويۇۋاتقان سىياسەت مېنىڭ قارىشىمچە
ھەقىقەتەن ناھايىتى پۇختا، ناھايىتى مۇكەممەل ھەتتا مۇرەس-
سەلەشتۈرۈش خاراكتېرلىك سىياسەت. (گومىنداڭ پارتىيە-
سىنىڭ 6-نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنى چوڭچىڭدا ئېچىلغاندا،
مەن سىياسىي پروگراممىلىق بىر تەكلىپ بەرگەن ئىدىم، شۇ
چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن چوڭچىڭدا تۇرۇۋات-
قان دوستلار مەندىن: «تەكلىپىڭىز ماقۇللاندىمۇ-يوق؟»
دەپ سورىدى، «تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن ماقۇل-
لاندى» دېپ جاۋاب بەردىم. ئۇ يەنە: «ئەمەلدە كۆرس-
تىلدىمۇ؟» دەپ سورىدى، مەن: «ئەمەلدە كۆرسىتىلىشىنى
ئۈمىد قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ: «ئەگەر راس-
تىنلا ئەمەلدە كۆرسىتىلسە، ئۇ ھالدا گومىنداڭ سولچى
بولغان، كوممۇنىستىك پارتىيە بولسا ئوڭچى بولغان بولى-
دۇ!» دېدى. تەكلىپ گەرچە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن
كېيىن ماقۇللانغان بولسىمۇ، نەتىجىدە بىز ئوتتۇرىغا قوي-
غان سىياسىي پروگرامما يەنە خەلققە قىلىنغان بىر قېتىم-
لىق يالغان سۆزگە باراۋەر بولۇپ قالدى!) لېكىن ھازىر
يېڭى ھاكىمىيەت يولغا قويۇۋاتقان سىياسەت پۈتۈنلەي توغ-
را، ھازىرقى باسقۇچتىكى جۇڭگونىڭ ئەھۋالى ۋە ئېھتىيا-
جىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن، شۇڭا سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقان-
دىمۇ ئۇنىڭدا مەسىلە يوق.

ھەربىي ئىشلاردا مەسىلە بولمىسا، سىياسىي جەھەتتە
مەسىلە بولمىسا، يەنە قانداق مەسىلە بار؟ مالىيە ئىقتى-
ساد مەسىلىسى. نۆۋەتتە مېنىڭ گەپنى يوشۇرۇشۇمنىڭ
ھېچقانداق ھاجىتى يوق. مالىيە-ئىقتىسادتا مەسىلە بار.
ھازىر ھەممىلا كەت بويىچە مال باھاسىدا تۇراقسىزلىق مەۋ-
جۇت. ئۈرۈمچىنى ئالىدىغان بولساق، بۇرۇن بىر يىلدىلىك

تەڭگە چېكىنگە بىر يۈەنلىك كۈمۈش تەڭگە تېگىشكىلى بولاتتى. هازىر 20 ــ 30 يۈەنگە بىر يۈەن تېگىشىلىدىغان بولۇپ قالغاچقا، خەلق تۇرمۇشى ئەلۋەتتە تەسىرگە ئۇچرايدۇ، قىسمەنلاردىمۇ شۇنداق بولىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندە، ھۆكۈمەت بۇ مەسىلىنى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىۋېتىپتىكەن، كېلەر يىلى مۇشۇ ۋاقىتتىمۇ ئېھتىمال قىيىنچىلىقنى پۈتۈنلەي ھەل قىلىپ كەتكىلى بولماس. لېكىن كۆپچىلىك بىلىشى كېرەككى، بۇ خىل قىيىنچىلىق بۇرۇنقى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەزگىلىدىكى قىيىنچىلىق بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاشمايدۇ. بۇرۇنقى قەغەز پۇل، دوللار چېكى، خەلققە ئاۋارىچىلىق كەلتۈردى. بۇ خىل قىيىنچىلىق، كەينىگە چېكىندۈرىدىغان، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدىغان قىيىنچىلىق ئىدى، هازىرقى قىيىنچىلىق بولسا يەڭگىلى بولىدىغان، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئىچكى ئۇرۇش قالدۇرۇپ قويغان، ساقلانغىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەغلۇبىيەتكە باشلايدىغان قىيىنچىلىقتا ئامال يوق. يەڭگىلى بولىدىغان قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا بولىدۇ. نۆۋەتتىكى قىيىنچىلىقنى كېلەر يىلىمۇ پۈتۈنلەي ھەل قىلىپ كەتكىلى بولماس، كېيىنكى يىلىدىن باشلاپ مەسىلە چىقماسلىقىغا ئىشىنىشكە بولىدۇ. مەركەزنىڭ مالىيە مەسئۇلىمۇ: «ھېچگەپ يوق. ھەل قىلىش چارىسى تېپىلىدۇ، ئەگەر قاتناش جەھەتتە بىر قانچە چوڭ تۆمۈر يول تيەنجىن ـ پۇكۇ، لەنجۇ ـ ليەنيۈنگاڭ، بېيجىڭ ـ ۋۇخەن، گۇاڭجۇ ـ ۋۇخەنلەرگە قاتنىسا، جەنۇب، شىمال، شەرق، غەربنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنى توسالغۇسىز ھالدا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، زاۋۇت ياكى يېزىلاردا بولسۇن، دېموكراتىك باشقۇرۇش يولىغا قويۇلۇۋاتقانلىقتىن سانائەت ـ دېھقانچىلىق ئىشلەپچى-

قىرىشىنىڭ كەيپىياتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلەر يىلى قىسىملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن، قىسىملارنىڭ چىقىمىنى تولۇقلاپ كېتىشكە بولىدۇ» دېدى. شۇڭا مالىيىمۇ ھېچقانچە مەسىلە ئەمەس دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا خەلقئارا مەسىلىلەر. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكالانغاندا، ئالدى بىلەن ئۇنى ئۇلۇغ دوست مەملىكەت سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئېتىراپ قىلدى. كەينى-كەينىدىن شەرقىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى يېڭى دېموكراتىك دۆلەتلەرمۇ بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ ئېتىراپ قىلدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر كۈزىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار ۋاقىتىنچە سودىلىشىش پۇزىتسىيىسىدە تۇرماقتا. بەزىلەر: «ئۇلار ئېتىراپ قىلىدىغان بولسا، شەرتسىز ئېتىراپ قىلسۇن، ئېتىراپ قىلمىسا مەيلى!» دېگەن ئىدى. ھازىر قارىغاندا ئەنگلىيە ئاۋۋال ئېتىراپ قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەنگلىيىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان، قالغان دۆلەتلەردە مەسىلە يوق. ئەلۋەتتە، ئەنگلىيىنىڭ ئېتىراپ قىلىش-قىلماسلىقىنىڭ بىز بىلەن ئانچە چوڭ ئالاقىسى يوق. ئەگەر ئۇلار شەرتسىز ئېتىراپ قىلىشنى خالىسا بىزمۇ ئەلۋەتتە ئۇنى ھەرگىز رەت قىلمايمىز.

نۆۋەتتىكى خەلقئارالىق مەسىلىلەر تېخى بۇ يەردە ئەمەس، ھازىر دۇنيا مۇنداق ئىككى چوڭ لاگېرغا بۆلۈندى: بىرى ئامېرىكا، ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى كاپىتال-جاھانگىرلىك گۇرۇھى، يەنە بىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى تىنچلىق-دېموكراتىك گۇرۇھ. بۇ ئىككى چوڭ گۇرۇھنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى دۇنيادىكى ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ھادىسىنى پەيدا قىلدى. ئامېرىكا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى ئىككى چوڭ گۇرۇھ ھامان بىر ئېـ

لىشىپ كۆرۈشتىن ھەرگىزمۇ خالىي بولالمايدۇ. ئەكسىيەت-
چىلەر 3-دۇنيا ئۇرۇشى پات ئارىدا پارتلايدۇ، جۇڭگو
مەسىلىسى شۇ چاغدا ھەل بولىدۇ دەپ قاراپ ئۆزلىرىنىڭ
بارلىق ئۈمىدىنى دۇنيا ئۇرۇشىغا باغلاپ، ئەنە شۇ چاغدا
نەپ ئالالايمىز، يەنە قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقالايمىز
دەپ ھېسابلاشتى. بۇ خىل كۆز قاراش خام-خىيالla بو-
لۇپ قالماستىن، يەنە جىنايەت خاراكتېرلىك خام-خىيال،
شۇنداقلا نادان ھەم تەلۋىلىك، خەلقنى ئالدايدىغان رەزىل
تەشۋىقاتتۇر! ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەگەر
مەندىن سورايدىغان بولسا، مېنىڭ ئىزچىل جاۋابىم شۇكى:
ئۇ ئىشەنچىسىز گەپ، بىز مەڭگۈ ئۇنداق بولماسلىقىنى ئۈ-
مىد قىلىمىز. ئەگەر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ پات يېقىندا
بولىدىغان ئىش ئەمەس. ھازىر خەلقئارادىكى ئومۇمىي ۋە-
زىيەت ئۇرۇش يولىغا يۈزلەنگەن بولماستىن، ئۇنىڭ ئەكسى-
چە تىنچلىق يولىغا قاراپ يۈزلەنمەكتە. باشقىچە قىلىپ
ئېيتقاندا، دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۇرۇش يولىنى
تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ كۈتكىنىدەك بولماستىن، بەلكى
تىنچلىق تەرەپدارلىرىنىڭ كۈتكىنىدەك بولماقتا. بولۇپمۇ
ھازىر قۇدرەتلىك بىر ئامىل قوشۇلدى، ئۇ بولسىمۇ جۇڭ-
خۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، 475 مىليون خەلقنىڭ
غايەت زور، چەكسىز كۈچى تىنچلىق-دېموكراتىيە لاگېرىغا
قوشۇلدى. بۇ ئامىل دۇنيا تىنچلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش
ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشقا قادىر، ئۇ پۈتۈن دۇنيادى-
كى تىنچلىق-دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىدىغان ئەربابلارنىڭ
ئەھمىيەت بېرىشىگە ئەرزىيدىغان، كىشىلەر دۇنيا ئۇرۇشى
مەسىلىسىنى مۆلچەرلىگەندە سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇ-
ھىم ئامىل.

يۇقىرىدىكى تەھلىللەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، بىز-

نىڭ غەربىي ئىشلىرىمىزدا مەسىلە يوق، سىياسىتىمىزدە مەسىلە يوق، مالىيىدە ئانچە كۆپ مەسىلە يوق، خەلقئارا مەسىلىلەردىمۇ ھېچقانچە ئېغىر ۋە بۇزۇلۇش ئەھۋالى مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، بىز ئۈمىدۋارمىز. لېكىن ئەھۋال قانداق بولمىسۇن، بىزدە ئەڭ دۇھىمى تىنچلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تەييارلىق بولۇشى، تولۇق تەييارلىق بولۇشى لازىم. بىز بەك ئارقىدا قالدۇق، بىز يېڭى دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشتە ئالدى بىلەن جۇڭگونى يېزا ئىگىلىك دۆلىتىدىن سانائەتلەشكەن دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت جۇملىدىن غەربىي - شىمالىي شىنجاڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىز تىنچ قۇرۇلۇشقا، ئۇزۇن مۇددەت تىنچ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا مۇھتاج. شىنجاڭنى ۋە پۈتكۈل غەربىي - شىمالنى چوڭ سانائەت رايونىغا، پۈتۈن جۇڭگونى چوڭ سانائەت دۆلىتىگە ئايلاندۇرساق، ئاندىن بىزدە ھەممە ئىشقا چارە تېپىلىدۇ، جۇڭگونى يېڭى دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزم باسقۇچىغا باشلىيالايمىز. بىز ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ يېڭى جۇڭگودا مۇشۇنداق ھەرخىل ئاساسىي شەرتلەر بار. بىز چوقۇم پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئورتاق ئۈمىد قىلىۋاتقان نىشانغا پۈختا قەدەملەر بىلەن پىلانلىق ھالدا يېتەلەيمىز.

### 3 - شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقى ھەققىدە تەسەۋۋۇرات

ئۈچىنچى، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇراتنى سۆزلەپ ئۆتەي. بۇ قېتىم شىنجاڭنىڭ قان تۆكۈلۈش - قۇربان بېرىشتىن ساقلىنىپ

تىنچ يول بىلەن ئازاد بولالىشىدا ناھايىتى كۆپ سەۋەب-
لەر بار. ئالدى بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مەم-
لىكەت بويىچە غەلىبە قىلىۋاتقانلىقىنىڭ تەسىرى بار، ئەلۋەتتە.
بۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان پاكىت. شىنجاڭ قىسمىلىرى-
نىڭ ئەھۋالى ۋە ئازاد بولۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى
بەزى مەمۇرىي - ھەربىي يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار
ھەمدە يەرلىك ياكى مىللىي داھىلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە كۆز
قارىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر ئازادلىق ئارمىيىنىڭ
مەملىكەت مىقياسىدىكى غەلىبىسى بولمىغان بولسا، كونكرېت-
ۋاق قىلىپ ئېيتقاندا، ئازادلىق زور قوشۇنى لەنجۇنى ئا-
زاد قىلغاندىن كېيىن جاڭيې، جيۇچۈەنلەرگە قىستاپ
كەلمىگەن بولسا، گېنېرال تاۋسىيۇ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك بىر
قانچە نەپەر كادىرنىڭ قوزغىلىشى بىلەن تىنچ يول بىلەن
ئازاد قىلىشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە مۇم-
كىن ئەمەس ئىدى. ئۇندىن قالسا، پۈتۈن ئۆلكىدىكى خە-
لقلەر تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىردەك تەلەپ قىلدى
ھەمدە تىنچلىققا بولغان روھىي ھالىتىنى ئىپادىلىدى. بىز
ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ھەر مىللەتتىكى دوستلار بو-
لۇپمۇ سوۋېتلىك دوستلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدۇق، ئۇلار،
سىلەر بۇرۇن يولغا قويغان تىنچلىق سىياسىتى بۇ قېتىم شىن-
جاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشقا سەۋەب بولدى،
چۈنكى ئۇ مۇشۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئادەتتىكى خەلق-
لەرنىڭ تىنچلىققا مۇھتاج بولۇشتەك ئومۇمىيۈزلۈك روھىي
ھالىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنداقلا بوگۈنكىدەك تىنچ
يول بىلەن ئازاد بولۇش شەرت — شارائىتلىرىنىڭ پىش-
شىپ - يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى دېپ قارىغان. بۇ بىزنىڭ
مەنمەنچىلىك ياكى قارىسىغا ھۆكۈم قىلىپ ئېيتقان سۆزى-
مىز ئەمەس بەلكى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ بەرگەن ئوبيېك-

تىپ باھاسى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى سەۋەبتىن باشقا يەنە بىر سەۋەب بار، ئۇ بولسىمۇ بىزنىڭ شىنجاڭ قىسمىمىزدىكى ئازساندىكى ئەدىبىي جاھىللار، ھەق - ناھەقنى ئېنىق بىلمەيدىغان ئىنقىلاپ داۋلىسىنى چۈشەنمەيدىغان، خەلقنىڭ مەنپەئەتى، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ھايات - ماماتى بىلەن كارى بولمايدىغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەڭ كۆپ ساندىكى ئوفىتسېرلەر تىنچلىقنىڭ پايدىسىنى بىلىدۇ، ئۇلار تىنچلىقنىڭ كاپالەتلەندۈرۈلۈشىگە موھتاج. شۇڭا بۇقېتىم تىنچ يول بىلەن شىنجاڭنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان سەبداشلارنىڭ گېنېرال تاۋسيۇنىڭ رەھبەرلىكىدە، يەنە بىر يۈرۈش كۈچلۈك مەمۇرىي ھەربىي كادىرلار مەسىلەن: جاۋشىڭۋاڭ، ليۇمىڭ چۈن، چۈيشۇ، ليۇزېرۈڭ، زېڭ جىنۋۇ، تاۋ جىنچۇ قاتارلىق يولداشلار ۋە باشقا ھەردەرىجىلىك يولداشلارنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ، ئۇلار شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش ئۈچۈن زېھنى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى سەرىپ قىلدى، خەۋپ - خەتەرگە قارىماي تۆھپە قوشتى. مەن ئۆز مەيدانىمدىن ئېيتقاندا، گېنېرال تاۋسيۇ ۋە مەمۇرىي ھەربىي كادىرلار، بارلىق ئوفىتسېر - جەڭچى يولداشلارنىڭ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشقا رەھبەرلىك قىلغانلىقى، تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى ئۈچۈن سەممىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن ھەمدە تەبرىكلەيمەن!

شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۈم، ھازىر مەن ئۇنىڭ پايدا - زىيىنى ھەم ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتىمەن. بۇ كۆپچىلىككە ناھايىتى ئايان ئىش بولغاچقا بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلەشنىڭمۇ ھاجىتى يوق

ئېدى. شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى دۆ-
لەتكە، خەلققە پايدىسى بولىدۇكى زىيىنى بولمىدى. بىز بار-
لىق ئوفىتسېر - جەڭچىلەر ئۈچۈنمۇ پايدىسى بولدۇكى
زىيان بولمىدى، قاراڭغۇ ھاڭدىن پارلاق داغدام يولغا،
پەرىشانلىق مۇھىتىدىن بەختلىك ئىستىقبالغا چىقتۇق دېگەن
سۆز. يەنىمۇ ئەمەلىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئازادلىق ئارمىيە-
سىنىڭ ئىككى بىڭتۇەنى شىنجاڭغا كىرىشكە تەييارلىنىۋاتاتتى،
جەمئىي ئالتە كۆرپۈس ئەسكەر شەرقتىن غەرپكە، ماناس
دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى مىللىي ئارمىيە غەربتىن
شەرققە ئىلگىرىلەشكە تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. بىزنىڭ ئىچ-
كى قىسمىمىز قانداق؟ بۇنى كۆپچىلىك بىلىدۇ. ئىككى
تەرەپتە جەڭ قىلىشقا توغرا كەلسە، قانچىلىك ئوفىتسېر ۋە
جەڭچىلەر ئۆلىدۇ — يارىدار بولىدۇ؟ قانچىلىك خەلق قازا
بولىدۇ؟ قانچىلىك مال - مۈلۈك ۋەيران بولىدۇ؟ قان-
چىلىك يەر نابۇت بولىدۇ؟ ئازادلىق ئارمىيىسىنى ئېلىپ
ئېيتساق، ئۇلار لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگە كەلگىچە 2200 كىلومې-
تىردىن كۆپرەك يول يۈرۈش جېڭى قىلىشقا، مۇزداۋان، قارلىق
داللاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، غەلىبە قىلىشىدا گەپ يوق.
لېكىن بىر مۇنچە قان تۆكۈلۈشلەردىن خالىي بولالمايدۇ.
بۇنداق ئەھۋالدا بىزنىڭ بىر قانچە 10 مىڭ ئوفىتسېر
جەڭچىلىرىمىز نەگە قاچىدۇ؟ قومۇلۇققا قېچىپ كىرىۋالامدۇ؟
تەڭرى تېغىغا چىقىۋالامدۇ؟ ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس، مۇم-
كىن ئەمەس دېگىنىمىز تەڭ ھالاك بولىدۇ دېگەنلىكتۇر.
خەلققە كەلسەك، بۇ توغرىدا سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ
قېتىم تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغان بولسىمۇ يەنە كۆپ-
لىگەن جايلاردا بەختسىزلىك ۋەقەلىرى يۈز بەردى. ئەگەر
تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنمىغان بولسا قازا بولىدىغانلار-
نىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. مېنىڭچە

هەربىلەر ۋە خەلقتىن ئازدىگەندە 50 — 100 مىڭچەكىشى چىقىم بولۇشتىن ساقلاپ قېلىندى. بۇ نىمە دىگەن زور چىقىم ھە! شۇڭا بۇ قېتىمقى تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ۋە قىممەتكە ئىگە. بېيپىڭنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، بۇرۇن ھەر ئىككى تەرەپ كۆپلەپ ئەسكەر يىغقان ئىدى، گېنېرال فۇزۇيى 200 مىڭ تال زەمبىرەك ئوقى تەييارلاپ شەھەرنى ساقلىماقچى بولغان، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قىسىملىرىمۇ 200 مىڭ تال زەمبىرەك ئوقى تەييارلاپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان، كۆپچىلىك ئويلاپ باقايلى ئەگەر بۇ 400 مىڭ تال زەمبىرەك ئوقى ئېتىلىدىغان بولسا قانچىلىك ئادەمنىڭ ھاياتى نابۇت بولىدۇ، قانچىلىك مال - مۈلۈك زىيانغا ئۇچرايدۇ، ھەتتا بېيپىڭدىكى بىرقانچە يۈزيىللىق مەدەنىي - قەدىمى ئاسارە - ئەتىقىلەرنى ساقلاپ قېلىشمۇ تەس بولار. شۇڭا تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىش يەرلىكلەر، خەلقلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆزىمىز ۋە قول ئاستىمىزدىكىلەر ئۈچۈنمۇ پايدىلىق بولدى. مۇشۇنداق تۇرۇغلۇق بۈگۈنگە كەلگەندە يەنە پۇشايمان قىلىدىغانلار چىقارمۇ؟ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلماي، پۇخادىن چىققىچە بىر قەپەز ئېلىشىش كېرەك ئىدى دەيدىغانلار چىقارمۇ؟ بۇنداق ئەسەبىيلىشىدىغانلار يوق بولۇشى مۇمكىن ئەلۋەتتە.

بۇ قېتىمقى تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى سەممىيلىك بىلەن سۆزلەپ ئۆتتۇم. بىراق قۇمۇل، قارا شەھەر، پىچان، تۇرپان، بۈگۈر، ئۇچارلاردا ئوت - قويۇش، ئۆلتۈرۈش، بۇلاش، باسقۇنچىلىق قىلىشتەك كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ۋە قاتتىق غەزەپلەندۈرىدىغان بەختسىزلىك ۋەقەلىرى يۈز بەرگەن. بەزىلەر بۇ

قىتىمقى ۋاقەلەرنى ئازسانلىق كىشىلەر بېيىش مەقسىتىدە قىلغان، ۋەزىيەتنىڭ قالايمىقانلىقىدىن پايدىلىنىپ. سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتماقچى بولغان دېدى. بۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس. ئەگەر بۇ ساددە ئەسكەرلەرنى ئىشپىيونلار، جاھىل ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار كۈشكۈرتمىسە، قانداقمۇ پىلانلىق ھالدا بۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟ مەن بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن. خوددى بۇ ئىشنى مەن قىلغاندەك ئىنتايىن ئازاپلاندىم! بىز شىنجاڭ خەلقىگە يۈز كېلەلمەيمىز! كۆپچىلىك بۇنى ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار قىلدى دەيدۇ. ئازسانلىق كىشىلەرنىڭ جىنايىتى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ نامىغا داغ كەلتۈردى. ئەلۋەتتە ئازاتلىق ئارمىيە تەرەپ ناھايىتى ئۇبېكتىپ كېلىدۇ، ئۇلار يامان ئىش قىلغان قىسىم، ئورۇنلارنى تەپسىلىي تەكشۈرىدۇ. ناھايىتى ئېنىق پەرىقلەندۈرىدۇ، ھەرگىزمۇ قارا - قويۇقلا ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار قىلدى دېمەيدۇ، لېكىن بىز ئۇنداق قارىماسلىقىمىز كېرەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قىسمىمىز، ئۇلار شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىمغا قاراشلىق ئورۇن، ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ - دە!

مەن بۇ ۋەقە ھەققىدە يېزىلغان بىر پارچە دوكلاتنى كۆرگەن ئىدىم، ئۇنى كىمنىڭ يازغانلىقىنى ئېيتىش ئەپسىزرەك، ئۇنى ئازادلىق ئارمىيە پارتكومى ئۆزلىرىنىڭ رەھبەرلىكىگە يازغان ئىكەن. ئۇلار بۇقېتىمقى ۋەقەنى تەپسىلىي ۋە پاكىتلىق ھالدا تەھلىل قىپتۇ، ئۇلار ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى مۇنداق 2 تۈرگە ئايرىپتۇ: بىرى خەلققە ھېچقانداق زىيان سالمىغان. يەنە بىرى خەلققە ئېغىر ھالدا زىيان سالغان. كېيىنكىسى قۇمۇلدىكى 178 - قىسىمنىڭ 538 - تارمىقى. پىچاندىكى 65 - قىسىم 194 - تارمىقىنىڭ

3 - باتالىيونى (7 - روتا ئۇنىڭ سىرتىدا)، تۇرپاندىكى 65- قىسىمنىڭ 194 - تارمىقى، قاراشەھەردىكى 128 - قىسىمغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە ئاتلىق ئەسكەر پولكى، بۇگۇردىكى 128 - قىسىم 382 - تارمىقىنىڭ 1 - باتالىيونى، كۇچاردىكى 65 - قىسىمنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى ۋە تەمىنات ئىدارىسىنىڭ يۈك توشۇغۇچى ئاتلىق پولكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قىسىملار قانداق جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن؟ ئۇلار بۇلاڭچىلىق قىلغان، ئادەم ئۆلتۈرگەن، ئوت قويغان، باسقۇنچىلىق قىلغان! كۆپچىلىك ئويلاپ باقايلى، بىز ئىنقىلابىي ھەربىيلەرمىز. شىنجاڭدا شۇنچە يىل تۇردۇق. شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىزنى يەرگە قاراتقان جايى يوقمۇ؟ ئۇلار نېمىشكە بۇنداق ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ئەسكىلىكلەرنى قىلىدۇ؟ بۇ دوكلاتتا مۇنۇلار ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن: 128 - قىسىمنىڭ 382 - تارمىقى ھەمدە 1 - باتالىيونىنىڭ قىلمىشى ئەڭ دەھشەتلىك بولغان، مەزكۇر ناھىيىدە ئۆلتۈرۈلگەنلەر 30 دىن كۆپرەككە، يارىدارلانغانلار 100 گە يەتكەن، ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەرمۇ، كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەنلەرمۇ، تىرىك كۆمۈۋەتكەنلەرمۇ، قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرمۇ بولغان. 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا توپ - توغرا 23 كۈن توختىماي بۇلاڭچىلىق قىلغان. خەلقلەرنىڭ تارتقان زىيىنىنى ھېسابلاشقا مۇمكىن بولمىغان. پۈتۈن شەھەردىكى ئاياللارغا ياش - قېرى دېمەي باسقۇنچىلىق قىلغان، ھەتتا 11 - 12 ياشلىق قىزلارغىمۇ باسقۇنچىلىق قىلغان. كۆپچىلىك بۇ دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ھەربىي ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغۇ دەيمەن؟ ئۇلارنى ئادەم دەپ قارىمايدۇ! بۇ ئادەم قىلىدىغان قىلىق بولماستىن بەلكى ھايۋاننىڭ قىلىقى! قانداقمۇ ئىنقىلاپ، ئادىمگەرچىلىك، ئى-

ىزدىم ئۈستىدە سۆزقىلغىلى بولسۇن! بۇ زادى ھايۋانلىق! بىز ئۇلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرسەك بولامدۇ؟ يەنە ئۇلارنى يولداش دەپ ھېسابلىساق بولامدۇ؟

بۇ دوكلاتتىن قارىغاندا، بۇ ئىشلارنى ئەسكەرلەر ئۆزى قىلىغان، قىسىملاردىكى ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار ۋە ئىشپىيونلارنىڭ قوزغىتىشى، يول كۆرسىتىشى بىلەن قىلىنغان. بۇ ئىشلاردىن قارىغاندا، گەرچە بىزشىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى دەپ قارىغىنىمىز بىلەن لېكىن قىسىملارنىڭ ئىچىدە ئەكسىيەتچىل جاھىللار، ئىشپىيونلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىن خالى بولغىلى بولمايدىكەن. شۇڭا بىز تېزدىن تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئازساندىكى كۆپچىلىككە زىيان سالغۇچىلار نىڭ خەلققە زىيان سېلىشىغا، بىزنىڭ ئاتاق - ئابرويى مىزغا نۇقسان يەتكۈزۈشىگە يول قويماسلىقىمىز لازىم. بۇ، ئادەمنىڭ يۈزىنى كەتكۈزۈپ رەسۋا قىلىدى- غان ۋەقە، سىلەر ئەمدى ئورۇنسىز يول قويۇپ بېرىۋەر- مەڭلار! سىلەر باتۇرلۇق بىلەن ئۇلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاڭ- لار، پاش قىلىڭلار، بۇنىڭدا مۇھىمى ئوفىتسېر - جەڭچىلەر ئاممىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تازىلاش ھەرىكىتىگە يېقىندىن تايىنىش لازىم. خەلقنىڭ مۇھەببىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئازاد- لىق ئارمىيە بىلەن ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەش ھەممىدە ئۆزىمىزنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن، چوقۇم قىسىملارنىڭ ئۆز- زىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم! كۆپچىلىك بىلىشى كېرەك- كى، بىز پات ئارىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىمىز. سابىق شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملار جەمئىي بەش دىۋىزىيە بولۇپ، ئۈچ پىيادە دىۋىزىيە بىر جۈن بولىدۇ ۋە ئىككى مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەر دى- ۋىزىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر ئاتلىق بىڭتۈەن قىلىپ ئۆزگەرتىپ تۈزۈلىدۇ. يەنىلا گېنېرال تاۋ شىيۇ مەسئۇل بولىدۇ. مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەينىڭ يولىيورۇقىغا

ئاسەن، پەقەت سىياسىي كومىسسار ۋە سىياسىي خىزمەت
خادىملىرىلا ئېيۋەتىلىدۇ. ئوفىتسېرلەر ئۆزجايىدا تۇرىۋېرىدۇ.
جۈن - دىۋىزىيە كوماندىرلىرىنىڭ نامزاتى ئۈس-
تىدە مەسلىھەت قىلىنغان، لېكىن كۆپ قىسمى ئەسلىدىكى
باشلىقلاردىن تاللىنىدۇ. ئەسلىدە ئىنتىزامى، مەشىق قىلىشى
ياخشى بولغان، خەلق ئۈچۈن تۆھپە قوشقانلار جەزمەن
مۇھىم ئىشقا قويۇلىدۇ. بۇ قېتىم ئۈرۈمچىنى تېنچ يول بىلەن
ئازاد قىلىشتا تېنچ، ئامان ئۆتۈپ ھېچقانداق ۋەقە چىقار-
مىغىنى — دىۋىزىيە كوماندىرى خەن يۈۋېن بولۇپ ئۇنىڭ
دىۋىزىيىسىدىكى بارلىق ئوفىتسېر، جەڭچىلەر گېنېرال تاۋسىيۇ-
نىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ تەرتىپىنى
ساقلاشتا تۆھپە قوشتى. خەلقنىڭ كۆزى ئادىل. ئازادلىق
ئارمىيىنىڭ كۆزقارىشىمۇ ئوبيېكتىپ بولدى، ئولار ئاتلىق
1 - دىۋىزىيىنى ئالاھىدە قەدىرلىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت
ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغاندا، گېنېرال پېڭ دېخۇەي
دىۋىزىيە كوماندىرى خەن يۈۋېننى ئالاھىدە ھەيئەت ئەـ
زالىقىغا كۆرسەتكەن. بۇ ئاتلىق 1 - دىۋىزىيىنىڭ شان -
شەرىپى، شۇنداقلا دىۋىزىيە كوماندىرى خەن يۈۋېننىڭ شان-
شەرىپى. ھەربىي قىسىملار بىكتۈەن قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن
كېيىن، قوماندان ۋاڭ جېن رەھبەرلىك قىلىۋاتقان بىكتۈەن-
گە ئوخشاشلا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھېساب-
لىنىدۇ. بىراق قىسمىنى ئازادلىق ئارمىيە دەپ ئۆزگەرتىشلا
كۇپايە قىلمايدۇ. بىزئىسمى - جىسمىغا لايىق ھالدا
ماھىيەتتە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى دېيىشكە مۇناسىپ
بولۇشىمىز، تۈزۈم، ئىدىيە، تەربىيىلىنىش، ئىقتىسادىي جەھەت-
تە، ئىنتىزام جەھەتتە ھەممە بارلىق جەھەتلەردە ئۆزۈل،
كېسىل ئۆزگىرىش ياسىشىمىز، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن
ئۆگىنىشىمىز، ئولارنى ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم. ھەممە جە-

ھەتتە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بۇ شەرەپلىك - غەلى-
بە بايرىقىغا مۇناسىپ ئىش قىلىشىمىز لازىم. بۇنى بار-
لىق ئوفىتسېر- جەڭچى يولداشلار مەسئۇل بولۇپ ئىشلىشى
كېرەك. بۇ ئۆزىنى قاچۇرۇشقا بولمايدىغان مەسئۇلىيەت.
كۆپچىلىك قىسىم، دەرىجە ئايرىماي ئورتاق تىرىشچانلىق
كۆرسىتىپ، بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئورۇنلايلى!

## 4 - بىر قانچە نۇقتىلىق پىكىر

ئاخىرىدا مەن يەنە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق بارلىق سەپداش-
يولداشلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمنى يەنى بىرقانچە نۇق-
تىلىق پىكىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن ياكى ئۇنى دىققەت
قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار دېيىش كېرەك. مەن ھەمىشە بىز
خاتالىقنى ئىقرار قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىمىز، خاتالىقنى سە-
مىمىيەتلىك بىلەن تۈزىتىشىمىز لازىم دەپ كەلدىم. بىزدە ئەجەبا
خاتالىق يوقمۇ؟ بۇرۇن قىسىملاردا خاتالىق بەك كۆپ سادىر بولۇپ
تۇردى. مەسىلەن: لوشۇرىنىغا ئوخشاش ئادەملەرنى ئالدىغان
بولساق، ئۇنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇشى قانداق ئۆتكەن؟ سى-
لەر بۇ يەردە ئولتۇرۇۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىلار ئۇنىڭ قول
ئاستىدا ئىشلىگەن، ئەلۋەتتە بىلىسىلەر. بۇنداق ئادەم
قانداقمۇ بىر ئىنقىلابىي ھەربىي بولۇشقا، قانداقمۇ بىر ئىن-
قىلابىي قوشۇننىڭ باشلىقى بولۇشقا مۇناسىپ بولالىسۇن!
ئۇ بۇ قېتىم نېمىشكە بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بو-
لىدۇ؟ مۇھىمى ئۇ ئادەتتە پارىخورلۇق قىلىپ چىرىكلىشىپ
كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئازاد بولغاندىن كېيىن قول ئاستى-
دىكىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىشىدىن قورقتى. كۆپچى-
لىك ئويلاپ باقايلى، ئۇ تېخى بىرىگادا باشلىقى، 10

مىڭدىن كۆپرەك ئادەمگە رەھبەرلىك قىلىدىغان باشلىق تۇرۇقلۇق ھەرىكەتتە مۇشۇنداق چېكىنىپ، ئىدىيىدە مۇشۇنداق جاھىللىشىپ كېتىشى ھەقىقەتەنمۇ بىز ئويلاپ باقمىغان ئىش. ھازىر ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئىچىدە لۇشۇرىنغا ئوخشاشلارنىڭ چوڭ - كىچىكىدىن بىرەرسىمۇ يوقمىدۇ؟ يوق ئەمەس، ئۇلار ھازىر ئازسانلىق ئىچىدىكى ئازسانلىق. كۆپچىلىك بۇندىن كېيىن جەزمەن ئويغىنىشى كېرەك. بىزنىڭ قىسىملىرىمىزدا خېلى كۆپلىگەن يېتەرسىزلىكلەر بار، خېلى كۆپلىگەن مۇكەممەل بولمىغان، نورمالسىز بولغان ئەھۋاللار بار. بىز ئىسمى - جىسمىغا لايىق بولغان ھەقىقىي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بولىمىز دەيدىكەنمىز، ئۆز خاتالىقىمىز ئۈستىدە ئوبدانراق ئويلىنىپ، ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ، ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىشىمىز لازىم! بۇ قىيىن ئىش ئەمەس. بىزنىڭ بۇرۇنقى ئاساسىمىز بار ئۇنىڭ ئۈستىگە چىن كۆڭۈل - سەمىمىي نىيەت بىلەن ئۆزگىرىشنى خالىساقلا ناھايىتى ئاسانلا قىلىپ كېتەلەيمىز.

بايا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك دوكلاتتا مۇنداق بىر ئابزاس سۆز بار: ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئارىسىدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر ئازادلىق ئارمىيىگە زوقلىنىپ، ئازادلىق ئارمىيىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر: بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىمىز، سىلەر بىزنى يات كۆرمەڭلەر. بىز چوقۇم خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ئۆگىنىمىز دېيىشتى ھەمدە ئۆگىنىش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارغا ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ئۇلار ئالغا ئىلگىرىلەش يولىغا ماڭىدۇ، بىزنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىمىزگە ئاساسەن، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى ئۆزگەرتىش قىيىنراق بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئانچە قىيىن ئەمەس.

بۇ ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان ناھايىتى ئوبيېكتىپ كۆز قارىشى ۋە تەنقىدى. ئۇلار بىزنى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىغا مېڭىشنى خالايدۇ، ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ بىزگە قارىتا دەسلەپكى ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىدى. سوبيېكتىپ جەھەتتە بىزمۇ ئۆزگىرىشنى خالايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوبيېكتىپ جەھەتتە، خەق ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىزگە ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئېيتىمەنكى، بۇ ھەرگىزمۇ قىيىن ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ناھايىتى ئاسان. ھازىرقى مەسىلە ئۆزىمىزگە يەنى ئۆزىمىزنىڭ قانداق قىلىپ ئۇنى ئىدىيىمىزدىن ئۆتكۈزۈشىمىزگە باغلىق بولۇپ قالدى.

بۇ دوكلاتتا يەنە ئىنتايىن ئوبيېكتىپ ئېيتىلغان بىر ئابزاس سۆز بار: ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئىچىدە ھەقىقەتەنمۇ بىرمۇنچە ئىلغارلار ۋە ئاكتىپلار بار، بۇ كىشىلەر ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرسىلا ئاندىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئايلىنالايدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ ئىنتايىن توغرا. ئۇلار ئاسانلىقچە باشقىلارنى ئىلغار ۋە ئاكتىپلار دەپ ئېتىراپ قىلمايدۇ، ھازىر ئۇلار بىزنى ئۆزگىرىدۇ دەپ قاراپلا قالماي يەنە بىزنىڭ ئارىمىزدا ھەقىقەتەنمۇ بىرمۇنچە ئاكتىپ ۋە ئىلغارلارنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ يولداشلىرىمىزمۇ ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرگەندىلا ئاندىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئايلانغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغان، مېنىڭچە بۇ بەك ياخشى پۇرسەت، ھازىرقى ۋاقىت، ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ پارلاق، ئۇلۇغۋار ئىستىقبالغا قاراپ ماڭغانلىقىمىزنىڭ باشلىنىشىدۇر. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ناھايىتى كۆپ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى دەل بىزنىڭ بۇرۇنقى يېتەرسىزلىكلى-

رىمىزدۇر، ئەگەر بىز كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىدىغانلا بولساق، مېنىڭچە يېرىم يىلدىن بىر يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە، كۆپچىلىك ئىسمى - جىسمىغا لايىق بولغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئايلىنالايدۇ. كۆپچىلىك سىنىڭ - مېنىڭ دېيىشمەي خۇددى ئاكا - ئۇكا قېرىنداشلاردەك يېقىن بولۇپ كېتىدۇ.

قانداق ئۆزگىرىش مەسىلىسىگە كەلسەك، تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك كۆرۈش، ئاڭلاش ئارقىلىق چوقۇم مەلۇم چۈشىنىش ياكى دەسلەپكى تونۇشقا ئىگە بولدى. يەنە يېقىندا مەن گېنېرال تاۋسىيۇ ئېلان قىلغان ئىككى پارچە مۇراجەتنامىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭغا تامامەن قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. كۆپچىلىك ئەگەر بۇ ئىككى پارچە مۇراجەتنامىنى سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ھەمدە شۇ بويىچە ئىش قىلىدىغان بولسا ناھايىتى ياخشى بولاتتى. لېكىن مەن ھازىر يەنە بىر نەچچە ئېغىز سۆزلەپ ئۇنى كۆپچىلىككە ئايرىلىش ئالدىدىكى خاتىرە سۆزى سۈپىتىدە تەقدىم قىلماقچىمەن. چۈنكى مەن بۇ يەردە ئانچە ئۇزۇن تۇرالمايمەن. پات يېقىندا لەنجۇغا قايتىپ كېتىمەن. بىراق يەنە شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتەيكى مېنىڭ دېگەن سۆزلىرىم كۆپچىلىك ئاڭلاۋېرىپ كۆنۈپ قالغان ئادەتتىكى سۆزلەر بولۇپ، ئۇنى پەقەت يىغىنچاقلاپ ئوتتۇرىغا قويىمەن خالاس. مېنىڭ سۆزۈم مۇنداق تۆت جۈملە سۆز: ئىدىيىنى ئۆزگەرتىش، رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىش، تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. ھازىر ئۇنى ئاددى قىلىپ تۆۋەندىكىچە ئىزاھلاپ ئۆتەي:

بىرىنچى: ئىدىيىنى ئۆزگەرتىش. مەن ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكەن مەنىدىكى ئىدىيىۋى كۈرەش - ئىدىيە ئۆزگەرتىش

نىڭ بىر خىل جەريانى ھېسابلىنىدۇ. مەن مەنمەنچىلىك بى-
لەن مۇنداق بىر سۆزنى ئېيتاي، سوتسىيالىستىك ئىدىيە
بىلەن مېنىڭ ئىدىيەم ۋە يېڭى دېموكراتىزم ئوتتۇرىسىدا
ئاساسىي جەھەتتىن ھېچقانچە پەرق يوق. ئۇ ھالدا قان-
داق ئۆزگىرىش دېگەن سۆزنى ئېيتىشنىڭ ھاجىتى يوق.
لېكىن يەنىلا ئىدىيەدىن ئۆتمەيدىغان كۆپلىگەن كونكرېت
مەسىلىلەر بولغاچقا پەرىشانلىق كەيپىياتى پەيدا بولغان-
دى. مىسال ئۈچۈن ئېيتساق: مەن گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ
ئەزاسى، مەن گەرچە ئىنقىلابىي گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ
ئەزاسى بولساممۇ لېكىن ھازىر مەن كومپارتىيە تەرەپتە
تۇرۇۋاتقانلىقىم ئۈچۈن، خەلقلەر مېنى پۈرسەتپەرەسلىك
قىلىۋاتىدۇ دېمەسمۇ؟ بۇ مەسىلە مېنىڭ خىيالى ئۇزۇندىن
بۇيان كاللامدىن نېرى كەتمىگەچكە زادى جاۋاب تاپالماي
كەلدىم. ئەگەر مۇشۇ نۇقتىنىلا ئويلايدىغان بولسام كاللام-
دىن ئۆتمەيتتى. لېكىن مەن ئەتراپلىقراق پىكىر يۈرگۈ-
زۈپ يەنە بىر نۇقتىدىن ئويلاپ قارىسام كاللامدىن ئۆت-
تى. مەن ئالدى بىلەن ئۆز - ئۆزۈمگە: گومىنداڭ پارتىيە-
سى قانداق پارتىيە؟ ئۇ پارتىيە ئەزاسى ئۈچۈن مەۋجۇد
بولۇشى كېرەكمۇ ياكى دۆلەت - مىللەت ئۈچۈن مەۋجۇد
بولۇشى كېرەكمۇ؟ ئىنقىلاب ئۈچۈن، سەنمىنجۇيىنى ئىشقا
ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەۋجۇد بولۇشى كېرەكمۇ ياكى ئەشۇ
فېئودال پومېشچىكلار سىنىپى، بيۇروكرات دەللاللار سىنىپى
(كوڭ شىياڭشى، سۇڭ زىۋېنغا ئوخشاش) ياكى نەپسانىيەتچى
.لىكتە ئۇچىغا چىققان ئەكسىيەتچى گۇرۇھلار ( CC غا ئوخشاش)
ئۈچۈن مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى كېرەكمۇ؟ دەپ سوئال قو-
ياتتىم، بۇ مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. يەنە ئۆز-ئۆزۈمگە:
«بىزنىڭ ئىنقىلابىي پارتىيىگە ئەزا بولۇشىمىزدىكى مەقسەت
نېمە؟» دەپ سوئال قوياتتىم. بۇ ئەلۋەتتە ناھايىتى ئېنىق.

گومىنداڭ ئەسلىدە ئىنقىلابنى، سەنمىنجۇيىنى ئىشقا
ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان پارتىيە ئىدى. دۆلەت ۋە
خەلق ئۈچۈن مەۋجۇد بولاتتى. بىز پارتىيە ئەزالىرىنىڭ
ۋەزىپىمىز ئىنقىلاب قىلىش، سەنمىنجۇيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش
ئىدى. لېكىن ھازىرقى كۈنگە كەلگەندە گومىنداڭ ئىنقى-
لاب قىلمايلا قالماي ئەكسىچە ئەكسىلئىنقىلابچى بولۇپ
كەتتى. سەنمىنجۇيىنى ئىشقا ئاشۇرمايلا قويماي بەلكى
سەنمىنجۇيىغا قارشى يولغا مېڭىۋاتىدۇ. گومىنداڭ پارتىيە-
سى رەھبەرلىكىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق سىياسەت - تەدب-
بىرلىرىدە سەنمىنجۇيىدىن ۋاز كېچىلدى. خەلقتىن يۈز ئۆ-
رىدى. سۈن جۇڭشەن ئەپەندىگە خائىنلىق قىلىندى.
گومىنداڭ ئەندى خەلقنى، ئىنقىلابنى، سەنمىنجۇيىنى ئىشقا
ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان پارتىيە بولماي قالدى. ئەندى
بىز ئۇنىڭدىن قىيالمايدىغان نېمە بار؟ ئۇلارنىڭ ھېلىقى
دەك فاشىستىك كونتروللۇقى ئاستىدا پارتىيە ئەزاسى
بولساق، ئەمەلىيەتتە دۆلەت - مىللەتنىڭ جىنايەتچىسى
بولۇپ قالغىنىمىزنى بىلمەي قالىمىز! تارىخ ئالدىدا جىنايەتچى
بولۇپ قالىمىز! خەلق ئالدىدا جىنايەتچىسى بولۇپ قالىمىز!
بۇ ھالدا قىيالمايدىغان يەنى نېمە بار؟ ئەكسىلئىنقىلابىي
مۇھىتتىن ئىنقىلابىي مۇھىتقا يۆتكەلسەك، خەلققە قارشى
گۇروھتىن خەلق گۇروھىغا ئۆتسەك كۆڭلىمىز ئارام تاپمام-
دۇ؟ ئىككىلىنىپ خاتىرجەم بولالمايدىغان نېمە بار؟ كىممۇ
مېنى پۇرسەتپەرەسلىك قىلىۋاتىدۇ دەپ گۇمانلىنار؟
ئەگەر مېنى پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ ئەمەلدار بول-
ماقچى بولىۋاتىدۇ دېيىلسە، مەن نەنجىن ھۆكۈمىتىدىكى
چېغىمدا، مېنى نېيگېنى تەشكىللەشنى ھاۋالە قىل-
غاندا، مەن يەنىلا تېنچلىق ئۈچۈن ئاۋارە بولۇشقا رازى
بولىدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قەتئىي رەت قىلغانىدىم.

بۇرۇن مەن غەربىي ـ شىمالدىكى تۆت ئۆلكىنىڭ ھەربىي ـ
مەمۇرىي باشلىقى بولغان بولسام ھازىر خۇشاللىق بىلەن
گېنېرال پېڭ دېخۇەينىڭ ياردەمچىسى بولدۇم، بۇنىڭغا قارى ـ
تا بەزىلەر مېنى ئەمەلدار بولغۇسى بار ئوخشايدۇ دەپ
گۇمان قىلماسلىقى مۇمكىن. زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئۇ ناھا ـ
يىتى ئېنىق. مەن بۇرۇن ھېمىشە كۆپلىگەن يولداشلارغا:
مەن كومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، خەلق، دۆ ـ
لەت ئالدىدا خىجىل بولۇپ قېلىشنى راستىنلا خالىمايمەن
دېگەنىدىم. يېقىندا گومىنداڭ پارتىيىسىدىكى دېموكرات ـ
لار بېيجىڭدە يېڭىدىن ئاچقاندى. مەن پارتىيىنىڭ ئىس ـ
مىنى ئۆزگەرتىۋېتىشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلدىم. گومىنداڭ
دېگەن بۇ ئىسىم ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى سېسىپ كەتتى!
خەلقلەر بۇ ئىسىمنى ئاڭلىسا بېشى ئاغرىيدىغان، يامان
كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. كۆپچىلىك ئويلاپ كۆرەيلى،
بۇ ئىسىمنى بىزنىڭ بېشىمىزغا كىيگۈزۈپ قويسا شەرەپ ـ
لىك بولامدۇ ياكى نومۇس بولامدۇ؟ راستىنلا نومۇس بو ـ
لىدۇ! ھازىر بىز ئويغاندۇق، بىز قەتئىي، ئۈزۈل ـ كېسىل
ھالدا دۆلەتكە بالايى ئاپەت كەلتۈرۈشتىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ـ
كە، ئەكسىلئىنقىلابتىن ئىنقىلابقا خەلققە قارشى تۇرۇشتىن
خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تەرەپكە ئۆتۈشىمىز لازىم.
بۇ ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزاسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئاق
كۆڭۈللۈك پوزىتسىيە. سەمىمىي ئېتىقاد ھېسابلىنىدۇ. بىز
ئىنقىلابقا، سەنمىنجۇيىغا ئېتىقاد قىلىمىز. شۇڭا بىز ئىنقى ـ
لابىي مەيداندا، سەنمىنجۇيىلىق مەيداندا چىڭ تۇرۇشىمىز
لازىم. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، گومىنداڭ كۆپ يىللاردىن
بۇيان ئەكسىيەتچى گۇرۇھ CC نىڭ پارتىيىسىگە ئايلىنىپ
قالدى. ئۇنى ئاز ساندىكى كىشىلەر چاڭگىلىغا ئېلىۋالغاچ ـ
قا سەل ـ پەل دېموكراتىيىنى، ئاغارلىقنى ياقىلىغۇچىلار

بولسىلا چەتكە قېقىلدى. بۇنداق پارتىيىگە يەنە نېمىشكە
قىيالمايمىز؛ يۇقىرىدىكىدەك تەھلىل قىلغانلىقىم ئۈچۈن
كاللامدىن ئۆتتى. مېنىڭ ھازىر كومپارتىيە رەھبەرلىك
قىلىۋاتقان ھاكىمىيەت تەرەپتە تۇرۇۋاتقانلىقىم، ھەرگىزمۇ
«پۇرسەتپەرەسلىك قىلىش» بولماستىن، ئىنقىلاب قىلىش، ئىنقى
لابىي پارتىيىنىڭ مەيدانىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇش ئۈچۈندۇر.

يەنە بىر مىسال كۆرسىتەي: مەن بىلەن جياڭجيېشى ئوتتۇ-
رىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئېلىپ ئېيتسام، ئۇ گومىنداڭ پارتى-
يىسىنىڭ زۇڭ سەيى، مەن بولسام پارتىيىنىڭ كادىرى، ئادەت-
تىكى كىشىلەر مېنى ئۇنىڭ مۇھىم كادىرى دەپ قارايدۇ. ئۇ
كومپارتىيىگە قارشى، مەن بولسام ئىزچىل تۈردە كومپارتىيە
بىلەن بىرلىشىشنى، ئىتتىپاقلىشىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدىم.
4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىنلا كومپارتىيە تەرەپكە كې-
لىۋېلىپلا، قايتىپ كەتمىدىم. بۇ ئۇنىڭ كادىرىنىڭ داھى-
يسىغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى بولامدۇ؟ بۇ مەسىلە بىلەن
يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن مەسىلىلەر خىيالى ئۈزۈندىن بۇ-
يان كاللامدىن نېرى كەتمىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ بىر ئىن-
قىلابىي پارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىمگە ھەمدە مەن جۇڭگو-
چە ئەخلاقى - قائىدە كۆز قارىشىغا ئىگە ئادەملىكىمگە ئى-
شەنچەم كامىل. مەن بۇ مەسىلىلەرگە يولۇققىنىمدا ئۆزۈم-
نى ئىنتايىن پەرىشان ھېس قىلىمەن. بىراق كېيىن مەن
ئۇلارنى ئاخىرى كاللامدىن ئۆتكۈزدۈم. دۇرۇس، ئۇ بولسا
پارتىيىنىڭ كاتىپىشى، مەن بولسام پارتىيىنىڭ كادىرى، مەن
بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، پارتىيە ئەزاسى
بىلەن پارتىيە كاتىپىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، كادىر بىلەن
پارتىيە رەھبىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. بۇ ئەلبەتتە ئىن-
قىلابىي مۇناسىۋەت، ئىنقىلابىي تەشكىلىي مۇناسىۋەت بول-
لىشى كېرەك ئىدى. ئۇشەخسىي مۇناسىۋەت ھېسابلانمايدۇ. پادىشاه

بىلەن ۋەزىر، خوجايىن بىلەن چاكار ئوتتۇرىسىدىكى فېئودالىق مۇناسىۋەت بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. پادىشاھ بىلەن ۋەزىر، خوجايىن بىلەن چاكار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، ئۆتمۈشتىكى فېئودالىق جەمئىيەتتە جان پىدالىق بىلەن ساداقەتلىك كۆرسىتىش كېرەك ئىدى. كۆپچىلىك ئەلۋەتتە بىز كۆپچىلىك بىلەن جىياڭ جيېشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلەر، خوجايىن بىلەن چاكارلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دەپ قارىماس؟ مەن بىلەن جىياڭ جيېشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت فېئودالىق مۇناسىۋەت پادىشاھ بىلەن ۋەزىر، خوجايىن بىلەن چاكار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولماستىن بەلكى ئىنقىلابىي مۇناسىۋەت ئىنقىلابىي تەشكىلىي مۇناسىۋەت ئىكەن ئۇنداقتا، جاۋاب تېپىلدى، مەسىلىمۇ ھەل بولدى دېگەن سۆز، ھازىر گومىنداڭ پارتىيىسى پارچىلىنىپ كەتتى. ئاللىبۇرۇنلا ئەكسىلئىنقىلابچى بولۇپ قالدى، جىياڭ جيېشىنىڭ رەھبەرلىكى ئاللىقاچانلا ئەكسىلئىنقىلابىي يولغا ماڭدى! (مەن بۇنداق سۆزلەرنى بۈگۈن ئېيتقىنىم يوق، ئۆتكەن يىلى ئۇ زوڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغاندا، مەن ئۇنىڭغا ئون مىڭ خەتلىك بىر پارچە خەت يېزىپ، ئوچۇق قىلىپ: بىز ئەكسىلئىنقىلابىي يولغا، سەنمىنجۇيىغا قارشى يولغا مېڭىپ كەتتۇق، بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ئىنقىلاب قىلىدىغان ئادەم چىقىدىغان تەقدىردىمۇ، بىز بەرىبىر مەغلۇب بولىمىز دەپ كۆرسەتكەنىدىم ھەمدە دەرھال كومپارتىيە بىلەن، سوۋېت بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنىدىم). بىزنىڭ شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، بىز ئىنقىلابىي پارتىيىلىك كىشى، پارتىيىنىڭ كاتىپىشى بولغان كىشى ئىنقىلاب قىلمىسا، بىز قانداقمۇ شەخسىي ئاغىنىدارچىلىقنى دەپ ئۇنىڭغا قارىغۇلارچە ئەگىشىپ مېڭىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىنقىلابىي مەيدانىمىزدىن كېچەلەيمىز؟ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بىز ئەگەر يەنىلا ھەق - نا-

ھەقنى ئايرىيالمىساق، كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىل بولۇش-
بولماسلىقىنى، دۇنيا ئېقىمىنى كۆرۈۋالالمىساق بىزنى قان-
داقمۇ ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ كىشىلىرى دەپ ھېسابلىغىلى
بولسۇن؟ مەن نېمە ئۈچۈن بۇ ئىككى مىسالنى ئالاھىدە
ئوتتۇرىغا قويۇمەن؟ چۈنكى بۇ يەردە ئولتۇرۇۋاتقانلاردىن
مەن بىلەن ئوخشاش ئەھۋالدىكىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ بو-
لۇشى مۇمكىن، مەن ئۆزۈمنىڭ ئىدىيەمنى قانداق ئايدىڭ-
لاشتۇرۇۋالغانلىقىم توغرىسىدىكى تەجرىبىلەرنى كۆپچىلىككە
ئېيتىپ بېرىشنى خالايمەن. ئېھتىمال دەرىجىسىدە ئېگىز-
پەسلىك پەرقى باردۇر، لېكىن بۇ جاۋاب ئومۇميۈزلۈك
مۇۋاپىق كېلىدىغاندەك قىلىدۇ. يەنە ھازىر قىسىملاردا
مۇنداق بىر كونا كۆزقاراش يەنى خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى
كۆزقارىشى ساقلىنىۋاتىدۇ. بۈگۈن بۇ يەردە ئولتۇرۇۋات-
قانلاردىن خېلى كۆپ كىشىلەر خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدىن
چىققان. خۇاڭپۇ كۆزقارىشى تومتاق كوللېكتىپ كۆزقارىشى-
مۇ - قانداق؟ ئۇنداق ئەمەس. بىز خۇاڭپۇ روھىنى جارى
قىلدۇرۇش دەۋاتىمىز. چۈنكى، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنى
سۇن جۇڭشەن ئەپەندى قۇرغان، جىياڭجيېشى مەكتەپ مۇدى-
رى بولغانىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ مەكتەپنىڭ شۇغۇللان-
غىنى ئىنقىلابىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش ئىدى، جىياڭجيېشى-
مۇ كۆپچىلىككە ئىنقىلابقا قاتنىشىش توغرىسىدا تەربىيە بې-
رىش، ئىنقىلابىي تەربىيىنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ قاراش
لازىم دەپ ئېيتقانىدى، ئۇنىڭ كېيىن بۇنداق ئۆزگە-
رىپ كېتىشىنى كىممۇ ئويلىغان، ئويلىغان تەقدىردىمۇ
كېچىكىپ قالدۇق. گېنېرال چېن مىڭرېن خۇاڭپۇ ھەربىي مەك-
تىپىنىڭ 1 - قارارلىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، بۇ قېتىم
چېڭ سۇڭ يۈن ئەپەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەقىقەتكە قاي-
تىپ، بېيجىڭگە كېلىپ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت

كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقاندا سۆز قىلدى. ئۇنىڭ سۆ-
زىدە مۇنداق بىر جۈملە سۆز بار: «جياڭجيېشى سىز بۇرۇن
بىزگە. كۆپچىلىك بىز ھەممىمىز ئىنقىلاب قىلايلى، ئەگەر
مەن ئىنقىلاب قىلمىسام، ھەرقانداق كىشى مېنى ئاغدۇرۇۋەت-
سە بولىدۇ دېگەن ئىدىڭىز، ئۇنداقتا سىز ھازىر مەندىن
ئاغرىنماڭ، سىز ھازىر ئىنقىلاب قىلماي ئەكسىلئىنقىلابچى
بولۇپ كەتتىڭىز، مەن سىزنى ئاغدۇرۇشۇم كېرەك! سىز
بۇنى ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ!» (ئاساسىي مەنىسى شۇنداق).
بۇ سۆز شۇ چاغدا پۈتۈن زالدىكىلەرنى قاقاقلىتىپ كۈلدۈ-
رىۋەتكەنىدى. خۇاڭپۇ دېگەن بۇ كۆزقاراش قايسى ئا-
ساستا ئاساسەن توغرۇلۇشى كېرەك؟ ئەلۋەتتە ئىنقىلابنى
ئاساس قىلىپ توغرۇلۇشى كېرەك. خۇاڭپۇ بۇرۇن ئىنقى-
لابىي ھەربىي كادىرلارنى تەربىيىلەيدىغان ئورۇن ئىدى.
بىز ئىنقىلابىي كادىرلار ئەگەر ئىنقىلابىي مەيدانىمىزنى
يوقىتىپ قويساق، بىزدە يەنە قانداق خۇاڭپۇ كۆزقارىشى
قالىدۇ؟

بىز ئىدىيىنى ئۆزگەرتىمىز دەيدىكەنمىز، سەلبىي تە-
رەپكە قارىتا يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمى-
يەت بېرىشىمىز لازىم. ئىجابىي تەرەپتە، بىز ئالدى بىلەن ھا-
زىر جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىنىڭ ئەڭ توغرا بولى-
ۋاتقانلىقىنى ئېنىق تونۇشىمىز لازىم. ماۋجۇشى «خەلق
دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا:
«بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيىسى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلى-
گىدىكى خەلق دېموكراتىيىسىگە ئورۇن بوشىتىپ بەردى،
بۇرژۇئازىيە جۇمھۇرىيىتى خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئورۇن بوشى-
تىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن: خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارقىلىق
سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمغا يېتىش، سىنىپلارنىڭ يوقىلى-
شى ۋە دۇنيانىڭ بۈيۈك بىرلىككە يېتىش» كە مۇمكىنچى-

لىك تۇغۇلدى دەپ كۆرسەتكەنىدى.

بۇنداق دېگەنلىك، جۇڭگو تارىخىنىڭ تەرەققىياتى ئالدى بىلەن يېڭى دېموكراتىزم باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاندىن سوتسىيالىزم باسقۇچىغا قەدەم قويۇش، ئاخىردا كوممۇنىزم باسقۇچىغا قەدەم قويۇش، ئەڭ ئاخىردا دۇنيانىڭ بۈيۈك بىرلىكىگە قەدەم قويۇش دېگەنلىكتۇر. بۇ سۆزنىڭ، بىزنىڭ سەنمىنجۇيىمىزنىڭ جەريانى بىلەن پەرقى بارمۇ - يوق؟ مېنىڭ قارىشىمچە، سەنمىنجۇيىنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق دەۋر تەرەققىياتى بولىدۇ، شۇڭا ئۇ دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. بۇ تەرەققىيات لوشيەنىنى گەرچە سۇن جۇڭشەن ئەپەندى كونكرېت كۆرسىتىپ ئۆتمىگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇ، دۇنيانىڭ بۈيۈك بىرلىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي غايىۋى مەقسىتى بولىدۇ دەپ كۆرسەتكەن. سەنمىنجۇيىدىن دۇنيانىڭ بىرلىكىگىچە، ئەلۋەتتە يەنە بىرقانچە باسقۇچلۇق جەريان بولۇشى كېرەك. ئەگەر سۇن جۇڭشەن ئەپەندى هايات بولغان بولسا، ئۇ ئەلۋەتتە ئۇنى بىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن بولاتتى. بىزنىڭچە سەنمىنجۇيىنىڭ دەۋر تەرەققىياتى بولىدۇ، ئۇ ئاخىردا ئوخشاشلا دۇنيانىڭ بۈيۈك بىرلىكى يولىغا ماڭىدۇ. مەن نېمە ئۈچۈن بۈگۈن بۇ سۆزنى قىلىمەن؟ بۇنىڭدىكى مەقسەت يولداشلارغا: سىلەرنىڭ ئىنقىلاب مۇرىتى، سۇن جۇڭشەن ئىنقىلابىي مەسلىكىنىڭ سادىق ئېتىقاتچىسى ئىكەنلىكىڭلارنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش، سىلەرنىڭ يېڭى دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا، كوممۇنىزمغا، دۇنيانىڭ بۈيۈك بىرلىكىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى، بۇ توغرا ئىنقىلابىي جەرياننى ئېتىراپ قىلماسلىقىڭلار، ھىمايە قىلماسلىقىڭلار ئاساسىڭلار يوق ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش ئۈچۈندۇر.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئىدىيىنى ئۆزگەرتىش كېرەك
دېيىشىمىزدىكى مەقسەت، ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەم بويىچە، سەل-
بىي جەھەتتە، ئۆزىمىزنىڭ بۇرۇنقى بارلىق كونا، پېئو-
دال، قالاق ئىدىيەۋى ئاڭنى ئۈزۈل - كېسىل پاكىزە
تۈگىتىش، ئىجابىي جەھەتلەردە دېموكراتىزمدىن سوتسىيال-
زمغا، كوممۇنىزمغا، بۈيۈك بىرلىككە ئۆتۈشتىن ئىبارەت
بۇ ئىنقىلابىي لۇشيەنگە، ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىمىزدىكى بار-
لىق نەرسىلەرنى مۇشۇ لۇشيەنىنىڭ تەرەققىياتىغا قىلچە
ئىككىلەنمەستىن ماسلاشتۇرالايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت.
ئىككىنچى، رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش. سىز بىر
روتا كوماندىرى بولغان ئىكەنسىز ئۇ ھالدا سىز شۇ روتىدىكى
كىشىلەرگە رەھبەرلىك قىلىسىز، پولك كوماندىرى ئىكەن-
سىز پولككە رەھبەرلىك قىلىسىز، بۇ يەردە ئولتۇرۇۋاتقان-
لارنىڭ ھەممىسى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلار، سى-
لەر بىر قىسىم رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستۈڭلەرگە ئال-
غانسىلەر. بۇرۇن بىزنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلىمىز ھەقىقەتەن-
مۇ ياخشى بولمىدى! بۇ يىلنىڭ بېشىدا مەن جۇڭگو كوم-
پارتىيىسىنىڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئاڭلاتقان قىسىملاردىكى
دېموكراتىك تۈزۈم مەسىلىسى ھەققىدىكى ماقالىنى كۆردۈم،
ئۇ تەپسىلىي، ھەقىقىي يېزىلىپتۇ، بۇ ماقالىغا مەن چىن قەل-
بىمدىن قوشۇلىمەن. بۇنى ناھايىتى ياخشى ئەسەر ئىكەن،
بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدىكەن دەپ قاراپ، ئۇنى سا-
بىق سىياسىي خىزمەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقىغا تاپشۇرۇپ
بېرىپ، تېزدىن ھەرقايسى قىسىملارنىڭ
باشلىقلىرىنى يىغىپ مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشنى تاپىلىدىم
ھەمدە غەربىي - شىمالدىكى تۆت ئۆلكىدىكى ھەرقايسى
قىسىملارغا ئۇنى يولغا قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈر-
دۈم. بىز بۇرۇن باشلىقلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان، ئۇ بىر

خىل ھاكىم مۇتلەقلىق شەكلى بولغاچقا ئۇ ئاممىنى قوزغىـ
تالمايتتى، ئاممىغا ئىلھام بېرەلمەيتتى. ئاممىنىڭ كۈچىـ
ئىرادىسىنى جارى قىلدۇرالمايتتى. ئىتتىپاقلاشتۇرالمايتتى.
جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھازىر يولغا قويۇۋاتقىنى دېموكـ
راتىك تۈزۈم، دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش،
مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچىلىكىدىكى دېموكراتىيە. قىسىملاردىـ
كى بارلىق ئىشلار دېموكراتىيە شەكلى ئارقىلىق بىر تەـ
رەپ قىلىنىدۇ. ئۈچنى تەكشۈرۈش، تۆتنى باھالاش، ئۈچ
چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت، كادىرلار ئىشى، ئىگىلىك،
مائارىپ، ئىنتىزام قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كۆپچىلىكنىڭ
مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەنلىكى، ھەر بىر ئادەمگە ئۆز
پىكرىنى تولۇق بايان قىلىشقا پۇرسەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن،
قىسىملاردا پولاتتەك ئىنتىزام، پولاتتەك ئىتتىپاقلىق شەكىلـ
لەنگەن. شۇڭا خەقنىڭ غەلىبىلىك جەڭ قىلىشى تاسادىپى
ئىش ئەمەس. بۈگۈن مەملىكەت بويىچە غەلىبە قىلىشتا ئۇنىڭ
ئاساسىي بار. (25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا
ئۇلار سانسىز جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەرلەرنى،
سۇنئىي ۋە تەبىئىي بالا - قازالارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. يولـ
غا چىقىشتىن بۇرۇن 300 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم بولغان بولـ
سا، شىمالىي شەنشىگە يېتىپ كەلگەندە ئاران 35 مىڭدىن
كۆپرەك ئادەم قەپ قالغان، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ
دېخۇەينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئېلىپ ماڭغان قىسىم يولغا
چىققاندا 83 مىڭ ئادەم بولۇپ، شىمالىي شەنشىگە كەلـ
گەندە ئاران 7200 ئادەم قەپ قالغان)، كېيىن بارا - بارا
كۆپىيىپ ھازىرقىدەك 4 مىليوندىن كۆپرەك كىشىلىك قوـ
شۇنغا ئايلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتنى ئازات قىلدى. بۇـ
نىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە باشقا ھەر خىل سەۋەبلەرمۇ بار.
لېكىن پەقەت ھەربىي ئىشلارنىلا ئېلىپ ئېيتىدىغان بولـ

ساق، ئۇلارنىڭ قوشۇنىدىكى ھەربىي ئىشلار دېموكراتىيىسى، سىياسىي دېموكراتىيە، ئىقتىسادىي دېموكراتىك تۈزۈم ئاساسلىق ئەڭ چوڭ مۇناسىۋەت ھېسابلىنىدۇ. كۆپچىلىك بۇرۇن، قىسىملاردا دېموكراتىيىنى يولغا قويۇشتىن ناھايىتى گۇمان قىلاتتى. لېكىن ئازاتلىق ئارمىيە ئىچىدە ھەقىقەتەنمۇ دېموكراتىيە يولغا قويۇلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئالاھىدە ئۈنۈملۈك بولغان تۇرسا، بۇ بىزنىڭ قايىل بولۇشىمىزغا ئەرزىمەمدۇ؟ ھەرقايسى ئوفىتسېر يولداشلار، بىز ئالدىن بىلگۈچى، ئالدىن سەزگۈچى بولالمىغان تەقدىردىمۇ، كېيىن بىلگۈچى، كېيىن سەزگۈچى بولۇشىمىز لازىم. ئەگەر بىز مۇشۇنداق ياخشى تۈزۈمنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، بىر ئىزدا توختاپ قېلىپ، بۇرۇنقى كونا ۋە ئىدىلەرگە يېپىشىۋالساق، ئۇ ھالدا تۈگىشىمىز، ئالغا ئىنتىلمەستىن ئارقىدا قېلىشقا تەن بەرگەنلىكىمىز بىلەن باراۋەر بولىدۇ. كۆپچىلىك قاراپ باقايلى، بىزنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىمىزدا يۇقىرى بىلەن تۆۋەن، ئوفىتسېرلەر بىلەن جەڭچىلەر ئايرىلىپ تۇراتتى، لوشۇرىنغا ئوخشاش ئادەملەر ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئىچىدە تېپىلمايدۇ، دېموكراتىك تۈزۈم ئاستىدا چىرىكلىشىشكە، پارېخورلۇق قىلىشقا كىم جۈرئەت قىلالايدۇ؟ سەل - پەللا بۇزۇلسىڭىز قول ئاستىڭىزدىكىلەر سىزنى تەنقىت قىلىدۇ، سىزنى پاش قىلىدۇ! لېكىن بىزنىڭ قوشۇنىمىز ئىچىدە بولسا يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئايرىلىپ تۇرغاچقا ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق، يۇقىرىدىن يوشۇرۇپ تۆۋەندىن يوشۇرمايدۇ. ھەتتا يۇقىرى بىلەن تۆۋەن بىر - بىرىدىن يوشۇرىدۇ. ھەربىيلەر بىلەن خەلقمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. شىنجاڭنى ئېلىپ ئېيتايلى، ئادىل سۆزلەيدىغان بولساق، يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا خېلى ياخشى

بولۇپ كەلدى، لېكىن ئىچكىرىدە ئۇنداق ئەمەس، ئارمىيە بىلەن خەلق بىر - بىرىدىن ئايرىلىپلا قالماستىن، يەنە قىسىملار نەگىلا بارسا، خەلققە قارشى تۇرىدىغان، خەلققە زىيان سالىدىغان ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىپ يۈرگەچكە، خەلق ئۇلارغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ! كۆپچىلىك ئويلاپ باقايلى: خەلق ئۆچ كۆرىدىغان قوشۇن، خەلقنىڭ ھىمايىسى ۋە ياردىمىگە ئېرىشەلەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇن ئىچىدىكى كادىرلار مەسىلىسى، مەزھەپچىلىك مەسىلىسى، باشقۇرۇش زادى ھەل بولماي كېلىۋاتقاچقا، بىز ئۇنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدۇق. ھازىر ئازادلىق ئارمىيە ئىچىدە ئۇنداق ئىشلار يوق، ئۇلاردا قاتتىق بولغان ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش تۈزۈمى بولغانلىقى، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى يولغا قويۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ھېچكىممۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇرۇن بىزنىڭ قىسىملىرىمىز ئىچىدىمۇ كىچىك گۇرۇپپىلار بار ئىدى، ئاتالمىش تەنقىد، ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدمۇ بولغان، لېكىن ئۇ پۈتۈنلەي شەكىل ئىدى. ھەتتا شەكىلمۇ بولمىغانلىقتىن ئۇنى يولغا قويۇش تامامەن مۇمكىن بولمىغان. خوپ، بىز ھازىر رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق!

ئۈچىنچى، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاش. بۇرۇن قىسىملاردىكى نۇقسانلارنى مەسىلەن، بىر - بىرىگە دۆڭگەش، كەينىگە سۈزۈش، ساختىپەزلىك، پارىخورلۇق، چېچىلاڭغۇلۇق قىلىش قاتارلىقلارنى كۆپچىلىك ئوبدان بىلگەچكە، بۇ توغرىدا كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بىر - بىرىگە دۆڭگەش — مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. كەينىگە سۈزۈش — ئۇنۇمگە ئەھمىيەت بەرمەي، بۇلغۇن قىلىپ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئەتىگە، ئەتىسى

ئۈگۈنگە، بۇ ھەپتىدىن كېلەر ھەپتىگە، بۇ ئايدىن كېلەر ئايغا سوزۇشنى كۆرسىتىدۇ. ساختىپەزلىك قىلىش — يالغان سۆزلەش، ساختىپەزلىك بىلەن ئىشلەش بولۇپ، بۇ بىر خىل ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە. پارىخورلۇق قىلىش توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. قىسىملاردا گەرچە بىر مۇنچە پاك - دىيانەتلىك، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئادەملەر بولسىمۇ لېكىن پارىخورلۇق كەيپىياتى خېلىلا ئومۇملىشىپ قالغان. ئاڭلىشىمچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلەر ھەممىشە بىر يەرگە يىغىلىپ پۇل تىكىشىدىكەن، ماجياڭ پەيجىيۇ ئوينايدىكەن، خالتىغا پۇل قاچىلاپ تىكىشىپ ئوينايدىكەن. بۇ پۇللار نەدىن كەلگەن؟ ئۇلار يوق ئادەملەرنىڭ پۇلىنى سوقۇۋېلىش، سودىگەرچىلىك قىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنىسىنى ئىشلىتىپ سىرتتا ئەتكەسچىلىك قىلىپ مال ئېلىپ سېتىش، ھۆكۈمەت نامىنى سېتىپ ئۆزى پايدا ئېلىش قاتارلىق ھەرقانداق قانۇنسىز قىلمىشلارنى قىلالايدۇ، بولمىسا ئۇلاردىكى پۇل نەدىن كېلىدۇ؟ چېچىلاڭغۇلۇق قىلىش - تەشكىلسىزلىك، ئىنتىزامسىزلىق قىلىش — يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى ئوفىتسېرلەر بىلەن ئەسكەرلەرنى، ئارمىيە بىلەن خەلقنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ھالدا قوشۇن قوشۇنغا ئوخشىماي قالىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەر خىل يامان ھادىسىلەر ئەلۋەتتە خىزمەت ئىستىلىدىكى خاتالىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل خاتا خىزمەت ئىستىلىنىڭ شەكىللىنىشى، غەربىي - شىمالدىن ئېيتقاندا، مېنىڭ رەھبەرلىك قىلىش جەھەتتە ئىشنىڭ يولىنى بىلمىگەنلىكىمدىن بولغانلىقىنى ئالدى بىلەن بويۇمغا ئالىمەن، ئەلۋەتتە. بىز ھازىر بۇرۇنقى خاتالىقلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلساق، كېيىن مەغلۇبىيەت يولىغا قايتا قەدەم قويمايمىز. بىز مەسئۇلىيەتنى

ئۆلنۆمنى، ئىنتىزامنى، جامائەت ئەخلاقىنى، كىشىلىك قىدىر - قىممەتنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇرۇنقى كونا ئىستىل، كونا قىلىق، كونا كۆز قاراشلارنى سەممىيلىك بىلەن ھەقىقىي يوسۇندا تۈزىتىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، مەسئۇلىيەتچان، ئىشچان - چەبدەس، راستچىل، پاك - دىيانەت، تەشكىللىكچان ۋە ئىنتىزامچان بولۇشتەك خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزلەشتۈرۈ شىمىز لازىم.

ئۆتىنچى، تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىش. ھازىر دەۋر ئۆزگەرگەچكە، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشى، بىزنىڭ تۇرمۇش ئادىتىمىز مۇشۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىشى لازىم. سىلەر جۇڭگو كومپارتىيىسى تەرەپپىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە قاراپ بېقىڭلار، ئۇلار نېمىدېگەن ئاددىي سادە نېمىدېگەن چىداملىق، نېمىدېگەن ئەستايىدىل! ئۇلار يېزىدىن پارتىزانلىق قىلىپ چىققاچقا، ئەزەلدىن مۇشۇنداق تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزلەشتۈرگەن. ئۇلاردا ھورۇنلۇق، چىرىكلىشىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت ئەمەس، قىمارۋازلىق قىلىش تېخىمۇ مەۋجۇت ئەمەس، ئەخلاقسىزلىق ئىشلىرى مەۋجۇت ئەمەس. بىز نەنجىڭدىكى چاغدا مۇنداق بىر غەلىتە پىتنە - ئىغۋالار ناھايىتى كەڭ تارقالغان ئىدى، يەنى كومپارتىيە خوتۇننى ئومۇمنىڭ قىلىشنى يولغا قويىمىش، ئاياللارنى تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ، تۈزۈمىنى يولغا قويىمىش دېگەن گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ، كۆپ كىشىلەر قورقۇپ كەتكەن ئىدۇق، كېيىن شاڭخەيدىكى 60 نەچچە ياشلىق ئاغىنەم ماڭا: «كومپارتىيە كەلدى، مەن باشقا ئىشتىن قورقمايمەن، پەقەت ماڭا ئاياللارنى تەقسىم قىلىپ بېرىشىدىن قورقىمەن، مەن 60 ياشقا كىرىپ قالدىم، ئەگەر ماڭا ياش بىر ئايالنى تەقسىم قىلىپ بەرسە، مەن قانداق چىدايمەن!» دېگەن ئىدى (پاراقىدە كۈلكە) بۇ ئەلۋەتتە بىر چاخچاق

گەپ بولسىمۇ لېكىن بۇ خىل ئەكسىيەتچىل تەشۋىقاتلارنىڭ
تەسىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كۆپچىلىك بىلىش كېرەككى،
جۇڭگو كومپارتىيىسى ئاياللارغا ھۆرمەت قىلىدۇ ھەمدە ئا-
ياللار ھەرىكىتىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، مىسال ئۈچۈن ئالاي-
لى، بېيجىڭ تەرەپ «سەككىز تارىكوچا» نى ئەمەلدىن قالدۇ-
رۇپ پاھىشە ئاياللىرىنى تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى
ئىشلىمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. ئۇلار ئەر - ئايال مۇناسىۋىتىگىمۇ
ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ، نەدىمۇ ھېلىقى يا-
مان غەرەزلىك تەشۋىقاتتىكىدەك غەلىتە ئىشلار بولسۇن. مەن
بېيجىڭدىكى چاغدا، ماۋجۇشى ماڭا: «شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق
200 مىڭ كىشىلىك قىسىم بۇ يىل، كېلەر يىل ئەمەس،
بەلكى ئىندىنقى يىلىدىن باشلاپ ھەربىي خىزمەتتىن
بوشاشقا باشلىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكىرىگە قاي-
تىشىنىڭ ھاجىتى يوق. بىز ئۇلارنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرىنى
ئەكەلدۈرۈپ بېرىمىز، ئائىلە - تەۋەلىرى بولمىغانلارغا
ئىچكىرىدىن 100 — 50 مىڭچە ئايالنى شىنجاڭغا چىقىش-
قاچاقىرىق قىلىمىز، ئۇلار مۇشىنجاڭنىڭ ھەرخىل قۇرۇلۇش
خىزمەتلىرىگە قاتناشسا، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆز ئىختىيار-
لىقى بىلەن تاللاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆي ئوچاقلىق
بولۇپ تېرىكچىلىك قىلسىمۇ بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ،
كۆپچىلىك بوز يەر ئېچىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللان-
سىمۇ ياكى كان بايلىقلىرىنى ئاچسىمۇ، سانائەت ئىشلەپ-
چىقىرىشقا قاتناشسىمۇ بولىدۇ، بۇ بىر قانچە 100 مىڭ ئادەمنىڭ
تۇرمۇشىدىن مەسىلە چىقمايدۇ، دېگەن ئىدى. بۇ قېتىم لەن-
جۇغا بارغىنىمدا، مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەيمۇ
ماڭا شۇنىڭغا ئوخشاش سۆز قىلدى. بىز بىلىشىمىز كېرەككى
بۇ ئالدىن ئېيتىلغان سۆز بولماستىن، بەلكى كەلگۈسىدە جەز-
مەن پىلانلىق ھالدا ئىشلىنىدىغان ئىشلاردۇر. ھازىر بۇ

يەردە ئۇلتۇرغانلىرىڭىز ھەربىيلەرمىز، ھەربىي كادىرلارمىز، سىلەر كەلگۈسىدە بىرەر زاۋۇت - كاننىڭ باشلىقى، كولخوز ئەزاسى، زاۋۇتلارنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولۇپ قالارسىلەر. ... سىز ھازىر بىر روتىنىڭ كوماندىرى بولۇپ، 100 نەچچە ئادەمگە رەھبەرلىك قىلغان بولسىڭىز، بۇ 100 نەچچە ئادەم بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى بولغاندا، ئۇ ھالدا سىز مۇشۇ بىر قىسىم دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ رەھبىرى بولۇپ قالىسىز، مەيلى ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، سىز رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرغان ئىكەنسىز، رەھبەر بولغۇچىنىڭ شەرتىنى ھازىرلىشىڭىز، جەزمەن بۇرۇنقى تۇرمۇش ئادىتىڭىزنى مەسىلەن: قىمارۋازلىق، ئەخلاقسىزلىق، ھورۇنلۇق، چىرىكلىشىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، چىداملىق، ئەمگەكچان، ئاددىي - ساددا، ئەستايىدىل بولۇشتەك تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىڭىز لازىم. بىز بارلىق تۇرمۇش ئادىتىمىزدە، دۆلەتكە، خەلققە قول ئاستىمىزدىكىلەرگە مەسئۇل بولۇپلا قالماي ئۆزىمىزگىمۇ مەسئۇل بولۇشىمىز لازىم.

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قانچە نۇقتا ئەسلىدە ھېچبىر يېڭى گەپ ئەمەس ئىدى. ئۇنى كۆپچىلىكمۇ بىلەتتى، بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇنى قىلمىغانلىقتا ياكى ھەقىقىي تۇردە ئىشلىمىگەنلىكتە. يولداشلار بىز كۆپ يىللاردىن بۇيان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، ياكى سەبداشلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن، كۆپچىلىكنىڭ بۇ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۆزىنى ئۆزگەرتىش، قىسىملارنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق كەلگۈسىدە ئۇلۇق يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز ئەندى ھازىرغا كەلگەندە قىلاچىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىمىز، ھېچقانداق خام - خىياللاردا تىپ-

خىمۇ بولماسلىقىمىز لازىم. ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات قىـ
لىپ، يېڭىباشتىن ئادەم بولۇپ، ئىشنى يېڭىباشتىن باشلاپ
ئىنقىلاۋىي مەيدانىمىزنى قايتىدىن تۇرغۇزۇپ، ئىنقىلاۋىي رو-
ھىمىزنى ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىمىزنى ۋە غەيرىتىمىزنى ئەسـ
لىگە كەلتۈرەيلى. جوڭگو كومپارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك
بىرلىك سەپنى تەشەببۇس قىلىشىدىكى مەقسىدى — ھەر
بىر خەلقنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇلار،
ھەممىيلەننىڭ كېرىكى بار، دۆلەتكە يارامىلق ئادەملەرنى
بىز نېمىشكە تاشلىۋېتىمىز؟ نېمىشكە ئۇلارنى ئۆزىمىزگە
قاراتمايمىز؟ بۇنداق ئۇلۇق دۆلەت قۇرۇلۇشىنى بىز جوڭـ
گو كومپارتىيىسى ھەرگىزمۇ ئۆز ئالدىمىزغا تارتۋالماقچى
ئەمەسمىز. بۇنى كۆپچىلىك ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ
ئىشلىشى كېرەك دەيدۇ. بىز چوقۇم كومپارتىيىنىڭ بۇ توغـ
را ھەم ئۇلۇغ فاكچىنىنى قوبۇل قىلىپ، دېموكراتىك بىر-
لىك سەپكە قاتنىشىپ، سىنىڭ - مېنىڭ دېمەي ھەممىمىز
بىرلىكتە جوڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۈ-
رەش قىلايلى! يېڭى جوڭگو قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايـ
لى! بىز دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت ۋە ئادەم كۈچى بىـ
لەن يېڭى جوڭگونى قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىۋاتقانـ
لىقىمىز ئۈچۈن، غەلىبە قىلماي، مۇۋاپپەقىيەت قازانماي قا-
لامدۇق؟ بۇ ھەر بىر پۇقرانىڭ، بولۇپمۇ ھەر بىر ئىنقىلابىي
ھەربىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى — مۇقەددەس
شەرەپلىك بۇرچىدۇر!

بىز يىراقنى، چوڭ ئىشلارنى كۆزدە تۇتىشىمىز، كۆز
ئالدىمىزدىكى ئۇششاق ئىشلارنى كۆزدە تۇتىشىمىز، ئالدى
بىلەن ئۆزىمىزنى، قىسىملارنى ئۆزگەرتىشىمىز، خەلق ئازاد-
لىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - بىكتۈەنىدىن كەمتەرلىك بىلەن دا-
ۋاملىق ئۆگىنىشىمىز، ئۇلارنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم

مۇشۇ نۇتۇقنى قىلىپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، 12 -
ئاينىڭ 13 - كۈنى گېنېرال پېڭ دېخۇەي خەلق ئازادلىق ئارمى-
يىسىنىڭ بىرىنچى بىڭتۇەندىكى ئوفىتسېرلەرنى ۋە ھەقىقەتكە قايت-
قان قىسىملارنىڭ ئورگىنىدىكى كادىرلارنى يىغىپ مېنى يەنە بىر
قېتىم سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئاۋال پېڭ دېخۇەي سۆز
قىلدى. كېيىن مەن سۆزلىدىم. مېنىڭ سۆزلىگىنىم «يەنە قانداق
ئۆزگەرتىش توغرىسىدا». ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

## 5 - يەنە قانداق ئۆزگەرتىش توغرىسىدا

(1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچىدە تۇ-
رۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - بىڭتۇەنى ۋە
ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئورگىنىدىكى كادىرلارغا
قىلىنغان سۆز)

مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي، گېنېرال ۋاڭجېن
تاۋسىيۈ، يولداشلار:

بايا مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەينىڭ ھەم ئەس-
تايىدىل ھەم يۇمۇرلۇق ھەم نەزەرىيەۋى ئاساسلىق ھەمدە
كۆپلىگەن پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەكرار ئوخشۇتۇش-
لارنى قوللىنىپ سۆزلىگەن سۆزىنى ئاڭلىدۇق. ئۇ ھەقى-
قەتەنمۇ ناھايىتىمۇ ياخشى سۆزلىدى. كۆپچىلىك ئاڭلىغان-
دىن كېيىن ناھايىتى خوشال بولۇشتى. مەن يولداشلارنىڭ
بولۇپمۇ ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملاردىكى ئوفىتسېر يولداش-
لارنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي قىلغان توغ-
را، قىممەتلىك يوليورۇقنى سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىشقا
ھەمدە ئۇنى ھىمايە قىلىشقا ئىشىنىمەن.

ئەمدى مەن سۆزۈمنى باشلاي، نېمە توغرىسىدا سۆزلىسەم

بولار؟ مەن بېيجىڭدىن كەلدىم، شۇڭا بېيجىڭدىكى ۋەقەلەر-
نى سۆزلەپ باقايمۇ؟ ھازىر مانا مەن يەنە ئۇرۇمچىگە كېلىپ
قالدىم، شۇڭلاشقا شىنجاڭدىكى ۋەقەلەرنى سۆزلەپ ئۆتەي:

مەن بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بېيپىڭغا بېرىپ،
11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئايرىلدىم. مەن ئۇ يەردە 8 ئاي
غا يېقىن تۇردۇم. بۇ جەرياندا، بېيجىڭدە بولغان ئەڭ چوڭ
ۋەقە — جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ يىغىنى
ئېچىلدى، ئارقىدىنلا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇل-
غانلىقى جاكالاندى ھەمدە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى تەش-
كىل قىلىندى. بۇ بىر چوڭ ئىش بولدى. ئۇ جۇڭگو تارى-
خىدىكى بىر چوڭ ئىش. تارىخنى ئۆزگەرتىپ تارىخ يارى-
تىشتىن ئىبارەت بىر چوڭ ئىش بولدى. جۇڭگو خەلق سى-
ياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قانچە قاراردا
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ تەشكىلىي
قانۇنى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى،
جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ئورتاق پىرو-
گراممىسى ۋە دۆلەت بايرىقىنى بېكىتىش ماقۇللاندى. بۇ ئۈچ چوڭ
ھۆججەت — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت قۇرۇش
تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ. كۆپچىلىك
ئۇنى كۆرگەن، تەتقىق قىلىپ كۆرگەن بولىشى مۇمكىن،
شۇڭا مەن ئۇ توغرىدا سۆزلىمىسەممۇ بولار.

ئون كۈنلۈك يىغىنىڭ جەريانى ئەلۋەتتە ناھايىتى ئۇ-
زۇن، ئۇنى تەپسىلى بايان قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئەڭ
دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان نۇقتا شۇكى، بىر قانچە ئاي-
دىن بۇيان مەن ماۋجۇشى ۋە كومپارتىيە رەھبەرلىگىدىكى
دېموكراتىك بىرلىك سەپ فاڭجېنىنى چۈشەندىم. بۇ ئۇلۇق
فاڭجېن بۇ قېتىمقى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كې-
ڭەشىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن ھەر قايسى تەرەپلەردە تولۇق

ئىپادىلەندى. ئۇ ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار ھەرقايسى دېموكراتىك زاتلار، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر، چەتئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، شەرق، غەربى، جەنۇپ، شىمالدىكىلەرنى ھەتتا چەتئەللەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا دىنىي ساھادىكىلەرمۇ ۋەكىل قاتناشتۇردى. 660 دىن كۆپرەك ۋەكىل ئىچىدە دېموكراتىك بىرلىكسەپنىڭ ماھىيىتى ۋە مەزمۇنى تولۇق ئىپادىلەندى. بۇنى ئالاھىدە يېزىشقا ئەرزىيدۇ. يەنە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ تەركىبىدىن قارىغاندىمۇ، ئىسىملىكنى كۆپچىلىك گېزىتتىن كۆردى، بۇلار ھەر قايسى تەرەپلەر كۆپ قېتىم تەپسىلىي كېڭىشىش ئارقىسىدا بىردەك كېڭىشىپ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن سايلاپ چىققان، ھەممىدە ئۇ ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى شەخسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بولۇپمۇ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىي، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىدىن باشقا يەنە ھەرقايسى پارتىيە گورۇھلار، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى دېموكراتىك زاتلار گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك گورۇھىدىكىلەر، ھەقىقەتكە قايتقان ھەر بىر باشلىقلار قاتناشتۇرۇلدى. مەندەك بىر ئەرزىمەس شەخسمۇ ئەزالىققا كۆرسىتىلدىم. سايلانغانلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاستىغا ئەسكەرتىش بېرىلگەن. مەسىلەن، مېنىڭ ئىسمىمنىڭ ئاستىغا «گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك گورۇھىدىن» دەپ ئەسكەرتىپ قويغان. گېنېرال چېڭ چيەن، فۇزۇيىلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاستىغا «ھەقىقەتكە قايتقان ھەربىي باشلىقلار» دەپ ئەسكەرتىپ قويغان، باشلىقلارنىمۇ مەسىلەن، گومىنداڭ ئىنقىلابىي پارتىيىسى، دېموكراتىيە بىرلەشمىسى، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش، دېموكرا-

تىيە ئىتتىپاقى، دېموكراتىيىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش دېگەنگە
ئوخشاش تەشكىلاتلارنىمۇ بىر - بىرلەپ ئېنىق يېزىپ قويـ
غان. سىياسىي كېڭەش بىلەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە
كۆرسىتىلگەن نامزاتلار دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بىر-
دەك ياخشى باھاغا ئېرىشتى. بۇ ئىشلار جۇڭگو كومپارتى-
يىسىنىڭ بىرلىك سەپ قاڭجېنىنىڭ مۇۋاپىق يەتىلىك بولغان-
لىقىنى ئىسپاتلىدى. يېڭى دۆلەت ئىچىدە ماۋجۇشىنىڭ دانا
رەھبەرلىكى يەنىمۇ ھىمايىگە، ھۆرمەتكە ئىگە بولدى.
دېموكراتىك بىرلىك سەپ فاڭجېنى ئاستىدا نۇرغۇن ئىشلار
ئىشلەندى، مىسال ئۈچۈن ئالىدىغان بولساق، خۇنەندە گېنىرال
چېڭ چيەن، چېن مىڭرېنلار ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن،
چېن مىڭرېنىنىڭ بىگتۈەنى تېزلا جۇڭگو خەلق ئازادلىق
ئارمىيىسىنىڭ 21 - بىگتۈەنى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تۈزۈلۈپ
8 دېۋىزىيىگە بۆلۈندى. بىز شىنجاڭدىكى ھەقىقەتكە قايت-
قان قىسىملارنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 22 -
بىگتۈەنى قىلىپ 5 دېۋىزىيىگە ئايرىلغانلىقىنى بايا مۇ-
ئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي جاكالىدى، 3 پىيادە
ئەسكەرلەر دېۋىزىيىسىگە، 25 -، 26 -، 27 - دېۋىزىيە دەپ
نام بېرىلىپ بىر كورپۇس، يەنى 9 - كورپۇس قىلىپ تۈ-
زۈلدى. ئۇندىن باشقا ئىككى مۇستەقىل ئاتلىق ئەسكەر
دېۋىزىيىسى يەنى ئاتلىق 7 - دېۋىزىيە ۋە ئاتلىق 8 -
دېۋىزىيە گېنېرال ۋاڭ جېن بىلەن گېنېرال تاۋشىيۆلارنىڭ
سەممىي كېڭەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ئۇندىن باشقا يەنە
كۆپلىگەن پاكىتلار جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك
بىرلىكسەپىنىڭ قۇرۇق تەشۋىقات بولماستىن بەلكى ئۇ-
نى چۈشەندۈرىدىغان كۆپلىگەن پاكىتلارنىڭ بارلىقىنى
ئىسپاتلايدۇ.

مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرى ئىشلار پالاتاسىنىڭ

ھەر قايسى بۇ، كومىتىتلىرىغا كىرگۈزىدىغانلارنىڭ ئىسمىلىكىنى مۇزاكىرە قىلغاندا ماۋجۇشى سۆھبەت يىغىنىنى ئۆزى بىۋاسىتە باشقۇرۇپ، كۆپچىلىكتىن پىكىر ئالدى. سۆھبەت يىغىنىدا مەن ماۋجۇشىدىن بىر مەسىلىنى سورىغان ئىدىم. كۆپچىلىك ھەيران قېلىشتى. ئەسلىدە سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنى ئېچىلىشتىن بۇرۇن، ماۋجۇشى بىر كۈنى مەندىن: «ئاڭلىشىمچە سىرتتا بىزنىڭ كومپارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پەيدا بولغان بىر نەچچە جۈملە سۆز تارقىلىپ يۈرۈپتۇ، ئاڭلىدىڭىزمۇ يوق؟ دەپ سورىدى.» مەن: «نېمە گەپ ئىكەن؟» دەپ سورىسام ئۇ: «بەزىلەر بۇرۇن ئىنقىلاپ قىلغانلار كېيىن ئىنقىلاب قىلغانلارغا يەتمىدى، كېيىن ئىنقىلاب قىلغانلار، ئىنقىلاب قىلمىغانلارغا يەتمىدى، ئىنقىلاپ قىلمىغانلار ئەكسىلئىنقىلاپچىلارغا يەتمىدى!» دەپتۇ دېدى. مەن «ھە! بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىغانىمەن» دېدىم. ئۇ يەنە ماڭا مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى. ليۇشاۋچى ئەپەندى تىيەنجىندە زاۋۇدلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىغىنىدا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقاندا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە: «سىلەر ھەممىڭلار كەلگۈسىدە بىزنىڭ كادىرىمىز بولۇپ قالىسىلەر، يېڭى جۇڭگونى قۇرىدىغان ياخشى كادىرلاردىن بولۇپ قالىسىلەر.» دېگەندە، بەزىبىر پارتىيە ئەزالىرى قايىل بولماي: «ئۇلار ئەسلىدە بىيۇكىرات كاپىتالىستلارنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ئىدى، ھازىر ئەمدى بىز تەرەپكە ئۆتتۇدى بىردەمدىلا بىزنىڭ ياخشى كادىرلىرىمىزغا ئايلىنىپ قالىدىغان بولدى، ئۇ ھالدا بىزچۇ؟ ھەممىنى شۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرەيلى!» دېگەن. ماۋجۇشى: «بىزنىڭ مۇشۇنداق ئىچى تار پارتىيە ئەزالىرىمىزچە بولسا، خەقنى ئەسىر ئورنىدا كۆرسەك بولغىدەك!» دېدى. سۆھبەت يىغىنىدا مەن، يۇقىرىدىكى ئۈچ جۈملە سۆز توغرىسىدا ماۋجۇشىدىن: «بۇرۇن ئىنقىلاب قىلغانلار كېيىن ئىن-

قىلاب قىلغانلارغا يەتمىدى، كېيىن ئىنقىلاب قىلغانلار ئىنـ
قىلاب قىلمىغانلارغا يەتمىدى، ئىنقىلاب قىلمىغانلار ئەكسىل
ئىنقىلابچىلارغا يەتمىدى دېگەن پارتىيە ئىچىدىكى بۇ خىل
سادىغا سىز قانداق پوزىتسىيەدە بولىسىز؟» دەپ سورىغان
ئىدىم، ماۋجۇشى: «ھازىر بىز پارتىيە ئىچىدە تەربىيىلەش
قايىل قىلىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز» دېدى. مەن
«قايىل قىلدىڭلارمۇ يوق؟» دەپ سورىسام ئۇ: «ھەي، ئاسـ
تا - ئاستا قايىل قىلىشقا، ئاستا - ئاستا تەربىيىلەشكە
توغرا كېلىدۇ، بۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس» دېدى. ئۇنىڭ
بۇ سۆزى ھەقىقەتەن راست. لېكىن بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى
دېموكراتىك بىرلىكسەپ سىياسىتى خېلى بۇرۇنلا بېكىتىلىپ
بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئەمەلىيەتتە
كۆرسىتىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان نىھايىتى
كۆپ پاكىتلار بار. بولۇپمۇ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
ئەزالىرى ۋە مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىدىكى ھەرقايسى ئورۇنـ
لارغا خادىملارنى سەپلەشتە، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
ئەزالىرى ئىچىدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى
ئاران يېرىمىنى ئىگىلىدى. مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىدىـ
كى 30 ئورۇننىڭ مەسئۇللىرى ئىچىدە كومپارتىيە ئەزالىرى
$\frac{3}{5}$ قىسمىغىمۇ يەتمەيدۇ، (17 ئورۇننى جۇڭگو كومپارتىيىـ
سى ئىگىلىدى، 13 ئورۇننى باشقىلار ئىگىلىدى)
ماۋجۇشى بىر كۈنى كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ ئالدىدا:
«ھازىر يەنە بەزىلەر كومپارتىيە ھەممىگە ئىگە بولسا
بولاتتى دېگەننى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ، بىزنىڭ ھەممىگە
ئىگە بولۇۋېلىشىمىز مۇمكىنمۇ؟» دېۋىدى كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ
كەتتى. ئۇ يەنە: «ھەممىگە ئىگە بولۇۋېلىشقا بولمايدۇ، كۆپـ
چىلىك ھەمكارلىشىپ ئىشلىشىمىز لازىم!» دېدى. ئۇنىڭ بۇ

خىل پوزىتسىيىسى ھەر قانداق دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھـ
نى ۋە دېموكراتىك زاتلارنى چىن كۆڭلىدىن قايىل قىلـ
ماي قويمايدۇ، ئۇلار بۇ ئۇلۇغ فاكتىدىن تەسىرلەنمەي
قالمايدۇ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىنى سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىلـ
مايدىغانلار چىقمايدۇ!

بۇ يەردە مەن يەنە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت
كېڭەشىنىڭ دېموكراتىك روھىنى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىـ
نىڭ دېموكراتىك روھىنى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا يېڭى دېـ
موكراتىزملىق دېموكراتىك روھىنى كۆرۈۋالدىم. جۇڭگو كومـ
پارتىيىسىنىڭ بارلىق دېموكراتىك پارتىيە گۇرۇھلار، دېموـ
كراتىك زاتلارغا تۇتقان دېموكراتىك روھى ھەرگىز تاساـ
دىپىي ئىش ئەمەس. ئۇ ئالدى بىلەن ماۋجۇشىنىڭ دېموكـ
راتىك رەھبەرلىكىدىن بولغان. ئۇ بۈگۈن بېيجىڭدىلا شۇنـ
داق بولۇپ قالماي بەلكى 28 يىللىق ئىنقىلابى كۈرەش تەجـ
رىبىسىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ئەزەلدىنلا پارتىيە ئىچىدە
مۇشۇنداق ئىشلەپ كەلگەن. بىر كۈنى مەركىزىي ھۆكۈمەت
يىغىنىدا، ئۇ: بىز ھەر قانداق جايدا دېموكراتىك روھنى
جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. مەن پارتىيە ئىچىدە مۇنداق
ئىككى جۈملە سۆز قىلغان ئىدىم: «بىلگىنىنى ئېيتماي قويـ
ماسلىق، ئېيتقاندىمۇ قالدۇرماي ئېيتىش». لېكىن بۇ كەمـ
لىك قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ، يەنە مۇنداق ئىككى جۈملە
سۆزنى قوشۇش كېرەك: «سۆزلىگۈچىدە ئەيىپ يوق، ئاڭلىـ
غۇچى ئىبرەت ئالسۇن.» بۇنداق دېگەنلىك ـ سۆزلىگۈچى بولـ
سا سۆزلەۋەر، خاتا سۆزلەپ قويساڭمۇ ھېچگەپ يوق دېگەنـ
دىن ئىبارەت. بۇ نېمە دېگەن تولۇق بولغان دېموكراتىك
روھ ـ ھە! ھەربىيلەر ئىچىدىمۇ، بايا مۇئاۋىن باش قومانـ
دان پېڭ دېخۇەي دېموكراتىك تۈزۈم خېلى بۇرۇنلا يولغا
قويۇلدى، دەپ ئېيتتى. ئۇلار دېموكراتىك تۈزۈمنى پارتىـ

يە ئىچىدە، سىياسىي جەھەتتە يولغا قويۇپلا قالماي، ھەربىيلەر ئىچىدىمۇ يولغا قويغان. بۇ ئالاھىدە ئىجادىيەت. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىكى ئەڭ چوڭ كاپالەت. ئۆتكەن قېتىم مەن ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملاردىكى كادىرلارغا سۆزلىگەندە بۇنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم.

يەنە بىر قانچە مىسال كۆرسىتىپ ماۋجۇشىنىڭ دېموكراتىك روھىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. دۆلەتنىڭ ئىسمى توغرىسىدا ئەسلىدە جۇڭگو كومپارتىيىسى «جۇڭخۇا خەلق دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى، لېكىن بەزىلەر «دېموكراتىك» بىلەن جۇمھۇرىيەت سۆزىنىڭ مەنىسى ئوخشاش، تەكرارلىنىپ قالىدىكەن، ئوقۇشقىمۇ ئەپلىك بولمايدىكەن دەپ قارىدى، كۆپچىلىك مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق دېموكراتىيە دېگەن سۆزنى قىسقارتىۋەتتى. يەنە ئالىدىغان بولساق دۆلەت بايرىقىنى تاللاپ بېكىتىشتە، تەييارلىق ھەيئىتى بىر قانچە ئاي ئىلگىرى ئۇنىڭ سىزما نۇسخىسى توغرىسىدا گېزىتكە مۇراجىئەت چىقارغان ھەمدە 2000 خىلدىن كۆپرەك نۇسخا تاپشۇرۇپ ئالغان. يىغىندا دۆلەت بايرىقى، دۆلەت گېربى، دۆلەت شېئىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ 2000 خىلدىن كۆپرەك نۇسخا ئىچىدىن ئالدى بىلەن 30 نى تاللاپ، ئۇنى بېسىپ كۆپچىلىككە پايدىلىنىش ئۈچۈن تارقىتىپ بەرگەن. گۇرۇپپا تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرى ئەڭ مۇۋاپىق كۆرگەن ئۈچ نۇسخىنى تاللاپ چىققان. بايراقنىڭ سول تەرىپىنىڭ يۇقىرى قىسمىدا بىر چوڭ يۇلتۇز، ئاستىغا بىر ياكى ئىككى ئۈچ توغرا سىزىق سىزىلغان چوڭ يۇلتۇز جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. بىرىنچى توغرا سىزىق خۇاڭخې، ئىككىنچى توغرا سىزىق چاڭجياڭ خۇاڭخې،

ئۇچىنچى توغرا سىزىق جۇجياڭ بولۇپ، بۇلار جۇڭگو مەدەنىيىتى پەيدا بولغان ئورۇنغا سىمۋول قىلىنغان. گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرە ئېلىپ بارغاندا، مەن كۆپلىگەن مىساللارنى كەلتۈرۈپ قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرگەن بولساممۇ لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسى بولمىدى. يەنە بىر قانچە كۈن ئۆتسە يىغىندا مۇزاكىرە قىلىپ قارار چىقىرىشقا توغرا كېلەتتى. بىر كۈنى كەچتە ماۋجۇشى 6 — 5 جوزىلىق مېھمان چاقىرىپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي ۋەكىللەر ئىدى. زىياپەت ئارىلىقىدا مەن ماۋجۇشىغا: بىر ئىشنى سىزدىن سورىماقچى ئىدىم، ئەگەر پىكرىڭىزنى باشقىلار ئاڭلاپ قالسا ياخشى بولماس دەپ ئويلىسىڭىز، مەن مەخپىيەتلىكىنى ساقلاشقا ۋەدە بېرىمەن» دېگەن ئىدىم. ئۇ «سىز ئېيتىۋېرىڭ.» دېدى. مەن «سىز دۆلەت بايرىقى نۇسخىسىنىڭ قايسىسىغا قوشۇلىسىز؟» سورىدىم. ئۇ. مەن بىر يۇلتۇز، بىر سىزىقلىققا قوشۇلىمەن، سىزچۇ؟» دېدى. مەن: «مەن بۇ نۇسخىغا قارشىمەن، تەكتى قىزىل دۆلەت بايرىقى دۆلەت ۋە ئىنقىلابقا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئوتتۇرىغا بىر سىزىق سىزىلسا دۆلەتنى بۆلۈۋەتكەنلىك، ئىنقىلابنى بۆلۈۋەتكەنلىك بولمامدۇ؟ شۇنداقلا بىر سىزىقنى خۇاڭخېغا سىمۋول قىلىشمۇ ئىلمىي ئەمەس، يۇقىرىلار ئۇنى بىر كالتەككە، ھەتتا سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئالتۇن كالتىكىگە ئوخشىتىپ قېلىشى مۇمكىن» دېدىم. ئۇندىن باشقا مەن يەنە كۆپلىگەن سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۆزۈمنىڭ سۆزىنى قوللاپ چىقتىم. ئۇ: «بۇ بىر مەسىلە ئىكەن، بەزىلەر بۇ نۇسخىنى ئىشلىتىشنى ناھايىتى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ» دېدى ھەمدە ئۇنىڭ بىر مۇنچە سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ، «مەن يەنە كۆپچىلىك بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ باقاي» دەپ جاۋاب بەردى. 2 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ 50 ـ 40 ئادەمنى چاقىرتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار. قارىسام ئۇلار مەدەنىيەت

خادىملىرى، رەسساملار، سەنئەتكارلار ئىكەن. ئارىسىدا مەنلا ئەسكەرتىكەنمەن. ماۋجۇشى ئالدى بىلەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بۇ نۇسخىنىڭ بېتەرسىز تەرىپىنى سۆزلىگەندىن كېيىن، «مېنىڭچە چوڭ يىغىندا بىر سىزىقلىق نۇسخىغا قارشى تۇرىدىغانلار پەقەت $\frac{1}{4}$ ياكى $\frac{1}{3}$ قىسمىنى ئىگىلىشى مۇمكىن، $\frac{4}{3}$ ياكى $\frac{2}{3}$ قىسىم كىشىلەر قوللىساما-قۇللىساق بولىدۇ. لېكىن بۇنداق قىلساق قانائەتلىنەرلىك بولمايدۇ، شۇڭا بىز ھەممەيلەن بىردەك ماقۇل كۆرىدىغان نۇسخىدىن بىرنى تاللىساق كۆپچىلىك ئويلاپ كۆرسەڭلار» دەپ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ تارقىتىلغان پايدىلىنىش ماتېرىيالىدىكى 36 - نومۇرلۇق نۇسخىنى ئېچىپ يولداشلارنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇندى. ئۇ دەل ھازىرقى 5 يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق بولۇپ، ئۇنى بۇ قانداق ئىكەن؟ دەپ سورىغاندى مەن ئالدى بىلەن قوللايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. كۆپچىلىكمۇ تەڭلا: ياخشى دېيىشتى. پەقەت 3 كىشى باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «بۇ 4 يۇلتۇز ئىشچى، دېھقان، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئەگەر كەلگۈسىدە سوتسىيالىزمغا قەدەم قويساق كېيىندىكى 2 سىنىپ يوقىلىدۇ. ئۇ چاغدا دۆلەت بايرىقىنى يەنە ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ - ئەمەسمۇ؟ دېدى. مەن ئويلاپ قارىسام بۇمۇ بىر مەسىلە ئىكەن. ماۋجۇشى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن: «چۈشەندۈرۈشنى ئۆزگەرتسەك قانداق؟ 4 يۇلتۇزنى 4 سىنىپنىڭ سىمۋولى دېمەي، 5 يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ سىمۋولى دەيلى» دېۋىدى، كۆپچىلىك ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. چوڭ يىغىندىمۇ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا ماقۇللاندى. ئەس-

لىدە $\frac{2}{3}$ ياكى $\frac{3}{4}$ قىسىم كىشىلەر قوشۇلسا كۆپ سانلىق
ھېسابلانمامتى. نېمە ئۈچۈن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ پىك-
رىگىمۇ ئېتىبار بېرىلىدۇ؟ دېمەك بۇ دېموكراتىك روھتۇر!
10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەركىزىي خەلق
ھۆكۈمىتى ئەزالىرىنىڭ 1 - قېتىملىق يىغىنى ئېچىلىپ، سىرتت-
قا ئېلان قىلىنىدىغان ئاخبارات قارار قىلىنماقچى ئىدى، ئۇ-
نىڭدا مۇنداق بىر قانچە جۈملە سۆز بار ئىدى : «ماۋزې-
دۇڭ رەئىسلىككە سايلاندى، جۇدې، ليۇشاۋچى، سۇڭ چىڭ-
لىڭ، لى جىشېن، جاڭ لەن، گاۋگاڭ مۇئاۋىن رەئىس-
لىككە سايلاندى، يەنە 56 نەپەر ھەيئەت ئەزا سايلاپ چى-
قىلدى.» ئاخباراتنىڭ تېكىستى بېسىپ تەييار قىلىنغان بو-
لۇپ، بىر دەمدىن كېيىنلا تيەنئەنمېندىكى جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا ئې-
لان قىلىناتتى، ھېلىمۇ ياخشى لى لېسەن ئەپەندى مېنىڭ ئۇدۇل
يېنىمدا ئولتۇرغان ئىكەن، مەن ئۇنىڭدىن «بۇنداق سۆز ئىشل-
ىتىلسە ياخشى بولماسمىكىن؟» دەپ سورىدىم، ئۇ «قانداق
مەسىلە بار؟» دەپ سورىدى. مەن «56 نەپەر ئەزا بار دې-
يىلسە بۇ سۆز بەك ئاددىي بولۇپ قالماسمۇ؟ رەسمىي ئاخ-
بارات بولغاندىكىن، ئىسمىكە بارلىق ئەزالارنىڭ ئىسمى يېزىلما
يدۇ؟» دېدىم. ئۇ «توغرا» دېدى. مەن: «سىز دەپ باقسىڭىز، دېدىم
ئۇ «سىزنىڭ دېگىنىڭىز ياخشى» دېدى، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ بۇ مەس-
لىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇمدىم. ماۋجۇشى دەرھال قوشۇلىدىغانلىقىنى
بىلدۈرۈپ: بولىدۇ، 56 نەپەر ھەيئەت ئەزانىڭ ئىسمىنى يازساق
بىزنىڭ مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىمىزنىڭ قۇدرىتىنى نامايەندە
قىلىدۇ، دېدى. كۆپچىلىك ئۇنى ئالقىشلاپ چاۋاك چېلىشتى.
مەن پەقەت مۇنداقلا بىر» ئىككى مىسال ئېلىپ كۆرسەت-
تىم، يەنە باشقا پاكىتلار ناھايىتى كۆپ. بۇ مىساللاردىن ماۋ-

جۇشى ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىنىڭ دېموكراتىك روھىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىدىكى دوستلارغا ئېھتىمال ئادەتتىكى ئىشتەك بىلىنىشى مۇمكىن. لېكىن بىز ھەقىقەتتە قايتقان قىسىملاردىكىلەر ئۇنى تولوق چۈشىنىشىمىز، تونۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ھەممە ئىشتا خاتىرجەم بولالايمىز.

بېيجىڭدا كۆرگەن ئىشلىرىم ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئۇنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن، ھازىر ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن كۆرگەنلىرىمنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتەي:

6 - كۈنى مەن ھەقىقەتتە قايتقان قىسىملار ۋە ئورگان كادىرلىرىغا بىر قېتىم سۆز قىلغان ئىدىم. مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي ۋە قوماندان ۋاڭ جېن ئوبدان سۆزلىدىڭىز، ئۇنى ئېلان قىلىش كېرەك دېدى. مەنمۇ ئۇنى رەتلەپ گېزىتتە ئېلان قىلماقچى ياكى كىچىك كىتابچە قىلىپ بېسىپ كۆپچىلىككە تەقدىم قىلماقچىمەن، بولۇپمۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىدىكى دوستلارنىڭ تەنقىت ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمەن. ئۆتكەن قېتىم سۆزلىگەنلىرىمنى بۈگۈن تەكرارلىمايمەن، بۈگۈن ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويىدىغىنىم كۆپچىلىكتىكى كونا ئاڭ، كونا ئىدىيە، كونا قاراش جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر.

ئالدى بىلەن ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويىدىغىنىم، ھازىر دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا نىسبەتەن، گومىنداڭ پارتىيىسى سىستېمىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ياكى كادىرلاردا بىز مەغلۇپ بولىدۇق دېگەن ئورتاق تونۇش جەزمەن تۇرغۇزۇلۇشى كېرەك. سەنمىنجۇيى ۋە ئىنقىلابنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ، بىز يەنىلا غەلىبە قىلدۇق. ئېھتىمال بەزىلەر ھازىر: «نۆۋەتتە ئىككى پارتىيىنىڭ ئېلىشىشىدا كومپارتىيە غەلىبە قىلدى. گومىنداڭ مەغلۇپ بولدى.» دەپ ئويلاۋات-

قاندۇر، ياكى شۇنداق دېگۈسى بادۇر. بۇنداق قاراش خاتا!
مۇتلەق خاتا! ئۆتكەن قېتىم سۆزلىگەن سۆزۈمدە بۇ توغرىدا
ئانچە - مۇنچە توختالغان ئىدىم. ئەگەر گومىنداڭنىڭ ئۆز
مەنپەئەتىدىن ئېلىپ ئېيتساق، گومىنداڭ ھەقىقەتەنمۇ ئال-
لىقاچان مەغلۇپ بولۇپ بولغان بولىدۇ. لېكىن ئىنقىلاب نۇق-
تىئىينەزىرىدىن ئېلىپ ئېيتساق بىز مەغلۇپ بولمىدۇق —
بەلكى غەلىبە قىلدۇق. نېمە ئۈچۈن؟ بىز ئالدى بىلەن: گو-
مىنداڭ نېمىنى كۆزلەيدۇ؟ دەپ سوراپ باقايلى. ئۇ ئىنقى-
لابنى، ئىنقىلابىي سەنمىنجۇيىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆزلەيت-
تى. لېكىن ئۇ، گومىنداڭ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن
كېيىن، ئەكسىلئىنقىلابىيلىشىپ كەتتى، سەنمىنجۇيىغا قارشى تۇ-
رىدىغان بولۇپ قالدى. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا بىز ئىن-
قىلابنى مەغلۇپ بولدى دېسەك بولىدۇ. ھازىرقى ئۆزگىرىش-
كە نىسبەتەن بىز جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىنىڭ ئىن-
قىلابىي ئىكەنلىكىنى، خەلقنى كۆزلەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ
يېڭى دېموكراتىزم ۋە سەنمىنجۇيىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىلىرى-
غا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. بىز-
گە ناھايىتى ئېنىقكى، بىز ئەكسىلئىنقىلابىي يولدىن ئىن-
قىلابىي يولغا قەدەم قويدۇق. سەنمىنجۇيىغا قارشى تۇرىدى-
غان لاگېردىن سەنمىنجۇيىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا باراۋەر بول-
غان لاگېرغا يۆتكەلدۇق. نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولدۇق؟
بىز ئويغىنىشىمىز لازىم! بۇ دەل بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنىڭ
غەلىبىسى! شۇنداقلا سەنمىنجۇيىنىڭ غەلىبىسى ھېسابلىنىدۇ!

جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بە-
زىلەردە بەزىبىر خاتا كۆزقاراشلار بولۇپ، ئۇلار: «شىنجاڭ-
دا ئۇرۇش بولىدىغان بولسا، سوۋېت ئىلى تەرەپكە ياردەم
بېرىدۇ - دە، ئۇلار شىنجاڭنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. نەتىجىدە ئۇ
سوۋېتنىڭ بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر خەلق ئازادلىق ئارمىيە-

سى شىنجاڭغا كىرىدىغان بولسا، شىنجاڭ يەنىلا جۇڭگونىڭ
زېمىنى بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. شۇڭا تىنچ يول بىلەن ئازاد
قىلىشنى خالايمىز» دەپ قارىغان. بۇنداق قاراش خاتا!
پۈتۈنلەي خاتا! سوۋېتنىڭ جۇڭگوغا قارىتا ھېچقانداق زې-
مىن تەلەپ قىلىش غەرىزى يوق، جۇڭگو - سوۋېتتىن ئى-
بارەت ئىككى دۆلەتتىكى ئىككى چوڭ مىللەتنىڭ مۇناسىۋى-
تى يېقىن بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ بۇندىن كېيىن ئىككى
دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى پۈتۈنلەي بىردەك بولۇشى لازىم. بو-
لۇپمۇ شىنجاڭدا مىللەت، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىقتىساد، مە-
دەنىيەت جەھەتلىرىدە ئايرىۋېتىشكە بولمايدىغان مۇناسىۋەت
شەكىللەنگەن. جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقى ھازىر باشلانغان
بولماستىن، بەلكى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدىلا
باشلانغان. بىزنىڭ ئۇلۇغ ئىنقىلابىي ئۇستازىمىز سۇن جۇڭ-
شەن ئەپەندى ئۆز ۋاقتىدا: «جۇڭگو گەرچە ئىنقىلابنى بۇ-
رۇنراق باشلىغان بولسىمۇ لېكىن يەنىلا روسىيىنى ئۆزىگە
ئۇستاز قىلىشى لازىم» دېگەن ئىدى. 1924 - يىلى گومىن-
داڭنىڭ بىرىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدىن
كېيىن، روسىيە بىلەن، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش، ئىشچى-
دېھقانلارنى يۆلەشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسەت ما-
قۇللانغان ئىدى. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ۋاپات بولۇش ئال-
دىدا: سوۋېت ئىتتىپاقىغا يوللىغان ۋەسىيەتنامىسىدە مۇنۇلارنى
تېخىمۇ تەنتەنىلىك بىلەن بايان قىلغان:
«......... مېنىڭ قالدۇرۇپ قويغىنىم گومىنداڭ بولدى.
مەن گومىنداڭنىڭ جاھانگىرلىك تۈزۈمىدىن جۇڭگونى ۋە باش-
قا تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان ئەللەرنى ئازاد قىلىشتىن ئى-
بارەت ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش جەريانىدا
سىلەر بىلەن بىللە كۈچ چىقىرىپ ھەمكارلىشىپ ئىشلىشىنى
ئۈمىد قىلىمەن. تەقدىر ئۆزۈمنىڭ ئورۇنلاپ بولالمىغان ئىش-

لىرىمنى — گومىنداڭىزمغا سادىق ۋە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ مېنىڭ ھەقىقىي دوستلىرىمنى تەشكىللەيدىغان كىشىلەرگە تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. مەن گومىنداڭنىڭ مىللىي ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ۋە خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگونى جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگوغا تاڭغان يېرىم مۇستەملىكە ھالىتىدىن ۋە ئۇنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى جېكىلىدىم. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، گومىنداڭنىڭ داۋاملىق سىلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ مېڭىشىنى بۇيرۇدۇم. مەن ھۆكۈمىتىڭلارنىڭ بۇرۇنقىدەكلا بىزگە ياردەم بېرىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

قەدىرلىك يولداشلار، سىلەر بىلەن ۋىدالىشىۋاتقان پەيتتە ئۆزۈمنىڭ قىزغىن ئارزۇ-ئىستىكىمنى ئىزھار قىلىمەن. پات ئارىدا تاڭ يورۇيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۇ چاغدا ياخشى دوستىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ۋە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ گۈللەنگەن، مۇستەقىل جۇڭگونى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن......»

بۇ نېمە دېگەن كۈچلۈك ۋە سەمىمىي ئىستەك! ۋەسىيەتنامىدە يەنە: «چوقۇم خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ، دۇنيادىكى بىزنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرىدىغان مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ ئورتاق كۈرەش قىلىڭلار!» دەپ يېنىمۇ سەمىمىيلىك بىلەن تاپىلىغان. شۇ چاغدىكى جۇڭگو، جاھانگىرلارنىڭ قورشاۋىدا تۇرۇۋاتقاچقا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن باشقا ئىككىنچى بىر دۆلەت بىزنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرمىگەن. كۆپچىلىك شۇنى چوڭقۇر تونۇشى كېرەككى، جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ يېقىن ئۆتۈشى مۇقەررەر ھەم زۆرۈر ئىش. شۇڭا ھەرگىزمۇ رەڭلىك كۆزەينەك بىلەن شەيئىلەرنى كۆزىتىمەسلىكىمىز لازىم. بولمىسا بىز قاتتىق خاتالىشىپ كېتىمىز. بىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن ئوخشاش، مەنپەئەتىمىز بىر-

دەك. شۇڭا بىز ئىككى چوڭ دۆلەت سەممىلىك بىلەن قول-
نى - قولغا تۇتۇشۇپ دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن ئورتاق كۈ-
رەش قىلىشىمىز لازىم. يەنە بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنىپ
سۆزلەيدىغان بولساق، بۇرۇن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى گومىنداڭ
ھۆكۈمىتىگە گۇمانلىنىش، ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىش
پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كەلگەن ئىدى. ھازىر بولسا كوممۇ-
نىستىك پارتىيە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھاكىمىيەتكە سەمىمى-
لىك بىلەن ياردەم بېرىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ.
بۇنى دۆلەت مەيدانىدىن ئېلىپ ئېيتساق، بىزنىڭ سۇن
جۇڭشەن ئەپەندى قالدۇرغان سوۋېت بىلەن بىرلىشىش سى-
ياسىتىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئېشىپ ئۈنۈم-
گە ئېرىشكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، بىز رازى بولمايدىغان
يەنە نېمە بار؟

دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى بو-
لۇپمۇ شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلىگە كەلسەك، بەزى كىشى-
لەردە باشتىن - ئاخىر بۇ توغرىدا توغرا كۆزقاراش تۇر-
غۇزۇلغىنى يوق. مىسال ئۈچۈن ئالىدىغان بولساق، يېقىندا
مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىنى كۆرۈپ، بەزىلەر:
«ئۇلار نوچىلىق قىلغىلى تۇردى، گىدىيىشىپ كېتىۋاتىدۇ!»
دېيىشىپ، نارازى بولۇشماقتا. بۇنداق قاراشلار خاتا! تاما-
مەن خاتا! بۇرۇن بىز ئېلان قىلغان سۆزلەردە مۇنداق دەپ
ئالاھىدە كۆرسەتكەن ئىدۇق: بۇرۇن سابىق مەركىزىي ھۆ-
كۈمەتنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى سىياسەتلىرىنىڭ ھەم-
مىسى خاتا بولغان، ئۇلار بويسۇندۇرغۇچى قىياپىتىدە ئوتتۇ-
رىغا چىقىپ، ھەممە تەرەپتىن ئىرقىي بېسىم بىلەن ئېكىس-
پىلاتاتسىيە قىلىپ كەلگەنلىكتىن، ھەدېسە توپىلاڭ ۋە چاتاق
چىقىپ، خەلقلەر كۈن كەچۈرەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ
قالغان ئىدى. بىز شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، بىز قىلچە

ئېككىلەنمەستىن تارىختىكى خاتالىقلارنى تۈزۈتۈپ، تارىختىكى جىنايەتلىرىنى يۇيۇشىمىز لازىم! بۇ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز، بىز يەنە جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك پوزىتسىيىسى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىگە مۇئامىلە قىلامدۇق؟ دەۋر ئۆزگىرىپ بۈگۈنگە كەلگەندە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئورنىدىن دەس تۇرمىسا بولامدۇ؟ ياكى يەنىلا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشى كېرەكمۇ؟ ئەگەر بۇنداق ئويلايدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بىز يۈزدە - يۈز چوڭ مىللەتچىلىك قىلغان ۋە جاھانگىر بولغان بولىمىز! بىز ئۇلارغا يار - يۆلەكتە بولۇپ، ئۇلارنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزۇشىمىز لازىم. بۇ چوڭ ئاكىلىق ئورنۇندا تۇرغان خەنزۇلارنىڭ ئۇلارغا تۇتۇشقا تېگىشلىك پوزىتسىيىسى. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتەك قاراشلار مۇتلەق خاتا، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، بىز يەنە «بىز شۇنچە يىل ئىنقىلاب قىلىپ، يەنىلا خىتايلارنى چىللاپ كەپتۇق!»، «باش ئاغرىقى ئەمدىلا بىر ئاز پەسەيسە، يەنە بىر مۇنچە باش ئاغرىقى كەلدى!» دەيدىغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالدۇق، بۇ تار مىللەتچىلىك كۆز قارىشى بولۇپ، بۇمۇ خاتا. لېكىن بۇنداق خاتا قاراشلارنى ئاساسەن يەنىلا تارىختىكى خاتالىقلار كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا ئاكا بولغۇچىلار ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشىمىز لازىم! بۇرۇن تىنچلىق ماددىسىدا دۆلەت ئارمىيىسى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي رايونلىرىدىكى چېگرىغا بېرىپ تۇرىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بارالمىغان ئىدىغۇ؟ ھازىر مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي بىلەن، قوماندان ۋاڭ جېن ئازادلىق ئارمىيىنى ئاشۇ تەرەپكە ئەۋەتىمىز دېۋىدى، ئۇلار شەرتسىز قوبۇل قىلدى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى مىللىي قىسىملارمۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. يەنە باشقا رايونـ

لارغا بىرىشقا توغرا كەلسمۇ ئۇنىڭدىن مەسىلە چىقمايدۇ.
هازىر هاكىمىيەتنىڭ ماهىيىتى ئۆزگەردى. بۇرۇنقى نېگىز-
لىك زىددىيەتلەر هازىر مەۋجۇت ئەمەس، شىنجاڭدىكى هەر
مىللەت خەلقلىرى ئاكا - ئۇكا قېرىنداشلارغا ئوخشاش
باراۋەر، ئىتتىپاقلىق، دوستانىلىق ئاساستا هەمكارلىشىشى
لازىم. بۇرۇنقى بارلىق ئۇقۇشماسلىق ۋە ئاداۋەتلەر ئۈزۈل-
كېسىل تۈگىتىلىشى، چوڭ مىللەتچىلىك ۋە تار مىللەتچىلىك
ئىدىيىسىمۇ يەنە ساقلانماسلىقى كېرەك!
بۇ ئىشنىڭ بىر تەرىپى. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا،
بىز ئۆزىمىزدىكى كونا ئىدىيىلەرنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ
چىقىشىمىز لازىم. مەسىلەن، گومىنداڭ دېگەن بۇ ئىسمنى ئاڭلىغان
بولساق، ئۇ سېسسىپ كەتتى! ئۇ تە سېسسىپ كەتتى! ئۇ تارىخ تەرىپىدىن
ئىنكار قىلىندى، خەلق ئۇنى ئىرغىتىپ تاشلىۋەتتى. بىز يەنە بەزىلەر
ئۇنىڭغا تارتىشما سىلىقىمىز كېرەك. ئاڭلىساق بەزىلەر هازىر يەنە
قىسملار ئىچىدە تۆۋەن تەشۋىق تارقىتىپ: بىز يەنىلا گومىنداڭچىلارمىز
يەنىلا گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئەزاسىمىز، يەنىلا گومىنداڭنىڭ
قىسمىمىز دېيىشىۋېتىپتۇ. بۇ خىل ئىدىيە خاتا بولۇپلا قالماي
يەنە ئۇ ئەكسىيەتچىلىك! بىز ئويغىنىشىمىز، بۇنداق ئەكسى-
يەتچىل تەشۋىقاتلاردىن ساقلىنىشىمىز لازىم. مەن تۈنۈگۈن
قوماندان ۋاڭ جېن بىلەن سۆزلەشكىنىمدە، هەقىقەتكە قايتى-
قان قىسملاردىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ ياخشىراق
ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنى ياخشىراق ئۆزگەرتىشىنى، شەرت -
شارائىت هازىرلاپ كەلگۈسىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىنىڭ ئەزاسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشتۇق. مەن سىلەرنى
تەبرىكلەيمەن، سىلەرنىڭ كەلگۈسى ئىستىقباللىڭلارنى تەبرىك-
لەيمەن. هازىر ئازادلىق ئارمىيىدىكى ئوفىتسېرلەرنىڭ هەم-
مىسى دېگۈدەك كومپارتىيە ئەزاسى، جەڭچىلەرنىڭ 30% تى
پارتىيىلىك ئىكەن، سىلەرمۇ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەندىن

كېيىن ماھىيەت جەھەتتە ھەقىقىي ئازادلىق ئارمىيىگە ئايلىنىسىلەر، تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغانلا بولساڭلار كومپارتىيە ئەزاسى بولالايسىلەر. كومپارتىيە ئەزاسى بولۇش شەرەپلىك ئىش، كۆپچىلىك مۇشۇنداق پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە!

ھازىر ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملاردا خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان ساۋاقداشلار ناھايىتى كۆپ. خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى نېمە ئۈچۈن قۇرۇلغان؟ ئۇنى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئىنقىلاب كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئىنقىلابىي قوراللىق كۈچلەرنى قۇرۇش مەقسىتىدە قۇرغان. ئۇ نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ ئۇ ئىنقىلابقا، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. لېكىن ھازىر بىر مۇنچە كىشىلەر ئۇنىڭغا تومتاقلا قارايدىغان، ئۇنى بىر تەشكىلات ھەتتا گۇرۇھ دەپ ھېسابلايدىغان بولدى. بۇ فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ ساقىندىسى. ھازىر بىزنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشىمىز قايسىبىر تەشكىلات ياكى سىستېما ئۈچۈن بولماستىن بەلكى ئىنقىلاب ۋە خەلق ئۈچۈندۇر. ھازىر بىزدە ھەرگىزمۇ ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە ھېسسىياتى بولماستىن بەلكى ئىنقىلابىي مۇناسىۋەت، ئىنقىلابىي ھېسسىياتلا بار. مىسال ئۈچۈن ئالىدىغا بولساق، يېقىندا قۇمۇل، قارا شەھەر، تۇرپان، بۈگۈر، كۇچار قاتارلىق جايلاردا ئوت قويۇش، ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، باسقۇنچىلىق قىلىشتەك ئىپلاس ۋەقەلەر يۈز بەردى، بۇنىڭغا يول كۆرسەتكەنلەر ئىچىدە خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتەپىنىڭ ساۋاقداشلىرى يوق دېيەلەمدۇق. سىلەر ئۇلارنى ساۋاقداش دەپ ھېسابلاپ ئۇلارغا يول قويامسىلەر؟

مەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن بىلەن كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىدا: بىرى ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى

ساۋاقداشلىق مۇناسىۋەت، يەنە بىرى باشلىق بىلەن قول
ئاستىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەۋجۇت. لېكىن
مەن بۈگۈن شۇنى تەنتەنىلىك بىلەن بايانات قىلىمەنكى:
بۇرۇنقى مۇناسىۋەت كونا مۇناسىۋەت بولغاچقا، ھازىردىن
باشلاپ ئۇ مەۋجۇت ئەمەس. ئەلۋەتتە بۇندىن كېيىن يېڭى
ئىنقىلابىي مۇھىتتا پەقەت ئىنقىلابىي مۇناسىۋەتلا بولىدۇ.

مەن بۇ قېتىم مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەيگە
ھەمراھ بولۇپ كۆپچىلىكنى يوقلاپ كەلدىم. بۇنىڭدا باشقا
مەقسەت يوق. چۈنكى بۇ قېتىم شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بى-
لەن ئازات بولۇشى قانداقلا بولمىسۇن ماڭا بىر ئاز تەسىر
قىلدى. كۆپچىلىك ئۆزگىرىش ياساشنىڭ ئالدى - كەينىدە
ھېسسىيات جەھەتتە ئارسالدا بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش تەس.
مەن بۇ قېتىم مەنىۋى جەھەتتىكى ئارزۇيۇمنى ئىپادىلەش
ئۈچۈن كەلدىم. يولداشلارنىڭ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي
ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ئىدىيە ئۆزگەرتىپ، قىسىملارنى ماھى-
يەت جەھەتتىن ھەقىقىي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە، ئۆ-
زىمىزنى لاياقەتلىك جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسىغا ئاي-
لاندۇرۇشىمىز لازىم.

سەلبىي تەرەپتە، مەن ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملاردىكى
يولداشلارنىڭ بارلىق كونا ئاڭ، كونا ئىدىيە ۋە قاراشلار-
نى چىقىرىپ تاشلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. ئىجابىي
تەرەپتە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى دوستلارنىڭ ئۇ-
لارغا ئوخشاش قاراپ، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى ئۆز-
گەرتىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى ئۆزگەرتىش ۋە ئالغا يې-
تەكلەش مۇمكىن ھەمدە ئۇ ئۇنچىۋالا قىيىن ئىش ئەمەس.
بۇنى ئازادلىق ئارمىيە پارتكومىدىكى يولداش قىسىملار-
نى شەرقىي شىنجاڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئېلىپ كېتىۋاتقان-

دا ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى خۇلاسە دوكلاتىدا يەكۈنلىگەن. ئۇنىڭدا كۆپلىگەن مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، كۆپلىگەن پاكىتلار كۆرسىتىلگەن، كۆپلىگەن تەكلىپ ۋە پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۇلار ئوبيېكتىپ ھەم سەممىي پوزىتسىيە بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارغا توغرا باھا بەرگەن جايلىرىمۇ، ئانچە مۇۋاپىق باھا بەرمىگەن جايلىرىمۇ بار، لېكىن توغرا بىلەن خاتانى قارا قويۇقلا ئارىلاشتۇرۇپ قارىماستىن، بەلكى ناھايىتى ئېنىق ئايرىغان. ھازىر مەن ئۇنىڭدىكى بىرنەچچە ئابزاسنى ئوقۇپ ئۆتىمەن:

«ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئارىسىدا، ئازادلىق ئارمىيىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ. بىرمۇنچە كىشىلەر: بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، سىلەر بىزنى يات كۆرمەڭلار، بىز، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ئۆگىنىمىز دېيىشتى، ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش روھىنى ئىپادىلىدى.»

«ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، ئۇلار ئالغا بېسىش يولىدا مېڭىۋاتىدۇ. بىزنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىمىزگە ئاساسلانغاندا، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى ئۆزگەرتىشتە قىيىنچىلىق بولىدۇ لېكىن ئانچىۋالا قىيىنمۇ ئەمەس.»

«ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ ساندىكى ئوفىتسېرلەر خىجىل بولغان ھالدا: بىز خەلق ئالدىدا ناماقۇل، خاتالىقىمىزنى قەتئىي تۈزۈتۈپ، بۇندىن كېيىن يەنە بۇنداق ئىشلارنى سادىر قىلماسلىققا كاپالەت بېرىمىز!» دېيىشتى.

«ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەقىقەتەنمۇ بىرمۇنچە ئىلغارلار ۋە ئاكتىپلار بار. ئۇلار ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملاردىكى ئوت قويۇش، ئۆلتۈرۈش، بۇ-

لاش، باسقۇنچىلىق قىلىشتەك قىلمىشلارنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتكەندىلا، ئاندىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئايلانغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ.»

دوكلاتتا يەنە تۆۋەندىكىدەك ئىجابىي كونكرېت پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

خىزمەت تەجرىبىلىرىمىزگە ئاساسلانغاندا، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى ئۆزگەرتىشتە قىيىنچىلىق بولىدۇ، لېكىن ئانچىۋالا قىيىنمۇ ئەمەس. ئىتتىپاقلىشىش خىزمىتىدە، تەجرىبىلىرىمىزگە ئاساسلىنىپ تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىگە دىققەت قىلىش زۆرۈر:

1. باشلىقلار مەسئۇل بولۇپ، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارغا بولغان تەشۋىقات خىزمىتىگە بىۋاسىتە قاتنىشىشى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشى ھەمدە قىسىملاردىكى ھەممە كىشىنى ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارغا تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارغا يېقىنلىشىشنى ۋە ئۇلارغا يېقىنلاشىشمۇ سۆزلىشىشنى خالىمايدىغان ئەھۋاللارنى تۈگىتىشى كېرەك.

2. بىز ئەلۋەتتە كەڭ ئەسكەرلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىمىز، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوفىتسېرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقىمۇ سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. بىزنىڭ قىسىملىرىمىزدىكى ئايرىم يولداشلار ھەقىقەتكە قايتقان ئوفىتسېرلارنىڭ يىغىن مەزگىلىدە يەنىلا تۆردە ئولتۇرۇۋاتقانلىقى ۋە سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە نارازى بولۇشۇپ: بىز شۇنچە يىل ئىنقىلاب قىلغان ئىدۇق، شۇنداقلا ئىش ئىكەنغۇ، ئۇلار بىردەمدىلا گىدىيىۋېلىشتى! دېيىشمەكتە. بىز بۇ خىل ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان تار خاھىشنى چەزمەن تۈگىتىشىمىز لازىم.

3. كۆڭۈلگە تېگىدىغان سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىنى چوقۇم قىلىشى كېرەك، بەزىلىرىنى قىلماستىن ساقلىنىش كېرەك.

بەزىلەر، ساپېر جياڭ جىېشى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
دېمەكچىلار، بولىسا باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە تېگىدۇ دەۋاتىدۇ،
لېكىن بىز ئۇنى داۋاملىق دەيمىز. چۈنكى ئەكسىيەتچىلەر-
نىڭ كۆڭلىگە تېگىش زۆرۈر. 4 - دېۋىزىيىنىڭ ئوپېرا
ئۆمىكى باي ناھىيىسىدە 193 - پولكقا ئويۇن قويۇۋاتقاندا،
شىنجاڭغا يۇرۇش قىلايلى دېگەن بىر ناخشىنى ئېيتقان،
بىر كۇپلېتىدا: نەيزىنى بەتلەپ، باتۇرلارچە ئالغا ئىل-
گىرىلەپ، ۋەھشى خوزۇگەن، مابۇفاڭ باندىتلىرىنى يوقى-
تايلى! دېگەن سۆزلەر بولۇپ، 193 - پولكنىڭ پولكوۋنىكى-
گاۋ مىگېن ۋە بىر قىسىم ئوفىتسېر - جەڭچىلەر بۇنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىشىنى تۆۋەن سىلىپ ناھايىتى ئۇ-
سال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. شۇڭا كۆڭلى-
گە تېگىدىغان بۇنداق سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن
ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى بۇ ناخشىنىڭ ۋاقتى
ئۆتۈپ كەتكەن تۇرسا، ئۇنى ھازىر ئوقۇپ، پۈتكۈل ھە-
قىقەتكە قايتقان قىسىملارغا تەككۈزۈش يارىمايدۇ!

4. ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار بىلەن بىللە تۇرغاندا
ئورۇنسىز تەكلۈلۈپ قىلىش ھاجەتسىز. لېكىن ئادەتتىكى
ئادىمگەرچىلىك ۋە ئەدەپ - قائىدىنى ئەلۋەتتە بىلىش
كېرەك. بەزى يولداشلار باشقىلارنىڭ نامىنى ئاتاشنى، سۆز
قىلىشنى ئۇقمايدۇ. مەسىلەن: باشقىلاردىن ئۆيلىرى نەدە؟
ئىسمى - شەرىپلىرى نىمىكىن؟ دەپ سوراشنى ئۇق-
مايدۇ. بىرسى كەلسە، ئولتۇرۇڭ دېمەيدۇ، كەتمەكچى بولسا
ئۇزىتىپ قويۇشنى ئۇقمايدۇ. 12 - پولكتىكى بىر مۇئاۋىن
باتاليون كوماندىرى ئاشپۇزۇلغا تاماق يېگىلى بېرىپ،
ئاشپۇزۇلدا ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ ئىككى ئوفىتسې-
رىنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. ئۇلار بۇنىڭغا ئورۇن بوشىتىپ تا-
ماققا تەكلىپ قىپتۇ، تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن

ئۇلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن پۇلىنىڭ ھەممىسىنى تۆلىمەكچى بولۇپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى مۇئاۋىن باتالىيون كوماندىرى: سىلەر ئۆزۈڭلەرنىڭكىنى تاپشۇرۇڭلار، مەنمۇ شۇنداق قىلاي دېگەن. كۆپچىلىك: سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلارنى قارشى ئالىمىز دېسە، ئۇ قارشى ئالغۇڭلار بولسا، نېمىشقا ئاپتوۋوبىل ئەۋەتمىدىڭلار؟ دېگەن.

يۇقىرىدىكى بۇ سۆزلەر ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ ئازادلىق ئارمىيىگە قىلغان سەممىي مۇراجىئىتى بولىدۇ. ئۇلار«بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، سىلەر بىزنى يات كۆرمەڭلار، بىز چوقۇم خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ئۆگىنىمىز» دەۋاتىدۇ، ئازادلىق ئارمىيىدىكى يولداشلارمۇ ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ: «ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، ئۇلار ئالغا بېسىش يولىغا ماڭىدۇ. خىزمەت تەجرىبىلىرىمىزدىن قارىغاندا، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى ئۆزگەرتىشتە قىيىنچىلىق بار، لېكىن ئۇنچىۋالا قىيىنمۇ ئەمەس.» دەپ پۈزۈتسىيە بىلدۈرۈۋاتىدۇ. گېنېرال ۋاڭ جېن ھەربىي ئىشلار گۇرۇپپىسىدا قىلغان دوكلاتىدىمۇ، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنى ئۆزگەرتىشكە بولغان ئىشەنچىسىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويدى. بىر قىسمى ئۆزگىرىشنى خالايدۇ، بىر قىسمىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. شۇڭا ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىشتا مەسىلە چىقمايدۇ. ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئوت قويۇش، ئۆلتۈرۈش، بۇلاش، باستۇنچىلىق قىلىشىغا ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، خەلققە يۈز كېلەلمەيمىز، ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرمىسەك، ھەقىقىي خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئايلىنالمايمىز دەپ قارايدۇ، بۇ ۋىجدانىي سۆز بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن كۆپ ساندىكى ئوفىتسېرلەرنىڭ ئويغانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ

ئاغارلار ۋە ئاكتىپلار، دەل ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ھەقىقەتتە قايتقان قىسىملارنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ دەپ قارىشىدىكى مۇھىم بىر ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئازادلىق ئارمىيە بىرىنچى بىڭتۈەن بولدى، ھەقىقەتتە قايتقان قىسىملارمۇ پات - ئارىدا 22 - بىڭتۈەن قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلارمۇ تەڭلا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بولۇپ كېتىدۇ يەنى «بىر ئائىلە كىشىلىرى» بولۇپ قالىدۇ. مەن ئازادلىق ئارمىيىدىكى يولداشلارنىڭ ئالدىن بىلگۈچى — ئالدىن سەزگۈچى ئورنىدا تۇرۇپ، ھەقىقەتتە قايتقان قىسىملاردىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىشىنى سەممىيلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمەن. ياردەم بېرىش ئۇسۇلى توغرىسىدا، يۇقىرىدىكى دوكلاتتا تۆت مەسىلە بايان قىلىندى ھەمدە بىرمۇنچە پاكىتلار كۆرسىتىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دوكلات بەرگۈچى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبىلەر بولۇپ، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشىغا ئەرزىيدۇ. ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە ناھايىتى كۆپ قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ھازىر ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن كۆپ تونۇشتۇرمىساممۇ بولار.

بۇندىن كېيىن شىنجاڭدا ئانچە چوڭ مەسىلە چىقمايدۇ، چۈنكى ئاساسلىق زىددىيەت تۈگىتىلدى. بۇ قېتىم مۇئاۋىن قوماندان پېڭ دېخۇەي ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، كۆپلىگەن مەسىلىلەر ھەل قىلىندى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى پات - ئارىدا قۇرۇلىدۇ. مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭدېخۇەي بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدۇ، گېنېرال ۋاڭجېن، گېنېرال تاۋسىيۈ ۋە سەيپىدىن ئەپەندىلەر مۇئاۋىن قوماندان بولىدۇ. ئەلۋەتتە گېنېرال ۋاڭ جېن ئاساسلىق رول ئوينىشى ۋە ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئوخشىمايدىغان سىستېمىدىكى ئۈچ قىسىم ئىچىدە مىللىي قىسىم

ۋە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار بىرىنچى بىكىتۋەندىن ئۆ-
گىنىشى، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىشى، كۆپچىلىك بىر ئائىلە كىشى-
لىرىدەك ئىتتىپاقلىشىشى، خەلق داھىسى ماۋجۇشى ۋە خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى جۇدېنىڭ رەھبەر-
لىكىدە ئىتتىپاقلىشىشى، غەربىي - شىمالدىكى بەش ئۆلكى-
نىڭ ئالىي ئەمەلدارى رەئىس پېڭ دېخۇەينىڭ رەھبەر-
لىكىدە ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ
ئۆزگىرىش ياسىشى لازىم! بۇ قېتىم ئۇرۇمچىدە ئۇزۇن
تۇرالمايمەن، پات يېقىندا ھەرقايسىڭلار بىلەن خوشلىشىمەن،
كېيىن رەئىس پېڭ دېخۇەي يەنە كەلمەكچى بولسا، ماڭا
پۇرسەت تېپىلىپ ھەمراھ بولۇپ كېلەلىسەم، ھەممە ئىشنىڭ
باشقىچە تۈسكە كىرىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئىسمى - جىسمىغا
لايىق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى
كۆرۈشۈم مۇمكىن. كەلگۈسىدە مۇشۇ ئاساستا يەنىمۇ ئىلگىرى-
لەپ جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۈچلۈك، زامانىۋىلاش-
قان دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسى بولۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن!
خەير - خوش!

گېنېرال پېڭ دېخۇەي مېنىڭ بۇ ئىككى قېتىملىق سۆزۈمنى
ناھايىتى ياخشى بولدى، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارغا، پۈتۈن
مەملىكەتتىكى ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ
دەپ قاراپ، رەتلەپ چىققاندىن كېيىن گېزىتتە ئېلان قىلىشنى تەشەب-
بۇس قىلدى. مەن ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، رەتلەپ چىق-
قاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلدىم،
كېيىن، ئىچكىرىدىكى گېزىتلار مەسىلەن: لەنجۇنىڭ «گەنسۇ گې-
زىتى»، شىئەننىڭ «ئامما گېزىتى»، بېيجىڭنىڭ «نۇر گېزىتى»
قاتارلىقلار ئارقىمۇ ئارقا كۆچۈرۈپ باستى. ھەقىقەتكە قايتقان
خادىملارنى تەربىيىلەيدىغان بەزى ئورۇنلارمۇ دەپتەرچە قىلىپ
بېسىپ ئۆگىنىشتە پايدىلىنىش ماتېريالى قىلىشتى.

مەن بۇ ئىككى قېتىملىق نۇتۇق سۆزلەش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ كۆڭلۈمدىكى راست سۆزلەرنى ئېيتتىم، ھەممە مۇشۇنىڭ بىلەن مەن بىلەن جاپا - مۇشەققەتلەرنى تەڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارغا ئۆزۈمنىڭ سەممىي ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمنى ئىزھار قىلىمەن. مەن ئۇلارنىڭ ياخشى ئۆزگىرىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىرىنچى بىكىتۈنىدىن ئۆگىنىپ، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىشىنى ئۈمىد قىلغانىدىم، كېيىن ئۇلار پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا، دۆلەت مۇداپىئە جەڭچىلىرىدىن ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش سېپىدىكى ماھىرلارغا ئايلىنىپ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق، سۇچىلىق، قاتناش، سانائەت، ئاساسىي قۇرۇلۇش قاتارلىق جەھەتتە غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشۇۋېتىپتۇ. مەن ھەر قېتىم شىنجاڭ گېزىتىدىن ياكى شىنجاڭدىن كەلگەنلەردىن ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش جەھەتتىكى ئەھۋالىنى ئاڭلىغان ۋە كۆرگىنىمدە، چىن قەلبىمدە چەكسىز خۇشاللىنىش ھېس قىلىمەن!

## تەبرىكلەش يىغىنىدا

گېنېرال پېڭ دېخۇەي كۆپچىلىك بىلەن ئىككى ھەپتە مۇزاكىرە قىلىش، كېڭىشىش ئارقىلىق، ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىدىغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى تۈزۈپ چىقىپ، مەركىزىي ئىشلار كېڭىشىگە تەستىقلاتتى. ھەمدە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى تەستىقلاشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ يېڭى خىزمەت ئورنىغا كېلىپ ئىشقا چۈشۈشىنى ئىلتىماس قىلدى. بۇرھان يەنىلا رەئىس بولدى. گاۋجىنچۇن بىلەن سەيپىدىن مۇئاۋىن رەئىس بولدى، ئەزالار ئىچىدە ۋاڭ ئېنماۋ، ۋاڭ جېن، تاۋسىيۆ، لېسكىن، ئابدىكېرىمخان مەخسۇم، يۇ جەنلىن، دېڭ لىچۈن، خەنيۈۋىن قاتارلىق 33 ئادەم بولۇپ، ليۇ مىڭچۈن يەنىلا قوشۇمچە باش

كاتىپ بولدى. 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق
ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكالاندى.

يېڭى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن،
سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش فاڭجېنى داۋاملىق مۇزاكىرە
قىلىندى. مۇزاكىرە قىلىش جەريانىدا، كۆپچىلىك بۇرۇن بىز
تۈزگەن سىياسىي پروگراممىنى كۆرۈپ چىقتى ھەمدە مۇھىم
10 ماددىنى يېزىپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە: ئۆلكىمىزنىڭ تىنچ
لىقىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش، ئىشپىيون - باندىتلارنى
ۋە يوشۇرۇنۇۋالغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش، خەلق ئاممىسى
ئازادلىق ئارمىيىنى سۆيۈش، ئازادلىق ئارمىيە خەلق ئاممىسىنى
سۆيۈش ھەمدە يەرلىك خەلقنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى قۇرۇشقا
ياردەملىشىش، ئورتاق پروگراممىدىكى مىللىي سىياسەت، مىللىي
باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىشىپ بىر - بىرىگە ياردەم بېرىش، چوڭ
مىللەتچىلىك ۋە تار مىللەتچىلىككە، چوڭ تۈركىستانچىلىققا قارشى
تۇرۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىنى كەمسىتىش، ئې-
زىش، ئۆچ ئېلىش، ئاداۋەت بىلەن ئۆلتۈرۈش، بۆلگۈنچىلىك
قىلىشتەك بارلىق قىلمىشلارنى چەكلەش، ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ
دېموكراتىك بىرلىكسەپنى تۇرغۇزۇش، دېموكراتىك پىرىنسىپ
بويىچە ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتىپ، نوپۇس ئارقىلىق باشقۇرۇش
تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، ھەر دە-
رىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنى ئېچىشقا تەييارلىق كۆرۈش،
خەلقنىڭ ئىدىيە، سۆز، نەشرىيات، يىغىلىش، تەشكىلاتلارغا
ئۇيۇشۇش، ئىگاھ قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەركىنلىككە كاپالەتلىك
قىلىش، دىنىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا يول قويماسلىق، ئور-
تاق پروگراممىدىكى ئىقتىسادىي سىياسەت فاڭجېنى، دۆلەت بىلەن خۇ-
سۇسىلار شېرىكچىلىككە تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئىشچىلارغىمۇ، كاپىتا-
لىستلارغىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزۈش، شەھەر بىلەن يېزا بىر - بىرىگە
ياردەم بېرىش، ئىچكى ۋە سىرتقى جەھەتتە ئالماشتۇرۇش قاتارلىق

سىياسەتلەرگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش، پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، سودىنى باشقۇرۇش، باجنى تەرتىپكە سېلىش، پۇل مۇئامىلىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلقنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش. باندىتلارنى تازىلاش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئىجارە ھەققى ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش قاتارلىق باسقۇچلار ئارقىلىق قەتئىي يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، يەر تېرىغۇچىلارنى يەرگە ئىگە قىلىش، سۇنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ بېرىش، ئىشچىلار - دېھقانلار، ئاياللار تەشكىلاتى قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ، ئۇلارنى ھەر خىل قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان تۈۋرۈككە ئايلاندۇرۇش، مائارىپ تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلىش، سەھىيە- ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نەشە چېكىش، قىمار ئويناشتەك يامان قىلىقلارنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگىتىپ يېڭىچە جامائەت ئەخلاقىنى تۇرغۇزۇش، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش قاتارلىق مەزمۇنلار بار.

بۇ سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش فاڭجېنى ماقۇللانغاندا رەئىس بۇرھان بىر نۇتۇق سۆزلىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۇنجى قېتىم سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش فاڭجېنىنى ماقۇللىغانلىقى — پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان كۈتكەن بەخت ساداسى، بۇ شىنجاڭ تارىخىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن خەلق غەلىبىسىدۇر. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى بىزگە تاپشۇرۇشى بىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ شەرەپ. بۇ سىياسىي پروگراممىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، بىز مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ، غەربىي - شىمالدىكى ئارمىيە-

ھۆكۈمەت رەھبىرى رەئىس پېڭ دېخۇەي، مۇئاۋىن رەئىس جاڭ جىجۇڭنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە بارلىق يولداشلارنىڭ ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى يۈزدە - يۈز يېڭىپ، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى تولۇق، غەلىبىلىك ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

مۇئاۋىن رەئىس سەيپىدىنمۇ نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى: بۈگۈندىن ئېتىبارەن شىنجاڭ يېڭى، پارلاق يولغا قاراپ ماڭدى. بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان ۋەزىپىلەر ئېغىر ھەم مۇشەققەتلىك لېكىن كومپارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى يولىمىزنى يورۇتۇپ، ئارقىدا قالغان شىنجاڭىمىزنى ئىلغار شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىزغا ئىلھام بېرىدۇ. بىز كۆپچىلىكنىڭ تولۇق غەلىبە قىلىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايوننى قورۇش ۋە سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش فاكتىنى ماقۇللانغاندىن كېيىن، بىر قاتار تەييارلىق خىزمەتلىرى پۈتۈپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى ۋە ھەر ساھەدىكىلەر شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش، گېنېرال پېڭ دېخۇەي، گېنېرال جاڭ جىجۇڭنى قارشى ئېلىش يىغىنى ئاچتى. بۇ يىغىن - شىنجاڭ خەلقىنىڭ كونا دەۋرگە خاتىمە بېرىپ، يېڭى دەۋرنى باشلىغانلىقىدىن، شىنجاڭنى تېنچ يول بىلەن قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك باسقۇچقا ھەقىقىي قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ماڭا ئوخشاش شىنجاڭ خەلقى بىلەن بۇرۇن خېلى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن كىشى بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندە تولىمۇ ھاياجانلانماي تۇرالمايدۇ.

مەن تەبرىكلەش يىغىنىدا قىزغىن ھەم سەمىمىي سۆز قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقى ۋە شىن-

جاڭ خەلقىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەيدىغانلىقىمنى ھەمدە كەلگۈسىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا سەمىمىي ئۈمىد باغلايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. بۇ سۆزنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق:

رەئىس مۇدىرىيىتىدىكى ئەپەندىلەر، ھەر مىللەت - ھەر ساھەدىكى قېرىنداشلار:

بۈگۈن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى ۋە ھەرساھەدىكىلەر شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش ھەمدە مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەينى قارشى ئېلىش ئارمىيە - خەلق يىغىنىنى ئېچىپتۇ، مەن بۇ يىغىنغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ شەرەپلىك ۋە خۇشاللىق ھېس قىلىماقتىمەن. مېنى قارشى ئالىمىز دېسەڭلار مەن ئۇنىڭغا لايىق ئەمەسمەن، مەن پەقەت ھەرساھەدىكى قېرىنداشلارغا رەخمەت ئېيتىمەن!

شىنجاڭنىڭ بۇ قېتىم تىنىچ يول بىلەن ئازاد بولىشى - ئالدى بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا غەلبە قىلغانلىقىنىڭ تەسىرىدىن بولدى، ئۇندىن قالسا پۈتۈن ئۆلكىدىكى خەلقلەر (ئەلۋەتتە ئىلى، تارباغتاي، ئالتايدىكى 3 ۋىلايەت خەلقلىرى ۋە قىسىملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ تىنچلىقنى ئۈمىد قىلىشى ۋە تىنچلىق تەلىپىنىڭ ئومومىيۈزلۈك تەسىر كۆرسىتىشىدىن، شۇنداقلا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل ئورگاننىڭ بارلىق ئوفىتسېر - جەڭچىلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، توسالغۇلارنى ئېلىپ تاشلاپ، كەسكىنلىك بىلەن خەلق دېموكراتىيىسى لاگېرىغا ئۆتكەنلىكىدىن بولدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنىمۇ يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ. يەنە ئۇلۇق دوستىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە ۋەكىللىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئارمىيە -

هۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ئىلھام ۋە ياردەم بەرگەنلىكىنىمۇ ئالا-
ھىدە كۆرسۈتۈپ ئۆتۈش كېرەك. قىسقىسى، شىنجاڭنىڭ
بۇ قېتىم قان تۆكۈش، قۇربان بېرىشتىن ساقلىنىپ، تىنچ
يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى — دۆلەت مەنپەئەتىگە ھەم پۈتۈن
ئۆلكىدىكى خەلقلەرنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ ئۇيغۇن. شۇڭا بۈگۈن
مەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتىم بىلەن
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنى، شىنجاڭ-
دا تورۇشلۇق ھەققەتكە قايتقان قىسىملارنى تەبرىكلەيمەن
ۋە ئېھتىرام بىلدۈرىمەن! سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ھۆرمەتلىك
دېپلوماتىيە ۋەكىللىرىگە رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئېھتىرام بىل-
دۈرىمەن!

لېكىن، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن
كېيىنمۇ نۇرغۇنلىغان جايلاردا مەسىلەن، قۇمۇل، پىچان، تۇر-
پان، قاراشەھەر، بۈگۈر، كۇچا قاتارلىق جايلاردا تۇرۇش-
لۇق قىسىملار ئەكسىيەتچى ئونسۇرلار ۋە ئىشپىيۇنلارنىڭ
كۈشكۈرتىشى ۋە يول كۆرسىتىشى بىلەن خەلقلەرگە ئېغىر
دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلىشتەك بەختسىز ۋەقەلەرنى سادىر
قىلغان، بۇ ھەددىدىن ئاشقان جىنايەتتۇر! بۇنى گېنېرال
تاۋسىيۈ ۋە گېنېرال جاۋشىگۇاڭ تەپسىلى تەكشۈرۈپ قاتتىق
بىر تەرەپ قىلغان بولسىمۇ، مەن ئۆزەمنىڭ بورۇنقى باشلىق-
لىق سالاھىيىتىم بىلەن بۈگۈن پۈتۈن ئۆلكە خەلقىدىن
بولۇپمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان خەلقلەرنىڭ ئائىلە-
تەۋەلىرىدىن ئەڭ زور دەرىجىدە كەچۈرۈم سورايدىغانلىقىمنى
ۋە سەممىي ھال سورايدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن!

ئۆتكەنكى 3 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە مەن غەربىي-شىمال-
دىكى 4 ئۆلكىنىڭ ئارمىيە ھۆكۈمەت خىزمىتىنى باشقۇردۇم،
بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ تىنچ، بىرلىك، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق
ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ ئەلۋەتتە بارلىق زېھىن ۋە كۈچ قۇۋۋە-

تىمنى ئىشلەتكەن بولسامۇ، لېكىن ئۇنى ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق، يەنە خېلى كۆپلىگەن ئىشلارنى دېگەندەك ياخشى ئىشلىيەلمىگەن، خېلى كۆپلىگەن ئىشلارنى تولۇق دېگۈدەك ياخشى ئىشلەپ كېتەلمىگەن بولسامۇ، ئاڭلىشىمچە ھەر-مىللەت قېرىنداشلار مېنى ناھايىتى ئاز ئەيىپلەيدىكەن (مېنىڭچە ئەلۋەتتە مېنى ئەيىپلەيدىغانلار مۇيوق ئەمەستۇ؟)، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەردائىم مېنى ئەسلەپ تۇرىدىكەن. بۇ ھەقىقەتەنمۇ مېنى ھەم ھاياجانلاندۇرىدۇ ھەم خىجىل قىلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشى، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى خەلق ئىنقىلابىي ئىشلىرىدا بولۇپمۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇندىن كېيىن، شىنجاڭ يېڭى دېموكراتىزملىق باسقۇچقا قەدەم قويۇپ، ئۇلۇق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەھكەم بىر ھالقىسىغا ئايلاندى ھەمدە ھاكىمىيەت ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزگەرتىلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇرۇنقى ئاساسلىق زىددىيەتلەر تۈگەپ، بارلىق سىياسىي ھەربىي، مىللىي، دىپلوماتىيە مەسىلىلىرى ئوڭايلا ھەل قىلىشقا بولىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ پاراۋانلىقى مەڭگۈلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. بۇنىڭدىن كېيىنكى مەسىلە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش يەنى بىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىكى قۇرۇلۇشىمىزنى قانداق پىلانلاپ پائال ئېلىپ بېرىش بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەسىلەن سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، تۆمۈريول، تاش يوللارنى ياساش، كان بايلىقلىرىنى ئېچىش، ھەرخىل زاۋۇتلارنى قۇرۇپ يەرلىك مەسئۇلاتلار، قول سانائەتنى قاتارلىقلارنى ياخشىلاپ، بارلىق

ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈپ، خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئازايتىش ۋە تۈگىتىش ئارقىلىق خەلقنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلاش، گۈللەنگەن، شاد - خوراملىققا چۆمگەن، بەختىيار شىنجاڭنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتىن ئىبارەت. مەن قەتئىي ئىشىنىمەنكى، خەلقنىڭ ئۇلۇغ داھىسى ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكى، غەربىي - شىمالدىكى بەش ئۆلكىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان مۇئاۋىن گېنېرال پېڭ دېخۇەيىنىڭ رەھبەرلىكى، يېڭى تەشكىللىك هالدا شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان ھەر قايسى قىسىملاردىكى 200 مىڭ ئەمگەك كۈچى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچان خەلقلىرىنىڭ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى، يەنە كېلىپ ئۇلۇغ دوستىمىز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ياردەملىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ تېزلىكتە، ئوڭۇشلۇق ھالدا تىنىچ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش داغدام يولىغا چەزمەن قەدەم قويالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىزگە پارلاق ئىستىقبال ئېچىلدى!

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك بىر ئۆلكە، بىز بۇ قېتىم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى ماقۇللىغان ئورتاق پروگراممىنىڭ مىللىي سىياسەت ھەققىدىكى بابىنىڭ 50 - ماددىسىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگراسى ئىچىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر باب - باراۋەر، ئىتتىپاقلىق، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىش يولىغا قويىدۇ، جاھانگىرلار ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خەلقنىڭ ئورتاق دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇق - ھەمكارلىق چوڭ ئائىلىسىگە ئايلاندۇرۇش، چوڭ مىللەتچىلىككە ۋە تار مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىنى كەمسىتىش، ئېزىش ۋە ھەر مىللەت ئىتتىپاقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك

قىلىنغان قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇش» دەپ بېكىتىلگەن
ئىدى. بۇ ئىنتايىن توغرا بولغان. بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۆلكى-
سىدە ئۇنى قەتئىي، سەمىمىلىك بىلەن ھىمايە قىلىشىمىز ۋە
ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا «ئىتتى-
پاقلىق، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش»، «دوستلۇق ھەمكار-
لىق» نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دېموكراتىزملىق شىن-
جاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىپ
كۆرەش قىلغىلى بولىدۇ. ھەر مىللەت قېرىنداشلار ۋە رەھ-
بەرلەر تۆۋەندىكى ھەقىقەتنى تونىشى كېرەك يەنى ھەرقان-
داق كىشى چوڭ مىللەتچىلىك ئىدىيىسى، تار مىللەتچىلىك
ئىدىيىسىدە بولىدىكەن، بۇ پۈتۈنلەي خاتا، توغرا بولمى-
غان ئىدىيەدۇر. ئەگەر بۇ خىل ئىدىيە ھەرىكەتتە ئەكس
ئەتتۈرۈلسە — خاتا، ئەكسىيەتچىل ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ،
بىز ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسى جۇڭ-
گو-سوۋېت ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ دوستلىقى ۋە يېقىنلى-
قى ئۈچۈن تېخىمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك بۇزۇلماس ئاساس
ياراتتى. ماۋجۇشى بىزگە مۇنداق دېگەن ئىدى: جۇڭگو
جەزمەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى خەلقئارا تىنچ-
لىق دېموكراتىيە لاگېرىغا قاتناشقاندىلا ئاندىن، دۇنيانىڭ
ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.
شىنجاڭدا، جۇڭگو-سوۋېت ئىككى دۆلەت مەيلى تارىخىي،
جۇغراپىيە، مىللىي، مەدەنىيەت، ئىقتىساد جەھەتلەردە بولسۇن
ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. شۇنداقلا ھەم-
مە ئىشتا سوۋېتنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولغان، بىز سوۋېت-
لەر ئىتتىپاقى بىلەن مەڭگۈ دوستانە يېقىن مۇناسىۋەتنى
ساقلاشقا تېخىمۇ مۇھتاج. ئۆلكە ئىچىدە يەنە ئىنتايىن ئاز
ساندىكى كىشىلەر بۇ داۋلىنى تونۇپ يەتمىگەچكە، يەنىلا

تەشۋىشلىنىش، گۇمانلىنىش، كۈزۈتۈپ بېقىش تۈيغۇسىدا بولىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ سوغۇققانلىق بىلەن ئاقىلانىلىق بىلەن ئويلاپ كۆرۈپ، بۇ يېڭى دەۋردىكى ئوبيېكتىپ تارىخي تەرەققىيات ساۋىقىنى قوبۇل قىلىپ، بۇرۇنقى بارلىق مۇ-تەئەسسىپ كونا ئىدىيىلەرنى، كونا قاراشلارنى تۈگىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇرۇن مەن شىنجاڭدا سەممىي، سادىقلىق بىلەن ئىجرا قىلغان سىياسەت: «تىنچلىق! سوۋېت بىلەن يېقىن ئۆتۈش!» دېگەن ئىككى سۆزدىن ئىبارەت ئىدى. ئەلۋەتتە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆيلىگەن جايلاردا ئۇنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقىم ئۈچۈن تولىمۇ ئۆكۈنەتتىم. ھازىر تىنچلىق پۈتۈنلەي ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇندىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سوۋېت بىلەن يېقىن ئۆ-تۈش سىياسىتىنى يەنىمۇ داۋاملاشتۇرۇش لازىم. مەن پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلارنىڭ مىللەت، دىن، گورۇھ ئايرىماي سوۋېت بىلەن يېقىن ئۆتۈشتىن ئىبارەت مانا بۇ پۈتۈنلەي توغرا بولغان سىياسەتنى تونۇشنى، ئۇنى ھىمايە قىلىپ يولغا قويۇشنى ئىنتايىن سەممىيلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ قېتىم گېنېرال پېڭ دېخۇەيگە ھەمراھ بولۇپ، كۆپ-چىلىكنى يوقلاش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەن ئىدىم. پات يېقىندا كۆپچىلىك بىلەن خوشلىشىمەن. مەن شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئادەممەن، بۈگۈن بۇ سۆزنى مەن تولۇز كۆڭۈللۈك ۋە سەممىيلىك بىلەن ئېيتتىم. بۇ مېنىڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ماڭا قىلغان ئىلتىپاتىغا رەخ-مەت ئېيتىشىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇندىن كېيىن يەنە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارغا پايدىلىق بولىدىغانلا ئىش بولسا ھەر ۋاقىت ھەر قانداق جايدا جەزمەن سەمى-مىلىك بىلەن بۇرۇنقىدەكلا ياردەم قىلىشقا تەييارمەن.

ئاخىردا بىز ئۈنلۈك شۇئار توۋلايلى:

شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقى — خەلقنىڭ مەڭگۈلۈك غەلىبىسىدۇر! شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقلىرى باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىتتىپاقلىشىپ بىر - بىرىمىزگە ياردەم بېرىپ، دوستانە ھەمكارلىشايلى! شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى شىنجاڭنى، يېڭى دېموكراتىزملىق شىنجاڭ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى! جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلىتىنىڭ مەڭگۈلۈك دوستلۇق يېقىنلىقى ياشىسۇن! جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇق داھىسى رەئىس ماۋزېدۇڭ ياشىسۇن! جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ياشىسۇن! شىنجاڭ خەلقىنىڭ تىنچلىقى، دېموكراتىيىسى، بەخت — سائادىتى ياشىسۇن!

بۇ قېتىم شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىمدە ئىنتايىن يېنىكلىك خوشاللىق ھېس قىلدىم. شىنجاڭ خەلقىنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشكەنلىكىنى، مەن كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولدى دەپ ھېسابلايمەن. يەنى مەن بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرالمىغان ئارزۇيۇم — شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش، شىنجاڭنى قۇرۇش — جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چوقۇم ئوڭۇشلۇق بىلەن تەدرىجىي ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇلدى! مەن ۋەتەنگە ۋە شىنجاڭ خەلقىگە روھىي جەھەتتىن، ھېسسىيات جەھەتتىن ئۆزەمنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندەك ھېس قىلۋاتسام نېمىشكە يېنىكلىك ۋە خوشاللىق ھېس قىلمايمەن!

12- ئاينىڭ 28- كۈنى مەن گېنېرال پېڭ دېخۇەي بىلەن بىللە لەنجۇغا قايتتىم، ئارقىدىنلا شىئەنگە بېرىپ غەربىي-شىمال ھەربىي-مەمۇرى كومىتېتىنى قۇرۇپ، رەئىس پېڭ دېخۇەيگە ياردەملىشىپ شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭدىن ئىبارەت 5 ئۆلكىنىڭ يېڭى رەھبەرلىك خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتىم. بۇ مېنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن ئىشلەشتەك كونا تارىخىي بەتلىرىمنىڭ يېپىلىشى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يېڭى يولنىڭ باشلىنىشى بولدى. بۇ مېنىڭ پۈتۈن ھاياتلىق تارىخىمنىڭ

يېڭى بۇرۇلۇش نۇقتىسى، قالغان ئۆمرۈم خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا قالدى. بۇنى كومپارتىيە ۋە ماۋجۇشى ماڭا ھەدىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك!

## گېنېرال ۋاڭ جېنغا يېزىلغان رەھمەت خېتى

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قىسىملىرى ھەققەتكە قايتقاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ماۋجۇشىنىڭ ھەققەتكە قايتقان قىسىملارغا قىلغان كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتىنىڭ تەربىيىسى، غەربىي-شىمالنىڭ رەئىسى پېڭ دېخۇەي، مۇئاۋىن رەئىسى شى جۇڭ شۈننىڭ رەھبەرلىكى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ۋاڭ جېننىڭ بىۋاستە قوماندانلىق قىلىشى ئارقىسىدا ئالغان پايدىسىز ناھايىتى كۆپ بولدى. گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ ھەققەتكە قايتقان قىسىملارغا ئىلھام بېرىشى، ياردەم بېرىشى، كۆيۈنۈشى، غەمخورلۇق قىلىشى ھەققەتەنمۇ ئەتراپلىق بولدى. مەن ئۈرۈمچىدىكى چېغىمدا ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم ئۇزۇن سۆزلەشكەن ئىدىم، ئۇ ماڭا خاتىرجەم بولۇڭ دېگەن ئىدى ھەمدە بۇندىن كېيىن ھەققەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ ئۆزگىرىشى ئالغا بېسىشىغا جەزمەن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. بىر يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيەت، گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ ھەققەتكە قايتقان قىسىملارغا چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى ئىسپاتلىغانلىقى ئۈچۈن، مەن چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ئىختىيارسىز ھالدا 1950-يىلى 10-ئايدا تەشەككۈر ھېسسىياتىغا تولغان مۇنۇ بىر پارچە خەتنى يازدىم:

ھۆرمەتلىك گېنېرال ۋاڭ جېن:

ئايرىلغىنىمىزغا خېلى ئايلار بولۇپ قالدى. ھەممە جەھەتلەردىن ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟

بىر قانچە كۈن ئىلگىرى مەن، سىزنىڭ 10 ـ ئاينىڭ
4 ـ كۈنى شىئەننىڭ «ئامما گېزىتى» دە ئېلان قىلغان
«شىنجاڭدىكى قىسىملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدىن
قىسقىچە خۇلاسە» دېگەن ماقالىڭىزنى كۆرۈپ ناھايىتى ھا-
ياجانلاندىم! شۇڭا سىزگە بىر پارچە خەت يېزىپ ئۆزۈم-
نىڭ پىكرى ۋە تەسىراتىمنى بايان قىلىشنى لايىق كۆردۈم.

سىزنىڭ ماقالىڭىز ناھايىتى پۇختا ھەم ئىنتايىن تەسىر-
لىك يېزىلىپتۇ، ئۇنى قەلەم بىلەن ئەمەس بەلكى شىنجاڭدا
تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى بارلىق ئوفىت-
سېر جەڭچىلەرنىڭ قان ـ تەرى بىلەن يېزىلىپتۇ دېيىشكە
بولىدۇ. خۇددى سىز ئېيتقاندەك: «شىنجاڭدىكى ئوخشىمى-
غان ئۈچ تارىخىي شارائىتتىكى قىسىملار، جۇڭگو كوممۇنىس-
تىك پارتىيىسى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە جان
پىدالىق بىلەن ئىشلەشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك، قەھرىمانلىق
جاسارىتىنى ئەمگەك سېپىدە نامايەندى قىلدى». ئۇلار مۇ-
شۇنداق ئىشلەپ ئەتىياز كۈز پەسىللىرىدە بىر مىليون مودىن
كۆپرەك بوز يەر ئېچىپ ئاشلىق تېرىپ 100 مىليون جىڭ-
دىن ئارتۇقراق بۇغداي ئالغان. بىر مىليون 200 مىڭ مې-
تىردىن كۆپرەك ئېرىق ـ ئۆستەڭ قازغان، بايلىق توپلاش
جەھەتتىمۇ ھەر بىر ئوفىتسېر ـ جەڭچىنىڭ تاپقان بايلىق
قىممىتىنى مۆلچەردىكى 10 يۈەندىن تەخمىنەن 20 يۈەنگە
كۆتۈرۈش مۇمكىن ئىكەن. باشقا قول سانائەت ئەمگىكى
جەھەتتىمۇ خېلىلا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈل-
گەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ بىر يىلدا شىنجاڭدا
تۇرۇشلۇق جەڭچىلەر ئىپادىلىگەن پىداكارلىق بىلەن ئۆ-
زىنى بېغىشلاش روھى، قىسىملار جارى قىلدۇرغان يۈكسەك
ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق روھ، تىيانشاننىڭ جە-
نۇبى ۋە شىمالىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كىشىگە ئىلھام بېرىدىغان

ئىشلەپچىقىرىش دولقۇنى، شىنجاڭدا كىشىنى ھەيران قالدۇ-
رىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان. بۇ ئۆزگىرىشلەر
خۇددى بىر ئاجايىپ مۆجىزە سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى.
مەن ھېچبولمىغاندا ئاشۇنداقتۇر دەپ ئويلايمەن.

بۇ يىل دۆلەت بايرىمى كۈنى مەن بېيجىڭنىڭ «نۇر گې-
زىتى» ۋە شۇنىڭ «ئاما گېزىتى» نىڭ ئىلتىماسىغا بىنا-
ئەن ماقالە يېزىپ، بۇ ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتنى ئوتتۇرىغا
قويدۇم. تولۇقسىز ماتېرىياللارغا ئاساسەن، مەن شىنجاڭنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش سېپىدىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان
نەتىجىلەر ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مالىيە خىزمىتىدىكى
ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى رېئاللىقتىكى بىر - بىرىدىن قېلىشماي-
دىغان ئىككى چوڭ مۆجىزە دەپ ئىسپات قىلىپ كۆرسەت-
تىم، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپ-
پەقىيەتلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى بىلەن ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىپ
قاراشقا بولمايدۇ. شىنجاڭدىكى قىسمەن مۆجىزىلەردىن ئې-
لىپ ئېيتقاندا ئۇنى ئەلۋەتتە رەئىس پېڭ دېخۇەي بىلەن
سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدىنمۇ ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. سىز
نەنىۋەنىڭ چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىدىكى توسالغۇ-
لارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشتەك قەھرىمانلىق روھى ھەمدە ئۇ-
لۇغلارنىڭ شانلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەنئەنىسىنى تىيانشاننىڭ
جەنۇب ۋەم شىمالىغا ئېلىپ كەلگەنلىكىڭىز ئۈچۈن بۇ مۆ-
جىزىلەر يارىتىلغان ھەمدە «قاقاس چۆللەرنى مۇنبەت ئې-
تىزلارغا»، «چۆل - باياۋانلارنى ياپيېشىل بوستانلىقلار-
غا» ئايلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان. مۇشۇلارنى ئوي-
لىغىنىمدا، ئۆزەمچە ھاياجانلىنىپ كېتىمەن! مەن بېيجىڭدا
دوستلار بىلەن ھەمىشە مۇشۇ ئىش ھەققىدە سۆزلىشىپ تۇرى-
مەن. بۇ قېتىم رەئىس پېڭ دېخۇەي بېيجىڭغا كەلگەندە

مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندىمۇ يەنىلا شۇ ئىش ھەققىدە پاراڭ بولدى. لېكىن بۇ ئىش ئالدى بىلەن سىزنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغانلىقىڭىزغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. بۇ مېنىڭ ھاياجانلىق ئىچىدىكى چۈشەنچەم بولماستىن بەلكى ئۇ ھەقىقەتەنمۇ شىنجاڭ خەلقى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. سىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ ھەم دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيىتىڭىزنى سەممىمىي تەبرىكلەيمەن ۋە يەنىمۇ گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن تىلەكداشمەن.

ئۇندىن باشقا، يەنە بىر مەسىلە ئۇزاقتىن بۇيان مېنىڭ كۆڭلۈمدە ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇ ئوخشاشلا رەئىس پېڭ دېخۇەي بىلەن سىزنىڭ ۋە گېنېرال تاۋسىيۈ ھەمدە شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىكى ھەرقايسى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلارنىڭ كۆڭلىدە بارلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۇ مەسىلە كوماندىر - جەڭچىلەرنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىش مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مېنىڭچە بۇ مەسىلىنى باشتىلا ئوبدان مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇنى تەدرىجىي ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. بۇ قېتىم بېيجىڭدا رەئىس پېڭ دېخۇەي بىلەن سۆزلەشكەن ئىدىم. ئۇ بۇ يىل خۇنەندە بىر قانچە 100 ئايالنى بوياققا تەكلىپ قىلدى، يەنە داۋاملىق خىزمەت ئىشلەۋاتىدۇ، كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ھۆكۈمەت قاتناش قورالى چىقىرىپ ھەقسىز ئەكەلدۈرۈپ بەرمەكچى دېدى. ئۇ يەنە شىنجاڭغا بىر تۈركۈم كادىر ئەۋەتىمىز، ئىمكان بار ئايال يولداشلاردىن كۆپرەك ئەۋەتىمىز دېدى. بۇنىڭ ھەممىسى ياخشى ئىش. مەن، ھازىرچە ھەر يىلى قانچە مىڭ ئايال ئەۋەتىشنى پىلانلىغىلى بولار دەپ ئېيتقان ئىدىم، رەئىس پېڭ دېخۇەي، ھەر يىلى ئاز دېگەندە 10 مىڭچە ئايالنى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا

قاتنىششقا ئەۋەتەلىسەك ياخشى بولاتتى. ئەلۋەتتە بۇ خىز-
مەتنى ياخشى ئىشلەشتە باسقۇچلۇق، پىلانلىق ھالدا ئې-
لىپ بېرىش ياخشى. شىنجاڭنىڭ سانائەت ئىگىلىكى بەرپا
قىلىنغاندىن كېيىن ئىشلەنگىنى تۈزۈك، ئۇ چاغدا تۇرمۇش
ۋاستىلىرى ۋە ئەمگەك ئىشلىرىدا زادى مەسىلە چىقمايدۇ. سەلبى
مەنا بېرىپمۇ قالمايدۇ دېدى. لېكىن مېنىڭچە بۇ خىزمەتنى
تېز ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاياللارنى چېگرا رايونغا بېرىشقا
سەپەرۋەر قىلىش ۋە تەشكىللەش، ھازىردىن باشلاپ بۇ
ئىشقا تۇتۇش قىلىش لازىم. 3 ـ 4 يىلدىن كېيىن، ھازىر-
قى كوماندىر-جەڭچىلەر سانائەت-يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئا-
ساسلىق تايانچىلىرى بولۇپ قالىدۇ ھەمدە ئۆيلۈك-ئوچاق-
لىق بولۇپ بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتىدۇ، بىزنىڭ بۇ
كەڭ ئېچىلمىغان يەرلىرىمىزدە تەبىئىي ھالدا ئۆزگىرىش
بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار ھازىر ئۆزى ئۈستىگە ئالغان
ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئىك-
كىنچى تۈركۈمدە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان جەڭچىلەرگە
تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ دۆلەت ۋە جەڭچىلەرنىڭ تۇرمۇشى
ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ پايدىلىق. مەن سىز ۋە كۆپچىلىك
يولداشلارنى بۇ ئىشنى ئاللىقاچان پىلانلاپ قويغاندۇ دەپ
ئويلايمەن. مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇمنى نۇقتىلىق چۈشەندۈرۈش-
تىكى سەۋەبىم، يىراق چېگرا رايوندىكى «بويتاق» كو-
ماندىر-جەڭچىلەرنىڭ روھىي ھالىتى ۋە فىزىئولوگىيىلىك
جەھەتتىكى تەلىپىنى قاندۇرۇش دېيىشكىمۇ بولىدۇ، كۈلكە.
سىزنىڭ بىر يىلدىن بۇيانقى بىۋاستە رەھبەرلىك قىلى-
شىڭىز نەتىجىسىدە ئىنتايىن زور كۆلەمدە بىر قىسىم يەر-
لەر شىنجاڭ خەرىتىسىگە تولدۇرۇلۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە
شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ئۆزگەرتىلدى. يەنە
10 ـ 20 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىلسە، شۈبھىسىزكى شىن-

جاڭ سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا يۇقىرى دەرىـ
جىدە تەرەققىي قىلغان، زامانىۋىلاشقان شادلىق بېغىغا
ئايلىنىدۇ. بۇ گۈزەل ئىستىقبال ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ
زوقىنى كەلتۈرىدۇ. مەن ئۆزەمنىڭ شىنجاڭدا تۇرغان ۋاقـ
تىمدىكى كۆڭۈللەرنى ئەسلىسەم، مەندىمۇ بىر مۇنچە غايىلەر
بولغان، لېكىن بارلىق غايىلىرىم ئاخىرقى ھېساپتا قۇرۇق
خىيالدىنلا ئىبارەت بولۇپ چىقتى. مېنىڭ قەلبىم مەڭگۈ
غەرىپكە، بىزنىڭ شىنجاڭ بىلەن چېگرىداش بولغان،
ستالىن بايرىقى ئاستىدىكى بۇرۇن شىنجاڭغا ئوخشاش
ئارقىدا قالغان بىر قانچە جۇمھۇرىيەتلەرگە تەلپۈنىدۇ؛
ئۇلار 20 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق، سا-
نائەتنى ئوتلاقلارغا يۆتكىدى. قىيىقلىق دەريا ئېقىنلىرىـ
نىڭ يېنىدا «قۇملۇقتىكى گۈللاندىيە» ۋە سانسىزلىغان
پاختا ئارىلى بارلىققا كەلدى، مەدەنىيىتىمۇ پامىر ئېگىزلىـ
كىگە يەتتى. مەن ئۇنىڭغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن تەلپۈنـ
گەن بولسامۇ، لېكىن ھازىر دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ
غەرىبكە قارىشىمنىڭ ھاجىتى يوق! ئۆزىمىزنىڭ دۆلەت
چېگرىسى ئىچىدە، جۇملىدىن سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدىكى
شىنجاڭ بىزگە جانلىق مەنزىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. سوـ
ۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ يېنىدا تۈركمەنىستان چوڭ قانالنى ئاچـ
قانلىقى، كويبىشېۋ ۋە ستالىنگرادتا چوڭ تىپتىكى سۇ ئېـ
لېكتر قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ ئارقىـ
سىدىكى تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئۇلۇغۋار پىلانى
بىز ئۈچۈن تېخىمۇ يېڭى ۋە ئەڭ كونكرېت ئۈلگە يارىـ
تىپ بەردى. ئۇ كەلگۈسىدە شىنجاڭدا جەزمەن بارلىققا كېـ
لىدۇ. پۈتكۈل تارىم چوڭ قۇملۇقىمۇ سىز ئېيتقاندەك
مۇنبەت ئېتىزلىقلارغا ئايلىنىدۇ. مەن سىزنىڭ ۋە ھەرقايـ
سى يولداشلارنىڭ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇـ

لۇغ ئىشلارغا ئىرادە باغلاپ، پۈتۈن هايات ۋە كۈچ قۇۋۋە-
تىڭلارنى تەقدىم قىلىشىڭلارنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قى-
لىمەن، ئەگەر 30 — 50 يىلدىك ئۇزۇن مۇددەت تىرىش-
چانلىق كۆرسىتىلسە تىيانشاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالى
ئومۇميۈزلۈك زامانىۋىلىشىپ، گۈزەللىشىپ، شىڭشىڭشىيا
جاڭىسىدىن پامىر ئېگىزلىكىگىچە، ئالتاينىڭ تاغلىق را-
يونىدىن كۇئېنلۇن تاغ ئېتەكلىرىگىچە بولغان كەڭ - چەك-
سىز كەتكەن جايلارنىڭ ھەيۋەتلىك ھەم گۈزەل تۈسكە
كىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

بىر قانچە يىلدىن بۇيان كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەن
ئارزۇيۇمنىڭ كونكرېت ئىشقا ئاشۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،
قەلبىمدىكى خۇشاللىق ھېسسىياتىنى باسالماي بۇ خەتنى يازدىم.
سىزنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىڭىزنى، مۇۋەپپەقىيىتى-
ڭىزنى تەبرىكلەيمەن. ھەممە سىزگە
ئىنقىلابىي سالام يوللايمەن!

جاڭ جىجۇڭ

ئۇزۇن ئۆتمەيلا، گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ دوستلۇق، سەمىمى-
لىك بىلەن يازغان مۇنۇ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم:
مۇئاۋىن رەئىس ۋىن بەي:
خېتىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇم. خېتىڭىزدە خەلق ئازاد-
لىق ئارمىيىسىنى ئىنتايىن قىزغىن سۆيىدىغانلىقىڭىزنى
بىلدۈرۈپسىز ھەممە مېنى ماختاپسىز، مەن ئۇنى قوبۇل
قىلىپ، شىنجاڭدىكى بارلىق ھەربىيلەرگە يەتكۈزىمەن.
سىزنىڭ غەمخورلۇقىڭىز ۋە سەمىمىي تەسەللى بېرىپ تۇرۇ-
شىڭىز بىلەن پۈتۈن ئارمىيىدىكى يولداشلار سىزدىن
ئىلھام ئېلىپ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ۋە-
تەنپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق روھىنى يۇكسەك دەرىجىدە
جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەن ۋە ماۋجۇشى تاپشۇرغان بارلىق

ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنلىماقتا. سىز مېنى ماختاپسىز، مەن پەقەت بىرلىپ ئىشلىدىم خالاس. بۇ يەردىكى تۆھپە ئاممىغا مەنسۇپ. مەن يەنە كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، بۇنىدىن كېيىن خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەيمەن. سىزگە سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن!

مەن يېقىندا قاراشەھەر، كورلىغا بارغانىدىم. ئۇ يەردىكى 6 - دېۋىزىيە بىلەن 27 - دېۋىزىيە بىر يەردە بوز يەر ئېچىپتۇ، كۈزلۈك يىغىمىدىن كېيىن، ھەممىسى سەپەرۋەر قىلىنىپ ئېرىق - ئۆستەڭ ياساپ، تاشيوللارنى رېمونت قىپتۇ. بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەر ئەمگەك مېۋىسىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكتىن بارلىق تۇرمۇش ۋاستىلىرى - كۆكتات، گۆش، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە قاتارلىقلاردىن رازى ئىكەن. مەسىلەن: ھەربىر جەڭچى ھەر ئايدا 3 جىڭ كالا، قوي، چوشقا گۆش، 1 - 2 جىڭ بېلىق يېيەلەيدىكەن. كۆكتات ئىنتايىن مول ئىكەن. ھەر بىر ئادەم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 60 دىن كۆپرەك قوغۇن، تاۋۇز يېيەلەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئەمگەك قىلغاچقا يولداشلار ھەم قارىداپ ھەم قىزىرىپ تولىمۇ ساغلام - قاۋۇل تۇرۇپتۇ.

مەن ئۇلارغا، ۋەتىنىمىز ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئورۇشىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتىدۇ، دېۋىدىم، جەڭچىلەر غەزەپلەنگەن ھالدا — ئامېرىكا باسمىچىلىرىنى يوقىتايلى! دەپ ئۈنلۈك شوئار توۋلىدى. ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقى بىلەن ئۇلۇغ جۇڭگو قىسىملىرى تاجاۋۇز قىلىشقا پېتىنغان ھەر قانداق تاجاۋۇزچىلارنى چوقۇم مەغلۇپ قىلالايدۇ. يىراق چېگرىدىكى ھەربىيلەر ۋەتىنىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن ھوشيار تۇرىدۇ. بۇ پۈتۈن ئارمىيىدىكى يېتەكچى ئىدىيە، ھازىرقى جىددىي ۋەزىيەتتە، شىنجاڭ قى-

سىملىرى كۆپچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۈچ يىل ئىچىدە 5 مىليون مولۇق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرۈپ، قۇرۇلۇش بىناكارلىق ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ دۆلەتنىڭ شىنجاڭدىكى سانائەت قۇرۇلۇشى (زاۋۇت قۇرۇلۇشى) غا ياردەم بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە ياش، قاۋۇل ئوفىتسېرلەرنى بىر يەرگە يىغىپ مەخسۇس ھەربىي ئىشلارنى ئۆگىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار تۇرۇشى لازىم.

مەن ھەرقايسى رەھبىرىي يولداشلار بىلەن بىرگە ئىشلىگىلى بىر يىل بولۇپ قالدى. ھازىر بىر - بىرىمىز بىلەن تونۇشۇپمۇ ئالدۇق. خىزمەت تەقسىم قىلىۋېلىپ، ھەمكارلىشىپ، مەخسۇس مەسئۇل بولۇپ ئىشلەپ يېڭى ئىناقلىق باسقۇچتا قەدەم قويدۇق. مەن ئاساسلىق زېھنىنى ئوفىتسېرلەرنى تەربىيىلەش، ئۆگىتىش، تۇرۇش تەجرىبىلىرىنى رەتلەش، يېڭى ھەربىي ئىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە قويۇۋاتىمەن، شۇڭا ھەربىي قىسىملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى گېنېرال تاۋسىيۆنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردىم. مەندە گەرچە تېخنىكا بولمىسىمۇ لېكىن ئۆزۈم ساغلام - قاۋۇل تۇرۇۋاتىمەن. شىنجاڭ ھەربىي رايونى 10 نەچچە مىڭ كىشىلىك ئوفىتسېر تەييارلىماقچى. بۇ پىكىرنى گېنېرال جاڭ زۇڭسۇنگە ئېيتقان ئىدۇق. ۋاقتىڭىز چىقسا بۇنى رەئىس گوڭ رىنغا خەۋەر قىلىپ قويارسىز. بۇندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ئىشلىرى توغرىسىدا كۆپرەك مەسلىھەت بېرىپ، ھەر ۋاقىت يوليورۇق بېرىپ تۇرۇشىڭىزنى سورايمەن.

شىنجاڭدا جۇڭگو - سوۋېت ھەسسىدارلىق شىركىتى رەسمىي ئىشقا چۈشتى ھەممە ھەرقايسى زاۋۇتلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىش باشلىنىپ كەتتى، قۇرۇلۇش - بىنا-

كارلىق، توپا - ياغاچ، ماشىنسازلىق، ئېلېكتىر، خىمىيە سانائىتى، گېئولوگىيە قاتارلىق جەھەتلەرگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان پەن - تېخنىكا خادىملىرى، قىسىملارغا ئېھتىياجلىق بولغان ئاگرونوم، سۇچىلىق خادىملىرىنى مەركەزدىكى ھەرقايسى مىنىستىرلىق، كومىتېتلار ۋە غەربىي - شىمالنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي كومىتېتىنىڭ تېزرەك ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدۇق.

خەت قالايمىقان يېزىلىپ قالدى. رەنجىمەسلىكىڭىزنى سورايمەن!

تېنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەپ

ۋاڭ جېن

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى

## گېنېرال تاۋ سىيۈغا ئەۋەتىلگەن تەبرىك خېتى

سابىق گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 22 - بىڭتۇەنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈلدى. 1950 - يىلى ھەقىقەتكە قايتقىنىمىزغا بىر يىل توشتى ھەمدە بايراق تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ كوماندىر - جەڭچى يولداشلارنىڭ ئويغانغانلىقى ۋە يېڭى تۇرمۇشقا قەدەم قويغانلىقى، خەلق ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت ۋە غەلىبە يولىغا قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشالمەن، بۇنى تەبرىكلىمىسەم بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە، ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملارنىڭ بۈگۈنكىدەك ئۆزگەرگەنلىكى ۋە ئالغا باسقانلىقى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى، گېنېرال پېڭ دېخۇەي، گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ يار - يۆلەكتە بولغانلىقىدىن بولدى، گېنېرال تاۋسىيۈنىڭ سەمىمىي راستچىللىقى، ئىستىلىنىڭ دۇرۇس، ئىش بېجىرىشتە ئەستايىدىل بولغانلىقى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن،

ئۇ پارتىيە ۋە گېنېرال پېڭ دېخۇەي ۋە ۋاڭ جېننىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى. پۈتۈن كوماندىر، جەڭچىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى، 100 مىڭنەپەر سەپدىشىمىز مۇشۇنداق ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. مەن مەنىۋى جەھەتتىمۇ، مەسئۇلىيەت جەھەتتىمۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىغان بولدۇم. مەن گېنېرال تاۋسىيۈگە ھەقىقەتەنمۇ چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

مېنىڭ تەبرىك خېتىمنىڭ تولۇق ـ تېكىستى مۇنداق:

گېنېرال تاۋسىيۈ، گېنېرال جاۋشىگۇاڭ، 22 ـ بىڭتۇەندىكى بارلىق كوماندىر ـ جەڭچى يولداشلار!

مەن ئالدى بىلەن سىلەرنى سەممىي تەبرىكلەيمەن. ئۆتكەن يىلى بۈگۈنكى كۈندە، سىلەر ھەقىقەتكە قايتقانلىقىڭلارنى تەنتەنىلىك بىلەن جاكالاپ، شىنجاڭنى ساقلاپ قېلىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردۈڭلار، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى تېزلەتتىڭلار، بۈگۈن بۇنىڭغا ئەمدىلا بىر يىل توشتى. بۇ بىر يىل جەريانىدا سىلەر ئىشلەپچىقىرىشقا ئاتلىنىپ، ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ يېڭى تەربىيىسىنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى بىرىنچى قەدەمنى بېسىپ تۈگەتتىڭلار. بۈگۈن بايراق تەقدىم قىلىش مۇراسىمىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشى — يولداشلىرىمىز ئۈچۈن تولىمۇ شەرەپلىك ئىش ھېسابلىنىشى كېرەك.

ئۆتكەن يىل 12 ـ ئايدا مەن ئۈرۈمچىدىكى چاغدا، يەنى سىلەر ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىنكى 3 ـ ئايدا مەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملار، ئورگانلاردىكى يولداشلارغا ئىككى قېتىم ئۇزۇن سۆز قىلغان ئىدىم. بىرىنچى قېتىم قىلغان سۆزۈمنى خۇلاسىلەپ، مەن يولداشلارغا: «بىز يىراقنى، چوڭراق ئىشلارنى نەزەردە تۇتۇشىمىز، يېقىننى، كىچىكرەك

ئىشلارنى تۇتۇپ ئىشلىشىمىز، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز، قىسىملارنى ئۆزگەرتىشىمىز، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۇلارنى ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم.» دېگەن ئىدىم. ئىككىنچى قېتىملىق سۆزۈمنى خۇلاسىلاپ، ئۆزۈمنىڭ مۇنۇ ئۈمىدلىرىمنى يەنىمۇ تەكىتلەپ كۆرسەتكەن ئىدىم: «ئەسلىدىكى ئوخشىمايدىغان ئۈچ قىسىم ئىچىدە، مىللىي قىسىم بىلەن ھەقىقەتكە قايتقان قىسىم 1 - بېگىتۇەندىن ئۆگىنىشى، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىشى، كۆپچىلىك بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىتتىپاقلىشىشى لازىم! خەلقنىڭ داھىيسى ماۋجۇشى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى جۇدېنىڭ رەھبەرلىكى، غەربىي شىمال بەش ئۆلكىنىڭ ئالىي ئەمەلدارى رەئىس پېڭ دېخۇەينىڭ رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ ئۆزگىرىشى لازىم!» مەن يەنە: «كېيىن رەئىس پېڭ دېخۇەي كەلمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كېلىشكە پۇرسەت چىقسا، ھەممە ئىشتا زور دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈشىمىزگە ئىشىنىمەن.» دېگەن ئىدىم. بۇ سۆزلەر ھازىر بىر - بىرلەپ راست بولۇپ چىقتى.

پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى: «ھەرقايسى يولداشلارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئالغا بېسىشى ناھايىتى تېز بولغان، ئۆزىنى، قىسىملارنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولغان. ئېھتىمال ئايرىم يولداشلار كۆپچىلىككە يېتىشىپ ماڭالمىغاندۇر، يەنە ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئويلىمىغان ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويغاندۇر. لېكىن ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىتتىپاقلىق، ئۆگىنىش ۋە ئۆزگەرتىشتە ناھايىتى ياخشى ئىپادە

كۆرسەتكەن. رەئىس پېيڭ دېخۇەي ئىككىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە كەلگەندە مەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كېلەلمىگەن بولساممۇ لېكىن 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا بېيجىڭدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. يەنە گېنېرال ۋاڭ جېن، گېنېرال تاۋسىيۈلار بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم. رەئىس پېيڭ دېخۇەي بىلەن گېنېرال ۋاڭ جېن سىلەرنىڭ ئالغا باسقانلىقىڭلاردىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى يەنە سىلەرنى ماختىدى. گېنېرال تاۋسىيۈ، سىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىڭلارنى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتى ئىككىنچى قېتىملىق يىغىنىدا سۆز قىلغاندا، ئۇنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە سۆزلەپ بەردى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى 22 - بىڭتۈەننىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا، خەلققە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق بولغان شانلىق قىزىل بايرىقىغا يۈزلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى، يەنىمۇ قۇدرەتلىك، زامانىۋىلاشقان دۆلەت مۇداپىئە ئارمىيىسى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى بىلىدى. بۇ ھەر بىر يولداشنىڭ ھايات تارىخىدىكى ئەڭ ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىشتۇر.

پاكىت ئىسپاتلىدىكى: گېنېرال ۋاڭ جېن ۋە بىرىنچى بىڭتۈەندىكى بارلىق كوماندىر - جەڭچى يولداشلار سىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلغان. سىلەرگە ياردەم بەرگەن، بۇ جەھەتتىكى ياردىمى ناھايىتى كۆپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يولداشلارمۇ ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەن، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىشقا ئىرادە باغلىغانلىقى ئۈچۈن يولداشلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى يەنىمۇ تېز بولغان.

پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى: خەلقنىڭ داھىسى ماۋجۇشى بىلەن باش قوماندان جۇدې بىزنىڭ 22 - بىڭتۈەنىمىزگە

ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەنىمدە ئۇلار ھەممىشە 22 - بىڭتۇەن ھەققىدە سۆز قىلىدۇ، سىلەرنىڭ ئالغا بېسىۋاتقىنىڭلاردىن خۇشال ئىكەنلىكىنى ھەمدە سىلەردىن سەممىي ئۈمىد كۈتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ بىز 22 بىڭتۇەندىكى يولداشلار ئۈچۈن غايەت زور ئىلھام!

يولداشلار! بۇ بىر يىللىق ئۆزگىرىشتە جاپا چېكىشتىن ساقلىنىش تەس. چۈنكى سەممىيلىك بىلەن ئۆزگىرىش جەزمەن جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز تەلتۆكۈس ئۆزگىرىپ، يېڭىۋاشتىن ئادەم بولالىدۇق، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى تەربىيىنى قوبۇل قىلىپ ئىدىيە جەھەتتە يېڭى قورالنى ئىگىلەپ، يېڭى شەيئىلەرنى تونالىدۇق، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، كونكرېت ئەمەلىيەت جەريانىدا خېلى يېتەرلىك تەجرىبەرنى قولغا كەلتۈرەلىدۇق. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، يولداشلار بىز بۈگۈن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شانلىق قىزىل بايرىقىنى قوبۇل قىلىش سالاھىيىتى ۋە شەرتىگە ئىگە بولالىدۇق.

ھازىر يېڭى جۇڭگونىڭ ئەھۋالى بىز ئۈرۈمچىدە كۆرۈشكەن چېغىمىزدىكىگە تولىمۇ ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى. جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسىنىڭ تۈزۈلۈشى، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك دۆلەت — سوۋېت خەلقى بىلەن يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن يېڭى دېموكراتىزملىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلقىنىڭ كۈچىنى مۇستەھكەم، مەڭگۈ ئىتتىپاقلاشتۇردى. جۇڭگو - سوۋېت ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كېلىشىمىنىڭ تۈزۈلۈشى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى شانلىق مەنزىرىنى تۇرغۇزدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ئايرىلغاندىن كېيىن بىز قىزغىن سۆيگەن شىنجاڭدا، بىز قىزغىن سۆيگەن ۋەتەندە يۈز بەرگەن تارىخىي

ۋەقەلەردۇر. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ بىزگە: بىزنىڭ ئۇلۇغ ئىتتىپاقداش قوشنىمىز — سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، يېڭى جۇڭگونىڭ ئىشلىرى قەدەممۇ - قەدەم باشلىنىۋاتقانلىقىنى، يەنى بىزنىڭ شىنجاڭىمىزدىن باشلىنىۋاتقانلىقىنى، ئاللىقاچان ھازىرلانغان شەرت شارائىت ئاستىدا شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدە يۇقىرى دەرىجىدە سانائەتلەشكەن رايونغا، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ دۆلەت مۇداپىئە بازىسىغا ئايلىنىشىدا گەپ يوق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ بىر ئىنتايىن شەرەپلىك ۋەزىپە. مەن يولداشلارنىڭ ئۆزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلەپ، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگىنىپ، يۈكسەك قەھرىمانلىق جاسارىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىلغار قىسىم بولغان بىرىنچى بېكىتۈەن بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، مىللىي قىسىم بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، شىنجاڭ خەلقى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، شىنجاڭنى قۇرۇشتىن ئىبارەت زور ۋەزىپىنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۈگۈنكى مۇراسىم بىر ئۇلۇغ نامايەندە، ئۇ، يولداشلارنىڭ ئويغانغانلىقى ۋە يېتىشىۋاتقان ئادەم بولغانلىقىنى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا يەنىمۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ۋە يەنىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بارلىق يولداشلارنىڭ سالامەت بولۇشىنى، ئالغا ئىلگىرىلىشىنى تىلەيمەن.

## توققۇزىنچى باپ ئۆز - ئۆزەمنى تەكشۈرۈشۈم

مەن 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن گېنېرال تاۋسىيۈ، رەئىس

بۇرھانغا ئەۋەتكەن جاۋاب تېلېگراممىدا، ئۆزۈمنىڭ شىنجاڭدىكى قىلغان - ئەتكەن ئىشلىرىم توغرىسىدا ئۆز - ئۆزۈمنى تەكشۈرگەن، بېيجىڭ «خەلق گېزىتى» دە ئېلان قىلغان ئىدىم. ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئۈرۈمچى گېنېرال تاۋسىيۇ، بۇرھان ئەپەندى:

تېلېگراممىدىن خەۋەر تاپتىم. سىلەر مۇشۇ ئاينىڭ 25 - ۋە 26 - كۈنى گۇاڭجۇ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش شتابىنىڭ قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىڭلارنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جاكالاپسىلەر، مەن بۇنىڭغا ئىنتايىن خۇشالمەن. ماۋجۇشى باش قوماندان جۇدې تېلېگرامما ئەۋەتىپ ئۇنى ماختىدى. مېنىڭچە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بولۇپمۇ شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقلىرى سىلەرنىڭ ئىككىلەنمەستىن ھەققەتكە قايتقانلىقىڭلاردەك بۇ شەرەپلىك ھەرىكىتىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. لېكىن سىلەر ئەۋەتكەن تېلېگراممىدا «سىزنىڭ چىۋەر رەھبەرلىكىڭىز» دېگەن سۆز بار ئىكەن، «چىۋەر» دېگەن بۇ سۆزنى قوبۇل قىلىشقا خىجىل بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنى ئۆچۈرۈۋەتتىم. باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر نىمۇ ئۆچۈرىۋەتتىم.

بۇ بىر قانچە ئايدىن بۇيان مەن، ئىشىكنى ئېتىۋېلىپ ئۆتكەنكى 30 يىلدىن بۇيانقى ھەر خىل خاتالىقلىرىم ئۈستىدە ئويلاندىم. مەن يېقىنقى ئۈچ يىلدا غەربىي - شىمالدىكى تۆت ئۆلكىنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي خىزمەتلىرىنى باشقۇرىۋاتقان مەزگىللەردە بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي خىزمىتىنى باشقۇرۇش جەريانىدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىمدىن كۆپ بولغانلىقىنى، ھېچ بولمىغاندا كۆرسەتكەن خىزمىتىم بىلەن ئۆتكۈزگەن خاتا-

لىقىمىنىڭ بىر - بىرىنى يوققا چىقىرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر
ھېس قىلدىم. ياخشى تەرەپلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت-
تەك قىلىنىدۇ:

(1) بۇرۇنقى مەركىزىي ھۆكۈمەت شىنجاڭدا يېقىندۇرۇش،
ئېزىش، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشتىن ئىبارەت خاتا ھۆكۈم-
رانلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەنلىكتىن، شىنجاڭ
ھەر مىللەت خەلقلىرى ئەركىنلىك، بارابەرلىك ھوقۇقىدىن
پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغان، سىياسىي جەھەتتە ھېچقانداق
ئورنى بولمىغان. مەن شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن، مىللىي
بارابەرلىك پىرىنسىپى، تىنچلىق ماددىسىغا ئاساسەن، ئۆل-
كىلىك ھۆكۈمەت ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. ھەر مىللەت
ۋەكىللىرى قاتناشتۇرۇلغان دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت
قۇرۇلدى، ئۆلكە، ناھىيىلەرنىڭ سەنيىخۇي ئەزالىرى، ۋالىلار،
ھاكىملارنى خەلق سايلاش ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى. ئۆلكە،
ناھىيىلەردىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىنى
بىردەك شۇ جايدىكى دەرقايسى مىللەتتىن بولغان كىشىلەر-
دىن ئىشلىشقا ئۆزگەرتىلدى. بۇرۇنقى «چوڭ خەنزۇچىلىق»،
«ھەممە ئىشنى خەنزۇلار ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىش» تەك
ھادىسىلەر تەدرىجىي تۈگىتىلدى. ھەر قايسى ئازسانلىق
مىللەتلەرنىڭ ئورنى ۋە دېموكراتىك ھوقۇقى مىسلى كۆ-
رۈلمىگەن دەرىجىدە ياخشىلاندى.

(2) جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ يېقىن ئۆتۈشنى ئىزچىل
قوۋۋەتلەپ كەلگەن بولساھۇ، ئەپسۇسكى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى
سوۋېتكە قارشى تۇراتتى، ئۆلكىدىكى كونسىرۋاتىپلار سو-
ۋېتكە قارشى تۇراتتى، ئىچكى - تاشقى ئىككى تەرەپنىڭ
قىسىشىدىن كېلىپ چىققان زىددىيەتلەر ئىچىدە مەن يەنىلا
ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ سوۋېت بىلەن يېقىن
ئۆتۈش سىياسىتىدە يەنىلا چىڭ تۇردۇم. بۇ — شىنجاڭ

ئۆلكىسىنىڭ تىنچ - خاتىرجەملىكىدىكى ئاساسلىق كاپالەت، مۇھىم ئىش ئىدى.

(3) شىنجاڭ ئەسلىدە بىر نامرات ئۆلكە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇنقى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى تۈپەيلىدىن خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىدى. مەن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن خەلقنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، باج، ئالۋاڭ - سېلىقنى ئازايتىشقا كۈچۈمنى ئايىمىدىم. ئەسكەر ئېلىش، غەللە - پاراق ئېلىش زادى ئىشلەنمىدى. قىسىملارنىڭ ئاشلىق مۇئاش، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى مەركەز بېرەتتى، يەرلىكتىن ئېلىشقا توغرا كەلگەندە قەتئىي ئۆز باھاسى بويىچە پۇل بېرىلدى. بۇ سىياسەتنى ئىچكىرىدىكى ھەرقانداق ئۆلكىدە ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

(4) تارىخىي تەھلىلگە ئاساسلانغاندا، بۇرۇنقى ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىگە قاراتقان سىياسىتىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى، ئازساندىكى خەنزۇلارنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىگە قارىتا، ئۆلكىدىكى ھەرقايسى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنلىكىمدىن، «مەن شىنجاڭغا تارىختىكى خاتالىقلارنى تۈزەتكىلى، تارىختىكى جىنايەت قەرزلىرىنى قايتۇرغىلى كەلگەنمەن» دېگەن ئاساسىي مەقسەتنى تۇرغۇزدۇم. بۇنى ئۆزۈمچە توغرا، پاك قاراش دەپ تونۇغانلىقىمدىن باشتىن - ئاخىر ئۆزۈمنى بېسىۋېلىش ۋە كەمچىلىك قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ بارلىق تالاش - تارتىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا چوڭ ئىشنى كىچىكلىتىۋەتمىدىم. كىچىك ئىشنى يوققا چىقىرىۋەتمىدىم. مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن مەن،

شىنجاڭدىكى خەنزۇلار بولۇپمۇ نەنجىن ۋە شىنجاڭدىكى بىرمۇنچە پارتىيە ھۆكۈمەت، ئارمىيە كادىرلىرى تەرىپىدىن ئەيىپلەشكە ئۇچرىدىم. «بەك ئاجىز»، «مۇشۇنداق كېتىۋەرسە شىنجاڭ جەزمەن قولدىن كېتىدۇ» دېگەندەك قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن مەن يەنىلا بۇ تىنچلىق سىياسەتىدە سەل - پەلمۇ ئىككىلەنمەي چىڭ تۇردۇم. بۇ خېلىلا سەۋر - تاقەت قىلىش ۋە تۇراقلىق كۆزقاراشنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى.

كەمچىلىكلىرىمنى ئېيتىدىغان بولسام، ئۇ ناھايىتى كۆپ، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) كونسېرۋاتىپلارغا يول قويدۇم. «مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش» ئۈچۈن، رادىكال ئۇنسۇرلار بىلەن كونسېرۋاتىپلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغانىدىم. رادىكال ئۇنسۇرلار بولۇپمۇ ئىلى تەرەپتىكى ئىلغار ئۇنسۇرلارغا نەسىھەت قىلدىم، دېموكراتىك سىياسەتنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى قارشى گۇرۇھتىكىلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇشىغا يول قويۇش دەپ قاراپ، ئىلغار كۈچلەر بىلەن قالاق كۈچلەرنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىيالماي، ئەكسىچە ئۆلكە ئىچىدە ئەنسىزلىكنى كۈچەيتىۋەتتىم. بۇ ئەلۋەتتە بۇرژۇئاچە دېموكراتىزملىق ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە ۋە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ماھىيىتىدىكى بۇ نېگىزلىك زىددىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن بولدى. ھازىر قاراپ باقسام، ئۇ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەن.

(2) مەن ئۆلكە رەئىسلىك قوشۇمچە ۋەزىپەمدىن قەتئىي ئىستىپا سوراپ ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان مەسئۇدنى بۇ ۋەزىپىگە كۆرسىتىشتە، مۇنۇلارنى ئاساس قىلغانىدىم: بىرىنچىدىن خەنزۇلار ئۆلكە ئىچىدە يەنىلا ئازسانلىق مىللەت ھېسابلانغاچقا مەن ئۆزۈمنىڭ قوشۇمچە رەئىس بولۇ-

شۇنى ھاجەتسىز دەپ قارايتتىم. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلار ئۆلكە ئىچىدە كۆپ سانلىق مىللەت ھېسابلىناتتى، شۇڭا ئۇيغۇرلار ئىچىدىن مەركەز قوشۇلىدىغان ئادەم رەئىس بولالايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدا پەقەت مەسئۇد ئەپەندىلا مۇۋاپىق نامزات ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مەندە يەنە قىيداشقا يېقىنراق كېلىدىغان بىر خىل روھى ھالەتمۇ بولۇپ، ئۆلكىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ كۆرۈشىدە، مەن ھامان ئىككى تەرەپنىڭ بولۇپمۇ ئىلى تەرەپنىڭ خاتا چۈشەنچىسىگە قېلىشۋاتىمەن. شۇڭا ئۇلار ھەدىسىلا مېنى ھۇجۇم نىشانى قىلىشۋالىدىغان بولدى دەپ قارىغانلىقىمدىن رايىم يېنىپ، قەتئى چېكىنىپ چىقىپ كېتەي، ئۇلار ئۆزلىرى ئىشلىسۇن! دېگەن نىيەتكە كەلگەن ئىدىم. مۇشۇ بىردەملىك خاتا ئوي - پىكىر سەۋەبىدىن كونسېرۋاتىپلارنىڭ كۈچى بۆلەكچىلا باش كۆتۈرۈپ چىقتى، ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتىمۇ چوڭقۇرلىشىپ كەتتى.

(3) شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى خەلقلەرنىڭ تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرى يۇقىرىدا ئېيتقاندەك سەلبىي جەھەتتە ئازايتىلغان بولسىمۇ لېكىن ئىجابىي جەھەتتە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى تۈپتىن ياخشىلاش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش خىزمىتى يېتەرلىك ئىشلەنمىدى ھەتتا پىلانلانغان بولسىمۇ لېكىن ھەرگىزمۇ ئىشلەنمىدى. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە كۆپلىگەن ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر بولغان بولسىمۇ لېكىن سۇبيېكتىپ جەھەتتە كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى ئەلۋەتتە ئېتىراپ قىلىش كېرەك.

(4) جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش بۇرۇنلا بېكىتىلگەن سىياسەت بولۇپ، ھازىر ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ، لېكىن ھەر مىللەت ئارىسىدىكى كونسېرۋاتىپلاردا يەنىلا سوۋېتتىن قورقۇش، سوۋېتكە قارشى تۇ-

ۋۇش ئىدىيىسى بولغانلىقى ئۈنىڭ ئۈستىگە ئۇنى ھەرۋاقىت سۆز - ھەرىكىتىدە ئىپادىلەپ تۇرۇۋاتقاشقا، بىز گەرچە ئۇنى تونۇتۇپ كەلگەن بولساقمۇ سوۋېتكە قارشى ۋەقەلەر توختىماي بولۇپ تۇردى، بولۇپمۇ قەشقەردە بولغان ئىشلار بىزنى چوڭقۇر ئەپسۇسلاندۇردى.

يۇقىرىدىكىلەرنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنى باشقۇرغان ئۈچ يىل جەريانىدىكى ئىشلار ئۈستىدە ئۆز - ئۆزۈمنى تەنقىد قىلىشىم بولىدۇ. سىلەرنىمۇ بۇرۇن ماڭا ئوخشاشلا مەيدان ۋە كۆز قاراشلار بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ۋە خاتالىقلار ئۈستىدە ئويلىنىشىڭلار ئۈچۈن ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويدۇم. بۇندىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ كەمچىلىكلىرىنى قانداق قىلىپ ئۈزۈل - كېسىل تۈزىتىشتە، بولۇپمۇ بۇرۇن مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تالاش - تارتىشلاردا ئۆزىمىزچە ئادىل بىتەرەپ پوزىتسىيىدە بولغانلىقىمىز ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا بىر خىل ئېغىش خاھىشى بار، ھازىر قارايدىغان بولساق، بىزنىڭ ماڭغىنىمىز ئوتتۇرا يول بولۇپ ئۇ خەلق دېموكراتىيىسى دېكتاتۇرىسى كۆز قارىشىغا توغرا كەلمەيدىكەن، شۇڭا ئۇنى تاشلاش كېرەك. باشقا بارلىق كونا ئىدىيە، كونا قاراش، كونا ئىستىللارنىمۇ تەڭلا تاشلىۋېتىپ، ھەقىقىي ھالدا سەمىمىلىك بىلەن مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ماۋجۇشىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ ئۆزگىرىپ، ئۆزىمىزنى ياخشى ئۆزگەرتىشىمىز ھەمدە قىسىملاردىكى بارلىق كوماندىر جەڭچىلەر ۋە پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، يېڭىباشتىن ئادەم بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم. مەن سىلەرنىڭ شەرەپ بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىڭلارنى تەبرىك-

لەيمەن ۋە ئۆز ئارا مەدەت بېرىش بىلەن سىلەرنىڭ يېڭى
ھاياتقا قەدەم قويۇلغانلىقىڭلارغا سالام يوللايمەن!

مېنىڭ بۇ ئۆز - ئۆزۈمنى تەنقىد قىلغىنىمغا ھازىر 10 يىل بولۇپ قالدى. مەن يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈشنى لايىق كۆردۈم. مېنىڭ كۆز قاراشلىرىمدا يەنىلا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنداقتىمۇ ھازىر رادىكاللار ۋە كونسېرۋاتىپلارغا بولغان كۆز قارىشىم توغرىسىدا بىر قانچە ئېغىز قوشۇمچە قىلماقچىمەن:

كونكرېت ئەھۋالدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، رادىكاللارنىڭ ئىنقىلابىي، ئىلغار تەرەپلىرى بار ئىدى، مەسىلەن ئۇلارنىڭ سوۋېت بىلەن دوست بولۇشنى تەشەببۇس قىلىشى ئىلغارلىق ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىغا قارىتىلغان بولسا ئۇ ھالدا ئۇ ئىنقىلابىي بولغان بولىدۇ، لېكىن ئەگەر ئۇلارنىڭ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشى ۋەتەندىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ھەرىكىتى ئۈچۈن بولغان بولسا، ئۇنى ئىنقىلابىي دېيىشكە بولمايدۇ. ھەتتا ئەكسىيەتچىل ئىدىيە دېيىشكە بولىدۇ. پاكىتلار چۈشەندۈرىدۇكى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھەرىكىتى شىنجاڭدا ئۇزۇن تارىخىي يىلتىزى بار ھەرىكەت بولۇپ، ئۇ ۋەتەندىن ئايرىلىپ چىقىش ھەرىكىتىدۇر. ئىلى ئۆزگىرىشى بولغاندىن كېيىن، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان. 1945 - يىلى 10 - ئايدا ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە سۆھبەت قىلىشقا كەلگەندە ئۆزىنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى دەپ ھېسابلاپ، ئۆز-

لىرى گۇۋاھنامە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، مىنىڭمۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىم توغرىسىدىكى گۇۋاھنامەمنى كۆرسەتسەم ئاندىن سۆھبەت ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ھەتتا ئازادلىقتىن كېيىنمۇ شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش ھەرىكىتى توغرىسىدا غول-غۇلا بولدى. ئالدىنقى يىلى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بېرىلدى. مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى رادىكاللارنىڭ ۋەتەندىن ئايرىلىپ چىقىش ھەرىكىتىنىڭ پولاتتەك دەلىلى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەن بولسام ئەزەلدىنلا كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك كۆز قاراشقا ئىگە ئادەم بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە قوشۇلمايتتىم. بۇ مەن بىلەن رادىكاللار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ ئىختىلاپ ئىدى. شۇنداقلا ئۇ، شىنجاڭدا تۇرغان بىر قانچە يىلدا مەن بىلەن رادىكاللار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ، مەن بىلەن كونسېرۋاتىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئېشىپ كېتىشىدىكى تۈپ سەۋەب ئىدى.

كونسېرۋاتىپلارنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلاردا قالاقلىق ۋە ئەكسىيەتچىلىك ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ سوۋېتقا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسى ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل ۋە قالاق ئىدى. ئۇلارنىڭ خەنزۇلار بىلەن يېقىن ئۆتۈش تەشەببۇسىنى ھەم تەھلىل قىلىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك. ئەگەر ئۇلارنىڭ خەنزۇلار بىلەن يېقىن ئۆتۈشى دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، خەنزۇ ئاكىلارنىڭ دۆلەتتە ھەرمىللەت ئارىسىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئەيىبلىگۈچىلىكى يوق، ئۇ بىزنىڭ تەشەببۇسىمىز بىلەن ئوخشاش دېيىشكە بولاتتى. لېكىن پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى كىشىلەر، مەسىلەن: مەسئۇد، ئەيسا قاتارلىقلار خەنزۇلار بىلەن يېقىن ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۇزۇندىن بۇيان ئىچكىرىدە تۇرۇپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوغدىشى ۋە ئېتىۋار بېرىشىگە

مۇبەسسەر بولۇپ تۇرغانلىقتىن ئۇلار ھەر ۋاقىت خەنزۇلار بىلەن يېقىن ئۆتۈشنى ياقىلايدۇ. لېكىن ئۇلار دا ئەزەلدىنلا «چوڭ تۇركىستانچى» لىق ئىدىيە مەۋجۇت، يەنى ئەڭ ئاخىرىدا ۋەتەندىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسى مەۋجۇت بولغاچقا مەسئۇد ئەپەندى سەھنىگە چىققاندىن كېيىن، خەنزۇلار بىلەن يېقىن ئۆتۈشنى تەدرىجى ھالدا بەزىدە ئوچۇق بەزىدە يوشۇرۇن ھالدا خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇشقا ئۆزگەرتتى. پۈتكۈل جەرياندىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ خەنزۇلار بىلەن يېقىن ئۆتۈشى بىر مەزگىللىك مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش كەلگۈسىدىكى يۈزلىنىش ئىدى. پەقەتلا شۇ چاغلاردا تولۇق ئاشكارىلانمىغان، خالاس.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مەندە رادىكاللار بىلەن كونسېرۋاتىپلارنىڭ تەشەببۇسىغا قارىتا قارشى تۇرغان جايلىرىمۇ، ھىمايە قىلغان تەرەپلىرىمۇ بولدى. سوۋېت بىلەن يېقىن ئۆتۈش مەسىلىسىدە، مەن رادىكاللار تەرەپتە تۇردۇم. خەنزۇلار بىلەن يېقىن ئۆتۈش مەسىلىسىدە مەن ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ كونسېرۋاتىپلار تەرەپتە تۇردۇم. بەزىدە رادىكاللار تەرەپتە تۇرۇپ قالسام ئەلۋەتتە كونسېرۋاتىپلا نارازى بولاتتى، بەزىدە كونسېرۋاتىپلار تەرەپتە تۇرۇپ قالسام رادىكاللار نارازى بولاتتى. لېكىن مەن شۇنى راستچىللىق بىلەن ئېيتىشىم كېرەككى، ئىككى تەرەپلا ماڭا خېلىلا قايىل ئىدى ۋە مېنى ياقتۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ مەن كونسېرۋاتىپلار تەرەپتە كۆپرەك تۇردۇم، نەتىجىدە مەن بىلەن رادىكاللار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ بىر قەدەر ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. چۈنكى مەن ئۆزۈم باشتىن - ئاخىر تۇرۇۋاتقان سىياسىي مەيداندىن ھالقىپ چىقىپ كېتەلمەيتتىم، ھاكىمىيەتنىڭ ماھىيەت جەھەتتىكى تەسىرىدىن چەتنەپ كېتەلمەيتتىم. شۇڭا سىياسىي پروگرامما تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلمىدى. ئەكسىنچە «دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش» تەلىپىگە ئېتىبار بېرىش نەتىجىسىدە

«مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش» دەك بىر تەرەپلىمىلىك كۆز قاراش مەيدانغا چىقتى. بۇنىڭدا ھەممىدە گومىنداڭ مەركىزىينىڭ شىنجاڭدىكى رەھبەرلىك ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشنى چىقىش قىلغانلىقتىن كونسېرۋاتىپلارنىڭ ئىشلىرىغا ئېغىش تەبىئىي ھالدا كېلىپ چىقتى. نەتىجىدە مەن رەئىسلىك ۋەزىپەمدىن قەتئىي ئىستىپا سوراپ، ئۇنىڭغا مەسئۇدنى كۆرسەتتىم. ئاخىرىدا ئىلى تەرەپنىڭ يەنە بىر قېتىم بۆلۈنۈپ چىقىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى، بۇ تېخىمۇ يېڭىلىش بولدى.

ئەلۋەتتە، بۈگۈنكى ئەھۋالدىن ئېيتقاندا، مېنىڭ شۇ چاغدا چىقارغان پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىم ۋە مەنىۋىي جەھەتتىكى ئازابلىنىشلىرىم خېلىلا زور بولغان ئىدى. لېكىن بۈگۈن مەن مەملىكەت زېمىنىنىڭ $\frac{1}{6}$ قىسمىنى ئىگىلىگەن شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كەڭ باي زېمىننىڭ يەنىلا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ تۇرۇۋاتقان — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خوشال بولدۇم ھەم خاتىرجەم بولدۇم!

بىراق كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، مەن بىلەن بىر مەزگىل ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن دوستۇم ئەخمەتجان (يەنە ئىسھاقبېك، دەلىلقان، ئابباسوۋلار بار) مەملىكەت خەلقى ۋە شىنجاڭ خەلقى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، 1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭدىن بېيجىڭدە ئېچىلىدىغان جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، بەختكە قارشى ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا تاپتى. بىز يېڭى خەلق ھاكىمىيىتى مەزگىلىدە قول ئېلىشىپ قايتا يارىشىپ، ئورتاق تىرىشىپ ئىشلىيەلمىدۇق، بۇنىڭغا مەن قاتتىق ئېچىنىمەن ھەمدە ئۇلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن.

* * * * * *

1955 ـ يىلى دۆلەت بايرىمىدا، ماۋجۇشى ئوردىنى بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە، مەن بىلەن گېنېرال تاۋسىيۆ شەرەپ بىلەن بىرىنچى دەرىجىلىك ئازادلىق ئوردىنىنى قوبۇل قىلدۇق. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىزنىڭ شىنجاڭنى تېنىچ يول بىلەن ئازاد قىلىشقا قوشقان ئەرزىمەس تۆھپىمىز ئۈچۈن بىزنى تەقدىرلىدى، بۇنىڭغا تەشەككۈر بىلدۈرىمىز.

主编：哈力克·沙克
责任编辑：艾力肯、乌守尔、艾里

从迪代会谈到新疆和平解放（21）（维吾尔文）
新疆维吾尔自治区政协文史办编
拉扎克·马立克　译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷三厂印刷
850×1168毫米　32开本　14.875印张　2插页
1987年5月第1版　1987年12月第1次印刷
印数：1——10,000

ISBN7-228-00265-2/K·22　定价：1.50元
（内部发行）